

مۇئەززەز تاھسىن بەركاند [تۈركىيە]

# سۆيگۈم ۋە غۇرۇرۇم

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



مۇئەززەز تاھسىن بەركاند

سۆيگۈم ۋە غۇرۇرۇم

مىللەتلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-105-14322-1
9 787105 143221
定价：38.00 元

扫一扫获得更多资讯

ئالدىڭدا كۆپ ئەيىبكارمەن زەررىن، لېكىن سەنمۇ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئەمەسسەن. نېمىشقا مېنى تاشلاپ قېچىپ كەتتىڭ؟ نېمىشقا سېنى دۇنيادا ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ۋە سەن ئۈچۈن ھەتتا غۇرۇرۇمنىمۇ پىدا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى چۈشەنمىدىڭ؟



مۇئەززەز تاھسىن بەركاند [تۈركىيە]

# سۆيگۈم ۋە غۇرۇرۇم

(رومان)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **بىلقىز سادىق**



**مىللەتلەر نەشرىياتى**

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................ 1
ئىككىنچى باب ........................ 11
ئۈچىنچى باب ........................ 16
تۆتىنچى باب ........................ 20
بەشىنچى باب ........................ 27
ئالتىنچى باب ........................ 49
يەتتىنچى باب ........................ 56
سەككىزىنچى باب ........................ 61
توققۇزىنچى باب ........................ 66
ئونىنچى باب ........................ 81
ئون بىرىنچى باب ........................ 83
ئون ئىككىنچى باب ........................ 92
ئون ئۈچىنچى باب ........................ 101

## ئىككىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................ 114
ئىككىنچى باب ........................ 130
ئۈچىنچى باب ........................ 146
تۆتىنچى باب ........................ 172
بەشىنچى باب ........................ 184
ئالتىنچى باب ........................ 193
يەتتىنچى باب ........................ 201
سەككىزىنچى باب ........................ 206
توققۇزىنچى باب ........................ 221
ئونىنچى باب ........................ 231

## ئۇچىنچى قىسىم


بىرىنچى باب ........................... 241
ئىككىنچى باب ........................... 247
ئۇچىنچى باب ........................... 253
تۆتىنچى باب ........................... 263
بەشىنچى باب ........................... 273
ئالتىنچى باب ........................... 283
يەتتىنچى باب ........................... 293
سەككىزىنچى باب ........................... 305
توققۇزىنچى باب ........................... 311
ئونىنچى باب ........................... 316
ئون بىرىنچى باب ........................... 327
ئون ئىككىنچى باب ........................... 336
ئون ئۇچىنچى باب ........................... 349


## تۆتىنچى قىسىم


بىرىنچى باب ........................... 361
ئىككىنچى باب ........................... 380
ئۇچىنچى باب ........................... 386
تۆتىنچى باب ........................... 391
بەشىنچى باب ........................... 394
ئالتىنچى باب ........................... 407

# بىرىنچى قىسىم

## 1

— ئېمىكئانا! ئاخىر سەن بىلەن يەنە دىدارلاشتىم.

دەرۋازا بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ، ئەتىگەندىن بېرى خوجايىنلىرىنى كۈتۈۋاتقان خەمىدە كالفا ھاياجان بىلەن ماشىنىغا يېقىنلاشتى.

— كەلدىڭمۇ قىزىم. خۇداغا يۈز مىڭ شۈكۈر. كۆزۈمنىڭ ئۇچۇقىدا سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالىدىغان بولدۇم. توختىغىنا، ساڭا ئوبدانراق بىر قارىۋالاي. كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن.

زەررىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئىشىنەلمىگۈدەك نېمىسى بار؟ ئەندىشە قىلما، چۈش كۆرۈۋاتمايسەن، ئالدىڭدا تۇرغان مەن شۇ.

ئۇ ھەقىقەتەن بەك خۇشال، جېنى ئىچىگە سىغمايۋاتاتتى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، موماينىڭ بويىنىغا ئېسىلدى.

— ئاخىر كەلدىم مانا. ئەمدى مەكتەپكە قايتىپ كەتمەيمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللە ياشايمەن. دادامدىن ۋە سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، — دېدى ـ دە، بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ ئاسمانغا ئاتتى.

— ياشىسۇن ھۆرىيەت! ياشىسۇن قورۇقىمىز!

خەمىدە كالفا تاتلىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇنداقتا، دىپلومىڭنى ئالدىڭمۇ، قىزىم؟

— ئۇنى ئارقامدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى. هازىرچە تو-لۇق ئوتتۇرىنى پۇتكۈزدۇم. مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭچە بولسا شۇنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشىدۇ... مەن سې-نىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى هەرگىز خالىمايمەن، قىزىم. سەن مېنىڭ كىچىككىنە ئوماق قوزامسەن.

— ئۇنچىۋالا ئوماق ئەمەسمەن.

مومايىنىڭ كۆزلىرى مېھرلىك ياشقا تولدى.

— چوڭ بولدۇڭ. شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، ئەم-ما سەن مېنىڭ نەزەرىمدە يەنىلا كىچىك بالىسەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ نېمىشقا كىچىك بالا بولغۇدەك-مەن. ئەكسىچە، ئاللىقاچان چوڭ بولغان بىر قىزغۇ مەن. ئون سەككىز ياشقا كىردىم، بۇنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەتمە جۇمۇ خە-نىدە كالفا، — دېدى ئۇ بارمىقى بىلەن چاقچاق ئارىلاش پوپوزا قىلىپ.

— يىللار نېمانچە تېز ئۆتۈپ كەتتى - هە، پەرۋەردىگارىم، ئون سەككىز ياشقا كىرىپ بولدۇڭمۇسەن؟

— هەئە، ئېمىكئانا، يىللار توختىماي ئۆتۈۋېرىدۇ.

زەررىن ئىشىكتىن كىرمەي تۇرۇپ يەنە تەكرارلىدى:

— پاھ، ئەجەبمۇ خۇش بوپ كېتىۋاتىمەنا!

ئۇ ماشىنىنىڭ يېنىدا سومكىلىرى بىلەن هەپىلىشىۋاتقان دادىسىغا قاراپ:

— قېنى كەلگىنە دادا، ئۆيگە بىللە كىرەيلى. مېهمىنىڭغا سەن يول باشلاپ بەرگىن! — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ يېقىم-لىق ۋە شېرىن ئىدى.

سايىم بەي هاسىسىغا تايىنىپ ئېغىر - ئېغىر قەدەم تاشلاپ قىزىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سەن مېهمانىمىدىڭ زەررىن؟ قورۇقىمىزنىڭ هەربىر بۇ-لۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سېنىڭ...

ئىككىسى قوللىرىنى تۇتۇشۇپ ئۆيگە كىرىشتى.

— كۆرۈۋاتقانسەن قىزىم. مانا ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا، سەن قالدۇرۇپ كەتكەن پېتى. يۇقىرى قەۋەتتىكى ھۇجراڭمۇ سېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

قىز دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن دادىسىغا دېدى:

— بۇ يەردىن ئايرىلغان بىرقانچە ئاي ئىچىدە بۇ خۇش پۇراق ھىدلارنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بىلمەيسەن، دادا... سىلەر دائىم بۇ يەردە ياشاۋەرگەچكە بەلكىم بۇنى ھېس قىلالمايسىلەر. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىدىكى ئوت - چۆپ، گۈل - چېچەك، يەل - يې- مىش ۋە ھايۋانلار پۇراقلىرىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان خۇش پۇراقلار دىماقلىرىمغا ئۇرۇلۇپلاۋاتىدۇ. بۇ خۇش ھىدلار مېنى مەستخۇش قىلىدۇ. ھەر يىلى تەتىلدە قورۇققا كەلگىنىم- دىمۇ شۇنداق ھېس قىلاتتىم، ئەمما بۇ قېتىمقى تۇيغۇلىرىم پۈ- تۈنلەي باشقىچە، چۈنكى مەن ئەمدى بۇ ئۆيگە قايتىپ كەتمەيدىغان بولۇپ كەلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە ياشايمەن. بۇنىڭ ئەھ- مىيىتىنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.

زەررىن قوللىرى بىلەن ئەتراپىنى ئىشارەت قىلاتتى، ئۆي جابدۇقلىرىغا، تاملارغا، ئىشىكلەرگە تويماي - تويماي قارايتتى. بۇ سۆيگەن نەرسىلىرىنىڭ قېرىپ قالغان ئېمىكئانسىنىڭ قولد- دا تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ بۇ يەرلەرنى باشقىدىن ياساپ - جابدۇپ بېزەشتۇرمەكچى بولۇپ، كۆڭلىدە مىڭبىر خىل پىلاننى تۈزۈپ چىقتى. لېكىن بۈگۈن ئۆيگە كېلىپ بولغۇچىلا بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە ئويلىد- ماسلىققا تىرىشىپ، ئۆزىنى بەخت - سائادەت ئىچىگە —— دادىسى بىلەن دىدارلىشىش ئاتا قىلغان بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىچىگە تاشلىدى.

ئۇ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، يۈزىگە يۈزىنى ياقتى:

— ئەمدى ھەرگىز ئايرىلمايمىز. نېمىدېگەن ئېسىل ئىش بۇ - ھە دادا؟ بۇ يىل بۇ يەرگە پەقەت تەتىل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا

كەلمىدىم. ئەمدى كوْن ساناپ ئولتۇرمايمەن. سىنتەبىر قاچان كېلەر، دەپ ئويلاپمۇ كەتمەيمەن. سىنىڭ بىلەن بىللە تۇرىمەن.
ئۇ سۆزلەۋېتىپ بېشىنى دادىسىنىڭ مۈرىسىگە قوياتتى، بىلەكلىرىگە ئېسىلاتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى سېغىنغانلىقى، بىر ـ بىرىگە ئىنتىزار بوپ كەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.
ــ قىزىم، جىگىرىم، سەن ھاياتىمنىڭ قۇياشى سەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىمىز ئاۋاتلىشىدۇ، ئۇۋىمىز جانلىنىدۇ. مەنمۇ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى راھەت ئىچىدە ئۆتكۈزىمەن. چۈنكى سېنى بەك سېغىنىپ كەتكەنىدىم.
ــ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مېنى ئۇ يىراق يەرلەردە شۇنچىۋالا ئۇزاق قالدۇرۇپ قويغانتىڭ، دادا. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن چېغىمدىلا يېنىڭغا چاقىرتىۋېلىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟ ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرغۇم بولسىمۇ، سىنىڭ ئۈچۈن ئۇنچىلىك پىداكارلىق كۆرسىتىشكە چىن دىلىمدىن رازى بولاتتىم.
ــ بۇنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبى بار ئىدى قىزىم. يەنى، ئالدى بىلەن سىنىڭ بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومىڭنىڭ بولۇشىنى زۆرۈر تاپقانىدىم. دۇنيانىڭ تەتۈر يۈزىنى ئەسلا بىلگىلى بولمايدۇ. بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى تۇرمۇشۇڭنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالىسەن. يەنە بىرى، بوگۈنكى تۇرمۇش شارائىتىمىز ھەرھالدا ياخشى. مەن ئۆز ۋاقتىدا پولكوۋنىك بولۇپ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتىم. چەت ئەللەردە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان چېغىمدا بىر پۈتۈمدىن ئايرىلىپمۇ قالدىم. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدىم. ئەينى زاماندا دۇنيانىڭ بىرمۇنچە يەرلىرىنى ئايلاندىم. ھەر خىل ئادەملەر بىلەن تونۇشتۇم، كۆپ ئوقۇدۇم، كۆپ تەپەككۇر قىلدىم. دۇنيانى چۈشەنگەن بىر ئادەم بولۇش سالاھىيىتىمدىن ئالغاندا، بىر تال قىزىمنى ئاخىرغىچە ئوقۇتۇش بۇرچۇم ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ بۇرچۇمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلالمىدىم ـ دە. خەير، بۇنى قويۇپ تۇرايلى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىستانبۇلدىن بىرقانچە سائەت يىراق بولغان، بۈيۈك چەكمەجەنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قوشنا - قولۇملىرى بەكمۇ ئاز، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ يوق بىر جاينىڭ ياش بىر قىز ئۈچۈن ئانچە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئويلىشىۋاتىمەن، ئەسلىدە بىرمۇنچە تەشەببۇسلىرىم، مۇراجىئەتلىرىم، پىلانلىرىمۇ بار ئىدى. سەن مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە بۇلارنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى، سېنى ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىمنى، ئۇ يەردە شەھەرلىكلەردەك ياشايدىغانلىقىمىزنى ئۈمىد قىلغانتىم، بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالماي كۆپ يىللار ئۆتتى. مېنىڭمۇ سەۋر - تاقىتىم قالمىدى. ئەمدى نېمە بولسا بولسۇن، سېنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن قوزام، ئەمما سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلارسەن زەررىن؟ بەك زېرىكىپ كېتەرسەنمۇ؟

قىز بارماقلىرى بىلەن دادىسىنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى:

— بولدى قىل جېنىم دادا، خەپ، مۇنداق سۆزلەرنى ھەرگىز ئاغزىڭغا ئالما. ياشىغان ھەرقانداق جاي مەن ئۈچۈن جەننەتتۇر. بولۇپمۇ بۇ قورۇقنى، بۇ ئورمانلىقنى مېنىڭ قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سەن بىلىسەنغۇ.

سايىم بەي ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ئويغا چۆمدى.

«بۇ بالا ھازىر بەك سەمىمىي. دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىغۇ چىن يۈرىكىدىن چىققان سۆزلەر، ئەمما بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى، بەلكى ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا باشقا بىر ئىشلارنى خالاپ قالار، كۆڭلىدە بىر بوشلۇق ھېس قىلار، مەۋھۇم بىرنەرسىلەرگە ئىنتىلەر، شۇ چاغدا مېنىڭ مۇھەببىتىم ئۇنىڭغا يېتىشمەي قالار. بۇ قورۇق، بۇ ئورمانلىق، بۇ سۇلار، بۇ ئۆي ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويار... ئون سەككىز يېشىغىچە ئاساسەن پۈتكۈل ۋاقتىنى ئىستانبۇلدا ياتاقلىق مەكتەپتە ئۆتكۈزگەن بىر قىز ئۇ يەرنىڭ ئويۇن - تاماشالىرىنى سېغىنماسمۇ؟ ئەتراپىدا ساندۇق - ساندۇق كىتابلىرى بولسىمۇ، ھەركۈنى دوستلىرى بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا يالغۇزلۇقنى

ھەسرەت بىلەن ھېس قىلىپ قالار.

ئەمما، قولۇمدىن نېمە كېلەتتى مېنىڭ؟ ئۇنى بارلىقىمدىنمۇ ئەزىز كۆرگىنىم بىلەن، چارىسىزلىك ئىچىدە تولغىنىپ تۇرۇشتىن باشقا نېمىمۇ قىلالايمەن؟ ئەجەبا ئۇنى قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە ئوقۇتۇپ خاتا قىلدىممۇ ؟ ياق، ياق. بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن. قەتئىي، قەتئىي... نېمە بولۇشىغا قارىماي، ئۇ تەقدىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك ئىدى...»

ئۇ بۇ يوشۇرۇن خىياللىرىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن زەررىنىڭ چاچلىرىنى سىيلىدى. مەڭزىلىرىدىن سۆيدى ۋە ھارغىن تەلەپپۇزدا:

— چىرايلىق قىزىم، — دېدى ئۇ، — توغرا ئېيتتىڭ. بىز بىر - بىرىمىزنى ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرنى ياخشى كۆرگەچكە، دۇنيادا جەننەتتىن باشقا بىر يەر بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. قېنى، يۇقىرىغا چىقىپ ھۇجراڭنى كۆرگىن. يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، دېمىڭنى ئالغىن، ئاندىن تاماق يەيمىز.

زەررىن ھۇجرىسىغا چىققاندىن كېيىن، نەچچە ئايدىن بېرى كۆرمىگەن ئۆي جاھازلىرىغا مۇھەببەت بىلەن قاراپ كەتتى. كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇرغان (تۈنۈگۈن ئەتىگەن دادىسى ئۆز قولى بىلەن ئۈزگەن) چىرايلىق گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ھۇجرىنىڭ ئىچىنى بىر ئالغانىدى. قىز خۇددى جانلىق بىرنەرسىنى سىيلاۋاتقاندەك چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈل - چېچەكلەرنى سىيلاپ كەتتى. «جېنىم دادام، پېشقەدەم ھەربىي بولۇشىغا قارىماي، ئايال كىشىدەك كۆيۈمچان، ھەممە نېمىنى بەك ئەتراپلىق ئويلايدۇ. مەيلى بۇرۇن جەڭ مەيدانىدا بولسۇن، مەيلى ھازىر بۇ قورۇقتا بولسۇن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر ھەرقاچان ئۇنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرسىمۇ، ئەمما مەندەك بىر قىزنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئابرۇيىنى قۇربان قىلىپ، ئالدىمدا پايپېتەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام، قان - قېرىندىشىم، ھەممە - ھەممەم... ئۇ مەن

ئۈچۈن نەقەدەر چوڭ پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ ـ ھە؟! رەببىم، بۇ گۈزەل ئىمكانىيەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بېغىشلا!» بۇ خىياللارنى سۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا بۇزۇلدى، سىرتقا نەزەر سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى، ئەس ـ خىيالى بۇرۇنقى ئىشلارغا — ئۆتمۈشكە كېتىپ قالغانىدى، ئۇ خۇددى بىر كۆلەڭگىگە ئوخشاش ئۈن ـ تىن چىقارمايدىغان، ياۋاش، مۇلايىم ئانىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئاندىن ئاجايىپ دەھشەتتە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ بىر ئوتنى كۆرگەندەك بولدى. ياغىندا پۈتكۈل مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرى بىلەن بىللە، ئۇرۇشتا يارىلىنىپ توكۇر بولۇپ قالغان پولكوۋنىك سايىم بەگنىڭ ئۆيىمۇ بىرقانچە سائەت ئىچىدىلا كۆيۈپ كۈل بولغان، پەقەتلا بىرقانچە پارچە ئۆي لازىمەتلىكلىرىلا قېپقالغانىدى. ئۇ كېچىنى دادىسى بىلەن بىللە يات بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەنلىكى ھازىرغىچە زەررىننىڭ ئېسىدە ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دادىسىنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىدا بىللە جەڭ قىلغان دوستى ۋە ئەينى زاماندىكى قوماندانى بەدرى پاشا دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ، سايىم بەگنى ھىمايىسىگە ئېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا شۇنچە يىللاردىن بېرى مانا مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئارىسىدا «پاشا قورۇقى» دەپ ئاتالغان بۇ يەرنىڭ خوجايىنى بەدرى پاشا ئەمەس، بەلكى سايىم بەي بولۇپ قالغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئەسكەرلىكتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ، دېيىلگەن بۇ كىشى بۇ قورۇقنى ۋە ئەتراپىدىكى ئورمانلىقنى قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي مول ـ ھوسۇللۇق بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. دەل ـ دەرەخ، ئوتۇن ـ ياغاچلىرى رەسمىي سېتىلىشقا باشلىغان، ئورمانلىقى بولسا ئىستانبۇل بويىچە كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئوۋ مەيدانى بولۇپ نامى چىققانىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدىنلا جەسۇر، بىر پۈتىنىڭ كېسىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ

قالمىغان پېشقەدەم ھەربىي سايىم بەي ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى. ئۇ
شۇ تۇرقى بىلەن ھەممە ئىشقا يېتىشەتتى. ئۆز شەنىگە ۋە ئۆزد-
نىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولغان بۇ قورۇقنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. بۇ سەۋەبتىن، ھەقىقىي
مال ئىگىسىنىڭ نامى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ، سايىم بەي بۇ
يەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇ يېزىلىقلار ۋە دېھقانلار ئۇ-
نى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. سايىم بەي بولسا
ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قوماندانغا خاس ئىتائەت قىلدۇرۇش كۈ-
چىنى ئىشقا سالاتتى، ئەمما زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە ئۇلارغا بىر
دادىلىق مېھىر ـ شەپقىتىنىمۇ كۆرسىتىپ، ھەممە كىشىنىڭ
دەردىگە دەرمان بولاتتى، ھېچكىمدىن ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى-
نى ئايىمايتتى.

سايىم بەي ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن كونا ئۆينى ئۆ-
رۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىدىن ساقلاپ قېلىپ،
ئۇنى خۇددى خان سارايلىرىدەك چىرايلىق تۈزەشتۈرۈۋالغانىدى.
ئىچى ـ تېشىنى بىر چىرايلىق ئاقارتىپ، سىرلاپ يېپيېڭى قىد-
لىۋەتكەنىدى. ئوت ئاپىتىدىن ساق قالغان ئۆي جاھازلىرىنى كى-
چىك قىزى ۋە ئايالىدىن يادىكار قالغان قېرى، لېكىن ئىشچان
خەمىدە كالفا بىلەن بىرلىكتە بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كې-
يىن، ياشاشتىكى پۈتكۈل غايىسىنى قىزىغا مۇجەسسەملەپ، ئىش-
لەش جەريانىدىكى پۈتكۈل غەيرەت ـ جاسارىتىنى قورۇققا بې-
غىشلىغان، شۇنداق قىلىپ ئۆمرىنى مەقسەتسىز، مەنىسىز ئۆتۈپ
كېتىشتىن ساقلاپ قالغانىدى. ئۆزىگە بۇ ياخشى ئىمكانىيەتنى
يارىتىپ بەرگەن بەدرى پاشاغا مىننەتدارلىقى چەكسىز ئىدى. ئۇ-
نىڭ سايىسىدە سۆيۈملۈك قىزىغا ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاپ بې-
رىپ، ئۇنى ياخشى تەلىم ـ تەربىيەگە ئىگە قىلىشقا، يېتىملىكنىڭ
ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى.

بۈگۈن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن زەررىن تۈركچىدىن باشقا يەنە
مەقسىتىنى ئۇقتۇرالىغۇدەك ۋە ئوقۇۋاتقىنىنى چۈشىنەلىگۈدەك

دەرىجىدە فىرانسوزچە بىلىدىغان، پىچىش - تىكىش ئىشىدىن خېلى خەۋىرى بار، بوش ۋاقىتلىرىنى تور توقۇپ، نەقىش ئىشلەپ بولسىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئىقتىدارلىق بىر قىز ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ قىز زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلەپ كېتەلىگۈدەك، تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلالىغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

دېمەك، سايىم بەينىڭ پىداكارلىقى بىكارغا كەتمىگەنىدى. قىزى ئۇنى ھېچقايسى جەھەتتىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمىغانىدى. ئاستاغىنە ھۇجرا ئىشىكىنىڭ چېكىلىشى زەررىنىنى خىيال دۇنياسىدىن تارتىپ چىقاردى. خەمىدە كالفا تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن:

— ساڭا ياردەملىشەيمۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى.

زەررىن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئالدىراپ - سالدىراپ چامادانىنى ئاچتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن دادىسى بىلەن ئۇدۇل - مۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا باشلىدى. ھەر ئىككىلىسى تولىمۇ مەمنۇن ۋە بەكمۇ خۇشال ئىدى. سايىم بەي قىزىنىڭ ئۇچىسىدىكى تېگى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك، تەڭگە گۈللۈك كۆينىكىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ، خۇشاللىقىنى شۇ سۆزلەر بىلەن ئىزھار قىلدى:

— ئاجايىپ ئىش، كىچىككىنە ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئۆي ئىچىگە لىق كەلدىڭ، قىزىم. سەن بىلەن بىر داستىخاندا قارىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە؟ سەنمۇ ھەرقاچان بۇ يەردە — يېنىمدا ئىدىڭ، ھېچقاچان مەندىن ئايرىلمىغانىدىڭ، ئەمدى سەنسىز قانداق ياشىيالايدىغىنىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن. سەن ھەرقاچان بار ئىدىڭ ۋە ھەرقاچان بۇ يەردە بولىسەن، زەررىن. سېنىڭ تەبەسسۇملىرىڭدىن، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىنى ئەسلىتىدىغان شېرىن ئاۋازىڭدىن، مېھرىلىك بېقىشلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق ياشارمەن؟

زەررىن ھاياجىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قاقاھلاپ كۈلۈپ

كەتتى.

— ئاھ، نېمىدېگەن ياخشى مېنىڭ دادام! مۇشۇنداق ئويلىغان بولساڭ، مېنى ئەمدى بۇ قورۇقتىن يىراق بىر يەرگە ئەۋەتمىگۈدەكسەن - دە، قايتىپ كەلگىنىمگە شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەنكى... ھاردۇقۇم بىر ئاز چىقىپ، شۇ ئىمتىھان كۈنلىرىنىڭ ئادەمنى ئەزگۈچى ئەسلىمىلىرى بىر ئاز ئۇنتۇلسۇنچۇ قېنى، ئۇ چاغدا كۆرەرسەن مېنى، ئۆيىمىزنى قانداق چىرايلىق بېزەيمەنكىن، ساڭىمۇ قانداق ياخشى قارايمەنكىن قېنى!

پېشقەدەم ئەسكەرنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى، كۈلۈمسىرىمەكچى بولۇۋاتقان كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. ئۈن چىقارماستىن بېشىنى تەخسىگە ئېگىشتۇرۇۋېلىپ ھاياجىنىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى.

سىرتتا گۈگۈم كۆلەڭگىلىرى دەل - دەرەخلەرنى قارايتىشقا باشلىغانىدى. بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان گۈگۈم ئۆي ئىچىگە تارىلىپ، ئۆي - جاھازلارغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. قورۇقتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاستا - ئاستا بېسىقىپ، ھەركىم ئۆز كۆلبىلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن، شۇ كۈنكى ھايات سەھەپىسى يېپىلغانىدى. كېچە باشلاندى. ئاتا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ھەر ئىككىسى شۇ قەدەر بەختىيار ئىدى.

## 2

دېرىزىلەر بىر ـ بىرلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. ھەربىر دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرى تامغا «تاق»قىندە ئۇرۇلغىنىدا، زەررىنىنىڭ شادلىققا تولغان چىرايى لاپپىدە بىر كۆرۈنۈپ يەنە غايىب بولاتتى. قىز ھەممە ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى ھاڭغىرقاي ئېچىۋېتىپ، ئۆي ئىچىنى ھاۋالاندۇرماقچىدى، چۈنكى ئۇ مەكتەپتىكى چېغىدا بۇ ئۆيلەرگە كىرىدىغان ھېچكىم بولمىغانلىقتىن، ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرگە بىر خىل پۇراق سىڭىپ قالغانىدى. مانا ئەمدى دەل ـ دەرەخلەردىن گۈپۈلدەپ ئۇرغۇپ تۇرغان قارىغاي، دوپ دەرىخى ۋە كاشتان ھىدلىرى دىماقلارغا ئۇرۇلماقتا ئىدى.

سەھەرنىڭ بۇ تۇنجى دەملىرىدە ھاۋا يەنىلا بىر ئاز سۆرۈن ئىدى. زەررىن مانا مۇشۇ سۆرۈن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاۋ ـ ۋال بىرقانچە ئايدىن بېرى سېغىنىپ ئىنتىزار بولۇپ كەتكەن ئۆينى، قورۇقنى ۋە ئورمانلىقنى بىر ئايلىنىپ چىقماقچى، ئاندىن كىچىك ۋاقتىدىكى دوستلىرىدىن تېخىچە بۇ يەردە ياشاۋاتقان بىرقانچەيلەننى يوقلاپ كەلمەكچى بولىۋاتاتتى. چۈنكى بۇ يەردە ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان پۈتكۈل ھاياتىنىڭ كۆرەك سۈرەتلىرى بار ئىدى. ئۇ بۇ قورۇققا بەش يېشىدا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈشكەن، بۇ ساپ ھاۋادىن تويغۇچە نەپەس ئالغان، بۇ گۈزەل مەنزىرىنى، بۇ مەرد ئىنسانلارنى سۆيۈپ ئادەتـ لىنىپ قالغانىدى. بۇ يەر ئۇنىڭ بارلىقىنىڭ بىر پارچىسى ئىدـ ـدى. بۇ يەر ئارقىلىق ئىستانبۇلنى، ئىستانبۇلدىكىلەرنى، ئۇ يەرـ نىڭ ئويۇن ـ تاماشالىرىنى، ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ قالاتتى ۋە ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى. ھازىر ئۇ يەرلەر

ناھايىتى يىراقتا ئىدى.
سىرتىدىن كىچىككىنە كۆرۈنگەن ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى كەڭتاشا ئىدى. ئاددىيسى دادىسىنىڭ ئىشخانا قىلغان ئۆيى بىلەن زەررىنىنىڭ ھۇجرىسى شەھەردىكى قەۋەتلىك بىنالاردا ئولتۇرىدىغان خېلى جىق كىشىلەرنىڭ ھەۋەسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە كەڭتاشا ۋە يورۇق ئىدى. غىزالىنىدىغان ئۆيمۇ ئالدىدىكى پېشايۋان بىلەن قوشۇلۇپ بەك يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، دادىسىنىڭ ۋە ئېمىكئانىسىنىڭ ھۇجرىلىرى ھەمدە بىرقانچە بوش ئۆيلەرمۇ بار بولۇپ، زەررىن بۇ ئۆيلەرنى قايتا كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىرسىنى مۇنچىغا ئۆزگەرتىۋېتىش لازىملىقىنى ئويلاپ قويغانىدى. شۇڭا بۇ پىلانىنى دەرھال دادىسىغا ئېيتقۇسى كەلدى. ئۇنىڭمۇ «ياق» دېمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ نېمىدېگەن سۆيۈملۈك ئادەم - ھە!
شۇنداق قىلىپ زەررىن دەسلەپكى پىلانى بويىچە ئىشىنى باشلىۋەتتى. ئالدى بىلەن ئۆز ھۇجرىسىنى تۈزەپ چىقتى. بۇرۇنقى ياغاچ كارىۋىتىنىڭ ئىككى بېشىنى چىقىرىپ تاشلاپ، قالغان قىسمىنى مۇكەممەل بىر دىۋان قىلىۋالدى. بۇنىڭ ياپقۇچلىرى ۋە ياستۇق قاپلىرىنى ئۆزى تىكتى. ئادەتتە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن بەزى ئۇششاق - چۈشەك ئۆي سايمانلىرىنى ھۇجرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە چىرايلىق قاملاشتۇرۇپ تىزىپ، بەك مېھرى ئىسسىق بىر قىزنىڭ ھۇجرا مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئاندىن دادىسىنىڭ ھۇجرىسىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە پۈتكۈل ھۇجرىلارنى بىر - بىرلەپ رەتلەپ چىقتى. بىرقانچە ئاي قولىدىن يىڭنە چۈشمىدى، نەتىجىدە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتىدىن كۆڭلى بەك يورۇپ كەتتى.
سايىم بەي قىزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ياردەملىشەتتى، شۇنداقلا بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ

قىلاتتى. بۇگۈن ئۇ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش قىلدى. قىزىغا بىر رادىيو ئېلىپ بىرىپ، ئۇنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن باغلىدى.. توغرىسىنى دېسەك، زەررىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن، ئاياغ بېسىشى زۆرۈر بولمىغان بىرلا يەر قالدى، ئۇ بولسىمۇ ئاشخانا ئىدى. بۇ يەرگە خەمىدە كالفا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ھەممە ئىشنى ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى قىلىۋاتاتتى. زەررىن ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنى رەنجىتىپ قويىدىغان بولسا، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان لەززەتلىك تائاملاردىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ياشىنىپ قالغان بۇ ئايالنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندىلا بۇنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. چۈنكى كالفا شۇنچىلىك ماسلىشىشچان ۋە ياۋاش بولغىنىغا قارىماي، يەنە شۇنچىلىك ئەستايىدىل ۋە چېۋەر ئايال ئىدى.

شۇ تەرىقىدە ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتتى. سايىم بەي قىزىنىڭ قورۇقتا زېرىكىپ قالمىغانلىقىنى، ۋاقىتنى خۇشال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئىشلارنى ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن بىھۇدە ئەندىشە قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئاخشاملىرى ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆيىگە كەلگىنىدە، ئۇنى يا زەررىن ئېيتىۋاتقان يېقىملىق ناخشىلار، يا بولمىسا رادىيودىن كېلىۋاتقان شوخ مۇزىكىلار قارشى ئالاتتى ـ دە، شۇ كۈنكى بەزى كۆڭۈل غەشلىكلىرى تامامەن ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى.

زەررىن ئۆزىنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھېس قىلماقتا ئىدى، زېرىكىپ قالغۇدەك بوش ۋاقتى يوق ئىدى. ئۆزى ياشاۋاتقان ئۇ تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي رازى ئىدى، ھەتتا بۇنىڭدىن باشقىچە بىر تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى.

ياز ئايلىرى مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. كۈز كەلدى، كۈنلەر قىسقارماقتا ئىدى. يېشىللىق سولۇشقا، يوپۇرماقلار

تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئەتراپقا تاتلىققىنە بىر ھەسرەت سىڭدى-
ۋاتاتتى.

زەررىن بالىلىق ۋاقتىدىن بېرى تۇنجى قېتىم بۇ يەردىكى
دەرەخلەردىن بەزىلىرىنىڭ شاخلىرىنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغانلى-
قىنى كۆردى. بۇ مەنزىرىمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، دادى-
سى بىلەن بىللە بۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈش ئۇ-
نىڭغا باشقىچە زوق بېغىشلايتتى. بىرقانچە كۈن ئاۋۋالقى قوپقۇ-
رۇق يوللارغا ئەمدى كۆك يۈزىدىن نۇر ياغماقتا ئىدى. بىراق،
كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ نۇر قارىيىشقا باشلىدى، ئەڭ ئاخىرقى
يوپۇرماقلارمۇ شىددەتلىك جۇت ـ شىۋىرغان ۋە توختىماي ياغقان
يامغۇر زەربىسىدە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ھايۋانلار ئاساسەن قوتاز-
لىرىغا مەھكۇم قىلىندى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھىم
تاقىلىپ، مورىلاردىن تۈتۈن چىقىشقا باشلىدى. ئۇپۇقتا قىش
كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. بىركۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا سايىم
بەي بەكمۇ مۇھىم بىر ۋەقە توغرىسىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋات-
قاندەك بىر خىل كەيپىيات بىلەن:

— ئوۋ مەۋسۈمى كەلدى... ئۆي ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھازىر-
لىقلارنى باشلىۋېتىشىمىز كېرەك، — دېدى.

بۇ قورۇقنىڭ بىر خىل يېڭى تۇرمۇشى بولۇپ ھېسابلىناتتـ-
تى. قىزنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر خىل ھاياجان بىلەن سوقۇپ
كەتتى. چۈنكى بۇ مەۋسۈمدا بەدرى پاشانىڭ دوستلىرى بىلەن
بىرلىكتە ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ۋە ھەر قېتىمدا سايىم بەيلەر-
نىڭكىگە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا
بۇنىڭغا يارىشا تەييارلىق قىلىش ھەمدە ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش
كېرەك ئىدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مېھمانلار ئۇ-
چۇن ئاتاپ قويۇلغان ھۇجرىنى ئېچىپ، خەمىدە كالفا بىلەن بىر-
لىكتە بۇ ئۆيلەرنى تازىلاپ مېھمان باشلىغۇدەك ھالغا كەلتۈردى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قورۇقتىكىلەر يېڭى خەۋەر كۈتۈشكە

باشلىدى. بۇ چاغلاردا زەررىنمۇ ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر يېڭىلىق سېغىنىۋاتقانلىقىنى، بەزى دەقىقىلەردە بۈگۈنكى تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگە كۇپايە قىلمايۋاتقانلىقىنى، نېمىنىدۇر بىرنەرسىلەرنى خالاۋاتقانلىقىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى.

## 3

بىركۈنى ئەتىگەندە، زەررىن دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ دىرىلداپ تىترەپ كەتتى. چۈنكى ھاۋا ئۇشتۇمتۇت سوۋۇپ كەتكەندى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇدۇلدىكى مەنزىرىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. دەل ـ دەرەخلەر تېخىمۇ يالىڭاچلىنىپ قالغاندەك، ئاسمان تېخىمۇ بەك تىنىقلىشىپ كەتكەندەك، ئۇزاقلاردا لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان دەريا تېخىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ناشتىلىق داستىخىنىدا سايىم بەي:

— زەررىن، پاشا خەۋەر ئەۋەتىپتۇ، — ئۇ تەييارلىق قىلىڭلار، ئەتە ـ ئۆگۈن بىرقانچە مېھمان بىلەن بىللە كېلىمەن دەپتۇ، — دېدى.

زەررىن دەسلەپ چۆچۈپ كەتتى، ئەمما دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:

— ياخشى بوپتۇ، بىرقانچە كۈن بولسىمۇ يېڭىچە بىر خىل كەيپىيات بولغۇدەك، — دېدى خۇشاللىق بىلەن.

سايىم بەي كۈلۈپ قويدى:

— راستىنى ئېيتسام، بۇ كۈنلەردە خېلى چارچايمىز. تاماققا كېلەلمەيدىغان كۈنلىرىمىمۇ بولىدۇ، ئۇ چاغدا بىر ـ بىرىمىزنى كۈنلەپ كۆرەلمەيمۇ قالىمىز، سەنمۇ...

— مەنمۇ؟ ئۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم بار، ھەرھالدا مېنى بىللە ئېلىپ يۈرمەيسىلەرغۇ دەيمەن.

— شۇنداق قىلساق ئۇنامتىڭ؟

— ياقەي. ئۆمرۈم بۇ يەردە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوۋ ئوۋلاشنى ھېچ ياخشى كۆرمەيمەنغۇ ـ تاڭ. بىچارە ھايۋانلاردىن نېمە تەلەپ

قىلىدىغانسىلەركى بىلەلمىدىم. ئىنسانلارنىڭ بۇ ۋەھشىيلىكىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرەلمەيمەن.

— سەن ھازىرچە بۇ ئىشنىڭ پەلسەپەسىنى قويۇپ تۇر قىزىم. ئاۋۋال گېپىمنى تۈگىتىۋالاي... سەنمۇ خېلى ئاۋارە بولىسەن، ئوۋچىلار تاماقنى بۇ يەردە يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يەردە قونۇپ قالىدىغانلارمۇ بار. شۇڭا، ئۆي خانىمى بولۇش سالاھىيىتىڭ بىلەن بۇ ئىشلارغا سەن مەسئۇل بولىسەن.

— بۇرۇنقى يىللاردا قانداق قىلاتتىڭلار؟

— خەمىدە كالفا قولىدىن كېلىشىچە بىر ئىشلارنى قىلاتتى، ئەمما دائىم يېتىشەلمەيلا قالاتتى. بۇ يىل ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ئۆتكەنلەردە شەھەرگە كىرگىنىمدە پاشامۇ سېنىڭ گېپىڭنى قىلغان. ئاخىر ئۆيدە خانىمنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقى ئېنىق ئەمەسمۇ؟

زەررىن جاۋاب بەرمەي بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى. ئۇ بىرنەرسىگە خاپا بولغان چېغىدا ياكى بىرنەرسە ئويلاۋاتقىنىدا، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەستىن قولىنى بېشىغا ئاپىرىۋالاتتى. شۇڭلاشقا دادىسى:

— نېمە؟ بۇ سۆزۈم ساڭا ياقمىدىمۇ قىزىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئويلاۋاتىمەن، جېنىم دادا. ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يېتىرقاپ قالىمەنمىكىن دەيمەن.

— ۋاي - ۋۇي قىزىم. ئىستانبۇلدا مەكتەپتىكى چېغىڭدىمۇ خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن ئەركىن - ئازادە پاراڭلىشىپ يۈرگەن تۇرساڭ، ئەمدى بۇ تارتىنىش نەدىن كەلدى ساڭا؟

— ئۇ يەردە ئۆز تەڭتۇشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرەتتىم. بۇ يەرگە كېلىدىغانلىرى بولسا...

— ياق قىزىم، مۇنچىۋالا ياۋايىلىشىپ كەتمە. بەدرى پاشا سېنى كۆرسە بەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدىغان مېھمانلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېسىل سۈپەت، ياخشى

كىشىلەر ئىكەنلىكىگە گۇمانىم يوق.

— پاشانى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئۇنى كۆرگەندە بويىنىغا ئېسىلغۇم، ساڭا ۋە ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈم كېلىپ كېتىدۇ.

— بويىنىغا ئېسىلساڭ بولىۋېرىدۇ، ئەمما ھەرگىز رەھمەت ئېيتما. ئۇ مۇنداق ئىشلارنى خوپ كۆرمەيدۇ. ئۇنى خۇش قىلىمەن دېسەڭ، مېھمانلىرىنى ياخشى كۈت. چۈنكى ئۇلار بۇ سوغۇقتا توڭلاپ تىترەپ ئوۋدىن قايتىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارغا مۇھىمى ئىسسىق ۋە پاكىز بىر ھۇجرا، ئازادە بىر كارىۋات، مول داستىخان ھازىرلاپ قويۇشىمىز كېرەك.

— ماقۇل جېنىم دادا، سېنى ۋە ئۇ كىشىنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىدىغانلىقىمغا ۋەدە بېرەي.

— بىلىمەن سېنى، كۆز نۇرۇم قىزىم. ھەرقانداق ئىشتا ساڭا ئىشىنىدىغانلىقىمدا گەپ يوق. شۇڭا سەن بىلەن ئىپتىخارلىنىمەن. بىچارە ئاناڭ ھايات بولسا كاشكى، سېنى بىر كۆرسە ئىدى!

زەررىن پەقەت ئۆز خىياللىرىدىلا ئانچە - مۇنچە تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئانىسىنى بەك چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئەمما دادىسىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجان بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇنىڭغا يېپىشتى، بېشىنى ئۇنىڭ بېشىغا تىرەپ تۇرۇپ:

— جېنىم دادا، — دېدى.

ئۇلار ئارتۇق مۇڭداشمىدى. پەقەت قىلىشقۇدەك باشقا سۆز تېپىشالماي جىمىمدە بولۇپ قالدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قىزنىڭ ئۆيدىكى ئىش - كۈشلىرى كۆپىيىپ كەتتى. دادىسى بىلەن بىللە تاماق تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقتى. ئىستانبۇلغا بارىدىغان كىشىلەرگە بىرمۇنچە نەرسە -

كېرەك بۇيرۇتتى. دادىسىنى خىجىل قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن قەت-ئىي قارارغا كەلگەنىدى. چۈنكى كەلگۈسى كۈنلەردىكى كۈتۈلمە-گەن ۋەقەلەردىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى.

# 4

بۇ ۋەقە سوغۇق ۋە يامغۇرلۇق بىر كۈندە يۈز بەردى. ئۇ كۈنى
تاڭ سەھەردىلا قورۇقتا ئىككى ماشىنا كەلگەنىدى. زەررىن كارد-
ۋىتىدا يېتىپ پەستىكى ناتونۇش ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە،
دەرھال دېرىزە ئالدىغا يۈگۈردى. كەلگەنلەر سەككىز ـ ئون كى-
شى ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بەدرى پاشانىڭ ئورۇق، ئېگىز قا-
مىتى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. زەررىن ئۇنى بۇرۇندىن
تونۇيدىغان بولغاچقا، يۇقىرىدىن قاراپ ياشانغان ئەسكەرنىڭ چى-
بەرقۇتنىڭ يولىدەك قورۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ياداڭغۇ يۈز-
لىرىنى، كەڭ مۈرىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بوران ـ چاپقۇن، شى-
ۋىرغانلىق كۈنلەردىمۇ ئات ئۈستىدە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتى-
ۋاتقان چاغلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە دېرىزە ئالدىدىن قايتىپ
كېلىپ، يوتقىنىغا تېخىمۇ بەكرەك پۈركىنىۋالدى:

— بۇ سوغۇقتا، بۇ سەت ھاۋادا... — دەپ ئۆزىگە ئۆزى پى-
چىرلاپ قويدى ئۇ.

ئۇيقۇ بىلەن بىدارلىق ئارىسىدا ئۆتكەن بۇ ۋاقىت قانچىلىك
داۋاملاشتىكىن، زەررىن بۇنى ئەسلىيەلمەيتتى. بىردىنلا ۋاراڭ ـ
چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇر-
دى، پەستە كىملەردۇر پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇ قايتىدىن دېرىزىسى-
نى ئاچتى. ئىككى كىشى ئەسكەرلەرنىڭ پەلتۇسىغا ئوخشاش ئۇ-
زۇن بىر چاپانغا ئورالغان بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە
كېلىۋاتاتتى. بۇ ئادەم بەدرى پاشادەك قىلمايتتى. خۇداغا شۈكۈر،
دادىسىمۇ ئەمەس ئىدى.

زەررىن ئالدىراپ ـ سالدىراپ كىيىنىۋاتقاندا، پەستىن چىق-
قان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى:

— تېزدىن مۇشۇ ھۇجرىغا ياتقۇزايلى!

— ياق، ئۇنى بىراقلا يۇقىرىغا ئېلىپ چىقايلى، شۇ يەردە ئارامخۇدا بىر كارىۋاتقىلا ياتقۇزغىنىمىز ياخشىراق بولارمىكىن.

— شوپۇر نەدە؟ ھە... مەرھەمەت، ئامالىنىڭ بارىچە تېزراق ئىستانبۇلغا بارغىن. ئاغىنەم — دوختۇر مۇستاپانى تونۇيسەنغۇ؟ ھېلىقى كىچىك خانىمنىڭ ئۆتىنى ئوپېراتسىيە قىلغان دوختۇرچۇ؟... ھە، شۇنى تاپقىن. مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، دەرھال بۇ يەرگە ئېلىپ كەل. بىر پۇتىنىڭ سۇنۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېھتىماللىق ئۈچۈن گىپىس ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىشىنى ھەمدە كېسەلگە قارايدىغان بىر ھەمشىرە چاقىرىۋېلىشىنىمۇ ئۆتۈنگىن. قىسقىسى، بۇ يەردە بىر ھادىسە يۈز بەرگىنىنى، بىر ياشنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش زۆرۈر بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقىن، قالغىنىنى ئۆزى بىلىدۇ. تېز بېرىپ، تېز كېلىشىڭ كېرەك. ئەڭ مۇھىمى مانا شۇ، چۈشەندىڭمۇ ئوغلۇم؟

— باش ئۈستىگە ئەپەندىم.

موتورنىڭ گۈرۈلدىشى، پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرى ۋە سۆزلىشىشلەر ئاڭلاندى.

— دىققەت قىلىڭ، تامغا تېگىپ كەتمىسۇن.

— ئەجەبا، باشقا يەرلىرى بىرنېمە بولغانمىدۇ ؟

— ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەمما سۇنۇق يوتىسىدىمۇ، تىزىدىمۇ، بۇنى بىلمىدىم.

— ئاغرىقىغا چىدىيالماي ھوشىدىن كەتتى، بىچارە.

زەررىن شۇ ئەسنادا ئىشىكنى ئېچىپ، تۆت كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ھۇجرىغا ئەكىرىپ كېتىۋاتقان بىر ياردارنى كۆردى. بىچارە ئادەمنىڭ رەڭگى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ ياش بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئارقىسىدىن بەدرى پاشا بىلەن سايىم بەيلەرمۇ پەلەمپەيدىن چىقىشىۋاتاتتى. زەررىن ئۇلار بىلەن بىللە ھۇجرىغا كىردى ۋە پا-

شىنىڭ كېسەلنىڭ تومۇرنى تۇتۇپ كۆردى.
— يامان ئەمەس، نورمال، رىتىملىق سوقۇۋاتىدۇ.
— ئۇنى مىدىرلاتماي شۇ پېتى ياتقۇزۇپ تۇرۇپ دوختۇرنىڭ كېلىشىنى ساقلايلى. چۈشتىن ئاۋۋال كېلەر، ئىنشائالالا.
ئۇنى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ تۈپتۈز ياتقۇزۇپ قويۇشتى. بېشىغا ياستۇقلارنى قويۇپ بەردى. پەقەت شۇ چاغدىلا كېسەل كۆزلىرىنى ئېچىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى.
بەدرى پاشا چوڭقۇر بىر رەھىم ـ شەپقەت ۋە ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سورىدى:
— جىھات، قانداقراق ئوغلۇم؟
ياش يىگىت قاتتىق كۈچەپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى:
— ياخشى تاغا... ناھايىتى ياخشى، غەم قىلماڭ.
— بەك ياخشى دېيەلمەيسەن بالام، ئاجايىپ قاتتىق يىقىلدىڭ.
— شۇنداق، ھوشۇمدىن كەتكەن ئوخشايمەن، ئەمما ھازىر ئۆزۈمنى ھېچبىر كېسەلدەك ھېس قىلمايۋاتىمەن.
— ياشسەن، ساغلامسەن. مۇنچىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك قا ـ زالارغا پەرۋا قىلمايسەن، ئەلۋەتتە. مەنمۇ سېنىڭ يېشىڭدىكى چېغىمدا نېمىلەرگە يولۇقمىدىم دەيسەن.
— جەڭگاھلاردىكى ئىشلارنى دەيسىز، شۇنداقمۇ؟ ۋاي... ۋاي... ۋاي... ئېھتىمال بەدىنىمنىڭ بىر تەرىپى سۇندىغۇ دەيمەن.
— بەك ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ ئوغلۇم؟
— پاچىقىم، ... بەلكى سول پاچىقىمدا بىر سۇنۇق بار. نېمە پېشكەللىك بۇ؟
— ھېچقانداق پېشكەللىك ئەمەس بۇ، بالام. بىردەمدىن كې ـ يىن دوختۇر كېلىدۇ. پاچىقىڭنى تېڭىپ قويىدۇ. ئارامىڭدا بىر ـ دەم ئۇخلىۋالارسەن.
بەدرى پاشا بىلەن كېسەل يىگىت پاراڭلىشىۋاتقاندا، سايىم

بەي قىزىغا نىمىنىدۇر پىچىرلاپ، ئۇنى پەسكە بىر ئىشقا بۇيرۇ-
ۋەتتى. جىھات چىشىنى چىشىغا بىسىپ تۇرۇپ قايتىدىن كۆزلى-
رىنى يۇمغىنىدا پاشا سايىم بەينىڭ يېنىغا كېلىپ بوش ئاۋازى
بىلەن پاراڭ باشلىدى:

— بۇ يىگىت مېنىڭ يىراق بىرتۇغقانلىرىمدىن بولىدۇ. ئا-
ئىلىسى باغداتتا، خېلى بۇرۇن، بەلكى يۈز — يۈز ئەللىك يىل
ئاۋۋال جىھاتنىڭ چوڭ دادىسى باغدادقا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلگە-
نىكەن. ئۆيلەنمەستىن باغدادقا كەتكەن ئۇ ۋالىي شەھەرنىڭ يۇ-
قىرى تەبىقىلىرىدىن بىرسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلمىگەنىدى. باغدات بىز-
نىڭ قولىمىزدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ باللىرى ۋە
نەۋرىلىرى يەنىلا ئۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. جىھاتنىڭ دادىسى
ئون بەش — يىگىرمە يىل ئاۋۋال ئىستانبۇلغا كەلگەنىدى. جى-
ھاتنى گالاتاساراي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ياتاقتا يېتىپ ئو-
قۇيدىغانغا تىزىملىتىپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالغانىدى. ئەمما
كېتىشتىن ئاۋۋال، ئەمدى باغدادتىكى ئائىلىسىدىكىلەرنى بى-
راقلا ئېلىپ كېلىپ ئىستانبۇلغا يەرلىشىدىغانلىقى ھەققىدە
قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ چاغدا ۋەزنەچىلەردە بىر
بىنا، تىرابىيادا بىر چاھارباغ سېتىۋالغانىدى. كېيىنرەك نىشان-
تاشتا يەنە بىر بىنا سالدۇردى. ھېسابىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجى-
دە ناھايىتى كۆپ بايلىقى بار، دېيىشىدۇ ئۇلارنىڭ. باغدادتىمۇ
بىرمۇنچە كارۋان - ساراي، ھاممام ۋە باشقا ئۆي - زېمىن، بى-
ساتلىرى بار ئىكەن. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ ئادەم ئائىلى-
سىدىكىلەرنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىش تەييارلىقلىرىنى قىلىۋات-
قاندا ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا نە قېرى
ئانىسى، نە ھەدە - سىڭىللىرى، نە تۇل قالغان خوتۇنى بۇ يەرگە
كېلىپ يەرلىشىشكە جۈرئەت قىلالماي، ھەممىسى باغدادتا قې-
لىشتى. ئەمما، جىھات گالاتاساراي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى
پۈتكۈزگەندىن كېيىن باغدادقا كەتكەنىدى. ئۇ يەردىن ياۋروپاغا

كېتىپ، شۇ يەردە ئۇزۇن يىللار تۇرۇپ قالغانىدى. قايتىدىن ئىستانبۇلغا يېنىپ كەلگىنىمدە، ماڭا ئەمدى بۇ يەرگە يەرلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ يەردە تارىخ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئىستانبۇلدا ياشاشنى تاللىۋالغانىدى. بۇ يەردە بىردىنبىر تۇغقىنى يالغۇز مەنلا بار. بۇ بالىنى مەن بەك ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن پات - پات چاقىرىپ تۇرىمەن. بۇ قېتىممۇ ئوۋ ئوۋلاشقا ئاساسەن مېنىڭ زورلىشىم بىلەن كەلگەنىدى. ناھايىتى ياخشى ئاتقا مىنگەنىدى بولمىسا. قانداقلارچە مۇنداق بولغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيلا قالدىم. بۇ ھايۋان خۇي چىقاردى بولغاي، ئۇمۇ ۋاقتىدىلا سەكرەپ چۈشەلمەي قالدىغۇ دەيمەن. يىقىلغاندىمۇ بەك قاتتىق يىقىلدى ... ئەھۋال بەك ئېغىر بولمىسا، ھەرھالدا ئەڭ يېقىن بىر ئېھتىماللىق شۇكى، سىزلەرگە بىرقانچە كۈن مېھمان بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ.

— باش ئۇستۇمدە ئورنى بار... مۇھىمى ساقايسۇن.

— ئۇنىڭغا بىر باققۇچى قالدۇرۇپ كەتمەكچىمەن، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىدا سىلەرنى بەك چارچىتىپ قويىدىغان بولدۇم.

— نېمە دېگىنىڭىز پاشايىم، قىزىممۇ، مەنمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشى كۈتىمىز. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ.

— رەھمەت دوستۇم. ھەر جەھەتتىن ساڭا تولۇق ئىشەنمىسەم بۇنداق دەرمىدىم.

خۇددى دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ تۇرغاندەكلا، دەل شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، زەررىن قولىدا بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كېسەلگە بىر ئىستاكان ئىھلامۇر (ئىھلامۇر دەرىخىنىڭ چېچەكى بولۇپ، خۇش پۇراقلىق، شىپالىق چاي)، بەدرى پاشا بىلەن دادىسىغا قەھۋە دەملەپ كىرگەنىدى. پاشا قىزنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

— كىچىك زەررىنمۇ بۇ؟ كۆز تەگمىسۇن، نېمىدېگەن چىرايلىق چوڭ بولغان - ھە! خۇدايىم بەختىنى بەرسۇن. ئەكەل قىزىم

ئىچەيلى. قەھۋەنى سىڭنىڭ قولۇڭدىن ئىچىش ھەقىقەتەن بەك ھۇزۇرلۇق بولىدۇ، — ئۇ سايىم بەيگە بىر قاراپ قويۇپ قوشۇمچە قىلدى، — مۇشۇنداق دەل جايىغا كەلگەندە، ھېلىقى شېئىرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغۇم كېلىۋاتىدۇ:

ئېھ، كەيپىنىڭ كەيپىنى كىم يېڭىلار،
يېڭى قولدا يېڭى پىشقان قەھۋەلەر.

— قەھۋەمۇ ھەقىقەتەن بەك ياخشى دەملىنىپتۇ، قوللىرىڭغا دەرد كەلمىسۇن بالام.

شۇ ئەسنادا زەررىن بۇنچىۋالا ئىلتىپات يامغۇرى ئاستىدا ھۇپپىدە قىزىرىپ، ياردارنىڭ كارىۋىتىغا يېقىن كەلدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، زەررىن ئۇنى ئويغىتىشقا پېتىنالماي تارتىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە تىپىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تەشۋىش بىلەن تىكتى.

كېسەلمۇ ئۆزىنىڭ قېشىدا ياش بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك، ئېغىرلاشقان كۆز - قاپاقلىرىنى تەستە ئاچتى. ئىستاكاندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇس ھورلار ئارىسىدىن زەررىننىڭ قىزارغان يۈزىنى، سارغۇچ چاچلىرىنى، گويا چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك پەرق قىلالىدى. قىزنىڭ ئۈستىدە ئەنقەرە يۇڭىدىن توقۇلغان ئاق، نېپىز پوپايكا بار ئىدى. يۇمشاق بۇدۇر چاچلىرى مۈرىلىرىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ تۇرقى بىلەن ئۇ شۇ قەدەر چىرايلىق ئىدىكى، ياردار يىگىت ۋۇجۇدىدىكى بارچە ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ، بىرئاز قوزغالماقچى بولدى، ئەمما ئىزتىراپ بىلەن بېشى قايتىدىن ياستۇققا چۈشتى:

— پەرى قىزى... — دەپ پىچىرلىدى ۋە كۆزلىرى يەنە يۇمۇلدى.

مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن زەررىن ئۆرۈلۈپ دادىسىغا قارىدى ۋە:

— ياردەملەشكەن بولسىڭىز، ئىھلامۇرنى ئىچۈرۈپ قوياي دادا.

ئىككى ئەر كىشى كارىۋاتقا يېقىنلاشقاندا، كېسەل ئۇخلاپ قالغانىدى.

زەررىن پەتنۇسنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ـ دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

# 5

جىھات تاڭ ئېتىشقا يېقىن كۆزىنى ئاچتى. پەردىلىرى ئىككى يانغا قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن كىرىۋاتقان ئاقۇچ تاڭ نۇرى ئۆي ئىچىنى ئەمدىلا يورۇتۇشقا باشلىغانىدى. يامغۇرلۇق ۋە سوغۇق بىر كۈندىن كېيىن، كۆتۈرۈلۈۋاتقان قوياش نۇرلىرى شۇ تاپتا خىرە ۋە خۇنۇك ئىدى.

ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى كېسەل باققۇچى ئايال ئۇنىڭغا ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك بىر مورفىن ئوكۇل سالغانىدى. دورىنىڭ تەسىرى بىلەن قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن يىگىت تېخى ئەمدىلا ئويغانغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ باشلىرى ئېغىر، ئاغزى بەتتەم، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئەتراپىغا سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ناتونۇش ھۇجرىدىن نېمە ئىزدەيدىغاندۇ؟ بۇ گۈللۈك پەردىلەر، بۇ ئۆي سايمانلىرى، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەر... قەيەردە ئىدى ئۇ؟ ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيدىمۇ، ياكى... ياكى بولمىسا غەلىتە بىر چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندۇ؟

ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئەتراپىغا باشقىدىن قاراشقا باشلىدى. ياق، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى... ئۇ ئۆرە بولۇش ئۈچۈن مىدىرلاپ باقتى، بولمىدى، بەدىنى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. گويا كارىۋاتقا يېپىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. قايتىدىن تىرىشىپ كۆردى، قولى قاتتىق بىرنېمىگە تېگىپ كەتتى، ئەنە شۇ چاغدىلا پۈتكۈل ۋەقە تولۇق ئېسىگە كەلدى. پاچىقى گىپىسكە ئېلىنغانىدى. گىپىس بىلىنىمۇ يۆگەپ تۇراتتى، ھەتتا مەيدىسىگىچە چىققانىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، بۇ يەرگە قامىلىپ قاپتىمەن ـ دە، قاچان-

غىچە كارىۋاتتىن چۈشەلمەسمەن. پالاكەت! مۈدهىش بىر پالاكەت! دۇنيانىڭ بىر بۇلۇڭىدا، شۇ مەينەت ھاۋادا، ياپيالغۇز، ئۆز خىياللىرىم بىلەنلا. ۋاي ئىسىت!

ئۇ بىر كۈن ئاۋۋال بېشىغا كەلگەن پالاكەتنى مانا ئەمدى پۈتكۈل تەپسىلاتلىرى بىلەن ئېنىق ئەسلەۋاتاتتى. دوختۇر كەلگەندى. جايىدىن مىدىرلاتسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇپ، پاچىقىنى گىپىسكە ئالغانىدى. كىچىك بىر ئېھتىياتسىزلىق نەتىجىسىدىمۇ توكۇر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ سۆزلەر بىلەن كېسەلنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن دوختۇر كۆلۈپ تۇرۇپ شۇلارنى قوشۇمچە قىلغانىدى:

— سۇنۇق يوق. راستىنى ئېيتسام، سۆڭەك جايىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەمما گىپىسكە ئالمىساق كىچىككىنە بىر ھەرىكەت بىلەنمۇ سۆڭەكلەر بىر - بىرىدىن ئاجرىلىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا بېشىمىزغا خاپىلىق تېپىۋالىمىز.

يىگىت دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىگەندىن كېيىن، بىرئاز خاتىرجەم بولدى. بىر ئاي كارىۋاتتىن چۈشمىسىلا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشەتتى. ئەمما... ئەمما شۇ بىر ئاينى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ مىجەزىنىڭ بىرئاز تەرسا ۋە ئوساللىقىنى ئۆزى ئوبدان بىلەتتى. بەكلا تېز ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدىغان خۇيىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن سەۋر - تاقەتلىك بولۇشقا، ئۈمىدسىز خىياللىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا، كۆرگەنلىكى ئىشقا ئاچچىقلىنىپ يۈرمەسلىككە تىرىشىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە مۇشۇنداق قەتئىي قارار قىلغاندىن كېيىن، ئاچچىق بىر كۈلۈمسىرەپ كۆزلىرىنى يۇمدى. كۈتمەكچى بولدى. ئەھۋالنى بىرئاز چاقچاققا بۇراش ئەڭ توغرا ئۇسۇل بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، قېرى بىر خوتۇن قولتۇقىدا بىر قۇچاق ئوتۇن بىلەن كىرىپ كەلدى. جىھات ئۇنى ئۇزۇن يىللار بۇرۇنقى بالىلىق

چېغىدا ئوقۇغان بىر پىرىخونلار چۆچىكىدىكى ئورماندا ياشىغان جادۇگەر خوتۇنغا ئوخشاتتى. چۆچەك كىتابىغا قىستۇرۇلغان ئۇ رەسىمدىكى خوتۇنمۇ دەل بۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى پۇكىلىنىپ ئىگىلىپ تۇراتتى ۋە قولتۇقىغا جالدىر ـ جۇلدۇر بىرنېمىلەرنى قىستۇرۇۋالاتتى.

بىراق، رەسىمدىكى جادۇگەر خوتۇننىڭ چىرايىدىن ۋە كۆز ـ لىرىدىن قورقۇنچلۇق بىر مەنە چىقىپ تۇراتتى. بۇ قېرى خوتۇن بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بەك سۆيۈملۈك ۋە مېھرىبان ئىدى. ئۇ مەشكە ئوتۇننى لىققىدە توشقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن جىھاتنىڭ يېنىغا كەلدى. يېقىملىق بىر ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى:

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن پاشازادەم، راھەت بىر ئۇخلىۋالغانسىز، ئىنشائاللا.

جىھات بۇ تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلۈۋېتىش ـ تىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى... ياق، بۇ بىچارە خوتۇن جادۇ ـ گەر ئەمەس، قېرى بىر پەرى ئىدى، خەيرلىك ئىشلار پەرىسى.

— رەھمەت. بەك ياخشى ئۇخلىدىم، ھەتتا چۈشۈمدە گۈزەل پەرى قىزلارنى كۆردۈم.

خەمىدە كالفا جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، ئىشىك يەنە ئېچىلىپ، ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ياشقا چوڭراق سەت بىر خوتۇن كىرىپ كەلدى. جىھات ئۇنىڭ ھېلىقى قاباھەتلىك سائەتلىرىدە كۆزلىرىنى ھەربىر ئاچقىنىدا ئالدىدا تۇرىدىغان ھەمشىرە خوتۇن ئىكەنلىكىنى تونۇدى. بۇ يېقىمسىز ۋە قاپىقى يامان بىر ئايال بولۇپ، قوپال ۋە ئالدىراڭغۇ خۇي ـ مىجەزى بار ئىدى. پاراڭلىـ ـ شىشنى ئانچە ياقتۇرمايدىغانلىقى چىڭ يۇمۇۋالغان كالپۇكلىرى ـ دىن بىلىنىپلا تۇراتتى. «ياللا، بىر ئايغىچە بۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇش نېمىدېگەن دەھشەت ـ ھە! جىھات بۇنى ئويلاپ، خۇددى كىچىك بالىدەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — ئەجەبا بۇ ئۆيدە شۇ قاپىقى يامان ھەمشىرە بىلەن شۇ ئىللىق چىراي مومايدىن باشقا

ھېچكىم يوقمىدۇ؟» ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بىر كۈن ئاۋۋالقى ۋەقەلەرنى خىيال قىلدى. قورۇقتا قانداق كەلگەنلىكىنى، ئۇۋچى ھەمراھلىرىنى، بېشىغا كەلگەن پالاكەتنى ئويلىدى. كېيىن بۇ ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگەن سائەتلەرنى ئەسلەشكە تىرىشتى. يېنىدا بەدرى پاشا بار ئىدى. يەنە قورۇقنىڭ باشقۇرغۇچىسى، يەنى بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى...

ئوۋ ئىشى يېرىم يولدا قالغانىدى، دوختۇر كېلىپ، ھەممەيلەن پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. كېيىن بەدرى پاشانى مېھمانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستانبۇلغا چاقىرىپ كېتىشتى. گەرچە پاشا پات ـ پات بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنى يوقلاپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. مانا، ياپيالغۇز قالدى ئەمەسمۇ؟ «نېمىشقىمۇ ئوۋغا ھەۋەس قىلغانىدىمەن؟ مەقسىتىم تىراجەنى جازالاش ئۈچۈن بىر ھەپتە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشنىڭ جازاسىنى مەن تارتىۋاتىمەن. ئاجايىپ ئىش... بۇ مەنىسىز قارارنى چىقىرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قېلىش ئۈچۈن باشقا بىر چارە تاپسامچۇ كاشكى! شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن قانداق مەنىلىك دەقىقىلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولاتتۇق ـ ھە؟ چۈشتىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ چويلا توپ ئويناشقا باراتتۇق. ھەي تۇۋا، چويلا توپنى تاشلاپ ئوۋ ئوۋلاشقا... نەس باستى، ھەقىقەتەن نەس باستى مېنى، شۇ تاپتا كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ قاتتىق يېرىم بولۇۋاتقىنىمۇ شۇ يالغۇزلۇق...»

بىردىنلا ئۈستۈنكى قەۋەتتىن يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كىمدۇر بىرى ئاۋازنىڭ قاتتىقراق چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئېھتىيات بىلەن يۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر ئايال كىشى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما سەل ئىلگىرى كۆرگەن خىزمەتچى ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ سايما كەشىنى يەرگە سىيپاپ دېگۈدەك ماڭغانىدى، ئۈستۈنكى قەۋەتتە يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىنىڭ پاشنىلىرى پات ـ پات تاختاي

ئۈستىدە خېلى قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.

ئەجەبا، ئۇ كىمدۇ؟ قورۇق خوجىدارىنىڭ خوتۇنىمۇ ياكى؟ ئۇ ياشمىدۇ؟ چىرايلىقمىدۇ؟ نېمىشقا بۇ ئۆيدە ياتقان مېھمانىنىڭ قېشىغا بىرەر قېتىم كېلىپ قويمايدىغاندۇ؟ كەلگەن بولغىيمىدى يا؟ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق بولغاچقا كۆرمەي قالغاندۇ، بەلكى...

شۇ ئەسنادا خەمىدە كالفا پەتنۇس كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كارىۋاتقا يېقىنلاشتى. بۇ مەنزىرە ياش يىگىتكە باشقا بىر مەنزىرىنى ئەسلەتتى: ئاق پوپايكا كىيگەن، چىرايلىق، بەك چىرايلىق بىر قىز بىر كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭغا دەل شۇ پەتنۇستا بىرنېمىلەرنى ئەكىرىپ بەرگەندەك قىلاتتى. شۇنداق، ئۇ بۇنى ئەسلىيەلەيتتى. ئۇنى پەرى قىزغا ئوخشاتقانىدى.

— پەرى قىز كەتتىمۇ، كالفا؟

قېرى خىزمەتچى ھەيران قالدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان كېسەل باققۇچىمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار كېسەلنى جۆيلۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىشىپ قورقۇپ كېتىشكەنىدى.

— نېمە؟ كىم كەتتى؟ كىمنى سوراۋاتىسىز؟...

ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، جىھات قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى:

— پەرى قىزنى سوراۋاتىمەن جېنىم، تۈنۈگۈن ماڭا مۇشۇ پەتنۇستا بىرنەرسە ئەكىرىپ بەرگەنتى، — دېدى.

ئىككى خوتۇن بىر - بىرىگە ئەجەبلىنىپ قارىشىپلا قالدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھاڭۋېقىپ تۇرۇشلىرى ياش يىگىتنىڭ بىرئاز ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى:

— جېنىم، بۇ ئۆيدە سىلەردىن باشقا ئادەم يوقمۇ؟

كېسەل باققۇچى بۇ قېتىم ھەقىقەتەن جىددىيلىشىپ كەتتى. قولىنى كېسەلنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ باقتى، گەرچە قىزىتمىسى بولسىمۇ، بۇنچىۋالا ئالىجوقا سۆزلىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى.

— ماڭا خوجدارنى چاقىرىپ بېرىڭلارچۇ.

— قايسى خوجدارنى دەيسىز؟

— قورۇق خوجدارىنى...

— پولكوۋنىك سايىم بەينى چاقىرماقچىمۇ سىز، ئوغلۇم؟

بۇ سوئالنى خەمىدە كالفا سورىدى. خوجايىنىنى قورۇق خوجدارى دەپ ئاتىغانلىقى، بىچارە موماينىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى. جىهات بۇنى چۈشەندى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— پولكوۋنىك بولامدۇ، قوماندان بولامدۇ، مېنىڭ نېمە ئىدشىم. قورۇقنى باشقۇرۇۋاتقان ئۇ كىشى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۆينىڭ ئىدگىسى...

— ھەئە، بەي ئەپەندىنى ئىزدىسىڭىز، بېرىپ چاقىرىپ كېلەي...

خەمىدە كالفا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كىردى:

— بەي ئەپەندى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، ئەمما كىچىك خانىم بۇ يەردە ئىكەن. خالىسىڭىز شۇنىڭغا خەۋەر بېرەي، — دېدى. بۇ سۆز ياش يىگىتنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقتى بولغاي، دەرھاللا:

— ئەلۋەتتە، — دېدى. بىرئازدىن كېيىنلا زەررىنىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى يوشۇرالماي: «راستتىنلا بىر پەرى ئىكەنغۇ، ئاجايىپ گۈزەل!» دەپ پىچىرلىدى.

زەررىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىماي تۇرۇپمۇ، نېمىشقىدۇر بىر خىل خىجىللىق بىلەن كاربۋات تەرەپكە يېقىن كېلىۋاتاتتى. لەۋلىرى تەبەسسۇم ئارىلاش تىترەپ تۇراتتى:

— مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز بەي ئەپەندى. بىرەر نېمە كېرەكمىدى؟

جىهات ناھايىتى سەمىمىي تەلەپپۇزدا كۆڭلىدىكىنى تۆكۈپلىۋەتتى:

— ھەئە، ئۆتۈنگەنىدىم. سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم... بىد-

-راق سۆيۈملۈك چىرايىنى كۆرۈشكە تەشنا ئىدىم.
خۇددى كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ تۇرۇپ قىلىنغان بۇ سۆز-لەرنى ئاڭلىغان زەررىن بىر كۈن ئاۋۋالقىدەكلا ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. نېمە دېيىشىنى بىلەلمەستىن تۇرۇپلا قالدى، لېكىن جى-ھات بولسا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇ-ۋەردى:
— تۈنۈگۈن ئاخشام «مىلىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدە تەسۋىر-لەنگەن بىر سۇلتاننى كۆرگەنىدىم، ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. ئاغرىق ئازابى ئىچىدە تۇرۇپمۇ، چۈشۈمدىمۇ ئۇنى خىيال قىلدىم. ئۇنىڭ ئاۋازىنى تۇيغاندەك بولدۇم. تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ ئەترا-پىمدىن ئۇنى ئىزدىدىم، تاپالمىدىم. ئىچ - ئىچىمدىن تىت - تىت بولۇپ كەتتىم. ئۇنى جەزمەن بىر كۆرسەم دەيتتىم. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى چاقىرتقانىدىم. ماڭالىغان بولسام قېشىڭىزغا ئۆز-زۈم باراتتىم، ئەمما...
زەررىن ھاڭ - تاڭ قالدى. بىراق، ئۆي ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىدى. سەل ئىلگىرى كېسەل باققۇچى ئايال ئۇنىڭغا كېسەلنىڭ ئازراق قى-زىتمىسى بارلىقىنى، ئانچە - مۇنچە جۆيلۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقا-نىدى. شۇڭا مۇنداق ئەھۋالدا ئۆي ئىگىسى بولغان كىشىنىڭ ۋە-زىپىسى نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىل-مەيتتى. بىلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن پەقەت كېچىنى قانـ-داقراق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە ھازىر ئۆزىنى قانداقراق ھېس قى-لىۋاتقانلىقىنىلا سورىدى. بۇنىڭغا قارىتا يىگىت شادلىق ئۇرغۇپ تۇرغان، غەمسىز ئاۋازى بىلەن جاۋاب بەردى:
— كېچىنى يامان ئەمەس ئۆتكۈزدۈم. ئۆزۈمنى ھازىرغىچە ھېچ ياخشى ھېس قىلمىغانىدىم. مانا ئەمدى ئوبدان بولۇپ قال-دىم. ھەممە ئىش تۈزەلدى، پۈتۈنلەي ئىزىغا چۈشتى.
بۇ سۆزلەردىن كېيىن زەررىن بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى، يىگىت ئالدىراشلىق

بىلەن ئۇنى توسۇپ قېلىشقا ئورۇندى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي كەتمەڭ. ئىچىم شۇنداق سىقىلىپ كەتتىدىكى... — ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يالۋۇرماقتا ئىدى. بۇ تۇرقىدا خۇددى بىر كېسەل بالىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، — كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، پۈتۈم سۇنۇپ كەتتى، دۇنيانىڭ بىر چېتىدە يالغۇز قالدىم.

قىز خىجالەت بولغان ھالدا:

— ئارامىڭىزنى بۇزغۇم يوق جىھات بەي، دەم ئېلىشىڭىز، ئۇخلىشىڭىز كېرەك، — دېدى.

— كېسىلىمنىڭ ئۇيقۇ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— كېسەللەر ۋە ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقانلار ئۈچۈن ئۇيقۇ ئەڭ ياخشى دورا دېيىشىدۇ. كىم بىلىدۇ، شۇ تاپتا ئاغرىق ئازابىنىڭ سىزنى قانچىلىك بىئارام قىلىۋاتقانلىقىنى.

— ئاغرىققا چىداش ئوڭاي، مەن چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ ئاغرىقنى ۋە بىئاراملىقنى ئۇنتۇشقا تىرىشىمەن. ئەسكەرلىك ۋە زېپەمنى ئۆتەۋاتقىنىمدا ۋە ياۋروپادىكى چاغلىرىمدا بىرقانچە قېتىم بېشىمغا بەزى بالا - قازالار كەلگەنىدى. بىر قېتىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدىم، بىر قېتىم ئېغىر قاتناش ھادىسىسىگە يولۇققانىدىم، بىر قېتىم مەن چۈشكەن مېھمانسارايغا ئوت كېتىپ، دېرىزىدىن سەكرەشكە مەجبۇر بولغانىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن زىيان - زەخمەتسىز قۇتۇلغانىدىم. يارىلاندىم، قولۇمنى سۇندۇردۇم، يەنە قانداق قىسمەتلەر بېشىمغا كەلمىدى دەيسىز...

— ۋاي ئىسىت.

— ئەمما، بۇگۈنگىچە ھېچقاچان پۇتۇمنى سۇندۇرۇۋالمىغانىدىم.

— دېمەك بۇ قېتىمقى ئازابىڭىز ھەممىسىدىن ئېغىر بوپتۇ - دە.

— ئىچ پۇشۇقۇم ئاغرىق ئازابىدىنمۇ يامان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

قىز قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي ئاران دېگەندە:

— ئاغرىق دەستىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزدىن ھېچ شۇبھەم يوق، — دېدى.

جىھات بەي ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا دەرھال قارشىلىق بىلدۈردى.

— ياق! ئاغرىۋاتقىنى يوق. پەقەت شۇ قاتتىق گىپىس... بىلىم بىلەن تىزلىرىملا بىرئاز ئاغرىۋاتىدۇ. بۇلارمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېغىر كەلگىنى مۇنداق جىمجىت يېتىۋېرىش. مەن مىنۇت بىر يەردە تۇرالمايدىغان ئادەم ئىدىم، مۇنداق بىر يەرگە مىقلىنىپ قېلىش بەك تەس كېلىۋاتىدۇ، بىراق ئەمدى بۇ ھەقتە ئويلىمايمەن.

— نېمىنى ئويلىمايسىز؟

— مۇنداقلارچە كارىۋاتقا چاپلىشىپ قېلىشنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىنى، — بىردىنلا ئەقلىگە بىر پىكىر كەلگەندەك قوشۇپ قويدى، — سىز بەلكى بۇنىڭغا ياردەم بېرەلەيسىزغۇ دەيمەن؟

— قايسى جەھەتتىن؟

— ئىستانبۇلدىن كىتابلارنى ئەكەلدۈرىمەن، بىز بىللە ئىشلەيمىز.

— بىللە ئىشلەيمىزمۇ؟ قانداق ئىش ئۇ؟

— تارىخ... بەزى تېمىلارنى تەتقىق قىلىۋاتاتتىم، مەن ئوقۇيمەن، سىز تىزىس قالدۇرۇپ ماڭىسىز، بولامدۇ؟

زەررىن ئىككىلىنىپ قالدى.

— قانداق بولار؟... قىلالارمەنمۇ؟

— قايسى مەكتەپنى پۈتكۈزگەنىدىڭىز؟

— تولۇق ئوتتۇرىنى.

— ياخشى... چاتاق يوق... سىز خالىسىڭىزلا بۇ ئىش پۈتتى دېگەن گەپ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆيىڭىزدە مېيىپ بولۇپ يېتىپ قالغان بىر بىچارە ئادەمگە ياخشىلىق قىلغان بولىسىز. مەنمۇ شۇ پاجىئەلىك قىسمىتىمنى ئۇنتۇپ، ئۆزۈمنى قاماقتا ھېس قىلمايمەن.

ئۇ بىر مىنۇت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى:
— مەن يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرمەيمەن... پەقەتلا ياخشى كۆرمەيمەن.
شۇ تاپتا بۇ ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى مۇز تامامەن ئېرىپ كەتكەنىدى. جىھات يەنە تەكرارلىدى:
— بىلەمسىزكىن زەررىن خانىم، ئىزتىراپلىرىم ئاغرىقتىن ئەمەس، بەلكى يالغۇزلۇق ۋە ئىچ پۇشۇقۇمدىن ئىدى.
بۇ سۆزلەر بىلەن ئىككىلىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.
زەررىن كېسەلنىڭ ناشتىلىقىنى تەييارلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. پەقەت ئاخشىمى بەدرى پاشا بىلەن باشقا مېھمانلار ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، زەررىن قايتىپ كىردى. مەقسىتى ئەتىگەن ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراش، بىرەر نېمە كېرەك بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈنلا ئىدى. ئەمما جىھات ئۇنى يەنە گەپكە تۇتتى. گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى پوپايكىسىنى بەك ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى دەپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. زەررىن يەنىلا بىر كۈن ئاۋۋال كىيگەن ئەنقەرە يۇڭىدىن توقۇلغان ئاق پوپايكىسىنى كىيىۋالغانىدى. يىگىت بۇنىڭ ئۇنىڭغا بەك ياراشقانلىقىنى ئېيتىپ، نەدىن ئالغانلىقىنى سورىدى:
— ئۆزۈم توقۇۋالغانىدىم، ئەپەندىم.
زەررىن شۇنداق دەپ، قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ:
— ئەمدى رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن چىقىپ كېتەي، بىرئاز ئىشىم بار ئىدى، — دېدى.
ياردار يىگىت قاشلىرىنى ھىمىرىپ، قوشۇمىسىنى تۈردى:
— ئىشىڭىز بارمىدى؟ نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟
— يەنە باشقا بىر پوپايكا توقۇۋاتاتتىم، پاسونى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، لېكىن رەڭگى ھاۋارەڭ.
— ئۇنىڭمۇ چىرايلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمىسە

سىزدىن بىرنەرسە ئىلتىماس قىلاي زەررىن خانىم، دېمەكچىمەن-
كى بەدرى پاشا كىتابلىرىمنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئەكەلدۈرۈپ
بېرىدىغان بولدى. ئۇنىڭغىچە سىز توقۇماقچى بولۇۋاتقان پوپاي-
كىڭىزنى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ توقۇغان بولسىڭىز، ھەم پاراڭلىد-
شىمىز، ھەم ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىسىز. بۇ ئارىلىقتا مەنمۇ ئىچ
پۇشۇقۇمدىن قۇتۇلغان بولارمەن. ۋاقىت تېزرەك ئۆتەر، ماقۇلمۇ؟

بۇ تەكلىپنى رەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىز شۇ
ھامان ياتىقىغا چىقىپ، توقۇملىرىنى ئېلىپ كىردى.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر كۈننى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈشكە
باشلىدى. ئەتىگەندىن چۈشكىچە خەمىدە كالفا بىلەن كېسەل باق-
قۇچى ئايال جىھات بەي بىلەن مەشغۇل بولاتتى. چۈشلۈك تاماق-
تىن كېيىن ھەمشىرە ئارام ئېلىش ئۈچۈن باشقا بىر ئۆيگە چىد-
قىپ كېتەتتى. ئاندىن قىز كېسەلنىڭ ياتىقىغا كىرەتتى. ئىك-
كىسى گاھ پاراڭلىشاتتى، گاھ بىرلىكتە ئىشلەيتتى. گاھ زەررىن
پوپايكا توقۇغاچ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت
قۇشتەك ئۇچۇپ كېتەتتى.

بەزى كۈنلىرى جىھاتنىڭ ئاغزى بېسىقمايتتى. پۈتۈن ھايا-
تىنى، ئوقۇش ھاياتىنى، ياۋروپا ۋە ھىندىستاندىكى ساياھەتلىرد-
نى، باغدادتىكى تۇرمۇشلىرىنى ئۇزۇندىن — ئۇزۇنغا سۆزلەپ بې-
رەتتى. مۇنداق چاغلاردا زەررىن زىقلىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە
تاشلاپ قويۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

بەزى كۈنلىرى كېسەل خۇيلىنىۋېلىپ تەرسالىق قىلاتتى. قا-
پىقىنى بىر تۈرۈۋالغانچە شۈكلەپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا قىز
ئۇنى گەپكە تۇتۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئاددىيغىنە ھاياتىنى سۆز-
لەشكە باشلايتتى. مەكتەپتىكى دوستلىرى ھەققىدە بەزى پا-
راڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. ئالبوملىرىنى ئېلىپ كىرىپ سۈرەت-
لىرىنى كۆرسىتىپ كېتەتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىق-
لىرى بىكارغا كەتمەيتتى. جىھات ئاستا — ئاستا خۇشخۇيلىشىپ،
قىلىپ بەرگەن پاراڭلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاشقا

باشلايتتى ھەمدە ئەكىرىپ بەرگەن تاماقلارنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى.

زەررىن ھەقىقەتەن يىگىتنىڭ يېپيېڭى بىر دۇنياسى بولۇپ قالغانىدى. ئوتتۇز ياشقىچە بەك كۆپ ساياھەت قىلغان، نۇرغۇن جايلارنى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرگەن، جىق ئاياللار بىلەن يېتىپ ـ قوپقان بۇ باي يىگىت تۇنجى قېتىم ئاددىي ـ ساددا ۋە پاك بىر ئائىلە قىزى بىلەن ناھايىتى يېقىن دوستلىشىۋالغانىدى. بۇ چاغقىچە ئۇ پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىچە ئەركىن ـ ئازادە، ھاۋايى ھەۋەسلىك بىر ئۆمۈر سۈرۈپ كەلگەنىدى. غايەت زور بىر بايلىقنىڭ كۈچى بىلەن جىمىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ گويا ئەركىن قۇشلاردەك شاختىن ـ شاخقا ئۇچۇپ يۈرگەنىدى. ئۇ ھېچقانداق بىر توسالغۇغا دۈچ كەلمىگەنىدى. دۈچ كەلسىمۇ ئۇلار ئۈستىدىن قانداق غالىب كېلىشنى بىلەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا كۆرمىگەن ھېچقانداق يېڭى ۋە گۈزەل نەرسە يوقتەك قىلاتتى، ھەممىگە تويغانىدى.

مانا مۇشۇنداق روھىي ھالەتتە ياشاۋاتقىنىدا، ئالدىدا يېپيېڭى بىر غۇنچە پەيدا بولۇپ قالدى، زەررىننى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭ باشقا ئاياللارغا ھېچ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ چاغقىچە ئۇچراشقان خانىملارنىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەت ۋە ئوقۇمۇشلۇق بولغانلىرىمۇ بۇ باي يىگىتنىڭ ئالدىدا پەقەت خوتۇنلۇق رولىنىلا ئالاتتى، خالاس. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ـ تۈمەن تەدبىرلەرنى قوللىناتتى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇل ئۈچۈن، بەزىلىرى كەيپ ئۈچۈن، بەزىلىرى مەنپەئەت ئۈچۈن شۇنداق قىلىشاتتى.

ھالبۇكى، دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە ياشىغان، خېلىلا مەلۇماتلىق ۋە بەكمۇ چىرايلىق بۇ قىز شۇ قەدەر ساددا ۋە تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدە ۋە قىلىقلىرىدا ھېچقانداق خۇپىيانە بىر مەقسەت يوق ئىدى. گۈزەل تۇرقى بىلەنلا ياخشى بىر دوست، ياخشى بىر ھەمراھ بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتـ

تى. كىچىككىنە بولسىمۇ سۇنئىي يېقىنچىلىق قىلىش، بىئەدەپ. لىك ئىللەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. يېنىدىكى ئەر كىشىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلىش لازىملىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى.

جىھات دەسلەپ ئۇنىڭغا ھەيران قالدى. ئەمما ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، بۇ ھەيرانلىقىنى ئاۋۋال كېسەل باققۇچى ھەمشىرىگە سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. بۇ گەپلەر ئۇ. نىڭغا قىزىق تۇيۇلۇپ ئىچ - ئىچىدىن كۈلۈپ كېتەتتى - يۇ، يىگىتنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتاتتى. كۈنلەر ھەپتىلەرنى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانسېرى، زەررىنىنى چۈشەنمىگەن بىر خوتۇنغا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىشتىن يى. گىتنىڭ كۆڭلى قالدى. شۇڭا بۇ قېتىم ئۇ خەمىدە كالفاغا سۆز ئاچقانىدى، كالفا دەرھاللا:

— ئاھ، سىز مېنىڭ كىچىك قىزىمنى ياخشى چۈشەنمەيسىز ئەپەندىم. ئۇنىڭ چىرايى قانچىلىك گۈزەل بولسا، مىجەز - خۇل. قىمۇ شۇنچىلىك گۈزەل. خۇددى بىر پەرىشتە ئۇ. بۇ ياشقا كەل. دىم، شۇنىڭغىچە كۆڭلۈمنى بىر قېتىممۇ ئاغرىتىپ باقمىدى، ماڭا بىر ئېغىزمۇ يامان سۆز قىلمىدى.

مۇنداق چىرايلىق گەپ قىلىۋاتقان قېرى كالفاغا مۇكاپات بولسۇن ئۈچۈن، جىھات ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى ماختاشقا، ئۇنىڭغا باشقىچە ئىلتىپات كۆرسىتىشكە باشلىدى.

بىركۈنى خەمىدە كالفانىڭ بەرگەن بىر جاۋابى جىھاتنى سۆ. يۈنۈشتىن تىترىتىۋەتتى.

— تاماق ئېتىش تەس ئىش ئەمەس ئەپەندىم. ئەسلى تالانت قايسى ۋاقىتتا، قانداق تاماق ئېتىش لازىملىقىنى بىلىشتە. بۇنى كىچىك خانىم بەلگىلەپ بېرىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاشخانىغا كىرىپ، ئىككىمىز چارەك سائەت مەسلىھەتلىشىمىز، سىزنىڭ قايسى تاماقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنىمۇ ئۇ قىز دەپ بېرى. دۇ. مەن ئەمەس...

پولكوۋنىك سايىم بەيگە كەلسەك، بەدرى پاشانىڭ دوستلىرىدىن بولغان بۇ ياش مېھمانغا نىسبەتەن، قىزنىڭ ئۆي ئىگىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى ۋە بۇنىڭدىن مەمنۇن ئىدى. ئۆزى بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، زەررىنىنىڭ بۇ ياردار ياشقا تەسەللى بېرىپ تۇرغانلىقىنى ئەڭ تەبىئىي مېھماندوستلۇقنىڭ ئېھتىياجىدىن، دەپ قارايتتى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئارىلىقتا دوختۇرمۇ پات ـ پات كېلىپ، زۆرۈر داۋالاش ئىشلىرىنى قىلىپ تۇراتتى. نىھايەت، گىپىس ئېلىپ تاشلاندى. دوختۇر بىمارىغا:

— ئەمدى داۋالاش ئاخىرلاشتى دېسەكمۇ بولىدۇ، ئەپەندىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ بېرىڭ. باشقا ئىش قالمىدى. ھەر كۈنى ئاز ـ ئازدىن غەيرەت قىلسىڭىز، پات ئارىدا بۇ يەردىن كېتەلەيسىز، — دېدى.

— بۇ سوغۇق ۋە پاسكىنا ھاۋادىمۇ؟

— يوقسۇ، ھازىر مارت ئايلىرى كىرىۋاتىدۇ، بۇ ناچار ھاۋا ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. سىزمۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ماڭالىغۇدەك بولغاندىن كېيىن، ماشىنا بىلەن شەھەرگە قايتىپ كېتەلەيسىز.

— پەلەمپەيدىن چۈشەلمەيمەن.

دوختۇر كۈلۈمسىرىدى:

— بىلمەيمەن، ئۇنداقتا سىزنى جىرغا ياكى دېۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ماشىنىغىچە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىش ئانچە تەس ئەمەس.

نېمىشقىدۇر كېسەل بۇ يەردىن كېتىشكە ھېچ ئالدىرىمايۋاتاتتى:

— بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دوختۇر. بۇنچىۋالا ۋاقىت ئۆز ئىختىيارىمچە قالغاندىكىن، يەنە بىرقانچە كۈن ساقلاپ تۇراي. چۈنكى پاچىقىم تېخىچە ئاغرىۋاتىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، دەل ئاغرىغان يېرىنى ماڭا كۆرسىتەلەرسىزمۇ؟

— ياق، ئورنۇمدىن تۇرۇشنى ئويلىساملا ئاغرىشقا باشلايدۇ. بەلكى ھۇرۇنلۇقۇمدىندۇر، شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ كۈنى بەدرى پاشا دوختۇر بىلەن كەلگەندى. بۇ پاراڭلار بولۇۋاتقاندا ئۇمۇ مۇشۇ يەرگە پەيدا بولۇپ قالدى:

— بۇ نېمە ئىش ئوغلۇم؟ بىر يەردە جىم تۇرۇۋېرىشكە چىدىيالمايتتىڭغۇ سەن؟

— توغرا دەيسىز، ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق ئىدىم تاغا.

— مۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىغا بىرەر سەۋەب بارمۇ - يا؟

— ھەئە، چوڭ بىر سەۋەب بار.

— بۇنى سورىسام بولامدۇ؟ چۈنكى سېنى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىم، قىزىقىشلىرىڭنى، ھاياتىڭنى بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ سەھرادا يەنىلا قالماقچى بولۇۋاتقىنىڭغا بەك ئەجەبلىنىپ كېتىۋاتىمەن. بۇ يەردە يالغۇزلۇققا كۆمۈلۈپ قېلىشتىن خۇش بولۇپ كېتىۋاتامسەن ياكى؟

يىگىت دەرھال نارازىلىق بىلدۈردى:

— نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن! يالغۇزلۇققا كۆمۈلۈپ قېلىشنى قىلچە ياخشى كۆرمەيمەن. ئەمما بۇ يەردىكى يالغۇزلۇق باشقىچە، بۇ ئۆيدە پەرى قىزلار بار.

ئۇ ئاخىرقى جۈملىنى خۇددى چاقچاقچى بالىدەك ئوينىشىپ تۇرۇپ قىلغانىدى. بۇ ئارقىلىق ھاياجىنىنى، بىر ئاز بولسىمۇ ئىزا تارتىۋاتقىنىنى يوشۇرۇپ قالماقچىدى. بەدرى پاشا ئاۋۋال ھەيران قالدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى ۋە بىردىنلا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندى.

— كىچىك خانىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن؟

بۇ قېتىم يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ھەئە، تاغا. سايىم بەيىنىڭ قىزى زەررىن خانىم بەك گۈزەل، شۇنداقمۇ؟

ئەمما بەدرى پاشا بۇ ھەقتە چاقچاق قىلىشنى خالىمايتتى، ناھايىتى سالماق ۋە كەسكىن ھالدا دېدى:

— شۇنداق، بالام. زەررىن ھەقىقەتەن بىر گۇزەل قىز، شۇڭا سەنمۇ ئۇنى ھېس قىپسەن. لېكىن دوختۇرۇڭنىڭ تەۋسىيەسىگە قۇلاق سېلىشىڭنى، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي دەرھال شەھەرگە قايتىپ كېتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— نېمە ئۈچۈن، تاغا؟

بۇ ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان بىر سوئال ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن، دەمسەن؟ كىچىك زەررىننى بالىلىقىدىن باشلاپ ياخشى تونۇيمەن. گۇزەل بولۇپلا قالماستىن، سەمىمىي، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، نومۇسچان بىر قىز. سايىم بەي ئۇنى ياخشى بىر تەربىيەگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ پىداكارلىقلار-نى كۆرسەتتى.

— كەم - كوتىسىز شۇنداق. مەنمۇ ياخشى بىر تەربىيەگە ئى-گە بولغان، ئەخلاقلىق قىزلارنى ياخشى كۆرىمەن.

بۇ قېتىم بەدرى پاشا راستتىنلا قاپىقىنى تۈردى:

— چاقچاق قىلما، ئوغلۇم. ساڭا ئېنىق دەپ قويايكى، مەن پولكوۋنىك سايىم بەينى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ھەمدە ئۇنىڭغا قايىلمەن. ئۇنىڭمۇ دۇنيادا بىردىنبىر جانجىگىرى بولغان بۇ قىزنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنداق بولغاچقا قىزنىغا قول سالماقچى بولۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا پېشقەدەم، جەسۇر بىر ئەسكەرنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئى-شەنچىم كامىل. بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بولسۇن، جىيەن.

— رەھمەت، تاغا. ئەمما ماڭا بۇلارنى ئەسكەرتىشتە بىر ئاز كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ چۈنكى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى.

— قانداق ئىش؟

يىگىت بىر ئاز توختىۋېلىپ، جاسارەتكە كەلدى - دە:

— ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى.

— ئۇنداقتا چوڭ ئىزتىراپلارغا قارشى جىددىي بىر قارارغا كېلىش كېرەك. دەرھال ئىستامبۇلدىن كېسەل يۆتكەش ماشىنىسى ئەكەلدۇرۇپ سىنى ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇق تۇرۇپ قېلىشىڭ ياخشى ئەمەس ئەمدى! بۇنى نېمىشقا باشتا پەرەز قىلالمىغاندىمەن، جىمى سەۋەنلىك مەندىن ئۆتۈپتۇ.

ۋاھالەنكى، ياش يىگىت ھەرگىزمۇ مۇنداق ئويلىمايتتى. ئۇ بېشىنى ياستۇققا تېخىمۇ چوڭقۇرراق پاتۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈردى:

— ياق، مەن كەتمەيمەن، تاغا. سىزگە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم. بۇنىڭ قانداق مەنە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيۋاتامسىز؟

— چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن سېنى ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، ئوغلۇم.

— كەتمەيمەن. مېنى بۇ يەرگە باغلىغان بىر كۈچ بار. دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرى، ھېچبىر كىشى ماڭا تۇسقۇنلۇق قىلالمايدۇ... مەن بۇ يەردە قېلىشنى خالايمەن.

— بىرەر پاجىئەگە سەۋەب بولۇپ قېلىشتىن قورقمامسەن؟

— نېمىشقا پاجىئە بولىدىكەن؟

— سەن سايىم بەينى چۈشەنمەيسەن.

جىھات جاھىللىق بىلەن تەكرارلىدى:

— ھېچقانداق بىر پاجىئە يۈز بەرمەيدۇ. زەررىننى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمەن.

بەدرى پاشا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە دەۋاتىسەن؟

يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ تەكرارلىدى:

— شۇنداق، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمەن.

— زەررىنگە ئۆيلەنمەكچىمۇ سەن؟

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا بەلكى بىرەر پاجىئە يۈز بەرمەس، ئەمما چوڭ بىر ئەقىلسىزلىق بولار...

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. شاھزادىلەرنىڭمۇ پادىچىلارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىشى تەبىئىي بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

— ئەمما سەن شاھزادە ئەمەس، زەررىنمۇ پادىچىنىڭ قىزى ئەمەس. ياخشى ئويلان جىھات. سەن زور بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان بىر ياشسەن. گەرچە سەن تۈرك بولساڭمۇ، لېكىن باغدادتا چوڭ بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، قېنىڭدا ئاز - تولا ئەرەب قېنى بار. دەل شۇ سەۋەبتىن تۈرك تەربىيەسىنى ئالالمىدىڭ. نۇرغۇن پىكىرلىرىڭ ۋە ئوي - خىياللىرىڭ ماڭىمۇ زىت كۆرۈنىدۇ. نېمە دېسەم بولىدىكىن؟ بەزى نۇقتىلاردا سېنى ھېلىغىچە مۇتەئەسسىپ بىر ئىنسان ھېس قىلىمەن. زەررىنگە كەلسەك، دادىسى ئۆز ۋاقتىدا ھال - ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بىر ئەسكەر ئىدى، لېكىن تەلىيى كاج كېلىپ قېلىپ، ھەم ئۇرۇشتا يارىلانغان، ھەم ئۆيۋاقىدىن ئايرىلىپ قالغان. سەن بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا قارىما. ئۇ پۈتكۈل كۆرۈنۈشى، ئوي - پىكىرلىرى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن بىر شەھەر بالىسى... قىزىنىمۇ شۇنداق يېتىشتۈردى. سەن بۇلارنى چۈشەنمەيسەن.

— بۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇھىم ئەمەس. مېنىڭ پۇلۇم بار، خوتۇنۇمنى خالىغىنىمچە ياشىتالايمەن.

— ئۇنۇتمىغىنكى، زەررىن شۇنداق ياخشى تەربىيە ئالغان تۇرۇقلۇق، نىھايەت، بۈگۈنكى كۈندە قورۇقتا مۇدىرلىق قىلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قىزى، سېنىڭ مۇھىتىڭغا ماسلىشالمايدۇ. سەن ئىستامبۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەبىقە ئائىلىلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈيسەن. ۋاقتىڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ياۋروپادا، ھېلى ئۇ يەردە - ھېلى بۇ يەردە ئۆتكۈزىسەن. ئارىدا پەرق بەك چوڭ. يەنى، بىر تەرەپتىن قارىغاندا سەن ئۇنىڭغا ماس كەلمەيسەن، بىر تەرەپتىن ئۇمۇ ساڭا...

— بۇلارمۇ مۇھىم مەسىلە ئەمەس، مۇھىم بولغىنى زەررىن-

نىڭ گۈزەللىكى. بىر ئايال ئۈچۈن بۇ ئەڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلىرىنى پۇلنىڭ كۈچى بىلەن تو-لۇقلاپ كەتكىلى بولىدۇ. زەررىن ياۋاش كۆرۈنىدۇ. ھەرھالدا ئۇنى ئۆزۈم خالىغان يولغا كىرگۈزەلەيمەن.

— كەلگۈسىدە بىر ئەر بولىدىغان كىشى ئۈچۈن خەتەرلىك پىكىرلەر، بولار... بولدىلا... ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتتىڭ-مۇ؟ ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمنى دەمسىز؟ ياق، بۇنى تېخىچە ئويلاپ باقمىدىم.

— كۆردۈڭمۇ؟ مېنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىم ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن - دە.

— ئەمما ھازىر ئويلاۋاتىمەن. تەبىئىيكى، ئاۋۋال دادىسى بىل-لەن پاراڭلىشىمەن. ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، زەررىنگە ئۆيلىنىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىش قاملاشماس، ئۇنىڭ بىلەن پە-قەت سۆيگۈم ھەققىدە پاراڭلىشىمەن.

— دېمەك، قارارىڭ قەتئىي ئىكەن - دە.

— نېمىشقا شۇنداق بولمىسۇن؟ سىزگە زەررىننى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى دېدىمغۇ؟ بۇنى بىتەرلىك سەۋەب ئورنىدا قوبۇل كۆرمەسسىزمۇ؟

— ئۇنداقتا ساڭا بەخت تىلىمەكتىن باشقا ئىش قالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تىلىكىم سېنىڭ بۇ قارارىڭ تۈپەيلى كېيىنچە بىرەر پۇشايمانغا قالماسلىقىڭ، خالاس. باشقا نېمىمۇ دەيمەن ئوغلۇم، خۇدايىم ئاخىرىنى خەيرلىك قىلسۇن.

* * *

جىھاتنىڭ بىرئاز مۇبالىغە بىلەن تەرىپلەپ بەرگەن بۇ سۆي-گۈسى ئەمەلىيەتتە بىردىنلا لاۋۇلداپ كەتكەن يالقۇن ئەمەس ئى-دى. بۇ سۆيگۈ يىگىتنىڭ قەلبىگە ھەتتا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا

ئاستا ـ ئاستا كىرىپ ئورناپ، يىلتىز تارتقانىدى.

ئۇ تېخى بالا دېگۇدەك بىر ياشتا دادىسىز، ھامىيسىز يالغۇز قالغانلىقتىن، ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن تولغان ھاياتقا بەك بالدۇر كىرىپ قالغان بولۇپ، ئوتتۇز ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ھەممە نېـ ـمىدىن زېرىككەن، تويۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەمدى يېڭى ۋە جەزبىدار بىرنېمە قالمىغانىدى، ئۇ ئاشۇنداق قارايتتى. ھالـ بۇكى، كىچىك ۋە چىرايلىق بىر قىز ساددا مۇئامىلىسى، يېقىمـ لىق قاراشلىرى بىلەن ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا بىر ئۇپۇق ئاچقانىدى.

«مېنىڭ خوتۇنۇم، مېنىڭ خانىمىم، مېنىڭ كەلگۈسىدىـ كى...» دەپ كېتەتتى ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ.

سەھرادىكى بىر ئۆيدە ئۇچراشقان بۇ قىزنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى ھەقىقەتەن چۆچەكلەردە تىلغا ئېلىنغان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش، ئۇنىڭ ھەيران قالغان، خۇشال بولغان چاغلىرىـ دىكى كۆزىدە چاقناپ تۇرغان پارلاق نۇرلىرىنى كۆرۈش جىھات ئۇچۇن بىر يېڭىلىق ئىدى. مىجەز ـ خۇلقى جەھەتتىن تېخى پۇـ تۇنلەي يېتىشىپ بولالمىغان بۇ قىزنى ئالىقانلىرى ئىچىدە ئۆزى خالىغىنىچە يۇغۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانىغا لايىق بىر خوـ تۇن قىلىپ چىقماقچى ئىدى. شۇنداق قىلماي بولمايتتى، ئۇنىڭـ چە! بىر قورۇقتىن، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىگە يۆتكەپ كېلىنگەن بىر قىز، بۇنچىۋالا غايەت زور مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن ئادەمدىن شەك ـ شۈبھىسىز مىننەتـ دار بولماي قالمايتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ خوجايىنى دەپ بىلەتتى.

«زەررىنىنى يىپەكلەرگە، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئالماسلارغا كۆـ مۈۋېتىمەن. ئۇنى ئىستامبۇل يۇقىرى تەبىقىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ باي خوتۇن قىلىۋېتىمەن. مال ـ دۇنياـ سى، ھەشەمىتى ۋە گۈزەللىكى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋېتىمەن...»

بۇ خىياللىرى ئۇنى ھۇزۇر بىلەن تىترەتتى. ئەمدى ئۇنى

ھېچبىر كۈچ زەررىنىنىڭ ئېرى بولۇشتىن، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشتىن چەكلىيەلمەيتتى، مەنئى قىلالمايتتى. چۈنكى سۆيگۈسى غۇرۇرىنى سىيلاۋاتاتتى.

* * *

زەررىنگە كەلسەك، ھاياتنى چۈشەنمىگەن، دۇنيانى تونۇمىغان بۇ ئائىلە قىزى ياش ۋە قاملاشقان بىر يىگىتنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، يېقىملىق بېقىشلىرىغا ئۇزاققىچە تاقابىل تۇرۇشقا قابىلمىدى؟ ئالدىدا ئېچىلغان ئۇپۇق، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە شۇ قەدەر پەۋقۇلئاددە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئۇنىڭ قۇچاقلىرىنى كېرىپ، ئۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. جىھاتنىڭ خوتۇنى بولماقچىدى... بۇ خىياللار ئون سەككىز ياشتىكى بىر قىزنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان بىر كۈچ ئىدى. زەررىن مال ـ دۇنيانى ئەمەس، سۆيگۈ ئىزدەۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئىككىسىنىلا بىر ئادەمدىن تاپقانىدى.

پەقەتلا... شۇنداق، بىرلا قايغۇسى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ دادىسىدىن ئايرىلىش. ئەمما سايىم بەيىنىڭ بولسا، قىزى ئۇچۇن قىلالمايدىغان ھېچقانداق پىداكارلىقى يوق ئىدى. ئۇنىڭمۇ بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇمۇ زەررىنىنىڭ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، باشقا ھەرقانداق ئىشنى ئۇنۇتتى ۋە قىزىغا:

— جىھات بەيىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىل قىزىم — دەپ تەۋسىيە قىلدى.

* * *

زەررىن قانداق قىلىشنى بىلمەيۋاتاتتى... قورقۇۋاتاتتى، دادىسىنى ئويلاۋاتاتتى... ۋاھالەنكى، جىھات ئاخىر ئورنىدىن تۇردى، پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتكەن پۇتلىرى بىلەن ئەتراپنى بىر

ئايلىنىپ چىقتى. نىھايەت زەررىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم زەررىن. مېنى يالغۇز تاشلىۋەتمە. مەن بىلەن بىللە كەت. كەتمىسەڭ سېنى زورلاپ ئەكىتىمەن، — دېدى.

بۇ سۆزلەر ئەڭ قاتتىق مۇزلارنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە قايناق ئىدى. قىز ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى ئۇزاتتى:

— كەتكىلىۋاتىمەن... كېتىمەن جىهات، — دېدى.

بۇ قارارنى ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئېغىزلىرى بىلەن تەكرارلاشتى. شۇنىڭ بىلەن زەررىنىڭ قەلبى سۆيگۈ بىلەن تولدى. روھى مۇھەببەت ۋە بەخت ـ سائادەتكە قاراپ ئۇچتى. تەجرىبىسىز قەلبى بىلەن بۇلارنى ھېس قىلاتتى، بۇنىڭغا ئىشىنەتتى. ئىنسانلار ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىسى يوق ئىدى. ئۇلارنى ئون سەككىز ياشتىكى مەسۇم قىزنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتاتتى.

## 6

شېرىن ئايلار خۇددى چۈشتەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئەر - خو-
تۇن ئىككىسى بىرلىكتە ياۋروپادىكى بىرقانچە شەھەرنى ئايلىنىپ
چىققاندىن كېيىن، ياز ئايلىرىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا تىراب-
يادىكى چاھارباغقا چىقىپ ئورۇنلاشتى. جىھات بۇ يەرنى يېڭىدىن
بېزەشتۇرۇپ، سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى بويتاق تۇرمۇشقا
ماسلاشتۇرۇلغان ئۆي جاھازلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر جەھەتتىن
ئىشلىتىشكە قولاي، جانغا راھەت بېغىشلايدىغان قىلىپ تۈزەش-
تۈرۈۋالغانىدى. چاھارباغدىكى سارايىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىد-
ە، دېڭىز مەنزىرىسى تولۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەينەكلىك ئۆ-
يى، ئاستىنقى قەۋەتلىرىدە بالكونلىرى، ئارقا تەرەپتە بەك چوڭ
باغلىرى بار ئىدى. بۇ باغلارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا چىرايلىق بىر
چويلا توپ مەيدانى ياساتتۇرغانىدى. جىھات ھەر كۈنى ئەتىگەندە
خوتۇنىغا:

— قېنى ئەمىسە، چويلا توپ دەرسىگە... — دەپ ئۈچ كۈندىن
بېرى ئۇنىڭغا بۇ تەنتەربىيە تۈرىنى ئۆگەتمەكتە ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، توي قىلغان كۈندىن ئېتىبارەن زەررىنىگە تەر-
بىيەچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇنى يېڭى تۇرمۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن
ھەددىدىن ئارتۇق ئەستايىدىل بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىد-
ە گويا ئۇ بىرقانچە يۈز يىللىق خانىدانلىقىقا مەنسۇپ بولغان بىر
ئېسىلزادە، زەررىن بولسا نادان بىر يېزىلىق قىز ئىدى... شۇڭا
ھە دېسىلا:

— ئۇنى ئۇنداق قىلما! — قارا، مۇنداق قىل! — دەيتتى.
ياش ئايال ئېرىنىڭ بەزى توغرا تەۋسىيەلىرىنى مەمنۇنىيەت بىل-
ەن قوبۇل قىلاتتى. ئەمما، ئۇ خۇددى قولىدا تاياق كۆتۈرۈۋالغان

بەتخۇي بالا تەربىيەچىسىدەك بىر ئەلپازدا قادىلىپ تۇرۇۋالغىنىدا، ئىسيان كۆتۈرۈشتىن ئۆزىنى ناھايىتى تەستە تۇتۇۋالاتتى.

زەررىنىنىڭ ئىرىگە نەپرەتلەنگەن مىجەزلىرىدىن بىرى، ئىرىدىنىڭ ئۆزىنى «چوڭ تۇتۇش»ى ئىدى. قىزنىڭ ساددا ۋە سەمىمىي روھى مۇنداق ئىدىيە بىلەن ھېچقاچان چىقىشالمايتتى. ئىرىنىڭ ئەڭ چوڭ نۇقسانى بار دېيىلسە، بۇ ئۇنىڭ ئۆز پىكرىدە ھەددىدىن ئارتۇق چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ۋە ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىدىغان بىر ئادەم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئىنگلىز ئاقسۆڭەكلىرىنى دوراش ۋە كۇلكىلىك دەرىجىدە ھاكاۋۇرلۇق ئىللەتلىرى بار ئىدى. «مەن!» ياكى «بىزنىڭ ئائىلىمىز» دەيدىغان بولسا، خۇددى ھىندىستان مىھراجەلىرى (مىھراجە — ھىندىستاندا مۇسۇلمان بولمىغان ھۆكۈمدارلارغا بېرىلگەن نام) ياكى ئالجىرىيە سۇلتانلىرى ھەققىدە گەپ قىلىنىۋاتقاندەك بىر خىل داغدۇغا كەلتۈرۈپ چىقىراتتى ھەمدە ھەممەيلەننىڭمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلاتتى. ئۆي ئىچىدە قىسمەن بولسىمۇ بۇ ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇقنى تاشلاپ قويۇپ، زەررىنىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى. ئەمما يات بىر كىشىنىڭ يېنىدا، ھەتتا خىزمەتچىسىنىڭ ئالدىدىمۇ خوتۇنىنىڭ چوقۇم بىر «خانزادىلىك» جارىسىنى كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى قەتئىي تۇردە تەلەپ قىلاتتى. كىچىككىنە بىر بىپەرۋالىقمۇ چوڭراق جېدەللەرگە سەۋەب بولۇپ قالاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ زەررىن ئىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىچە تىرىشماقتا ئىدى. داستىخان ئۇستىدە، تالا - تۈزلەردە، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا دائىم دېگۈدەك دىققەت، ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئىككىسى يالغۇز قالغاندا جىھات شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، شۇنچىلىك كۆيۈمچان بولۇپ، خوتۇنىغا ئاجايىپ ئامراقلىق قىلىپ كېتەتتى...

— شۇ قورچاققا قارىغىنا جىھات، يۈزلىرى نېمىدېگەن ئاپ-

ئاق ـ ھە، ـــ دېگىنىدە، چويىلا توپ ئويناشتىن بىردىنلا توختاپ، سەل نېرىسىدا ئوتلاۋاتقان قوي ۋە قوزىلارغا قاراشقا باشلايتتى، چۈنكى زەررىن شەھەردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، تەبىئەتكە ۋە ھايۋاناتقا بولغان سۆيگۈسى ھېچقاچان سۇسلاپ قالمىغاندى. جىھات بىر ئاز ئاچچىقلىنىپ:

ـــ ھازىر قوزىلارنى سەيلە قىلىدىغان ۋاقىتمىدى؟ ئەمدىلا بىرقانچە توپنى توغرا ئېتىشنى ئۆگەنگەنىدىڭ. دىققىتىڭنى يەنە باشقا يەرگە چېچىۋەتتىڭ زەررىن، ـــ دېدى.

ـــ نېمە زىيىنى بار؟ سەن شۇ ئوماق قوزىلارغا بىر قاراپ باقە...

ـــ «ئوماق» سۆزىنىڭ بىر ئاز مەھەللىۋى پۇرىقى بار، زەررىن. ئۇنداق گەپلەر ئەمدى سېنىڭ ئاغزىڭغا ياراشمايدۇ.

ياش ئايال قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىنى چىقارمىدى. ئويۇننى قايتا باشلاشتى. توپ كېتىپ ـ كېلىپ تۇراتتى. جىھات بولسا توختىماي بۇيرۇق قىلاتتى، ئارىلىقتا بەدەلەرمەنلىكى بىلەن بىرقانچە جۈملە سۆز قىلىشتىنمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى:

ـــ ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش كېرەك. ئويۇن ۋاقتىدا ئويۇن، تەنتەربىيە ۋاقتىدا تەنتەربىيە، دەم ئېلىش ۋاقتىدا دەم ئېلىش لازىم...

زەررىن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چارچىغانىدى. شۇڭا:

ـــ توغرا دېدىڭ. ئەمدى دەم ئېلىشىمىز لازىم. شۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم دېڭىزنى تاماشا قىلايچۇ.

سۆزلەۋېتىپ قولىدىكى پالاقنى تاشلاپ قويۇپ، يان تەرەپتىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. جىھات ئۇنىڭغا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى. ئاۋۋال ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى. لېكىن زەررىن كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدا، ئۇزاقتىكى بوغۇزنىڭ سۇپسۇزۇك سۇلىرى بىلەن يېشىل دۆڭلۈكلەردىن ھاسىل بولغان مەنزىرە ئىچىدە شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ھەرقاچانقىدەك

ئاچچىقى دەرھال ياندى ـ دە:

— جېنىم خوتۇنۇم، قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كەتتىكى... رائىف كەلسە تاماقنى يېسەك ـ ھە، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا، چويلا توپ مەيدانىنىڭ سەل ئۇ تەرىپىدە ما ـ شىنا سىگنالى ئاڭلاندى. بىر ماشىنا توختىدى. ماشىنىدىن چۈشكەن ياش يىگىت:

— ياخشىمۇ سەن، جىھات!

— ياخشىمۇ سەن رائىف! دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ. ئىچىگە كىرسەڭچۇ؟

— ئەپسۇسكى كىرەلمەيمەن. سىلەرگە شۇنى دەپ قويغىلى كەلگەنىدىم. ماڭا مېھمان كەلگۈدەك. ھازىرلا تېلېفوندا خەۋەر قىلىشتى، — دېدى ۋە يىراقتىن زەررىنىگە ھۆرمەت بىلەن سالام قىلدى.

— بوپتۇ، خىجىل بولما، رائىف. باشقا كۈنى كېلەرسەن، نې ـ مە ئامال؟

ماشىنا كېتىشىگىلا جىھات خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئۇنداق بولسا تاماقنى يەۋېرەيلى سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇنىڭغا سۇركىلىپ تۇرۇپ. ئۇ بىرئاز ئاۋۋال قىلغان قوپال گەپلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. زەررىنىنىڭ غۇم ساقلاش ئادىتى بولمىغاچقا، ئۇنى كۆڭلىگە ئالمىدى. پەقەت كۈ ـ لۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ قولىنى سىيلىدى. ئۇ كىيىمىنى يۆتكەش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرگىنىدە كۈتۈلمىگەن بىر ئىشنى كۆرۈپ، جىمى خاپىلىقى تۇماندەك تاراپ كەتتى! كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلدە ئېرىنىڭ مەخسۇس ئىستامبۇلدىن ئەكەل ـ دۇرگەن بىرقانچە تال ئورگىدە گۈلى تۇراتتى.

— ئاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق گۈللەر بۇ؟

— ياخشى كۆردۈڭمۇ جېنىم.

— شۇ قەدەر... خوشۇڭ تۇتقاندا نېمىدېگەن ياخشى ئەرسەن ـ ھە، جىھات.

— مەن ھەرقاچان ياخشى ئەرغۇ، سۆيۈملۈكۈم، — ئۇ خوتۇ-
نىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى ھەرقاچانقىدەك چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ
كەتتى.
— توغرا دەيسەن، ھەرقاچان ياخشىسەن.
— ئەمما يەنە بىرئاز تۇرساق ۋەھشىيلىشىمەن - دە، سېنى
يەۋېتىمەن. قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كەتتىكى...
— قېنى، دەرھال ئاشخانىغا چۈشەيلى ئەمىسە!
ئۇلار خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ تاماقلىرىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئاخىرقى مىنۇتتىكى شۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە يۈز بەرمىسە ئىدى، زەررىن بۇگۈن ئۆزىنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخانغا مېۋە - چېۋىلەر ۋە كىچىك تورتلاردىن كەلتۈرۈلگەنىدى. ياش ئايال رەسمىيەتلەرگە بەك ئېتىبار بېرىپ كەتمەي، ساددا بىر ھەرىكەت بىلەن قولىنى داستىخانغا ئۇزاتتى - دە، بىر تال كىچىك تورتنى قولىغا ئالدى. دەل شۇ پەيتتە جىھات قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، ئاچچىقى بىلەن:
— خۇدايىم بىر ساقلىدىكى، ھېلىمۇ ياخشى رائىف تاماققا كەلمىدى، — دېدى.
زەررىن ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى.
— نېمىشقا؟ رائىف بەي خۇشخۇي بىر بالا. كاشكى كەلگەن بولسا.
— كەلگەن بولسا، سېنىڭ قولۇڭ بىلەن تورت يېگىنىڭنى بىر كۆرسە، سەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى ئويلاپ كېتەتتىكىن - تاڭ.
— ۋاي خۇدايىم.
زەررىننىڭ يەنە بىرنەرسە دېگۈسى كەلمىدى، ئەمما تورتنى يېيىشتىن ۋاز كەچتى، كەيپى قاچقانىدى. ھالبۇكى، خىزمەتچىنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئاددىي ئىشنى ئانچە بەك ئېتىبارغا ئېلىپ كەتكۈسى كەلمىگەندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بىر تال ئاپېلسىن ئالدى - دە، خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ سويۇش-

قا باشلىدى. بۇ مېۋىلەر بىرقانچە كۈن ئاۋۋال جىھاتقا ئىئىلىسە-دىن ئەۋەتىلگەنىدى. زەررىن ئۇ دەرىجىدە خىيالغا پېتىپ كەتكە-نىدىكى، ئېرىنىڭ تېخىمۇ بەك ئاچچىقى كېلىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى سەزمىگەنىدى. پەقەت ئۇنىڭ قوپال بىر ئاۋازى بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئاپېلسىننى تەخسىگە قويۇپ، مېۋە پىچىقى بىلەن سويىمامسەن؟

— نېمە بولاتتى جېنىم. يالغۇز ۋاقتىمىزدا بەك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەي مۇشۇنداق يەۋېرىمەن.

— يالغۇز ۋاقتىڭدا ئادەتلەنمىسەڭ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈ-زۈمنى تۆكىسەن.

— نېمىشقا ئۇنداق بولىدىكەن؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي، هوشۇڭنى تاپ، زەررىن. ئەمدى سەن قو-رۇقنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى سايىم بەيىنىڭ قىزى ئەمەس، جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇنىسەن. بۇ يېڭى مۇھىتقا كۆنۈشۈڭ كېرەك.

ياش ئايالنىڭ يۈزلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. كالپۇكلىرى ئاچچىقتىن تىترەشكە باشلىدى.

— ئالدى بىلەن ساڭا شۇنى دەپ قويايكى، مېنىڭ دادام پولكوۋنىك، ۋەتەنىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر پولكوۋنىك. ئۇنداقمۇ بولماستىن، بىر قورۇقنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسىلا بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ قىزى بولغانلىقىمدىن ئىپتىخارلىنىمەن، مېنىڭ نەزەرىمدە، ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا هېچبىر سىنىپ پەرقى يوق.

— بىمەنە گەپلەرنى ئاز قىل دەيمەن، ئۆتۈنۈپ قالاي.

— بىمەنە گەپلەرنى قىلغان، ياسالمىلىق قىلىۋاتقان ئۆزۈڭسەن.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، سوقۇشمايلى، بۇ بىر چاكىنىلىق، ماڭا ياراشمايدۇ.

— مەنمۇ... سوقۇشماق مېنىڭ ئادىتىم ئەمەس. پەقەت ئۆزۈمنى قوغداۋاتىمەن، خالاس. بۇ مېنىڭ ھوقۇقۇم. دادامغا تىل تەگكۈزۈشۈڭگە چىداپ تۇرالمايمەن.

جىھات جاۋاب بەرمەستىن مۈرىسىنى سىلكىدى. بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق رەسمىي جېدەل قىلىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنەرلىك پەرق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى ھەمدە بۇ پەرق بارغانسېرى چوڭايماقتا ئىدى. چۈنكى بۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئاڭ چۈشەنچىلىرى بىر - بىرىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى.

# 7

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ، تىنچ - خاتىرجەم ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ياز ئاخىرلاشقانىدى. ئەمدى بوغۇزدا ئولتۇرۇشنىڭ قىزىقچىلىقى تۈگىگەنىدى. ياش ئەر - خوتۇنلار نىشانتاشتىكى بىناسىغا كۆچۈپ كېلىشتى. جىھات بۇ يەرنىمۇ بىرقانچە ئاي ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ چىققانىدى. بىر قەۋەتتىكى ئىككى يۈرۈش ئۆينى قوشۇۋېتىپ بۇلاردىن چوڭ بىر مېھمانساراي بەرپا قىلغانىدى. ئەمما بۇ مېھمانسارىيىغا تېخىچە مېھمان چاقىرىشمىدى. ئەكسىچە ياش ۋە چىرايلىق خوتۇننى بىرقانچە يېقىن دوستىدىن باشقا ھەممە ئادەمدىن قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. نىكاھ كۈنى ئۇنى بىرقانچە يېقىنلىرىغا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن ئائىلە مۇناسىۋىتى ئورنىتىش لازىملىقى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. بۇنى ئىمكانقەدەر كېچىكتۈرمەكچىدى. يەنى زەررىن ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ئېسىل سۈپەت خانىم بولۇپ يېتىشىپ چىققۇچە شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئەل - ئاغىنىلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەنلىكتىن، جىھاتنى تېخىچە شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى. ئۇلار بۇنى نورمال ئەھۋال دەپ قارىغاچقا، يېڭىيارچە ئەر - خوتۇنلارنىڭ راھىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىپ تۇرۇشۇۋاتاتتى.

زەررىن توغرۇلۇق ھېچكىم ھېچنېمە بىلمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ بەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى، خالاس. بەزىلەر:

— جىھات خوتۇنىنى خىرۇستال سارايىغا سولاپ قويدى، ھېچكىمگە كۆرسەتمەيۋاتىدۇ، ئۇنى ھەركىمدىن قىزغىنىدۇ، — دېيىشمەكتە ئىدى.

بۇ چاقچاقنىڭ ئازراق ھەقىقىي تەرىپى يوقمۇ ئەمەس ئىدى. جىھات خوتۇنىغا راستىنىلا ئاشىق ئىدى. ئۇنى ئۆزىچە قۇسۇر دەپ تونىغان بەزى كەمچىلىكلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ئۆز ئىرادىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ھېرىسمەنلىك ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن دەرىجىدە سەۋدايىلىق بىلەن ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ زەررىنىنى دوستلىرىغا كۆرسىتىشنى خالىمىغانلىقى ھەرگىزمۇ قىزغانچۇقلۇقىدىن، كۇنداشلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى مۇنداق بىر شەرەپكە ھازىرچە لايىق كۆرمىگەنلىكىدىن ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، تولۇق تەربىيەلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە، خوتۇنىنى ئېلىپ ھەممىلا يەرگە باراتتى، ھەركىمگە كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پەخىرلىنەتتى. مۇنداق قىلىشنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. بىركۈنى يەنە بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ قالدى:

ئۇلار ماشىنا بىلەن سەيلە قىلىپ كېلىش ئۈچۈن كاغىتخاناغا ماڭغانىدى. ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىپ، يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىشقا، شۇنىڭ بىلەن تاكى شىشلىگىچە پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولغانىدى. چۈنكى يولدا بىرەر ماشىنا ئۇچرىمىغانىدى. شىشلىگە كەلگەندە تاپقان بىر ماشىنا بىلەن نىشانتاشقىچە كېلەلىگەنىدى. ھۇجرىسىغا چىقار ـ چىقماي ھېرىپ كەتكەن زەررىن ئۆزىنى يۇلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئاتتى ۋە ئويلاپ تۇرماستىنلا توپلەيلىرىنى يېشىپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە چۆرۈۋەتتى.

ــــ ۋاييەي، تۇگىشىپلا كەتتىم، سەنمۇ ھېرىپ كەتتىڭ جىھاتىم. بىرئاز يېتىپ دېمىڭنى ئېلىۋال.

بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ ئېرىنىڭ چىرايىغا قارىغان زەررىن بىردىنلا ھاڭ ـ تاڭ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى غەزەپتىن كېرىلىپ كەتكەنىدى:

ــــ ئەمدى بۇ قىلىقىڭ بەك ئېشىپ كەتتى زەررىن، ــــ

دېدى ئۇ.
— نېمە؟ نېمە بولدى؟ يەنە نېمە قىپتىمەن؟
— ئىنسان ئۆزى يالغۇز قالغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالا-پىتىنى قوغدىشى كېرەك - دە، مەن سەندىن نېمە تەلەپ قىلىۋا-تىمەن. سەن نېمىلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئورنىغا بارغانسېرى چېكىنىپ كېتىۋاتىسەن.
— نېمە بوپتۇ جېنىم؟ ئوچۇق ئېيتساڭچۇ... ئوش، سېنىڭ شۇ ئۆگۈتلىرىڭدىن ئەجەبمۇ زېرىكتىم، بىزار بولدۇم. ئۆزۈمنى يەتتە ياشتىكى، تېخى مەكتەپكە كىرمىگەن كىچىك بالا ھېس قى-لىۋاتىمەن.
— ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەرسەن... كاشكى شۇنداق بولغان بولساڭ سەل تېزرەك يولغا كىرگەن بولاتتىڭ.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، بۈگۈنكى سەۋەنلىكىمنى دەپ باقساڭچۇ؟ بەي ئەپەندى...
خوتۇنىنىڭ جىم بولۇشىنىڭ ئورنىغا ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقى جىھاتنىڭ جان - ئىمانىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇ بارماقلىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، كەچۈرەلمەيدىغان بىر خىل ھۆكۈمرانلىق ئەلپازى بىلەن توپلەيلەرنى ئىشارەت قىلدى ۋە:
— شۇلارغا قارىغىنا! — دېدى.
ياش چوكان چىداپ تۇرالماي قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. توپلىيىنىڭ بىر پېيى دىۋاننىڭ گىرۋىكىگە تاقىلىپ، ئۇچى ئاسمانغا قاراپ تىك تۇراتتى. يەنە بىر پېيى گىلەمنىڭ ئۈستىگە دۈم چۈشكەنىدى. بۇ مەنزىرە جىھاتنىڭ سۈرلۈك ۋە خاپىغان تۇرقى بىلەن ئاجايىپ بىر زىتلىق ھاسىل قىلغانىدىكى، بۇنىڭغا كۈلمەسلىك مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— ۋايىيەي، بۇنىڭ ئۇچۇن شۇنچىۋالا غوۋغا قىلىۋاتامسەن؟ توپلەيلىرىمنى كامالى نازاكەت ۋە ھۆرمەت بىلەن پۇتلىرىمدىن چىقىرىپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاۋاز چىقارماستىن دىققەت بى-لەن ئاستا قويۇپ قويمىغىنىم ئۇچۇنمۇ؟

ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ «شەھۋەتپەرەس»، خۇش ئاۋاز، قىزىقچىلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، جىھاتنىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندەك بولدى، كىنايىلىك ۋە رەنجىگەن ئاۋاز بىلەن:

— كۈلمە، چاقچاق قىلما زەررىن، بۇ خۇيۇڭنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە قانچە قېتىم سەندىن ئۆتۈندۈم، بۇ قىلىقىڭ جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇنىغا ياراشمايدۇ. پۈتكۈل ھەرىكەتلىرىڭنى كونترول قىلىشىڭ، بۇ ئۆينىڭ خانىمى بولغانلىقىڭنى ئۇنۇتماسلىقىڭ كېرەك.

ئەمما زەررىن ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماستىن، ئوخشاشلا خۇش ئاۋازى بىلەن سورىدى:

— قانداق قىلاي؟ پۈتلىرىمدىن توپىلىرىمنى چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەتچى چاقىرايمۇ؟

— مۇنداق قىلىشىڭدىن خىزمەتچىنى چاقىرغىنىڭ ياخشىراق مېنىڭچە.

— ئاقسۆڭەكلەرنى دوراۋاتىسەن، جىھات.

— سەنمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئاقسۆڭەكسەن زەررىن. ھەرىكەتلىرىڭنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن نەچچە قېتىم باشقا تەرەپكە قارىۋالدىم. ئۆتكەن ئاخشام داستىخاندا ئولتۇرۇپ ئالمىنى شۆپىكى بىلەنلا يېدىڭ، ھەتتا پىچاق بىلەن سويۇپ، ۋىلكا بىلەن سانجىپ ئەمەس، قاساپلا يېدىڭ.

— قورۇقتا شۇنداق ئادەتلەنگەنىدىم. مېۋىلەرنى شاختىن ئۈزۈپلا يەۋېرەتتىم.

— ھازىر سەن قورۇقتا ئەمەسسەن. ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ ئېسىل بىناسىدا ياشاۋاتىسەن.

— بۈگۈنكى كۈندە دوختۇرلارمۇ بەزى مېۋىلەرنى شۆپىكى بىلەنلا يېيىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. ھوللىۋودتىكى ئارتىسلارنىڭ يوغان - يوغان سەۋزىلەرنى چىشلىرى بىلەن قاساپ تۇرۇپ يەۋاتقانلىقىنى رەسىملەردە ياكى كىنولاردا كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇۋال

ساڭا. زامانىۋىلاشماپسەن تېخىچە. ئۆزۈڭنى چوڭ كۆرسىتىشكىلا بېرىلىپ، مودىنى نەزەرىڭدىن ساقىت قىلىۋېتىپسەن.

جىھات جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋېتىپ توختاپ قالدى. لېۋىنى چىشلىدى، چۈنكى بەك يامان گەپ قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە زەررىنىڭ لەۋلىرىدىكى خۇش تەبەسسۇملارمۇ بىردىنلا ئۆچتى. ئولتۇرغان يېرىدىن سەل رۇسلىنىۋېلىپ بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە؟ بۇ چېقىشىش نېمىشقا داۋاملىشىۋېرىدۇ؟ بىر ـ بىرلىرىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مۇنداق زېغىرلايدۇ؟ ئاددىي، كىچىك مەسىلىلەر ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشىۋالىدۇ؟ ياكى... ياكى جىھات ئەمدى ئۇنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ زەررىن ئۇ چىقىپ كەتكەن ئىشىككە قاراپ تۇرۇپ، تۇنجى قېتىم ئېچىگە سىغمايۋاتقان ئاچچىقىنى بېسىپ قالالمىدى. ئېغىزىدىن شۇ سۆزلەر ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى:

ــ كالۋا... ئۆزىنى كۆرسىتىش كالۋاسى... ياسالما...

# 8

زەررىن ئەينەكنىڭ ئالدىدا چاچلىرىنى تاراپ شىلەپىسىنى كىيىۋاتاتتى. ئۆي ئىچىدە ئويناۋاتقان قوياش نۇرلىرى ئۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا چېچىلاتتى. قوياش نۇرىنىڭ ئەينەككە چۈشكەن ئەكسى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى.

شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ياخشىراق كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەكنىڭ ئالدىدىن بىر ئاز داجىدى. شىلەپىسىنى قۇلىقى تەرەپكە سەل يانتۇ قىلىپ، يېڭىنىمىخ بىلەن قاداپ قويدى. ياسىنىپ بولۇپ، ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم سەير ئەتتى. يېشىل كاستۇم يوپ-كىسى بەك چىرايلىق بولۇپ، ھەقىقەتەن ياراشقانىدى. بۇ كىيىمى بىلەن شۇنچىلىك كىچىك كۆرۈنۈپ كەتتىكى، قولىغا ئوقۇغۇ-چىلار سومكىسى ئېلىۋالغان بولسا، ھېچكىم ئۇنىڭ توي قىلغان بىر چوكان ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى.

زەررىن ئەينەكتىكى رەسىمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. جىھات-نىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچىدە چوڭقۇر بىر بەختىيارلىق ھېس قىلدى. سومكىسىنى، قول قاپلىرىنى ئالدى. بۈگۈنكى ياخشى ھاۋادا پىيادە مېڭىش بەك كۆڭۈللۈك بولاتتى.

ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇۋىدى، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. زەررىن توختاپ تۇردى، تېلېفوننى خىزمەتچى قىز ئېلىپ سۆز-لىشىۋاتاتتى.

— كىم كۆرۈشمەكچى خانىم بىلەن؟

— ...

— بەي ئەپەندى سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ خانىم.

زەررىن كۇتۇپخانىغا قاراپ ماڭدى. جىھات ئۇنىڭغا ئاساسەن

تېلېفون قىلمايتتى. شۇڭا تەمتىرىگەن ھالدا سورىدى:

— نېمە بولدى جىھات؟

بىراق ئاڭلاۋاتقان سۆزلەر ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى، چىرايى تاتىرىپلا كەتتى، زەئىپ بىر ئاۋاز بىلەن:

— ماقۇل... بولىدۇ جىھات، — دېدى.

— ...

— شۇنداق، چۈشىنىۋاتىمەن. بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما. ياخشى ئويىنىغىن.

— ...

— ياقەي، ياق... كەچتە كۆرۈشەيلى، خوش ئەمىسە...

ئۇ خىيالچان ۋە غەمكىن بىر سىياق بىلەن تۇرۇبكىنى قويدى. ئەمدى سىرتقا چىقىشتىن رايى يانغانىدى. بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ھۇجرىسىغا كىردى. قۇياش ئەكسى باياتىنقىدەك جىلۋە قىلمايتتى. ئۆي جابدۇقلىرى ئۈستىدە ئويناۋاتقان نۇر تاللىرىمۇ يوقالغانىدى.

توي قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم جىھات ئۆيگە چۈشلۈك تاماققا كېلەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىۋاتاتتى. باغدادتىن بەزى تۇغقانلىرى كەپتۇمىش، ئۇلار بىلەن بەلگرات ئورمانلىقىغا بارارمىش. تاماقنى بوغۇزدا بىر يەردە يېيىشىپ، ئاخشامغىچە ئۇلار بىلەن بىللە بولارمىش.

گەرچە بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا جىھاتنىڭ ئاۋازى خۇددى بىر خاتا ئىش قىلىپ قويغان كىچىك بالىنىڭ يالۋۇرۇۋاتقىنىدەك چىقىۋاتقان، ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قەتئىي ئۆيگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەنىدى. بۇ تۇغقانلىرى كىمكىنە؟ قاچان كەلگەن بولغىيدى؟ بۇلاردىن زەررىنىڭ نېمىشقا خەۋىرى بولمىدى؟

ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مەنتىقىلىق ھالدا ئويلايدىغان بولسا، ئەسلىدە بۇ ئەھمىيەتسىز بىر ئىش ئىدى.

ئەمما زەررىن بەك تەجرىبىسىز ۋە ھەددىدىن ئارتۇق سەزگۈر ئىدى. ئېرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن خۇپىيانە بىر مۇددىئانىڭ بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كىرىشىپلا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تىت ـ تىت بولۇپ، سىرتقا چىقىشتىن يالتىيىپ قالدى. داستىخاندا يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش نېرۋىلىرىنى قوزغىتىپلاۋەتكەنىدى.

ئىستامبۇلدا كونا ساۋاقداشلىرى ۋە بىرقانچە يىراقراق تۇغقانلىرىدىن باشقا ھېچكىمى يوق ئىدى. جىھات ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى تاپىلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ ئۇلار بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىلەشمەس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەردىنمۇ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆيىگە ئاياغ باسمايتتى.

ئەمما بۈگۈن بۇ ياخشى ھاۋادا ئۆزى يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭدا بىر ئىسيان تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. باي بىر پادىشاھنىڭ ئوغلىغا قۇللار بازىرىدىن سېتىلغانمىدى ـ يا؟ ئۇ ھازىر بىر قۇلمۇ ياكى جىھاتنىڭ خوتۇنىمۇ؟...

بۇ خىياللار بىلەن ئورنىدىن چاچراپلا تۇرۇپ كەتتى. قايتىدىن كىيىندى ۋە بىر ماشىنا بىلەن بەيئوغلىدىكى بىر كىنوخانىغا كەلدى. فىلىم بەك ياخشى ئىدى. كۆرۈۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا: «جىھاتمۇ بىللە كۆرگەن بولسىدى كاشكى» دەپ ئويلاپ قالدى.

بۇ زەررىنگە ئادەت بولۇپ قالغانىدى، قاچانكى تەسىرلىك بىر فىلىم كۆرسە، ئاستا قولىنى ئۇزىتىپ، ئېرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھېسسىياتىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزگۈسى، ئېرىنىق ئېيتقاندا، بىرلىكتە ھېسسىياتلانغۇسى، بىرلىكتە ھاياجانلانغۇسى كېلەتتى. بۈگۈن بۇ بوشلۇقنى سەزمەكتە، كۆڭلى بۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ تۇيغۇلىرىنى يېڭىشكە تىرىشتى. كىنوخانىدىن چىقىپ بىر تورتخانىغا كىردى. چۈشلۈك تاماقنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ ناھايىتى ئاز يېگەنلىكتىن قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىچكەن

چېپى كۆڭلىنى پۈتۈنلەي ئارامىغا چۈشۈرگەنىدى.

ئەتىگەنكى قاملاشمىغان ئوي - خىياللىرى ئەمدى نەلەرگىدۇ غايىب بولغانىدى. ئاخشاملىقىقا جىھات بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى ئويلىسىلا يۈرىكى خۇددى توي قىلغان بىرىنچى كۈنىدىكىدەك گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى. گالاتاساراي بېكىتىگىچە پىيادە مېڭىپ كەلدى. دۇكانلاردىن ئۇنى - بۇنى سېتىۋالدى. كەيپى ئىزىغا چۈشۈپ دۇنيا قايتىدىن گۈزەللەشكەنىدى. تىرامۋاينى كۈتۈۋېتىپ بىردىنلا ئۇدۇلدىكى مېھمانسارايدىن چىقىۋاتقان جىھاتنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدى. بېقىنىدا ياشقا چوڭراق بىر ئايال ۋە ئىككى ئەر كىشى بار ئىدى. ئايالنىڭ بەك باي ئىكەنلىكى ئۇچىسىدىكى قىممەتلىك نوركا پەلتۇسىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار يولنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، دەل ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنىغا كىرىپ كېتىشتى. دەل شۇ ئەسنادا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەر كىشىلەردىن بىرى دىققەت بىلەن زەررىنگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. تاسادىپىيلا كۆزى چۈشۈپ قالغانمىدۇ ياكى چىرايلىقلىقىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغانمىدۇ؟ ئۇنى بىلمەيتتى. زەررىن ئۇلارنىڭ ئەرەبچە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. جىھات بولسا خوتۇنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، باشقا تەرەپكە قارىغان بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ قىلىقى ئوچۇق سېزىلىپ تۇراتتى.

ئېرىنى بەك ياخشى چۈشىنىدىغان زەررىن ئۇ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، بىر ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن چاغدا بولىدىغان لەۋلىرىدىكى تىترەش ئالامەتلىرىنى، ئىڭەك ھەرىكەتلىرىنى ئېنىق كۆرگەنىدى.

«دېمەك، مەندىن يوشۇردى، ماڭا راستىنى ئېيتمىدى - ھە؟ بەلگىرات ئورمانلىقىغا بارىمىز، دەپ مېنى ئالداشتىكى مەقسىتى نېمە بولغىيدى؟ نېمە ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى؟ يېنىدىكى ئەرەبلەر كىم ئىدى؟ بۇلار ئۈچۈن نېمىشقا ئۆز خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدۇ؟ بۇلار يالغۇز ئەمەس ئوخشى-

مامدۇ؟ مېھمانسارايدا باشقىلارمۇ بار بولغىيمىدى ـ يا؟ بەلكى قىزلار ۋە ياكى خوتۇنلار...»

بۇ خىياللار ياش ئايالنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇشقا يېتىپ ئاشاتتى. بىر ـ ئىككى مىنۇت ئىچىدىلا ئېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يات بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تېخىچە يېنىدىكى ئادەملەر بىلەن ئەرەبچە گەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى يات ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدىغان سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇمىدسىزلەنگەنسېرى ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغانىدى.

«ئۇنىڭ بىلەن ھەممە نېمىمىز ئوخشاشمايدۇ، خۇي ـ مىجەزىمىز، دۇنيا قارىشىمىز، چۈشەنچىلىرىمىز، ھەتتا تىلىمىز... »

بۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا دەرھال يېشىنىپ يۇيۇندى. قولىغا بىر كىتابنى ئېلىپ ئېرىنىڭ كېلىشىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتمەكچى بولدى. نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولماقتا، جىددىيلەشمەكتە ئىدى. شۇنداقلا يەنە، ئۆزىگە ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمىلەرنى توقۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىشكىمۇ بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

## 9

جىهات كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، خوتۇننى ھەرقاچانـ. قىدەك ئىشىك ئالدىدا كۆرەلمىدى. خىزمەتچىسى خانىمنىڭ بېشى ئاغرىغانلىقتىن ھۇجرىسىدا دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، جىھات دەرھال ھۇجرىسىغا يۈگۈردى. زەررىننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتـ. كەن، كۆزلىرى قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن تولغانىدى. ئۇزۇن كىرـ. پىكلىرى ئاستىدىكى قىزىللىق ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بۇ تۇرقى بىلەن ھىمايىگە موھتاج، ئاجىز، كىـ. چىك بىر قىز بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

جىھات ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ كۆيۈنگەن ھالدا:

— بۇ نېمە ئىش جېنىم؟ ساڭا نېمە بولدى زەررىنىم؟ — دەپ سورىدى.

لېكىن ياش ئايال شۇنچىلىك خاپا بولغانىدىكى، بىردىنلا پارتلاپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تېخى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى يوشۇـ. رۇپ قالالىغۇدەك ۋە ياكى ئېرىگە نىسبەتەن بىر يورۇش تەدبىر قوللىنالىغۇدەك تەجرىبىسى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ بەكمۇ ياش ئىدى. شۇڭا:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن جىھات؟ ھېچنېمىنى چۈشىـ. نەلمىدىم، — دېدى.

ئېرى ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە خاپا بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھېچقانداق پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئېغىر ـ بېسىقـ. لىق بىلەن ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— مەن نېمە قىلدىم؟ نېمە بوپتۇ تاتلىقىم، نېمىنى چۈشىـ. نەلمىدىڭ؟، بۈگۈنكى ئەھۋالنىمۇ؟ ھالبۇكى، بەك ئاددىي بىر ئىشقۇ ئۇ. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتتا پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىپ قالـ.

دۇق. يەنە قىسقا بىر سەيلە قىلدۇق ـ تە، مېھمانسارايغا قايتىپ كېلىپ بىرلىكتە چاي ـ پاي ئىچتۇق، شۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئىش بولاتتى. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ سۆيۈملۈكۈم؟

جىھاتنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ سەمىمىي ۋە مېھرلىك ئىدىكى، بۇنىڭدىن زەررىنىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپ، بىردىنلا ئىدـ چى بوشاپ قالدى. دەرۋەقە ئەھۋالدا ھېچقانداق بىر نورمالسىزلىق يوق ئىدى.

ئەمما ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى زەررىنىنىڭ ئەندىشىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا يوق قىلىۋېتىشكە يارايتتى. باشقىلىرىنىچۇ؟ ھالبۇكى، جىھات ئەمدى ئارىلىرىدىكى ھەممە ئىشنى ھەل قىلدـ ۋەتكەندەك بولۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى بولۇۋىدى، زەررىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سۆـ يۈشكە يول قويمىدى.

— نېمە بولدى؟ نېمە قىلغىنىڭ بۇ زەررىنىم؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ھېچنېمە بولمىغاندەك بولۇۋالما. بولدىلا، ھەممىنى بىلىسەن. يېنىمدىن ئۆتكەن چېغىڭدا مېنى كۆرۈپ تۇـ رۇپ نېمىشقا كۆرمەسكە سېلىۋالغانلىقىڭنى خاپا بولماي چۈشەندـ دۈرۈپ بېرەمسەن؟

— ...

ئارىلىرىغا چوڭقۇر بىر سۈكۈنات چۈشتى. زەررىن ئېرىگە تىكىلىپلا قالغانىدى. چىرايىدا ئەنسىزلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتـ تى. مانا شۇ دەقىقىلەردە ئۇ تارتىنچاق ۋە ياۋاش زەررىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭدا مەغرۇر بىر ئاياللىق روھى ئويغانغانىدى، ئۇ ھازىر ئېرىدىن ھېساب ئېلىۋاتاتتى.

ئۆزى بىلەن توي قىلغان تۇرۇقلۇق، ئۇنى تېخىچە پۈتۈنلەي ھاياتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى؟ خوتۇنىدىن نومۇس قىلامتىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭدا نە بىرەر كەمچىلىك، نە بىرەر ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋېتىش ئالاـ مەتلىرىنى كۆرگەنمىدى؟

جىهات توغما دۇرۇس ۋە مەرد ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، نا-
توغرا ئىشلار بىلەن ئۆزىنى چۈشۈرۈشنى خالىمايتتى، شۇڭا پە-
رىشان هالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ياق، يالغان سۆزلىيەلمەيت-
تى، سېنى كۆرمىدىم، خىيالىم باشقا ياقتا كېتىپ قاپتۇ، مېنى
كەچۈرگىن، ئەزىبىرايى... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بۇ ئوسال ۋە-
زىيەتنى بېسىقتۇرۇشقا ئۇرۇنالمايتتى. دەرۋەقە، ئۇ زەررىننى
كۆرگەنىدى. بۇنى هەر ئىككىسى ئوبدان بىلەتتى، كۆپ ئۆتمەي
بۇ ۋەقە ياكى بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ تەكرارلىنىشى مۇم-
كىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈنجى قېتىمدىلا يارىنى تېشىپ نەش-
تىرنى سانجىغىنى ياخشى ئىدى.

بارلىق تەرسا ۋە غۇرۇرلۇق ئادەملەرگە ئوخشاش جىهاتمۇ
سىلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنىغا، دەسلەپكى قەدەمدىلا شىد-
دەتلىك ۋە جاپالىق جەڭگە ئاتلىنىشنى ۋە ئىشنى بىر قېتىمدىلا
پۈتتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردى. شۇڭا كەسكىن بىر تۇردە، ئاۋازىنى
توك چىقىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سال زەررىن. ساڭا ئەهۋالنى چۈ-
شەندۇرۇپ قوياي، يېنىمدا كۆرگەن كىشىلەر كىملەر، بىلەمسەن؟

ئۇ بۇ سۆزلەر بىلەن زەررىننىڭ هاڭ-تاڭ قېلىپ، ئويغا
چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. هالبۇكى، ئۇ ئۇنىڭ
كۈتكىنىدەك ئەمەس، بەلكى ناهايىتى سالماق تەلەپپۇز بىلەن:

— ماقۇل، بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟ — دېدى.

— نېمە، چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ ئەگەر كوچىدا سېنى تونۇغان
بولسام، يېنىڭغا بېرىشقا مەجبۇر بولاتتىم، ئۇ چاغدا سېنى تو-
نۇشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

— بۇنىڭدىن نېمىگە ئېهتىيات قىلىسەن؟

— ئاه، زەررىن، نېمىشقا مېنى هەممە نېمىنى قايتا-قايتا
سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىدىغانسەن قوزام؟ مۇنداق بىر ئىشنىڭ
مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ناهايىتى ياخشى بىلىسەنغۇ؟

ياش ئايال يۈركى ۋە پۈتۈن تومۇرلىرىنىڭ بىردىنلا شىددەت

بىلەن سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۆشمەكتە ئىدى. كۆزلىرى ئېرىنىنىڭ ئاغزىغىلا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ مۇدھىش بىر گەپلەرنى قىلىۋېتىشىدىن قورقۇۋاتاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۇ سۆزلەپ بولۇشىغىلا ئۇنى جاۋاب بېرىشكە قىستىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىش قارارىغا كەلگەنىدى:

— مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا تونۇشتۇرغۇڭ كەلمىدى، جىھات؟

— نېمە دېسەم بولار. بۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدى، شېكىرىم. بۇلارنى مەندىن سورىماسلىقىڭ كېرەك ئىدى... ئۇلار ياشتا چوڭ كىشىلەر، مېنىڭ ئەمەس، دادامنىڭ دوستلىرى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەك ياشمەن، چۈشىنىۋاتامسەن؟ ئۇلارغا ئۆيلەنگەنلىكىمنى ئېيتسام مەندىن بەزى سوئاللارنى سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار مېنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى.

زەررىن ئۆزىنى تۇتالماستىن ئەسەبىيلىك بىلەن قايتىدىن سورىدى:

— ئۇنداق بولسا نېمە بولاتتى؟

— ئۇ چاغدا مېنىڭ كىمگە ئۆيلەنگەنلىكىمنى سورايتتى، ئائىلەمنىڭ ئائىلىسىنى سۈرۈشتە قىلاتتى.

ياش ئايال كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا غەزەپ بىلەن:

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟!! ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟!! — دەپ سورىدى.

شۇ تاپتا جىھاتنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگىگەنىدى. كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق دەۋەتتى:

— جېنىم، نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسەن؟ باغدادنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە: «مەن جىھات باغدادلىق، بىر قورۇق خوجىدارىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندىم...» دېيەلمەيتتىم - دە!...

جىھاتنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆزىگە غەلىتە تۇيۇلدى بولغاي، بىوم ئاۋازى بىلەن قاقاھلاپ كۇلۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق سۆزلىرد-ىنىڭ مەنىسىنى سىلىقلاشتۇرماقچى بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە بىول-سا، ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە كۆچەيتىۋەتكەنىدى. زەررىن يۈزلىرى تامدەك تاتىرىپ، ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— يەنە دادامنى قورۇق باشقۇرغۇچىسى دەپ كەمسىتمەۋاتام-سەن؟ ماقۇل. بۇنى قوبۇل قىلدىممۇ دەي، ئەمما سەن ماڭا ئۆيلەد-نىشنى تەلەپ قىلغان چېغىڭدا، كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىڭ. شۇنداق تۇرۇپ ماڭا نېمە ئۈچۈن ئۆيلەندىڭ؟ نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ جىھات؟ ئۇ چاغدا ئەقلىڭ نەگە كەتكەنىدى؟ نېمە ئۈچۈن ھەم ئۆزۈڭنى، ھەم مېنى بۇ تۇيۇق يولغا باشلىدىڭ؟

— سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم زەررىن. ھازىرمۇ ياخشى كۆرىمەن... ئارىمىزدا تۇيۇق يول يوق...

ئۇ بۇلارنى دەۋېتىپ خوتۇنىغا يېقىنلاشماقچى بولغانىدى. ئەمما زەررىن چېچىلغان ھالدا يەنە كەينىگە داجىدى ۋە غەزەپتىن تىترىگەن، بوغۇلغان بىر ئاۋاز بىلەن دېدى:

— مەن ھەرقاچان دادامنىڭ قىزى بولۇپ قېلىۋېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

يىگىت ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسىنى ئاياغ - ئاستى قىلغان قاتتىق زەربىسىدىن قىلچە خەۋىرى يوقتەك، يەنىلا ئىشنى چىد-رايلىقچە بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە تىرىشىۋاتاتتى.

— ياق سۆيۈملۈكۈم. سەن بەك ئۆزگىرىپ كەتتىڭ. ئۆزۈڭمۇ سەزمىگەن ھالدا، ھەر كۈنى شۇ بۇرۇنقى ھالىتىڭدىن ئاز - ئاز-دىن يىراقلىشىپ مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىسەن. سېنىڭ ھەر كۈنى ئاستا - ئاستا مېنىڭ بولۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىۋاتىد-مەن. بۇ سەۋەبتىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. بىلەم-سەن، زەررىن، مەن سېنى ئاجايىپ ياخشى كۆرىمەن.

ئۇ بۇ قېتىم قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە ئۇنى سۆيۈشكە تەمشىلىۋىدى، ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ

كەتتى، زەررىن ئېرىنىنىڭ ئۆيلەنگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇڭ-چىۋالا جىق هاراق ئىچكەنلىكىنى، هەتتا بىر ئاز مەست بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنى ئىككى قولى بىلەن كۆچەپ ئىتتىرىۋەتتى:

— سەن هاراق ئىچىۋاپسەن!!! سېنىڭ ماڭا نېمىشقا مۇنچىۋالا قوپاللىق قىلغانلىقىڭنى مانا ئەمدى چۈشەندىم. هاراق... سېنىڭ بىر باهانەڭ بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، مېنىڭ دادام سېنىڭدىن نامرات بولسىمۇ، سېنىڭ ئائىلەڭدىن كەمتەر بىر ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئەقىل - هوشىنى مۇنچىۋالا يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە هاراق ئىچكەنلىكىنى ۋە ئۆيگە مەست كەلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن. دېمەك، سەن پەس كۆرگەن ئۇ ئادەم بۇ جەهەتتىن ئالغاندا سەندىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. جىهات باغدادلىق بەي!

جىهات خوتۇنىغا دىققەت بىلەن قاراپ كەتتى. زەررىن غەزەپ-لىنىك سىياقى بىلەنمۇ يەنىلا ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى.

— خاپا بولدۇڭمۇ گۈزەلىم؟ مۇنچىۋالا سەزگۈر بولۇپ كېت-تىش ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس، مەن سېنىڭ لەۋلىرىڭدە يېقىم-لىق بىر تەبەسسۇم، كۆزلىرىڭدە ئىللىق بىر كۈلكە كۆرسەم دەي-مەن. ۋەهشىي گۈزەللىك ساڭا ياراشمايدۇ... سەن چىرايلىق، بەك چىرايلىقسەن. ئەمما مەن ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىڭدىن، مەسخىرە قىلىۋاتقان لەۋلىرىڭدىن ئانچە مەمنۇن ئەمەسمەن.

— ئۇنداقتا يېنىمدىن نېرى كەت. چۈنكى مەنمۇ مەستلەردىن نەپرەتلىنىمەن.

جىهات نېمىشقىدۇر ئارتۇقچە تەرسالىق قىلماي ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۇتلىرى دەلدەڭشىپ تېنىنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى. شۇنداق، ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ شەرىپىگە بىرئاز ئارتۇق ئىچىۋەتكە-نىدى، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بوسۇغىدا بىر مىنۇت توختىدى.

— ئاچچىقلىنىش ياخشى ئىش ئەمەس گۈزەلىم. ئۇ ئىنسان-نىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدۇ. بۇ خىل چىركىن ئەهۋالغا چۈ-

شۇپ قىلىشتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. ھەقىقىي بىر خانىم غەزىپى ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى، سوغۇققانلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بىلىدۇ.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، زەررىن غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ، ئەلەم بىلەن يىغلاشقا باشلىدى. ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئۆمۈربويى ئۇنتۇيالمايدىغاندەك ھېس قىلدى... جىھات بۇ كۈنلەردە بىرئاز ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. سۈنئىي كىبىرلىك ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتا بىرئاز مۇبالىغە قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇش تەس ئىدى. شۇنداق، بىر - بىرلىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتى، ئەمما بۇ خىل ۋەزىيەت سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ۋە كەلگۈسى ھاياتى ئۇچۇن قاتتىق بىر زەربە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىر تەرەپ زور، غايەت زور پىداكارلىق كۆرسىتىشى لازىم ئىدى. ياش ئايال داۋاملىق پىداكارلىق كۆرسىتىش ئۇچۇن ۋۇجۇدىدىن تېخىمۇ ئارتۇق كۈچ - قۇدرەتنى تاپالمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. نېمە قىلسا بىر تەنقىدكە، نېمە سۆزلىسە بىر ئەيىبلەشكە ئۇچراپلا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئەڭ ئاق كۆڭۈل بىر ئىنساننىمۇ بۇرۇقتۇم قىلىۋېتىدىغان ۋەزىيەت ئىدى.

مانا بۇ كېچە جىھات يەنە كۇتۇپخانىسىدا دىۋاندا ياتىدىغان بولدى. ئۇ بۇنى مۆلچەرلىگەنىدى. ئىككىسىلا ياپياش تۇرۇپ، بىر - بىرسىنى ياخشى كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، يەنە جېدەل - ماجىرا قىلىشاتتى. قانچىنچى قېتىملىق جاڭجاللىرى ئىدى بۇ - ھە؟ ھەر قېتىم مانا مۇشۇنداق قېيىدىشىپ قالغاندا، جىھات يوتقان - كۆرپىسىنى كۇتۇپخانىسىغا توشۇپ چىقىپ كېتەتتى.

زەررىن ئۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە خىلمۇخىل خىياللار ئىلكىدە يىغلاپلا چىقتى. گاھ ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر غارلىرىغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىنى، خاتا توي

قىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، جىهاتنىڭ قورۇققا كەلگەن كۈنگە
لەنەتلەر ئوقۇيتتى، گاھ بارلىق مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ چىقىش
ئۈچۈن بىر يۈرۈش لايىھەلەرنى ھازىرلاپ، پىلانلارنى تۈزۈپ چىد-
قاتتى. ئۇ تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئاران ئۇخلىيالىدى. كۆزلىرىنى
ئاچقان ھامان ئەسكى، كۆڭۈلسىز، قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ
قالدىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدى. تېخىچە شۇ چۈشلەرنىڭ تە-
سىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. كۆكسى سىقىلغان، بېشى ئېغىرلى-
شىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ خاتىرىلىرى ئاستا ـ ئاستا جانلىنىشقا
باشلىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام بولغان ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى ۋە
سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاشقا باشلىدى. «توي قىلغانىكەنمەن، ئې-
رىم بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتا تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىم لازىم. ئۇنىڭ بەزى ناچار خۇيلىرىنى ئېغىر ئال-
ماسلىقىم كېرەك. ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان
ۋە ياقتۇرمايدىغان مىجەزلىرىم باردۇ. ئەسلىدە جىهات ھېچبىر
يامان ئادەمغۇ ئەمەس، قولى ئوچۇق، نومۇسچان، تەربىيە كۆرگەن
ۋە كۆيۈمچان بىر ئەر ھەمدە مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداق بولغان-
دىكىن، ئۇنىڭ بەزى كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سالاي، ئۇنىڭ-
دىن ياخشى بىر ئەرنى نەدىن تاپاتتىم؟ مەڭگۈگە قورۇقتا، دادام-
نىڭ قېشىدا قالالمايتتىم ـ دە، قانداقلا بولمىسۇن كۈنلەرنىڭ
بىرىدە بىرسى بىلەن توي قىلغان بولاتتىم، ئارتۇقچىلىقى كەم-
چىلىكىدىن كۆپ بولغان جىهات بىلەن توي قىلغانلىقىمغا پۇ-
شايمان قىلماسلىقىم كېرەك.

ئەمەلىيەتتە ئېرىمنىڭ خېلى ئېغىر نۇقسانلىرىمۇ بار: مۇس-
تەبىت، ھاكىممۇتلەق ۋە ھەددىدىن ئارتۇق مەغرۇر، بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى قوشقاندا راستتىنلا چوڭ بىر كەمچىلىك. قانداق
قىلاي، بۇنىڭغىمۇ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تەخىر قىلىشقا ۋە ئۇ-
نىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگمەسلىككە تىرىشىشىم كېرەك.»

ئۇ بۇ ئېسىل پىكىرلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن قامچىلىنىپ
ئورنىدىن تۇردى، يۇيۇندى، جىهات ياخشى كۆرىدىغان خالاتتىن

بىرىنى كىيدى. مەقسىتى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەلپازدا كۈتۈپخانىغا كىرىپ ئۇنى ئويغىتىش ئىدى. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى بىر دەقىقىدە ئاياللىق غۇرۇرى ۋە نازى ئۇستۇن كەلدى. تېخىمۇ توغرىسى، شەيتان ئازدۇردى، يالتىيىپ قالدى. ئېرىنىڭ خاتالىقىنى ئۇچايلا ئېسىدىن چىقىرىۋەتمەسلىكى لازىم ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ كۆز ئالدىدىكى كىشىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك ـ تە.

ناشتىلىق ئېلىپ كىرگەن خىزمەتكار بەي ئەپەندىنىڭ چويلا توپ ئويناشقا بېرىش ـ بارماسلىقىنى سورىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەك، تېخىچە قارشىلىق قىلمىۋاتاتتى. ئۆزى كېلىشكە غۇرۇرى يول قويمايۋاتاتتى. زەررىن ھېسسىياتىنى چاندۇرماستىن:

— ياق، — دېدى، — چارچاپ قاپتىمەن، دەم ئالىمەن.

خىزمەتچى تەجرىبىلىك بىر رۇم ئايالى ئىدى. ياش ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى ـ بەزىدە مۇنداق جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى تەبىئىي ئىش دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە جىھات بەينىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقىلىرىغا ئوخشاش خوتۇنىنىڭ قېشىغا ئۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلەتتى، ياش يىگىت ئايالىنىڭ رەت قىلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاياپ خىزمەتكارنى كىرگۈزگەنىدى.

— نېمە ئۈچۈن، خانىم؟ بەي ئەپەندى رەنجىپ قالارمىكىن ئەمدى.

— ساڭا رەنجىپ قالىمەن دېدىمۇ؟

خىزمەتكارنىڭ يۈزلىرى ھۈپپىدە قىزىرىپ كەتتى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەمما زەررىن جىھاتنىڭ رەنجىپ قالمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى يالغۇز چويلا توپ مەيدانىغا بارسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا بۇنىڭدىن خۇش بولدى. ھېچ بولمىسا ئۇنىڭدىن كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئىنتىقام ئېلىۋالاتتى.

زەررىن ماشىنا ئاۋازىدىن ئۇنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى بىـ

لىپ، بىرئاز تىت ـ تىت بولدى. ئەمما يەنىلا ئىنتىقام ئېلىش پىلانىنى كېڭەيتىش نىيىتى بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كېيىنىشكە باشلىدى. بىر كۈن ئاۋۋال ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغىنىنى بۈگۈن ئۆز ئەينى بىلەن ئېرىگە قىلماقچى بولدى.

«قېنى، بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟»

كوچىغا چىقىپ دىلغۇل بولۇپ قالدى. نىشانتاشتىن ھارىبىيەگە قاراپ مېڭىۋەردى. نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە تېخى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. ھەرھالدا بىر تاماقخانىغا كىرىپ، يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش خىيالى يوق ئىدى. بۇنداق قىلىشنى پەقەت ياخشى كۆرمەيتتى. بىردىنلا ساۋاقدىشى سەۋىم ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا نېمىشقىدۇر كۆڭۈلشىمىگەنىدى. بۇنى تولۇقلىۋېتىش ئۈچۈن تەكلىپسىزلا ئۇنىڭكىگە بارماقچى ۋە چۈشلۈك تاماقنى ئۇ يەردە يېمەكچى بولدى. ئۇ دېگىنىنى قىلدى ۋە سائەت بىردىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ئاندىن ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. بۇ سائەتتە جىھاتنىڭ ئۆيدە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ھەتتا تاماقنى ھەر كۈنى سائەت بىردە يەيدىغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇنىنى كۈتۈپ ئازراق خاپا بولغانلىقىغىمۇ گۇمان قىلمايتتى. ھەقىقەتەن تېلېفوننى ئېرى ئالدى:

— ئاللو، زەررىن سەنمۇ؟ نېمە؟ نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە بولمىدى. تاماقتا مېنى ساقلاپ قالمىسۇن دەپ تېلېفون قىلىۋاتىمەن.

— سەن ھازىر نەدە ؟

— بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە، مېنى تاماققا تۇتۇۋالدى...

— شۇنداقمۇ؟

بىر سېكۇنت سۈكۈتتىن كېيىن:

— بىراق كەچ قالما. تۆت يېرىمدە قويۇلىدىغان كىنو ئۈچۈن بېلەت ئېلىپ قويغانىتىم. بىللە بېرىپ كېلەيلى.

— بۇ يەردىن بالدۇر چىقالمايمەنغۇ دەيمەن. كىنوغا سەن ئۆزۈڭ كېتىۋەر، مېنى ساقلىما.

— چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن ـ ھە، زەررىن؟ مەن كىنوغا يالغۇز بارامتىم؟ بۇ كىنونى سېنىڭ بەك كۆرگۈڭ بار ئىدىغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنلا بىلەت ئېلىپ قويغانىدىم.
— رەھمەت، ئەمما مەن بارالمايمەن جىھات. ئامال يوق.
يەنە سۈكۈت باشلاندى. بۇ قېتىم ياش يىگىتنىڭ ئاچچىقلانغان ھالدىكى بوغۇق ئاۋازى كەلدى:
— بوپتۇ، ئۇنداقتا بىلەتلەر ئۆلسۇن، — دېدى.
— خالىغىنىڭچە بولسۇن. خۇدايىمغا ئامانەت.
ئىككى تەرەپنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن تېلېفون تۇرۇبكىسى «تاق»قىدىلا قويۇلدى.
«زەررىنىنىڭ بۇ قاملاشمىغان قىلىقىنى نېمە دېگۈلۈك؟ گەرچە تونۇگۈن ئاخشام ئارىمىزدا بىر ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا تالاش ـ تارتىشنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن كۆتۈپخانىدىكى دېۋاندا ياتتىم. ئەمما بۇ تۈنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش ئەمەسقۇ؟ مۇنداق غىڭ ـ غاڭ بولۇپ قالغان كېچىلەردە ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن. بۇنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتتىمۇ، ئەجەبا؟ بۇ ئىستامبۇللۇق ياش خانىملار نېمىدېگەن نازۈك ـ ھە؟ بولۇپمۇ زەررىن كىچىككىنە بىر سۆزگە، كىچىككىنە بىر تەنقىدكە پەقەت چىدىيالمايدۇ. كۆزلىرى دەرھال ياشقا تولىدۇ.» خوتۇنىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغان سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. خىياللىرىمۇ باشقا ياققا كېتىپ قالدى: «مېنىڭ گۈزەل مەھبۇبەم، نېمىدېگەن تەجرىبىسىز، نېمىدېگەن گۆدەك ـ ھە؟ سەمىمىي ۋە ئۇياتچان بىر كىچىك بالىنىڭ ئۆزى. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، چىڭراق سىقساڭ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىدىغان قىممەتلىك ساكسونىيا ھەيكىلى. تونۇگۈن ئاخشام ئۇنى خاپا قىلىپ قويدۇم، نېمىشقا خاپا قىلغاندىمەن؟ چۈنكى مەست بولۇپ قالغانىدىم. راستىنىلا ئارتۇقراق ئىچىپ قويۇپتىمەن. بۇ ئىشتا پۈتۈن سەۋەنلىك نىزامەتتىن پاشادا. نېمىشقا شۇنچە ئىچ ـ ئىچ

دەپ زورلاپ كەتتىكىنە؟ مەنمۇ ئۇلارنىڭ سالاسىغا كىتىپ قاپتىمەن. بولغۇلۇق بولدى ئەنە. ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟»

ھالبۇكى، ئۇ داستىخاندا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ھېس ـ تۇيغۇلىرى يەنە ئۆزگىرىپ، ئاچچىقى كېلىپ قالدى: «كىچىك خانىم مەن بىلەن تەڭ تۇرماقچى بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ. ماقۇل ئەمىسە، قېنى كۆرەرمىز. بۇنى سەن خالىغانىكەنسەن، مەنمۇ بوش كەلمەيمەن. ئۆزۈم يالغۇز كىنوغا كىتىۋېرىمەن ياكى بىرەر ئاغىنەمنى ئېلىۋالارمەن.»

زەررىنگە كەلسەك، ئېرىنىڭ ئاۋازىدىن بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە بىر ئىسيان كۆتۈرۈش تۇيغۇسى ئويغاندى. بۇ ناھەقچىلىككە، ناھەق چۈشەنچىلەرگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىسيان ئىدى. «جىھاتنىڭ قولىدا بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى تارازا بار. باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى بىر تارازا بىلەن، ئۆزىگە ئائىت بولغانلىرىنى بولسا يەنە بىر تارازا بىلەن تارتىپ ئۆلچەيدۇ. بۇ ئەرلەردىكى مەنمەنچىلىكنىڭ ۋە ئەرلىك مەنتىقىسىنىڭ ئۆرنىكى بولۇپ سانىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئەمما ئويلىغانسېرى جىھاتنى خاپا قىلىدۇالغانلىقىغا خۇش بولدى. مەقسىتى «قېنى، قانداق بولىدىكەن» دېيىش بىلەن ئۇنىڭغا ئوبدان بىر دەرس بېرىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

«مېنىڭ بۇ قىلغىنىم ئۇنىڭغا ياقمىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ ماڭا دىققەت قىلىپراق مۇئامىلە قىلسۇن، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، «ئۇنىڭ بۈگۈن ئاچچىقى كەلگەنلىكى ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مېنىڭ بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمىسا ئىدى، ئەمدى مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم.»

مۇنداق بىر ئېھتىماللىق ئۇشتۇمتۇت ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى:

مۇبادا ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قالغۇدەك بولسا قانداق قور-
قۇنچلۇق ئىش بولار ـ ھە؟ ئۇنداق بولغان تەقدىردە قانداق قىلار؟
قانداق ياشار؟ ئۇ ساۋاقدىشى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ تا-
ماق يەۋېتىپمۇ خىلمۇخىل خىياللار ئىلكىدە تولغىنىپ كەتتى.
شۇنىڭ بىلەن كۆزلىرى ئۆز داستىخىنىنى، ئۆز ئۆيىنى ۋە سۆ-
يۈملۈك ئېرىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ياق! يەنە بىر قېتىم مۇنداق تەجرىبە قىلىپ بېقىشقا قەتئىي
بولمايتتى. چۈنكى ئۇ جىھاتنى جازالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزى-
نىمۇ قىيناۋاتاتتى.

* * *

ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا ئاخشام-
قى ئىشلارنى ھېچ ئاغزىغا ئېلىشمىدى، گوياكى ئارىلىرىدا ھېچ
ئىش بولمىغاندەك ئىدى. نە جاڭجاللىشىپ بىر ـ بىرىنى ھاقا-
رەتلەشكىنى، نە بىر كېچە ئاۋۋالقىدەك باشقا ـ باشقا ھۇجرىلاردا
يېتىشقىنى، نە چۈشلۈك تاماقنى ئايرىم ـ ئايرىم يېيىشكىنى؟
ياق! بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئەسلا بولمىغانىدى... ئىككىسىلا خۇش
تەبەسسۇم، خۇش چاقچاق، مۇلايىم ئىدى.

جىھات خوتۇنىدىن پۈتۈن بىر كۈننى نەدە، قايسى دوستلىرى
بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەنلىكىنى سوراپمۇ قويمىدى. زەررىنىنىڭ
باشقا ئەرلەر بىلەن كۆرۈشكەن ئېھتىماللىقى ئۇنى ئازابلاۋاتقان
بولسىمۇ، بۇنىڭغا دائىر كىچىككىنە بىر دارىتما سۆزنى قىلىش-
نىمۇ خالىمىدى.

زەررىنىمۇ ئېرىنىڭ كىنوغا كىم بىلەن بارغانلىقىنى كو-
چىلاپمۇ ئولتۇرمىدى. گەرچە ئۇ فىلىمگە بەك قىزىققان بولسى-
مۇ، بۇ خۇسۇستا بىرەر سوئال سوراپمۇ قويمىدى.

ئىككىسى بەك خۇش بولۇپ كېتىشكەنىدى. بىر ـ بىرىنى
قايتىدىن تېپىشقانلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاجايىپ بەختلىك

ھېس قىلىشماقتا ئىدى. مانا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت - سائا-
دەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ ئاخىر؟ يەنە قايتىدىن ئىزاھات
تەلەپ قىلىپ، پۈتمەس - تۈگىمەس، ئايىغى چىقماس تالاش -
تارتىشلارنى قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىھۇدە ئازاب چېكىش-
تىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

— جېنىم خوتۇنۇم، بۇ ئاخشام يەنە ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ
كېتىپسەن. بۇ قارا كۆڭلەك ساڭا بەكمۇ يارىشىپتۇ.

— شۇنداقمۇ، بۇنىڭغا بەك سۆيۈندۈم جېھات.

— كۆڭلىكىڭ چىرايلىق بولغاچقا سۆيۈندۈڭمۇ ياكى مېنىڭ
ياقتۇرغىنىم ئۈچۈنمۇ؟

— ئەلۋەتتە سېنىڭ ياقتۇرغىنىڭ ئۈچۈن...

— بىلەمسەن، مەن سېنىڭ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش
قىلدىم. خاپا بولمايدىغانغا ۋەدە بەرسەڭ ئېيتىمەن.

— ۋەدە بېرەي.

— ئۆتكەن بىركۈنى ماگىزىنىنىڭ ئەينەك ئىشكاپى ئىچىدە
كۆرگەن نوركا پەلتۇنى سېتىۋالدىم.

زەررىنىنىڭ يۈزلىرى سۆيۈنۈشتىن قىزىرىپ كەتتى.

— راستىما؟ — ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى مۇنداق ئوچۇق ئىپادى-
لىۋەتكىنىدىن دەرھال ئىزا تارتىپ قالدى.

— ئەمما، قاما پەلتۇرۇم بولغاندىكىن بۇنى ئالمىساڭمۇ
بولاتتى جېھات، — دېدى.

— ئىككى پەلتۇ چىرايلىق بىر ئايال ئۈچۈن ئارتۇقلۇق
قىلمايدۇ، ھەم...

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مۇ-
رىسىگە قولىنى قويدى. زەررىنىنىڭ قەلبى ھاياجاندىن تىپىرلاپ
كېتىۋاتاتتى.

— ھەم... مېنىڭ مۇنداق گۈزەل خوتۇنۇمغا نېمە ئالسامۇ
ئازلىق قىلىدۇ، بۇ ياز ئىككىمىز ياۋروپاغا بېرىپ ساياھەت قى-
لىپ كېلەيلىچۇ، زەررىن. ئۇ يەردىن ساڭا خالىغان نەرسىلىرىڭ-

نى ئېلىپ بېرىمەن. پەلتو، كۆڭلەك، شىلەپە، ئىچ كىيىم، ئال-تۇن - جابدۇق ۋە باشقا نەرسىلەرنى...

ئۇ قىزغىن ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن چىرايلىق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغاچ، كۆچلۈك بىلەكلىرى بىلەن خوتۇننى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— سېنى كۆندىن - كۈنگە تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرۈپ قې-لىۋاتىمەن، زەررىن.

ياش ئايال ئاجايىپ بىر بەختىيارلىق ئىلكىدە بۇ سۆزلەرنى تىڭشاۋاتاتتى. سائەتلەرچە سوغۇقتا ۋە يامغۇردا قالغان بىر مۇ-شۈك ئوتقا، ئىسسىق بىر يەرگە ئۆزىنى قانداق ئاتسا، ئۇمۇ جى-ھاتنىڭ كۆكسىگە ئاشۇنداق قىستىلىپ، پېتىپ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالغانىدى.

# 10

ئۇلار ئۇچۇن يېڭى بىر تۇرمۇش باشلانغانىدى. يېڭى توي قىلغان كۈنلەردىكىدىنمۇ ئارتۇق بەختىيارلىق ئىچىدە ياشاۋاتاتتى، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىگە بەكمۇ دىققەت قىلماقتا ئىدى. كىچىككىنە بىر تالاش - تارتىشنىڭمۇ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى.

ھەپتىلەر ئۆتتى، ساياھەت تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولۇشتى. بىركۈنى سەھەردىلا يېشىلكۆيدىن ئۈچقان ئايروپىلان بىلەن ئاۋۋال رومغا كېلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپادىكى چوڭ - چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ بېرىشتى. ئاخىرقى مەنزىلى پارىژ ئىدى. زەررىن بۇ يەردىن چۈشىنىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ئېسىل نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋالدى. ئۇلار ياش ئىدى، سەۋدايى ئىدى، باي ئىدى، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتى.

پۈتۈن كۈن ماگىزىنلارنى، مۇزېيلارنى، ئابىدىلەرنى كېزىپ، ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، كېچىلەرنى بىر تىياتىرخانىدا، ئەڭ يېڭى تىپتىكى كۇلۇبلارنىڭ بىرىدە ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ بۇ ئۈچ ئايلىق ئېسىل ساياھەتلىرىنىڭ ئادەتتىكى پىروگراممىسى بولۇپ قالغانىدى. جىھاننىڭ گۈزەللىكى بولسا يەنە بىر ئۈچ ئاينىمۇ مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈشكە رازى ئىدى. ئەمما زەررىن ئۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى، ياز كەلگەنىدى. ترابيادىكى چاھارباغلىرى، سالقىن دېڭىز بويلىرى ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا بەزى خىياللار كاللىسىغا كىرىۋېلىپ تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئاخىرقى كۈنلەردە دادىسىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان خەتلەرنى ئويلى-

سىلا تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ياشنىپ قالغان پولكوۋنىك جەزمەن كېسەل بولۇپ قالدى. ياكى بولمىسا ئۇنى خاپا قىلىپ قويىدىغان بىرەر كۆڭۈلسىزلىكلەر بولغاندەك قىلاتتى.

خىيالىغا كىرىۋالغان بۇ خىل ۋەھىمىلەرگە چىداپ تۇرالمىغانلىقتىن، زەررىن بىركۈنى ئەتىگەندە چىرايلىق زىننەتلەنگەن مېھمانساراي ياتىقىدا ئولتۇرۇپ جىھاتقا دېدى:

— ئەمدى قايتايلىچۇ، بوغۇز ئىچىنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى.

يىگىت خوتۇنىنىڭ يۈزىگە سۆيگۈ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى:

— سەن نېمىدېگەن رومانتىك قىزسەن - ھە؟ بىردەمدىلا ۋەتەننى سېغىنىپ كېتىپسەن. ماقۇل، قايتىپ كېتەيلى جېنىم، قاچان دېسەڭ شۇ چاغدا يولغا چىقايلى.

— كېلىدىغان ھەپتىنىڭ بېلەتلىرىنى ئالغىن بولامدۇ؟

بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۇچۇۋاتقان غايەت زور پولات قۇش ئۇلارنى يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان بىر كېچىدە قايتىدىن يېشىلكۆيگە ئېلىپ كەلدى. ماشىنا بىلەن ئاخىر تىرابىياغا قاراپ يولغا چىقىشتى. ئەمدى يېڭىدىن راھەت، شېرىن ۋە غەۋغاسىز بىر ئائىلە تۇرمۇشى باشلانغانىدى. زەررىن ئېرىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە ياسالمىلىق قىلىش خۇيلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلىغانلىقىنى، خوتۇنىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ غۇرۇرىنى يەڭگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، تەھدىتكار بۇلۇتلارنىڭ تاراپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ كېلىۋاتاتتى. بىچارە قىز ئۆز بېشىغا يەنە قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىدىن بىخەۋەر ئىدى.

# 11

ياۋروپادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىھات ئويۇن - تاماشاغا بەك بېرىلىپ كەتتى. زەررىننى بىر كۈنمۇ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمەيتتى. تىياتىر، كىنو، كېچىلىك كۇلۇب قاتارلىق ئىستامبۇلدىكى بارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىغا ئېلىپ باراتتى. بۇ يەرگە پەقەت ئەر - خوتۇن ئىككىسىلا بېرىشاتتى. جىھات تېخىچە خوتۇننى ھېچقايسى دوستلىرى بىلەن تونۇشتۇرماسلىق نىيىتىدىن يانمىغانىدى. ئەمما ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ تۇرمۇشتىن زەررىن رازى ئىدى. باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايتتى. ئۇ بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا قورۇقتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، يالغۇزلۇق ئۇنىڭغا ھېچقانداق زېرىكىشلىك تۇيۇلمايتتى.

تىرابىياغا كەلگەندىن كېيىن، جىھات يېڭى بىر قارارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يەنى كەچلىك تاماقلىرىنى تۆكاتلىيان مېھمانسارىيىدا يەيدىغان بولۇشقانىدى. شۇ باھانە بىلەن بولسىمۇ كىشىلەر ئارىسىغا ئارىلاشقان ھېسابلىناتتى. زەررىن بۇنىڭغىمۇ ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئېرى نېمە دېسە شۇنى قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپادىن ئاجايىپ چىرايلىق مېھمانلىق كۆينەكلەرنى ئېلىپ كەلگەندىكى، بۇلار ئۆي ئىچىدە كىيىلسە زايا كېتەتتى. جىھات ھەر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىغا ئاز قالغاندا ياكى بەزى كۈنلىرى ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپمۇ خوتۇنىدىن سورايتتى:

— بۈگۈن قايسى كۆينىكىڭنى كىيىسەن؟

بۇنداق چاغلاردا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ كېتەتتى. ياش يىگىت خوتۇنىنىڭ مېھمانسارايغا كەلگەن بارلىق ئاياللار ئىچىدە

ئەڭ چىرايلىق كىيىنگەن بولۇشغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ئەسلىدىنلا بەك چىرايلىق بولغان زەررىن كۆينەكلىرىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەنمۇ ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتسە، ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار چاي ئىچىش ئۈچۈن مېھمانسارايغا كېلىپ، ئەڭ يۇقىرىدىكى ئۈستى ئوچۇق بالكوندا ئوزاقراق ئولتۇرۇپ قېلىشتى، كەچلىك تاماق ۋاقتىغا ئاز قالغاندا، جىھات خوتۇنىغا كىيىمنى ئالماشتۇرۇش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيگە بېرىپ كېلىشنى تاپىلىدى.

— قېنىق يېشىل كۆينىكىڭنى كىيسەڭمىكىن، زەررىن. ھېلىقى شۇ مۇرىلىرى پارقىراق تاشلار بىلەن نەقىشلەنگەن كۆينىكىڭنى دەيمەن.

— ماقۇل، جىھات.

يىگىت خوتۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ قالدى. زىلۋا ۋە ئېگىز بويلۇق، ھەر جەھەتتىن كېلىشكەن بۇ خوتۇننىڭ ئېرى بولۇش ھەقىقەتەن ئىپتىخارلانغۇدەك بىر ئىش ئىدى.

زەررىن ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن گىرىمىنى قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئۇ گىرىم قىلىشنى پەقەت ياخشى كۆرمەيتتى، لېكىن جىھات دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ دائىم پەرداز قىلىپ يۈرۈشىنى، ھەتتا بىر ئاز غەلىتە كىيىنىشىنى خالايتتى. بۇ جەھەتتىنمۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئاددىي سەۋەبلەر بىلەن ئوتتۇرىلىرىدا بىرەر غەشلىك پەيدا بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

زەررىن مېھمانسارايغا كىرىش بىلەنلا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمگە كۆزى چۈشتى. چۈنكى ئۇلار ئېرى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. جىھاتمۇ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى ۋە ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇلار يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۈستەلنىڭ ئەتراپىدىن ئۇلارغا جاي كۆرسىتىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدەك قىلىۋاتاتتى. ناھايىتى تەبىئىي

بىرھالدا زەررىنمۇ ئۇلارنىڭ يانلىرىغا كېلىۋاتاتتى. لېكىن بىردىنلا قەدىمىنى توختىتىپ، سەل ئىككىلىنىپ قالدى: «جىھات خاپا بولۇپ قالسىچۇ؟»

ئارىلىرىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن زەررىن ئېھتىيات قىلىپ ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسەتمەستىن سەل ئالدىغىراق كەتتى ۋە باشقا بىر ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئىككى ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەك توم بىر تۈۋرۈك ۋە يوغان بىر تەشتەك بار ئىدى. زەررىن ئارقىسىنى شۇ تۈۋرۈككە قىلىپ ئولتۇردى. ئېرى بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەتراپنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. ئۇدۇلىدا دېڭىز كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پاراخوتلار ئۇياندىن - بۇيانغا كېلىپ - كېتىپ تۇرۇشاتتى. قېيىقلاردىن خۇشال ناخشا ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. گۇگۇم ۋاقتىدىكى كۆلەڭگىلەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. چىراغلار بىر - بىرلەپ يېنىپ، جىمىر - جىمىر نۇر چاچماقتا ئىدى. سۇلارنىڭ رەڭگى قويۇقلىشىپ، دېڭىزنىڭ قارشىسىدىكى ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر قارىيىشقا باشلىغانىدى. جىھاتنىڭ دوستلىرى بىلەن قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، زەررىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆز خىياللىرىغا، بۇ شېرىن دەقىقىلەرنىڭ گۈزەللىكىگە غەرق بولغانىدى.

بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كۈلۈشۈۋاتقانلىقى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ نېمىگە شۇنچىۋالا خۇش بولۇپ قاقاھلاپ كېتىۋاتقانلىرىنى بىلمىسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۆزىمۇ ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويدى، دەل شۇ مىنۇتتا ناتونۇش بىر ئاۋازنىڭ جىھاتقا دەۋاتقان بىر گېپىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ئىنكار قىلما، جىھات. تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال سېنىڭ ماشىناڭدا چىرايلىق بىر ئايال بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى ئۇ ئايال!

زەررىن ئۆزىنىڭ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىگە ئاچچىقى كېلىپ، ئەمدى قۇلىقىنى دىڭ تۇتماقچى بولدى. راست ئەمەسمۇ، سۆھبەتنىڭ بېشى تەرىپىنى نېمىشقا ئاڭلىيالمىدى-ھە؟ كىم بىلىدۇ، نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى...

باشقا بىر ئاۋاز ئۇنى قىستىغىلى تۇردى:

— يالغانمۇ، ئىنكار قىلالامسەن، جىھات؟

— ياق. نېمىشقا ئىنكار قىلغۇدەكمەن. يېنىمدىكى خوتۇنۇم ئىدى.

ئىككى ناتونۇش ئاۋاز بىرلا ۋاقىتتا سورىدى:

— خوتۇنۇڭمىدى؟

— ھەئە، مېنىڭ، يەنى جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇنى ئىدى.

زەررىنىنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. دېمەك، ئېرى ئەمدى ئۆيلەنگەنلىكىنى يوشۇرمايدىغان بولغانىدى. ھالبۇكى، بارمىقىغا توي ئۈزۈكىنى سېلىۋالمىغاندىكىن، ئۆيلەنگەنلىكىنى يوشۇرغۇسى كەلسە يوشۇرۇپ قالالايتتى.

ناتونۇش كىشىلەردىن بىرى:

— سېنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىڭنى ئاڭلىماپتىمەن، جىھات. بۇ خەۋەرگە ھەيران قالمىدىم دېسەم يالغان بولىدۇ، — دېدى.

يەنە بىر دوستى بولسا ئىزاھات تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى.

— قاچان، كىم بىلەن؟

جىھات بىر ئاز ئاۋۋالقى تەمكىن ئاۋازى بىلەن ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا جاۋاب بېرىۋاتاتتى:

— بۇنچىۋالا قىزىقىپ كېتىۋاتقان بولساڭلا، توختاپ تۇرۇڭلار ئەمىسە، مەن دەپ بېرەي، بۇ سىلەرمۇ بىلىدىغان ئۇسۇلدىكى، يەنى ئائىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق كۆرۈشى بىلەن قىلىنغان توي ئەمەس.

زەررىن بۇ جۈملىلەرنىمۇ ئۆزىنى ئاجايىپ چوڭ بەختىيارلىق ئىچىدە ھېس قىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئېرىنىڭ سۆزلىرى ئۇدۇل ئۇنىڭ قەلبىگە كېلىپ ئورۇنلاشماقتا ئىدى. ئېرى سۆزىنى

داۋام قىلدى:

— شۇنداق، بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭغا ئۆيلەندىم.

— كىم ئىدى؟ كىمنىڭ كىمىسى ئىدى؟

— ئۇنى بىر فىلىمدە كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالدىم ۋە ئۆيلەندىم.

— ئارتىسمۇ؟

— سەھنىگە چىقمايتتى. بىر چاغلاردا قويۇلغان يەرلىك بىر فىلىمدە باش رول ئالغانىدى. سىلەر كۆرمىگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. چۈنكى يەرلىك فىلىملەرنى كۆرمەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. مەنمۇ تاسادىپىيلا بىر دوستۇمنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇ كىنوخانىغا كىرىپ قالغانىدىم.

— بەك قىزىق بىر ئىش بوپتۇ... كېيىنچۇ؟

— ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئاندىن دوستۇم بىزنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. مانا مۇشۇنچىلىكلا... ئۇ، ئۇنىڭ رول ئالغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى فىلىمى بولۇپ قالدى.

— قايسى فىلىم ئىدى ئۇ جىھات؟ بەك قىزىقىپ قالدىم.

— ھەرگىز قىزىقىپ قالما دوستۇم. ئۇ فىلىمنى كۆرەلمەيسەن. چۈنكى فىلىم شىركىتىدىن ئۇ فىلىمنى سېتىۋالدىم. ئەمدى ھېچنەدە قويۇلمايدۇ.

— ۋاي... ۋاي... بۇنىڭ ئىچىدە قىزغانچۇقلۇقمۇ، كۆنلەمچىلىكمۇ بار دېگىنە. پەۋقۇلئاددە ئاجايىپ بىر سەرگۈزەشتە ئىكەن، بۇ... راستتىنلا بەك پەۋقۇلئاددە...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان زەررىنىنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار ئۇيۇپ قالغاندەك بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتتى. يۈرىكى ئاغزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەكلا قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئېرى نېمە ئۈچۈن مۇنداق چوڭ بىر يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىش خىيالىغا كېلىپ قالدىكىنە؟ راست، جىھات نېمىشقا يالغان ئېيتىدۇ؟ ئۇنىڭ نەزەرىدە بىر ئارتىسقا ئۆيلىنىش

ساپ بىر ئائىلە قىزىغا ئۆيلىنىشتىنمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر ئىشمىدۇ؟ دوستلىرىغا: «بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئاددىي ـ ساددا، پاك بىر قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى بەزى مىراس تاماچىلىرىغا ئوخشاش: «بىر كىنو چولپىنىغا ئۆيلەندىم» دەپ ئاغزىغا لىق ئېلىش نېمىدېگەن غەلىتە بىر ئىدىيە ـ ھە؟

ئۇ نېمىشقا ئويلاپ باقمىغاندۇ؟ بەزى ئىستىقباللىق چولپانلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى بەكلا ئادەتتىكىچىغۇ؟ مۇنداقلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئىستىقبال تېپىپ قېلىشلىرىدىن باشقىچە بىر مەنە چىقمايدىغۇ؟ جىھات بۇنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ؟ دېمەك، مۇنداق بىر يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىشنى خېلىدىن بېرى پىلانلاپ كېلىۋېتىپتىكەن ـ دە. دېمەك، ماڭا مۇنچىۋالا چىرايلىق، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندىنمۇ ئارتۇق بېزەكلىك كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرگەنلىكى، مېنى پەقەت بىر فىلىم چولپانىغا ئوخشىتىش ئۈچۈنلا ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇ ئېسىل ياۋروپا ساياھىتىنىڭمۇ ھەقىقىي مەقسىتى مۇشۇ ئىكەن ـ دە. ئەسلىدە مېنى ئوينىتىش، مېنى خۇش قىلىش، مېنى ساياھەت قىلدۇرۇش ئۇ ـ چۈن ئەمەس، بەلكى شۇ جەرياندا ئىدىيەمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بولغاچقا، ئۇ پىداكارلىقلارغا چىدىغانىكەن ـ دە. ئەمدى مېنى تېخىمۇ ئۇزاق ئۆيگە سولاپ قويالمايدىغانلىقىنى، نىھايەت بەزى دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن مۇنداق ئاجايىپ بىر پىلاننىڭ تەييارلىقىنى قىلغانىكەن ـ دە. دېمەك، ئۇ ھېچ ئۆزگەرمەپتۇ. پۈتۈنلەي مەنمەنچى، ياسالما، مەغرۇر ئادەم پېتى قاپتۇ، ئۇ... مەن تېخى نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىپتىمەن. ئۆزۈمنى ئاجايىپ تاتلىق خىياللار بىلەن ئاۋۇندۇرۇپ كېتىپتىمەن!...

ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ھېسسىي جەھەتتىن بولسىمۇ ماڭا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلغانىدىم؛ ئۇنىڭ ساددا بىر تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، ساددا پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىنى

ئۇمىد قىلغانىدىم. ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر ئائىلە باشلىقى، ھەقىقىي بىر دادا بولالايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، بىر- لىكتە قېرىپ، بىرلىكتە تىپتىنچ ئۆمۈر سۈرۈپ كېتەلەيدىغانلى- قىمىزغا ئىشەنگەنىدىم. مەغرۇر خۇيى ئۇنىڭ قان - قېنىغا سى- ڭىپ كەتكەنىكەن - دە. جىھات ھېچ ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇ ھەر دائىم ئوخشاشلا كۆز - كۆز قىلىپ ياشايدىغان، ھەر دائىم ئوخشاشلا غەلىتە خىياللارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈيدىغان ئادەم ئىكەن. مې- نىڭ گۈزەللىكىممۇ ئۇنىڭ غۇرۇرىنى ئەركىلىتىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ چىرايلىق ۋە ئېسىل كىيىنگەن بىر ئايالنىڭ ئېرى بولغانلىقى ئۇچۇنلا مەمنۇن بولۇپ يۈرۈپتۇ.

ئاھ خۇدا، مەن بولسام ئەركىن - ئازادە ۋە تىنچ بىر ئائىلە تۇرمۇشىغا قانچىلىك تەشنا ئىدىم - ھە!

ياندىكى ئۈستەلدىكىلەر ئەمدى باشقا بىر تېمىدا پاراڭلىشى- ۋاتاتتى. زەررىن بېشىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قۇلاقلىرىنىڭ بىر قىسمىلا غۇڭۇلداۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. باياتىن بېرى ئاڭلىغان سۆزلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەيرىي بىر كۈچ - قۇۋۋەت ياراتقانىدى. «مېنى كىنو چولپىنى سىياقىدا كۆ- رۈشنى ئۈمىد قىلىسىز شۇنداقمۇ كىچىك بەي؟ ماقۇل ئەمسە، قاراپ تۇرۇڭ - ھە».

ئۇ قايتىدىن ئورنىدىن دەس تۇردى. ئارقا كوچا بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى - دە، ھەم رەڭگى جەھەتتىن، ھەم تىكىلى- شى ۋە قىممىتى جەھەتتىن كۆزنى چاقنىتىدىغان كۆينەكلىرىدىن بىرىنى كىيدى. يۈز - كۆزىگە يېڭىباشتىن پەرداز قىلدى. چاچ- لىرىنىڭ پاسونىنى ئۆزگەرتتى.

ئۇ ئېلېكتىرونلۇق چىراغلىرى پال - پۇل يېنىپ تۇرغان مېھمانسارايىنىڭ چوڭ تاماق زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە، ھەممەيلەن تاماق يېيىشىۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۈستەلدە تاماكا چېكىۋاتقانلى- قىنى كۆردى. ئۇنىڭ تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى، ئۆزى يالغۇزلا قالغان بولۇپ كۆزى ئە-

شىكتە ئىدى. خوتۇنىنىڭ كېچىكىپ قېلىنىۋاتقىنىغا جىلە بولۇپ
كېتىۋاتاتتى. زەررىن ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا چىرايى ئېچە-
لىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ بۇ كېچە دەل كۆڭلىدىكىدەك كىيىنگەنى-
دى، ئۇ چىرايلىق، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ھەممە كىشىنىڭ
باشلىرى ئۇنىڭغا بۇرۇلغانىدى، ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن
ھەيران ـ ھەس قالغانلىقلىرى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئاياللار كۆ-
رەلمەسلىك، قىزغانچۇقلۇق ۋە ھەسەتلىك نەزەرلىرى بىلەن،
ئەرلەر بولسا، ھېرىس، ھەۋەس ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن كۆزىتىۋا-
تاتتى. بۇ كۆزىتىشلەر تاكى زەررىن ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ
ئولتۇرغۇچە داۋام قىلدى.

جىھات دەرھال ئورنىدىن تۇردى، ئەرلىك سالاھىيىتىدىن زى-
يادە، ئاشىقلارغا خاس بىر ئىلتىپات بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالدى ۋە
قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— كەل سۆيۈملۈكۈم، كۆزلىرىم يولۇڭغا بىقارار بولدى، بەك
كېچىكىپ كەتتىڭ. سېنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى-
كى، — دېدى.

زەررىن ئىچىدە قان يۇتۇپ تۇرسىمۇ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ
تۇراتتى. جىھات ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن بوغۇلغان بىر ئاۋاز
بىلەن دېدى:

— بۇ كېچە پەۋقۇلئاددە گۈزەلسەن خوتۇنۇم، ساڭا قاراۋاتقان
كۆزلەردىن قىزغىنىپ كېتىۋاتىمەن. خالىساڭ ئۆيىمىزگە قايتىپ
كېتەيلى، تاماقنى ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرۇپ يەيلى، ساڭا توي-
غۇچە قارىۋالاي، يالغۇز مەنلا... سەن مېنىڭ خوتۇنۇمسەن، يالغۇز
مېنىڭكى سەن...

زەررىن چۈشىنىكسىز بىر تەبەسسۇم بىلەن ئېرىگە قاراپ
تۇراتتى. گېپىگە جاۋابمۇ بەرمەيتتى، ئەمما ئۇستەلگە يېقىنلاشقان
بىر كۈتكۈچىگە تاماق بۇيرۇتۇۋەتتى ۋە ئېرىنىڭ ئاغزىغا قار-
مايلا شاراب ئەكەلدۈردى. كەيپ بولۇشى، كۈلۈشى، پاراڭلىشىشى
كېرەك ئىدى.

تاماقتىن كېيىن تانسا مۇزىكىلىرى چېلىنىشقا باشلىۋىدى، دەرھال جىھاتقا قاراپ:

— تانسا ئوينىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

جىھات خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەم خۇش بولۇپ كەتتى، ھەم يەنە ئۆزىدە نېمىشقىدۇر غەلىتە بىر راھەتسىزلىكنى ھېس قىلىپ خۇيى «غۇژژىدە» تۇتۇپ قالدى. «نېمىدېگەن ئاجايىپ بىر ئىنسانمەن - ھە؟ زەررىنىنى ھېچكىم بىلەن چاتىقى يوق، ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلمەيدىغان، روھسىز، جىمغۇر بىر ئايال، دەپ بىئارام بولۇپ يۈرەتتىم. ئۇنىڭ سېپى ئۆزىدىن بىر مودا ئايال بولۇپ چىقىشىغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشقانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھېچقانداق پىداكارلىق كۆرسىتىشتىن قاچمىغانىدىم. ھالبۇكى، مانا ئەمدى ئۇ دەل مېنىڭ دېگىنىمدەك بىرھالغا كەلگىنىدە، نېمىشقىدۇر خۇيۇم تۇتۇۋاتىدۇ. بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭدىن نېمە كۈتىدىغانلىقىمنى ئۆزۈمۇ ياخشى بىلمىسەم كېرەك...»

ئۇ بۇ قارىمۇقارشى ھېسسىياتىنى ئۇنىڭغا سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن زەررىن بىلەن سائەتلەرچە تانسا ئوينىدى، كۈلۈشتى ۋە پاراڭلاشتى. ئەمما ئۆزىدىن ھېچبىر رازى ئەمەس ئىدى.

# 12

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۆيلىرىنىڭ بوغۇزغا قارايدىغان كەڭ بالكونىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتاتتى. ئالدىلىرىدا دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن بىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ياز ئايلىرىنىڭ جانغا راھەت سالىدىغان شامىلى يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ تۇراتتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى روھلىرىغىچە سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى.

زەررىن ئېرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ بەك خۇشال ئىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن بىر راھەتلىك، بىر سۈكۈنات ھېس قىلماقتا ئىدى. خىزمەتچى چاي پەتنۇسلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جىھاتقا يېقىن كەلدى ۋە ناھايىتى سەممىي بىر تەلەپپۇز بىلەن دېدى:

— مەن بەك بەختلىكمەن، جىھات.

بۇ سۆزلەرنى ئۇ تۇنجى قېتىم ئېغىزىدىن چىقىرىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، توي قىلغان كۈندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئېرىگە بۇنچىۋالا يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

دەسلەپكى ئايلاردا بىر ـ بىرىنى ياخشى چۈشىنەلمەي، بىر ـ بىرىدىن خاپا بولۇپ يۈرۈشكەن بولسىمۇ، بۇ ئاخىرقى ھەپتىلەر ئۇلار ئۈچۈن شېرىن ئاي بولۇپ قالغانىدى. ئىككىسىلا بىر ـ بىرىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

جىھات خوتۇنىنى ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سۆيگەندىن كېيىن:

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى، — سېنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەنلىكى ئىشنى قىلىمەن. دېگىنە،

نېمىنى خالايسەن؟ قايتىدىن يەنە بىر ساياھەتكە چىقايلىمۇ؟ ساڭا يېڭى - يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرەيمۇ؟ ساڭا مەخسۇس بىر ماشىنا ئېلىپ بېرەيمۇ؟ ئۇنى سەن ئۆزۈڭ ھەيدەيسەن. ئېيتقىنا، نېمە قىلىپ بېرەي ساڭا، جېنىم؟

— ھېچنېمە قىلىپ بەرمە جىھات. ماڭا ھەممە نېمىنى مەن خالىغىنىمدىن ئارتۇق قىلىپ بېرىۋاتىسەن. باشقا ھېچقانداق ئارزۇيۇم يوق. پەقەت خۇداغا يالۋۇرايكى، خۇدايىم بۇ سائادىتىمىزنى بۇزمىسۇن. سەن مېنى ھەرقاچان بۈگۈنكىدەك سۆيگىن.

ئۇزاقتىن بىر يولۇچىلار پاراخوتىنىڭ گۇدۇكى ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىنلا پاراخوتنىڭ ئۆزى كۆرۈندى. پاراخوت پورتقا يېقىنلىشىۋېدى، يولۇچىلار چۇشۇشكە باشلىدى.

— ئاي بالدۇرلا تۇغىدىكەن. ئىككىمىز يالغۇزلا بىر قېيىق سەيلىسى قىلالايلىمۇ زەررىن؟ ئاستا - ئاستا ھەيدەپ يېڭىكۆيگە، ھەتتا ئەمىرگانغىچە بېرىپ كېلەيلى.

ئۇلار قېيىقتا بىر ئېغىزمۇ پاراڭ قىلىشماي يانمۇيان ئولتۇرۇشاتتى. بىر - بىرىگە چىڭ يۆلىنىپ مۇنداق ئولتۇرۇش بىلەن، قەلبىدىكى يېقىنلىق ھېسلىرى بىر - بىرىگە خۇددى ئېلېكتىر ئېقىمىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مۇنداق دەقىقىلەردە ھەرقانداق شېرىن گەپ - سۆزلەر ئارتۇقلۇق قىلاتتى.

ئاي كانلىجانىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنگىنىدە ئۇلار قېيىقنى توختىتىشتى. ئاينىڭ شولىسىدىن تامچىغان كۈمۈشتەك ئاپئاق دانچىلار سۇنىڭ ئۈستىدە جىمىر - جىمىر پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇلار بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ئۇزاققىچە تاماشا قىلىشتى.

— بۈگۈن كەچلىك تاماقنى يەنە مېھمانسارايدا يەيلىچۇ، خوتۇن. يەنە تانسا ئوينايلى، كۆڭلىمىزنى ئاچايلى. بىز ياشقۇ تېخى، ياشلىقىمىزنىڭ قەدرىنى بىلەيلى.

شۇنداق، ئۇلار تېخى ياش ئىدى. زەررىن ئېرىگە قاراپ تۇرۇپ، يېشىدىن ئاۋۋال پىشىپ يېتىلگەن ھېسلىرى بىلەن ئۆز -

ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئۇ ھەقىقەتەن بەك ياش. ئۇنىڭ بەزى ئوي - خىياللىرى ۋە مۇبالىغىلىك قاراشلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك. يىللار ئۆتكەنسېرى بەلكى ئۇمۇ پىشىپ - يېتىشىپ ئۆ- زىنى توختىتىۋالار...»

جىھات ئۇنىڭ جاۋاب بەرمەستىن خىيالچان ھالدا ئەتراپنى تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولىنى تۇتتى:

— شۇنداق قىلايلىمۇ؟

— نېمىنى دەيسەن جىھات ؟

— تاماقنى مېھمانسارايدا يەيلى دەيمەن. سەن يەنە ئۆتكەن ھەپتە ئاخشامدىكىدەك ئوخشاش چىرايلىق گىرىم قىلىپ، چى- رايلىق كىيىنگىن. ھەممە كىشى «بۇ چىرايلىق ئايال كىمدۇ؟» دېيىشىپ، بىر - بىرلىرىدىن پىچىر - پىچىر سورىغىلى تۇر- سۇن. ئاندىن سەن بىر شاھ قىزى كەبى سەلتەنىتىڭ بىلەن ئەت- راپىڭغا شۇنداق بىر قارىۋېتىپ، ئۇدۇل مېنىڭ ئۈستىلىمگە كەلگىن. ئۇ چاغدا پىچىرلاشلار توختىسۇن. ئاۋازلار بېسىقسۇن. زالدىكىلەر بولسا: «بۇ چىرايلىق ئايال جىھات باغدادلىقنىڭ خو- تۇنى ئىكەن - دە» دېيىشىپ قالسۇن. شۇنىڭ بىلەن سەن ماڭا يېقىنلاش، يالغۇز مېنىڭلا بول.

تېخى بىر مىنۇت ئاۋۋالقى چۈشەنچىلىرىگە زىت كېلىۋاتقان بۇ سۆزلەرگە زەررىن تاتلىقىنە كۈلۈپ قويدى ۋە:

— سەن تېخى بالا جۇمۇ جىھات... ھەقىقەتەن، سەن تېخى چوڭ بولماپسەن، — دېدى.

لېكىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياش ئايال ئۇشتۇمتۇت يۈرىكىنىڭ نېمىشقىدۇر سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. يۈرىكى گويا كۆكرەك قەپىزى ئىچىدە قاتتىق ئې- زىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، نەپەسمۇ ئالالماي قالدى:

— جىھات، بۇ ئاخشام ئۆيدە قالايلى بولامدۇ؟ — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن جېنىم؟ — ئۇ سۆزلەۋېتىپ خوتۇنىنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، تەكرار سورىدى، — نېمە ئۈچۈن مېنىڭ

گۈزەل پەرى خوتۇنۇم؟
— بىلمەيمەن، ئاجايىپ بولۇپ كېتىۋاتىمەن.
— قانداق بولۇپ كېتىۋاتىسەن؟
— بىردىنلا يۈرىكىم سىقىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. بېشىمغىمۇ بىر ئاغرىق كىرىۋالدى. بەلكى دېڭىز سوغۇقى تەگكەندۇ ياكى سۈتتەك ئايدىڭ...
ئۇ چاقچاق قىلماقچى بولغانىدى، قاملاشتۇرالمىدى. ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، كىرپىكلىرىنىڭ ئۇچلىرى نەملىشىشكە باشلىغانىدى.
— قورقۇۋاتىمەن، جىھات... ئىچىمگە ئاجايىپ بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى.
ياش يىگىت ئۇنى قۇچاقلىۋالدى:
— قورقما سۆيۈملۈكۈم، مانا مەن يېنىڭدىغۇ. ئاھ، مېنىڭ ئاچچىقى يامان خوتۇنۇم. بىرئاز ئاۋۋال ماڭا «كىچىك بالىسەن» دېگەنىدىڭ. ئەمما سەن راستتىنلا بىر بوۋاقسەن، سەۋەبسىزلا قورقامدىكىنا كىشى؟
— ھېچ بىلمىدىم... توغرا دەيسەن... ياق، بەلكى سەۋەبسىزمۇ ئەمەستۇ؟
— نېمە؟ نېمە بولغانىدى، سۆزلىسەڭچۇ زەررىن.
— بىر ئىشقۇ بولغىنى يوق، — ئۇ كۈلۈشكە تىرىشتى، ئەمما كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.
— ئالاھىدە بىر ئىشقۇ يوق. ئەمما دادامدىن بىر ھەپتىدىن بېرى خەۋەر ئالالمىدىم. ئاخىرقى خېتىدە ماڭا چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىنى يازغانىدى.
— بەك ئىشلەپ كەتتى بەلكىم.
— ھەئە، ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتمەسلىكىنى شۇنچە تاپىلاپ تۇرساممۇ قۇلاق سالمايدۇ. يالغۇزلۇقتىن ئىچى پۇشىدۇ بىچارە دادامنىڭ... شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۆزىنى ئىشقا بەك ئۇرۇپ كېتىدۇ. مەنمۇ قانچە ئاي بولدى، ئۇنى يوقلاپ بارالمىدىم.

— سەن ئەمدى ئۆي - ئوچاقلىق بولغان بىر ئايالسەن زەر-
رىن. باشقا مەشغۇلىيەتلىرىڭ ۋە مەجبۇرىيەتلىرىڭ بار. پات -
پات ئۇ يەرگە بارالمايسەن - دە.
زەررىن ئويلىغانلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ئېرىنىڭ
ھەرقاچان بۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلىدىغانلىقىنى، قايسى ۋاقىتتا
قورۇققا بارماقچى بولسا، چوقۇم شۇ ۋاقىتتا باشقا بىر پىروگ-
راما تەييارلاپ، ئۇنى قاراردىن يالتايتىپ قويىدىغانلىقىنى يۇ-
زىدىن - يۇزىگە قانداق دېيەلەيتتى! بۇلارنى دەپ ئولتۇرۇپ يەنە
جېدەللىشىپ قالسۇنمۇ؟ يەنە تالاش - تارتىش قىلىشىپ، مۇنازى-
رە قىلىشىپ بىرەر خاپىلىق چىقىپ قالسۇنمۇ؟ ياق!
— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما زەررىن. ئالدىمىزدىكى ھەپتە
ئىچىدە سېنى قورۇققا يولغا سېلىپ قوياي.
— كېلىدىغان ھەپتە؟
«بەك كېچىكىپ كەتمەسمۇ؟» دەپ سوراشقا تەمشىلىپ، توخ-
تاپ قالدى ۋە يەنە گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.
— قېنى ئەمدى كىيىمىڭنى يۆتكىۋالغىن، ماڭايلى خوتۇنۇم.
زەررىن مېھمانلىق كۆينەكلىرى ئېسىلغان ئىشكاپنىڭ قې-
شىغا كېلىۋېتىپ يەنە تۇرۇپ قالدى.
— ياق، بارمايلى جىھات. بۇ ئاخشامنى ئۆيدە ئۆتكۈزەيلى،
بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە مەخسۇس تانسا كېچىلىكى بار
تۇرسا، تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسىز قالىمىز.
بالدۇرراق قايتارمىز. ئەتە ئەتىگەن ۋاقىچىراق قوپۇپ دەم
ئالارسەن.
ئېرىنىڭ بۇنچىۋالا زورلاپ كېتىشى زەررىننىڭ نېرۋىلىرىنى
جىددىيلەشتۇرۇۋەتتى:
— ئىچىمدە بىر قورقۇنچ بار. چۈشەنمەيۋاتامسەن جېنىم، خا-
لىساڭ سەن يالغۇز بېرىۋەرگىن. ئۆزۈڭ ئويناپ كەلگىن! — دېدى.
بۇ ئورۇنسىز قورقۇش، بولۇپمۇ ئاخىرقى تەكلىپ جىھاتنىڭ
ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋەتكەندى.

— بېشىمىزغا يەنە ئورۇنسىز ۋەھىمىلەرنى سالماقچىمۇ
سەن؟ ماقۇل ئەمىسە، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىل.
ئۇنىڭ كەيپى ئۇچقانىدى. تاماقنى ئىشتىھاسىزلا يېدى ۋە
زەررىنىنىڭ بالدۇرراق ياتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، قەھۋە
ئىچىش ۋە بىرقانچە كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن
مېھمانسارايغا كەتتى.
جىھات يېرىم كېچىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە،
ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن ئەر خىزمەتچى ئۇنىڭغا بىر پارچە تې-
لېگرامما بەردى.
— سىزنىڭ كېتىشىڭىز بىلەنلا كەلگەنىدى، ئەپەندىم.
جىھات دەسلەپ بۇنىڭ بىرەر تىجارەت ئىشى بىلەن ئەۋەتىل-
گەن تېلېگرامما بولۇشى مۇمكىنلىكىنى جەزم قىلدى. كېيىنرەك
دەرھال باغدادنى، ئائىلىسىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئەنسىرەپ تۇ-
رۇپ كونۋېرتنى ئاچتى...
تېلېگرامما بۇيۇك چەكمەجەدىن كەلگەنىدى. ئاخىرىسىغا خە-
مىدە كالفانىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى.
«سايىم بەي ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. زەررىن خانىمغا
خەۋەر قىلىپ قويۇشىڭىزنى ۋە دەرھال قورۇققا يېتىپ كېلىشى-
ڭىزلەرنى سورايمەن.»
جىھاتنىڭ ئىچى ناھايىتى قاتتىق سىقىلىشقا باشلىدى. بۇ
ھەرگىزمۇ قېيىنئاتىسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان چۈشىنىشمەسلىك
ۋە رەنجىشلەر ئۈچۈن ئىدى...
«ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئادەمنىڭ ئاغرىش ئۈچۈن تاللىۋالغان
ۋاقتىغا قارىمامدىغان! ئەتە ئەتىگەن ئورنىمىزدىن قوپۇپ ئۇ يەر-
گە قاراپ يولغا چىقىشقا توغرا كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭ كاساپە-
تى بىلەن ئەتە ئاخشام بولىدىغان مەخسۇس تانسا كېچىسىنى
قولدىن بېرىپ قويىدىغان بولدۇق ـ تە. ھالبۇكى، ئۇ كېچە تو-
لىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى. ئۇ كۈنى يۈز بېرىدىغان تاسادىپىي-

لىقلار ۋە باشقا پىلانلار ھەققىدە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇل ـ غانىدى... ئەمدى سەن بۇ يەرنى تاشلىۋېتىپ، سائەتلەرچە ماشىنا بىلەن سەپەر قىل ۋە دوختۇرخانىمۇ دوختۇرخانا ئايلىنىپ يۈر، زەررىنىڭ يىغا ـ زارىنىچۇ تېخى، ئەمدى بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا قانداق يەتكۈزۈش كېرەك؟ ئەسلىدىلا ئاخشامدىن بېرى نېرۋىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە تىت ـ پىرلاپ كېتىۋاتاتتى.

ۋاھالەنكى، شۇ قىزنىڭ ھېسسىياتلىرىنى دېمەمدىغان، بۇ پالاكەتلەرنى قانداقلارچە ئالدىن سىزىۋالغاندۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقلارچە ئالدىنئالا يېرىم بولۇشقا باشلىغاندۇ؟ ئاجايىپلا، ھە ـ قىقەتەن ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق...»

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن پەلەمپەيدىن چىقتى. ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئاستاغىنە ئاچتى.

— سەنمىدىڭ جىھات.

— ھەئە جېنىم، تېخى ئۇخلىمىغانمىدىڭ؟

— ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى. بىرئاز كىتاب ئوقۇپ ھازىرلا ياتـ ـ قانىدىم.

ئۇ ياستۇققا يۆلىنىپ سەل ئۆرە بولدى ۋە ئېرىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ خاپا كۆرۈنۈۋاتىسەنغۇ، بىرەر ئىشقا ئىچىڭ پۇشتىمۇ ـ يا؟

— ياق جېنىم، نەدىكىنى، يات، ئۇخلا تاتلىقىم، مەنمۇ ھا ـ زىرلا ياتىمەن.

لېكىن زەررىن ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى غەلىتىلىكنى سىزىۋالغا ـ نىدى، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ياق، ئېيتقىنا، خۇدا ھەققى، دەپ يەرگىنە جىھات، نېمە بولدى؟ جەزمەن بىر ئىش بولدى. ھېچ شۈبھىسىز، بىلىنىپ تۇ ـ رۇپتۇ. مېنى بەزلىمەكچى بولۇۋاتىسەن، لېكىن مەن چۈشىنىپ بولدۇم. ئېيتساڭچۇ جىھات. قانچىلىك تىت ـ تىت بولۇپ كېتىد ـ

ۋاتقانلىقىمنى بىلمەيۋاتامسىنا؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى. ياش يىگىت خوتۇنىنىڭ بىكاردىن - بىكارغا كۆڭلى يېرىم بولمىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئولتۇردى. قولىنى خوتۇنىنىڭ بېلىگە سېلىپ تۇرۇپ، كۆيۈمچانلىق بىلەن:

— زەررىنىم، مېنىڭ جېنىم، — دېدى.

ئەمما بۇ سۆزلەر زەررىنىگە ئەكس تەسىر بەردى، ئۇ ئېرىنىڭ كاستۇم يانچۇقىغا چوڭقۇرراق سېلىنماي قالغان كونۋېرتنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ھاياجاندىن ۋارقىراپ كەتتى:

— تېلېگرامما كەلگەن ئوخشايدۇ - ھە؟ دادام، دادامغا چوقۇم بىر ئىش بولدى.

ئۇ جىھاتنىڭ توسۇپ قېلىشىغا پۇرسەت بەرمەستىن كونۋېرتنى شارتتىدا تارتتى - دە، تېلېگراممىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— ئاغرىپ قاپتۇ. كېسىلى چوقۇم بەك ئېغىردۇ، بۇنى بىرقانچە كۈندىن بېرى يۈرىكىم تۇيۇۋاتاتتى. يۈرىكىم ھېچقاچان مېنى ئالدىمايدۇ. بىر پالاكەت بولىدىغانلىقىنى سېزىپلا تۇراتتىم. بىچارە دادام، نېمىشقا ئۇنىڭ يېنىدا بولالمىدىم؟ ئاھ خۇدا، ئۇنى كۆرەلمەي قالسامچۇ؟ بۇ چاغقىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟

ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى يوغىناپ كەتكەنىدى. ئەتراپقا قورقۇنچلۇق نەزەردە قارايتتى.

— دەرھال بېرىشىم كېرەك.

— دەرھال بولماس شېكىرىم. بىرقانچە سائەت ساقلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇزاق يولغا چىقىش تەييارلىقى ئۇچۇن شوپۇرغا خەۋەر قىلىۋېتەي، ماشىنا تەييار قىلسۇن. تاڭ ئاتار - ئاتماي يولغا چىقىمىز. ئۆزۈڭنى مۇنچىۋالا قىينىما قوزام. بارغاندا كۆرىسەنكى، داداڭنىڭ كېسىلى ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال زەررىنىم.

جىھات ئۇنى بىر كىچىك بالىغا ئوخشاش سىلاپ - ئەركىلە-

تىپ، مېھىرلىك سۆزلىرى بىلەن تەسەللى بېرىپ، بىرقانچە سائەتنى ئۆتكۈزدى. خوتۇنىغا راستىنىلا ئىچى ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ئۇنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان دادىسىنى كەچۈرەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ مۇنداق سەۋەبلەر بىلەن نېمىشقا بىر ـ بىرىنى خاپا قىلىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمەيتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، چۈشىنىشنى خالىمايتتى. زەررىن دوختۇرمىدى؟ مۇنداق يېرىم كېچىدە جىددىي بىر تېلېگرامما بىلەن ئۇنى چاقىرتسا، ئۇ دادىسىنى داۋالاپ ساقايتىۋالالامتى؟ بىچارە زەررىنگىمۇ ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ بۇ شەخسىيەتچى ئىنسانلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى نېمىشقا مۇنچىۋالا زېدە قىلىدىغاندۇ؟

جىھات شەخسىيەتچىلىكى بىلەن غەلىتە خىياللارغا بېرىلىپ كەتكەنىدى. زەررىن بولسا قانداق قىلسا دادىسىنىڭ قېشىغا تېزرەك بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەندىشە بىلەن تىترەپ ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزدى. ئۇلار شەپەق بىلەن تەڭ يولغا چىقىشتى.

## 13

تىرابىيادىن بۇيۇك چەكمەجەگە ئەڭ ئېسىل بىر ماشىنا بىلەن يولغا چىققان بولسىمۇ، بۇ كۆڭۈلسىز بىر سەپەر بولۇۋاتاتتى: بىر كېچە ئۇخلىمىغان جىھات بۇ سەپەرنى ئۇيقۇ بىلەنلا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. زەررىن بولسا پۈتۈن بەدىنى ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان، كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان ھالدا ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە قارىغۇسى كەلمەي ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك ھاياجانلانغان، تەشۋىشلەنگەن ۋە ئالدىراپ كېتىۋاتقانىدىكى، ئەگەر ماشىنا بىر مىنۇت توختاپ قالسىلا، شۇئان ئالدىغا قاراپ يۈگۈرگۈسى كېلەتتى. ياستۇقلارغا بەكرەك يۆلىنىپ، ئارام ئالغۇسى كەلسە، گويا ماشىنا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغاندەك ئورۇندۇقتا تىك ئولتۇراتتى. ئېرىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئارىدا بىر شوپۇرغا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئاستاغىنە:

— قوزام مەھمەت، تېزرەك ھەيدىسەڭچۇ، — دەيتتى. بۇنىڭغا قارشى، جىھات بولسا پات - پات كۆزىنى ئېچىپ:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ مەھمەت؟ بۇ قانداق سۈرئەت؟ — دەيتتى.

ھەتتا بىرچاغدا يېرىم ئاچچىقلانغان، يېرىم ھەزىل قىلغان بىر ئاۋازى بىلەن:

— ساڭا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي جۇمۇ مەھمەت، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىغانىدى ئۇ، — پارىژدا بىر ئادەم پويىزغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن بەك ئالدىراپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۆزى ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ شوپۇرىغا پات - پات تېخىمۇ تېزرەك ھەيدىشى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ

كېتىۋاتقان شوپۇر ئاخىر يولۇچىدىن سوراپتۇ: «سىز ۋوگزالغا بارماقچى، شۇنداقمۇ؟»، «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يولۇچى. «پويىزغا يېتىشمەكچى ۋە يولغا چىقماقچى، شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ يەنە. «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يولۇچى يەنە. «ئۇنداق بولسا سىز گەپ قىلماي ئولتۇرۇڭ. مەن سىزنى ۋوگزالغا ئاپىرىپ، پويىزغا چوقۇم يېتىشتۈرۈپ قوياي، ئەگەر سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرىپ، ئۆلچەمدىن ئارتۇق سۈرئەتتە ماشىنا ھەيدىسەم، ۋوگزالغا ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانىغا بېرىپ قالىمىز ياكى قەبرىستانغا...»

شوپۇر خوجايىنىنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپلا قويۇپ، باشقا بىرنېمە دېمىدى. ئەمما زەررىن ئاچچىقلاپ قالدى. قاپىقىنى بىر تۈرۈۋالغىنىچە ئىككىنچىلەپ ئۇنىنى چىقارمىدى. جىھات ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ ئارامخۇدا ئۇيقۇغا كەتتى. ماشىنا تاكى قورۇققا كېلىپ توختىغاندىلا ئاندىن كۆزىنى ئاچتى.

بۇ يەردە تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كىشى بەدرى پاشا بولدى. چۈنكى ئۇ كىشى بۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىكەن. زەررىن ماشىنىدىن چۈشەر - چۈشمەستىنلا پاشا ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— خۇش كەپسەن قىزىم.

ئۇ زەررىننىڭ قولىنى بىر دادىلىق مېھرى بىلەن چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ھېچ قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى. زەررىن بولسا ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، تېزرەك ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى سەزگەن پاشا ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— جەسۇر بولغىن قوزام. غەيرەتلىك بولغىن، — دېيىشتىن باشقا سۆز تاپالماي قالدى. بۇ ياشنىپ قالغان ھەربىينىڭ تىترەپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ۋە غەمكىن قاراشلىرى زەررىنگە دەھشەتلىك بىر ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. شۇئان زەررىننىڭ كۆكسىدىن بوغۇق بىر پەرياد كۆتۈرۈلدى:

— دادام ئۆلۈپ كېتىپتۇ ـ دە! يا رەببىم، دادىسىز قالدىم. جېنىم دادام!

بەدرى پاشا بىرلىكتە جەڭ قىلغان دوستى سايىم بەينى ئۆز قېرىندىشىدەك ياخشى كۆرەتتى. زەررىنىمۇ ئۇنىڭ ئېتىكىگە تۇغۇلغاندەك، كىچىكىدىن باشلاپ ئەركىلىتىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇنىڭغا ھەردائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. ھازىرمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ خوتۇنى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا زەررىن ئۇنىڭ ئۆز تۇغقىنى ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇ يېقىنلىقتىن جاسارەت ئېلىپ ياش ئايالنىڭ مۈرىلىرىنى سىلىدى:

— ئۆلۈم ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر، قىزىم. ھەممىمىز بىر كۈنى ئۇ يولدىن ئۆتىمىز. كۆڭلۈڭنى بۇنچىۋالا يېرىم قىلما. ئۆزۈڭنى بەك ئۇپراتما! بولمىسا داداڭنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويىسەن. ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئۇنى داۋالىتىپ ساقايتىۋېلىش ئۈچۈن قىلمىغىنىمىز قالمىدى. ئەمما بۇ قېتىمقى زەربە بەك ئۇشتۇمتۇت ۋە بەك قاتتىق بولدى.

— دادام قاچان ئاغرىپ قالغانتى؟ ماڭا نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟ — زەررىن لۆمۈلدەپ ياش ئېقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى. ئەمما ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئېمىكئانىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ تېخىمۇ ئەدەپ يىغلىشىشقا باشلىدى. كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— گەپ قىلساڭچۇ ئېمىكئانا، ماڭا نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭ؟

— خەۋەر قىلغۇدەك ۋاقىتمۇ بولمىدى بالام. داداڭ بىرقانچە كۈندىن بېرى بىرئاز چارچاپ قالغاندەك قىلىۋاتاتتى. مانا شۇنچىلىكلا...

— يېتىپ قالغانمىدى؟

— شۇ ئىككى كۈندىن بېرى ياتقىدىن چىقماي ئارام

ئېلىۋاتاتتى.

— مانا مۇشۇنى ماڭا خەۋەر قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، ئېمىك-ئانا...

— ۋايجان قىزىم، ھېچبىر ئىش يوقتى دېدىمغۇ ساڭا. بۇرنىمۇ سۆيۈلۈپ قالمىغانىدى، كارىۋاتتا كىتاب ئوقۇپ ياتاتتى شۇ...

— مېنى كەلسۇن دېمىدىمۇ؟

— ياق، دەل ئەكسىچە، مەن بىر قېتىم سېنى چاقىرتماقچى بولغانىدىم. ئەمما خاپا بولۇپ، خەۋەر قىلغىلى قويمىدى. چۈنكى سېنىڭ ئارامىڭنى بۇزۇشنى خالىمايتتى. قارىماققا بىرەر ئاغرىقى باردەكمۇ قىلمايتتى. پەقەت بىرئاز سارغىيىپ قالغانىدى، مانا مۇشۇنچىلىكلا...

— قاچان تۈگەپ كەتتى؟

— تۈنۈگۈن چۈشلەردە...

— يېنىدا بىركىم بارمىدى؟

— مەن ياتىقىدا ئىدىم قىزىم، پاراڭلىشىۋاتاتتۇق، بىردىنلا ئۆيقۇسى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، يانغا ئۆرۈلۈپ ياتقانىدى. چىد-قىشىمغىلا بىر ئاۋاز ئاڭلاپ قالدىم، ئارقامغا ياندىم. ھەممە ئىش تۈگىگەنىدى.

— بىچارە دادام، ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرەلمەي قالدىم -دە، بىلمەيتىمەن. بۇ نېمىدېگەن مۇدھىش بىر بالا - قازا، ئېي-مىكئانا...

ئۇ يىغلايتتى، ئۆكسۈيتتى. ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە ئىچكى-رىگە ئېلىپ كىرىپ، بىر دىۋانغا ياتقۇزۇپ قويۇشتى.

شۇ ئەسنادا جىھات ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغاندەك بىر ئىش قىلىپ قويدى: خوتۇنى گويا ئۆزىگە نىسبەتەن يات بىر كىشى ئىدى. بۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ئېمىكئانىغا تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بىرنېمە دېيەلمەيۋاتاتتى. پەقەت زەررىن ھارغىچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا

كەلدى:

— ئاغرىپ قالىسەن ئۇمىقىم. بۇنداق يىغلاۋەرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ۋە خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن ئىپادىسىز قاراشلىرىدىن قېچىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

جىھاتنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق، ئۆز دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى، ھەتتا ئازراق يىغلىغانىدى. دادىسىنى ياخشى كۆرمەيتتى ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭچە بۇ دەرىجىدە يىغا ـ زارە قىلىش، قىيا ـ چىيا قىلىش، ئايلىنىپ قېلىش، ھوشىغا كېلىش ۋەھاكازالار بەك ئارتۇقچە ئىدى. زەررىن ھەرقاچانقىدەك تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىپ باراتتى. «ئۇنىڭغا گەپ قىلسام ئاچچىقى كېلىپ قالار، تەتۈرلۈك قىلىپ كېتەر، ئەڭ ياخشىسى مەيلىگە قويۇپ بېرەي.»

جىھات بۇ قارار بىلەن ئۆيدىن چىقتى. ئاۋۋال باغچىدا، كېيىن ئورمانلىقتا سەيلە قىلىپ يۈردى. بىر ئالدىغا ـ بىر كەينىگە مېڭىپ يۈرۈپ، كۆل بويىدا بېلىق تۇتۇۋاتقانلارنى تاماشا قىلدى. ۋاقىت بەك ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۆيگە قايتقىنىدا جىنازىنى چىقىرىدىغان جامائەت ھويلىغا توپلىنىپ بولغانىدى. ئۇمۇ ئارىغا قېتىلدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشاتتى: «بىر قورۇق باشقۇرغۇچىسىنىڭ جىنازىسىنى چىقىرىشتا بىر پاشا، نۇرغۇنلىغان ھەربىي ۋە مەن، يەنى باغداد مۆتىۋەرلىرىدىن جىھات... ئۇنى بىر ئاز ئارتۇقچە ئەتىۋارلاپ كېتىۋاتىمىزغۇ دەيمەن. ئاجايىپ تەلەيلىك ئادەم ئىكەن.»

ئۇ بۇنىڭ شەخسىيەتچىلىك بىلەن تولغان ناھەق پىكىرلەر ئىكەنلىكىنى قىلچىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەردى ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئادەمنى دەپ، ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان تانسا كېچىسىدىكى كۆڭۈللۈك ئويۇن تاماشاسىنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقانلىقىدا ئىدى.

زەررىن بەك بىچارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆزىنى دۇنيانىڭ ئەڭ بەختسىز كىشىلىرىدىن بىرى دەپ قاراۋاتاتتى. چۈنكى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. مېيىت ئۇزىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىر دىۋاننىڭ بولۇڭىغا يىقىلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ گويا سۇنۇپ كەتكەن بىر ئورۇندۇققا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆڭلىدە ئاجايىپ چوڭ بىر بوشلۇق ھاسىل بولغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى، ئەمما بۇ بوش- لۇقنىڭ ئارقا تەرىپىدىن پۈتكۈل بالىلىق چاغلىرىنى كۆرۈۋاتات- تى، ئۇنتۇلغان خاتىرىلىرىنى جانلاندۇرۇۋاتاتتى. بەزى ئىنچىكە تەپسىلاتلاردا بىردەم توختاپ قالاتتى. ئەسلىدە بۇ ئىنچىكە تەپ- سىلاتلار، بۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ ئەمدى يوقالغانلىقىدىن يىغلا- ۋاتاتتى.

ئۇ شۇنداق تۈگىشىپ كەتكەنىدىكى، جىھات ئۇنى قايتا كۆر- گىنىدە قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە چوڭقۇر ئېچىندى ۋە ئاس- تا كېلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى:

— ئەمدى يىغلىما، شېكىرىم. ماڭا قارىغىنە، ماڭا قاراپ تۇ- رۇپ بىر كۈلگىنە، زەررىنىم. سېنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ چىداپ تۇرالمايۋاتىمەن، قوزام. يىغلىما جېنىم، كۆزلىرىڭ بەك ئىششىپ كېتىپتۇ. ئۇۋال ئەمەسمۇ ساڭا؟

ئۇ ئىختىيارسىز خوتۇنىنىڭ بىرئاز سەتلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ بىردىنلا يەنە، مۇشۇنداق ۋاقىتتا خوتۇ- نىنىڭ چىرايى بىلەنلا قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى. شۇڭا دەرھال ئۆزىنى تۈزىۋېلىپ:

— گېپىمگە قۇلاق سال زەررىنىم، سېنىڭ ئازابلىنىۋاتقان- لىقىڭنى، بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىڭنى بىلىمەن. قايغۇ - ھەسرىتىڭنى چۈشىنىمەن. لېكىن ئامالىمىز يوق. خۇدانىڭ ئەم- رى بۇ. داداڭ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما مەن بارغۇ... مېنى ئويلىغىنە سۆيۈملۈكۈم، بۇنىڭدىن كېيىن داداڭ، ئاناڭ، ھەممە نېمەڭ مەن بولىمەن...

ياش ئايال ئاچچىق كۈلدى:

— ياق جىھات، مۇنداق دادىنىڭ ئورنىنى ھېچكىم تولدۇرال-
مايدۇ. سېنىڭ ئورنۇڭ باشقا، ئۇنىڭ ئورنى باشقا... مېنىڭ دادام
دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ پىداكار، ئەڭ كۆيۈمچان ئادىمى ئىدى.
ماڭا بەختىيار بىر بالىلىق دەۋرى بەخش ئەتكەنىدى، مېنىڭ ئۇ-
چۇن ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنىدى. بىلمەيسەن، بىلەل-
مەسسەن بۇنى... بۇ پىداكارلىقلىرىغا جاۋابەن مەن ئۇنىڭغا ھېچ-
نېمە قىلىپ بېرەلمىدىم. ھەتتا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەڭ ئاخىرقى
ۋەزىپەمنىمۇ ئادا قىلالمىدىم. يېنىغا كېلىپ تۇرالمىدىم، يوقلى-
يالمىدىم، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق بىر ئىش بۇ، پەرۋەردىگارىم!
ئۇ يەنە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. جىھات
ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. تېخىچە خوتۇنىنىڭ قەلب تۆرىنى
ئىشغال قىلالمىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۇنى ساراڭ قىلىۋاتاتتى.
ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمدىن ئۇنى قىزغىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدى
ئۇنىڭ خاتىرىلىرى، ئەسلىمىلىرى دائىم ئارىمىزغا كىرىۋالىدى-
غان بولدى، بۇ پەردە ياشايدىغان بولدى، دەپ قاراۋاتاتتى. شۇڭا
بىرەر قاتتىق گەپ قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چىشىنى چىشىغا
چىڭ باستى. بۇ مىنۇتلاردا زەررىنىنىڭ كىچىككىنە بىر ئېغىز
سۆزدىنمۇ رەنجىپ قالىدىغانلىقىنى، ئاندىن بۇنى دائىم تەگەپ
قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھالبۇكى، ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم
كىشى پەقەت گۈزەل خوتۇنى زەررىنىلا ئىدى...
ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ھېچنېمە بىلەن چاتىقى
يوق ئىدى. ئۇ پەقەت گۈزەل بىر قىزغىنلا ئۆيلەنگەنىدى. ئۇنى
ياخشى كۆرەتتى، ئەنە شۇنچىلىكلا ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى
شەخسىي ئىشلىرى بىلەن كارى يوق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭغىلا كۆ-
ڭۈل بۆلۈشى، ئۇنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىشىنىڭ ئۆزىلا كۇ-
پايە قىلاتتى. شۇڭا مۇشۇنداق ئويلاش بىلەن جىھات ئۆزىنى ھەق-
لىق دەپ قارايتتى. خوتۇنىنىڭ سەممىمىي ھېسسىياتلىرىنى، ئۇ-
رۇق ـ تۇغقانلىرىنى ۋە كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئىككىنچى، ھەتتا
ئۈچىنچى ئورۇنغا قوياتتى. مۇھىمى زەررىن ئاغرىپ قالمىسۇن،

ئاغرىقنىڭ تەسىرىدىن گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتمىسۇن، دەپ
ئويلايتتى. چۈنكى خوتۇنى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى
كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. سەتلىشىپ كەتسە بۇ سۆيگۈسى جەزمەن
سۇسلاپ كېتەتتى، ھەتتا تۈگەپ كېتەتتى.

يېنىدا سەت بىر خوتۇننى ئېلىپ يۈرۈش نەقەدەر نەسلىك!
جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇننى ھېچكىم ياراتمىسا، ئۇ بىرەر
زالغا كىرىپ كەلگىنىدە پۈتكۈل كۆزلەر ھەيرانۇھەس بولۇپ ئۇ-
نىڭغا تىكىلمىسە، قانداق قورقۇنچلۇق بىر ئىش بولار - ھە؟ ياق!
ئۇ مۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى. بۇنداق بولۇشنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق ئىش قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇ زەر-
رىنىڭ يېنىغا يەنە كەلدى:

— جېنىم خوتۇنۇم، قايغۇ - ھەسرەت ئىنسانىنى قېرىتىۋې-
تىدۇ. چىرايلىقنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ساڭا پەقەت خۇشاللىق،
گۈزەللىك، كۈلكىلا يارىشىدۇ. ئۆزۈڭنى مۇنچىۋالا يوقىتىپ قوي-
غۇدەك نېمە بوپتۇ؟ توغرا، داداڭ ئۆلۈپ كەتتى، بۇ بىر بالا - قا-
زا. ئەمما داداڭ قېرىپ قالغانىدى، ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى.
دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى بۇ، ئەمدى ياشاش نۆۋىتى سېنىڭ. مۇئەييەن
ياشنى ياشاپ بولغان ھەركىم مۇقەررەر ئۆلىدۇ. ياشلارنىڭ قې-
رىلار بىلەن بىرلىكتە يەرلىككە كۆمۈلمەيدىغىنى شەك - شۈب-
ھىسىزدۇر. مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇش، مېنىڭ بىلەن بىرلىكتە
ياخشى، راھەت ۋە باياشات بىر ئۆمۈر سۈرۈش ساڭا يېتەرلىك ئە-
مەسمۇ؟ دېگىنە، مەن ساڭا يەنە نېمە قىلىپ بېرەي؟ خالىساڭ ئە-
تىلا بىللە ساياھەتكە چىقايلى. ساڭا پارىژدىن، نيۇيوركتىن قىم-
مەتلىك پەلتۇ، ئالماس، مەرۋايىتلارنى ئېلىپ بېرىمەن، نېمىنى
خالىساڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن. پۇلىمىز بار، بىز تېخى ياش.
بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، بۇ سەۋەبلەر ساڭا كۈچ -
قۇۋۋەت بولۇشى كېرەك. قارا، مەن بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىمنى
سېنىڭ گۈزەللىكىڭدىن ئېلىۋاتىمەن. بۇنداق يىغلاپ، پەرياد چې-
كىپ ئولتۇرساڭ، پارقىراپ تۇرغان تېرىلىرىڭ خۇنۇكلىشىپ،

چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىڭ ئىششىپ، سەتلىشىپ كېتىسەن. ھالبۇكى، چىرايلىق بىر خوتۇن ئۈچۈن، دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس نەرسە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلار يىغلىمايدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا كۈلمەيدۇ، ھەتتا يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە جىق بەدەل تۆلەيدۇ. چۈشىنىۋاتامسەن سۆيۈملۈكۈم؟ بۇنداق ئاچچىقى يامان بالىلىق قىلىقلىرىڭنى تاشلا ئەمدى. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىش. ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان بىر خوتۇنسەن. ماڭا نىسبەتەن بىر يۈرۈش ۋەزىپىلىرىڭنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما! مېنىمۇ ئويلاپ قوي.

جىھات توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ھالبۇكى، مۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەتلىك كۈنلەردە تولىمۇ مەنتىقىسىز ۋە پۈتۈنلەي شەخسىيەتچىلىك بىلەن تولغان بۇ سۆزلەر زەررىنگە ئاجايىپ يامان تەسىر قىلماقتا ئىدى. زەررىن تامامەن شەرتسىز بىر مېھىر ـ شەپقەت ۋە سۆيگۈ كۈتۈۋاتقاندا، ئېرىنىڭ ئۆز سۆيگۈسىنى مۇنداق ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردىن ئۆتكۈزۈپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن ۋۇجۇدىنى، دەردلىك بېشىنى تېخىمۇ ئاغرىتىپ، تېخىمۇ چارچىتىۋەتكەنىدى.

زەررىن بىردىنلا ئاچچىقلاندى، ئەمدى سەۋرى ـ تاقىتى تۈگىگەنىدى. زەررىن ئېلىشىپ قالغاندەك ۋارقىراپ كەتتى:

— دادام ئۆلۈپ كەتتى جىھات! چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ بۇنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەيۋاتامسەن؟ دادام ئۆلدى دەۋاتىمەن ساڭا! بۇ قورقۇنچلۇق ھەقىقەت ئالدىدا سەن نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسەن؟ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟

ئۇنىڭ ياشلىرى قۇرۇپ، كۆز قاراقلىرى چوڭىيىپ كەتكەنىدى. بەدىنى قېتىشىپ، ئېڭەكلىرى جاقىلداپ كېتىۋاتاتتى، مۈرىلىرى سىلكىنىپ تۇراتتى.

جىھات ئاچچىق ئارىلاش بىر چارىسىزلىق ئىچىدە نېمە قى-

لىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت ئۇنىڭدىن نېرىراق تۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ خەمىدە كالفاغا:

— كېلىپ قارىغىنە، زەررىنگە بىرنېمە بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

قېرى تەربىيەچى سۇ، كولانىيا (كولانىيا — ئۆتكۈر پۇراقلىق، نېرۋا تىنچلاندۇرغۇچى ۋە دېزىنفىكسىيە رولىدىكى بىر خىل سۇيۇقلۇق)، سىركە ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىشكىلا ئۇ دالانغا چىقىپ كەتتى ۋە خوتۇنىنىڭ نېرۋىسىدىكى جىددىيچىلىكلىرى بېسىققۇچە، سەۋرسىزلىك بىلەن كۇتۇپ تۇردى. ئۇ بىر جايدا تۇرالمايتتى، ھېلى يۇقىرىغا، ھېلى تۆۋەنگە قاتىراپ يىتىرلايتتى. بۇ پېشكەلچىلىكلەرگە خاپا بولاتتى. گاھ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلگەن ئادەمدىن كۆرەتتى، گاھ ھېسسىياتىنى سەل - پەل بېسىۋېلىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن زەررىنگە قاراپ باقاتتى. بىرچاغدا ئۇنىڭ بىرئاز تىنچلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى - دە، باغچىغا چىقىپ كەتتى. قورۇقتا بۇگۇن غەلىتە بىر بوشلۇق ۋە تەرتىپسىزلىك بار ئىدى. كىشىلەر بىر - بىرلىرى بىلەن تەكەللۇپسىزلا پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۆلۈم بولغان ئۆيگە كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. شۇ ئەسنادا جېھات بەدرى پاشانىمۇ كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال بەزىلەرگە ئاخىرقى ئەمىرلىرىنى بېرىۋاتاتتى. بىرقانچە كۈن ھەممە نېمىنىڭ شۇ پېتىلا تۇرۇپ تۇرۇشىنى سۇلايمان ئەپەندىگە تاپىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ جېھاتنىڭ يىراقتىن ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن ئوغلۇم، ھەممە ئىشىم ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتتى. رەھمەتلىك سايىم بەي ھەم قولۇم، ھەم پۇتۇم ئىدى. بۇ مەيداننى مەيدان قىلغان، بۇ قورۇقنى قورۇق قىلغان ئۇ ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ يەرلەرنى بىر ئەخلەتخانا دېسەممۇ بولىدۇ. ئۆز چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرەلمەيتتى. ھەتتا بىر ۋاقىتلاردا مەن بۇ يەرنى سېتىۋەتمەكچىمۇ بولغانىدىم. ئەنە شۇ

چاغدا سايىم مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. ھەممە ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ مېيىپ پۇتى بىلەن كۈتۈلمىگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنىدى. پولاتتەك چىڭ ئادەم ئىدى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن رەھمەتلىكنىڭ. ۋۇجۇدىغا ئوخشاش مىجەز ـ خاراكتېرىمۇ بەك ساغلام ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنى تېپىش ھەقىقەتەن تەس. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇش بىلەن بىللە، بۇ جەھەتتىمۇ بىر بوشلۇق قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن.

بۇ ئىلتىپاتلىق سۆزلەرنى جىمغىنە تىڭشاپ تۇرغان جىھات بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ:

— پۇتىدىن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئايرىلىپ قالغانىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى.

بەدرى پاشا ھاياجان بىلەن جاۋاب بەردى:

— چاناققەلئەدە بىرلىكتە ئۇرۇش قىلغانىدۇق. ئۇنىڭ پۇتى ئۇ يەردە قېپقالدى. بەك جەسۇر بىر ئەسكەر ئىدى.

— مۇنداق بىر كىشىنىڭ ئاران بىر قورۇق خوجىدارى بولۇپ قالغانلىقى ماڭا غەلىتە تۇيۇلدۇ.

— بۇنىڭ غەلىتە تۇيۇلىدىغان ھېچ تەرىپى يوق ئوغلۇم. سەن تېخى ياش ۋە بايسەن. تۇرمۇشنىڭ ئۇ خىل ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ باقمىدىڭ. مەشھۇر بىر فىرانسوز دىپلوماتىنىڭ دېگىنىدەك، ئۇرۇش يىللىرىنىڭ توكۇر غازىلىرىنىڭ تىنچلىق يىللىرىدا ئاددىي بىر مېيىپتىن پەرقى قالمايدۇ. پېنسىيە مائاشى بىلەن تۇرمۇشنى قامدىيالمايتتى ئۇ بىچارە... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت ئاپىتىگە دۇچ كەلگەنىدى. مۇنداق شارائىت ئاستىدا قىزىنى كۈتكىنىدەك چوڭ قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكى ئۈچۈن، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى.

ئۇ جىھاتنىڭ تېخىچە ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ

قوشۇمچە قىلدى:

— خىزمەتنىڭ ياخشى ـ يامىنى بولمايدۇ، يىگىت. ياشاش ئۈچۈن ھەركىم كۆچىنىڭ يېتىشىچە بىر ئىشلارنى قىلىدۇ. بەزىدە ئەڭ ئاددىي بىر خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەم ئەسلىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئەرباب بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەڭ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئادەم، ئەسلىدە ئۇ ئورۇنغا قىلچە ياراشمايدىغان بىر شەخستىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ سايىم بەي يۇقىرىدىكى بىرىنچى تۈرگە كىرەتتى. ئۇ ھېچقاچان بىر قورۇقنىڭ، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسىدەك ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە بۇ يەرگە جان كىرگۈزگەن بىر ئاگرونوم، بىر رەھبەر، بىر سودىگەردەك قىممەتلىك ئىدى. ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن...

جىھات زېرىكىپ قالدى. ياشىنىپ قالغان ئادەم بۇ سۆزلەرنى بىرئاز مۇبالىغە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. پىكرىگە تۈزىتىش كىرگۈزگىسىمۇ كەلمىدى. پەقەت گەپنى باشقا ياققا يۆتكىۋەتمەكچى بولدى:

— بۇ يىل ئۈزۈم بەك ئوخشايدىغاندەك قىلىدۇ. بايا باغنى ئايلىنىپ چىقتىم. نوتىلار بەك ساغلام كۆرۈنىدۇ.

بەدرى پاشا بۈنىگۈدىن خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى:

— شۇنداق، مەنمۇ كۆردۈم.

— كەچۈرۈڭ، زەررىنىگە بىر قاراپ باقاي. ئاخشاملىققا يولغا چىقىشىمىز كېرەك ئىدى.

بۈنىگۈدىن ئارتۇق ياخشى باھانە تاپالمىغان جىھات شۇنداق دەپلا پاشادىن ئايرىلدى ۋە شوپۇرنى ئىزدىدى. قايتىشىدا يول بويى بەك ئاز پاراڭ سېلىشتى. خوتۇنىنى ئۆز خىياللىرى بىلەن يالغۇز قالدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى. پەقەت ئاخشىمى يېتىشتىن ئاۋۋال:

— زەررىن، — دېدى، — ئەمدى نىشانىتاشقا قايتىپ كېتەيـ
لى. ھاۋامۇ سوۋۇشقا باشلىدى. بوغۇز بۇنىڭدىن كېيىن ئانچە
كۆڭۈللۈك بولمايدۇ.

ياش ئايال مەيۇس ۋە ھارغىنلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئىختىيارىڭ جىھات.

# ئىككىنچى قىسىم

## 1

ئۇلار بىر ئايدىن بېرى نىشانتاشتا تۇرۇۋاتاتتى. دەسلەپكى كۈنلىرى ئۆي كۆچۈرۈش ۋە ئورۇنلىشىش ئىشلىرى بىلەن ئۆتتى. ئۆيدە خىزمەتچىلەرنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا قارىماي، زەررىن كۆپلىگەن ئىشلارنى چوقۇم ئۆزى قىلماقچى بولدى. كۆڭلىدىكى قايغۇ ـ ھەسرىتىنى بىرئاز بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى تالا ـ تۈزگە چىقمايتتى. ئۇنى ھېچكىممۇ يوقلاپ كەلمەيتتى. كەلدى دېگەنلەرمۇ پەقەت بىرقانچە كونا ساۋاقداشلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. جىھاتنىڭ غۇرۇرى خوتۇنىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تونۇشتۇرۇشقا توسقۇن بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى ئاز كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەتتى. بۇرۇن بارلىق ۋاقتى يا كىتاب ئوقۇش، يا ئېرى بىلەن بىرلىكتە سەيلە قىلىش ۋە ياكى ئۆزى يالغۇز بىرەر كىنوغا بېرىش بىلەن ئۆتەتتى. بۇ كۈنلەردە بولسا ئانچە كىتاب ئوقۇمايتتى، جىلە بولۇپلا يۈرەتتى، ئېرى بىلەن سىرتلارغا چىقىشنىمۇ خالىمايتتى، كىنولارغا بېرىشنى ئاغزىغا ئېلىپ قويمايتتى. شۇڭلاشقا ئۆي ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، قولىغا بىرەر تىكىش ياكى توقۇش ئىشى ئېلىپ، سائەتلەرچە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

ئۇ ئېرىدىن بەك خاپا ئىدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قارىتا ئۇنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ كەم ـ كوتسىز بىر شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېرى

بىلەن پاراڭلاشقۇدەك، مۇنازىرىلەشكۈدەك هالى يوق ئىدى. بەك چارچاپ كەتكەنىدى. بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ تېما ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلەيتتى. ھازىرچە ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز بولۇۋېلىشى لازىم ئىدى.

ئۇلار دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قىرىقىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، قايتىدىن قورۇققا كەلدى. ئۇ يەردە مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ مەۋلۇت ئوقۇيتتى. بەدرى پاشاغىمۇ باغاق ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن، جىھاتمۇ بارمىسا بولمايتتى، ئۇنىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خوتۇنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇمۇ ئەمدى زېرىككەنىدى. زەررىنىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشتىن يالتىيىپ قالغانىدى، ئۇنى ئەمدى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرگەنىدى. ئاساسلىقى خوتۇنىنىڭ هازا تۇتۇشى، ئۇنى ئويۇن - تاماشالارغا قاتنىشىشتىن چەكلەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن دەرد - شىكايەت قىلىپ يۇرۇشكە ھەققى يوق ئىدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈنى قورۇقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق بىر ئۆلتىماتوم بەرمەيمۇ تۇرالمىدى:

— ماڭا قارا زەررىن، ئەمدى بولغۇلۇق بوپ بولدى. داداڭغا نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك پۈتۈن ۋەزىپىلىرىڭنى ئۆتەپ بولدۇڭ. ھازىردىن باشلاپ ئاستا - ئاستا نورمال تۇرمۇشقا قايتىشىڭ كېرەك.

بۇ سۆزلەر زەررىنىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى بەرگەن پۈتكۈل قارارلىرىغا قارشى بولۇپ، زەردىسىنى قايىنىتىۋەتتى. نارازى بولغان ھالدا سورىدى:

— نورمال تۇرمۇش دېگىنىڭ نېمە ئۇ جىھات؟

— دېمەكچىمەنكى، ھەرقانداق سورۇنغا قاتنىشىشىڭ كېرەك. زىيارەتلەرگە بېرىشىڭ لازىم.

— ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن بىرقانچە دوستلىرىمنىڭكىگە جەزمەن بارىمەن.

— پەقەت ئۇلارلا كۇپايە قىلمايدۇ.

— خالىساڭ سىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنىڭكىگىمۇ بارارمىز.

بۇ سۆزلەردىكى كىنايە بىر كاچات بولۇپ ياش يىگىتنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن جىھاتنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى - دە، ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى. نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟

جىھات تۇنجى مەرتەم زەررىنىگە قايىل بولدى. ئەمدى ئۇنى ئۆز چىتلىقىدىن چىقىرىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. بۇنىڭ ئورۇنلۇق سەۋەبلىرىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى ۋەزىيەت بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايتتى. بۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنىنى ئاستا - ئاستا دوستلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە تونۇشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇگۈنگىچە ئۇلارنىڭ «نېمىدېگەن كۇنلەمچى بالىسەن جىھات! خوتۇنۇڭنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىسەڭ ئۇتىمايسەن ۋە ھېچكىمنى ئۆيۈڭگە چاقىرمايسەن» دەپ قاقشاشلىرىغا پىسەنت قىلمىغانىدى. ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئۇلارنى ئىشەندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى مەڭگۈ شۇنداق كېتەۋېرىشكە بولمايتتى. زەررىنىمۇ ئەمدى دەل بىر ئېسىلزادە خانىم سىياقىغا كىرگەنىدى. يەنى مۇھىتقا ماسلىشىپ بالىلىق قىلىقلىرىنى تاشلىغانىدى. بۇ كۇنلەردە ئۆزىنى توختىتىپ، پىشىپ يېتىلگەن بىر ئايال بولۇپ قالغانىدى. ياش، چىرايلىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بۇ ئايالنى ئەمدى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشتا ھېچ توسالغۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولغانىكەن، قەتئىي بىر قارارغا كېلىشى، بىرقانچە كۇندىن كېيىن ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپ ئىشنى شۇنىڭدىن باشلىشى كېرەك ئىدى.

دوستلىرىنىڭ دېگىنىدەك، تېخىمۇ ئۇزاق شىرىن ئاي ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋەرمەسلىكى كېرەك ئىدى... كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا خوتۇنىغا قارىدى: ئۇ ئورۇقلاپ، تاتىرىپ كەتكەنىدى، تېخىچە توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرى ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بەك چىرايلىق ئىدى.

«ئۇنىڭغا يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرۈشۈم كېرەك!»

جىھات زەررىنىنىڭ زالـلاردا قانداق چىرايلىق كۆرىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۈلۈمسىرىدى. كەيپى جايىغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ خۇشخۇيلۇقى بىلەن خوتۇنىغا بىرنېمە دېگۈسى كەلدى، ئەمما يەنە يالتىيىپ قالدى. بىرقانچە كۈن كۈتۈپ تۇرغىنى ياخشىراق ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا يول قويغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئورۇنسىز خاپىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

* * *

— شەنبە كۈنى ئاخشىمى بەدرى پاشانىڭكىگە بارايلى ـ ھە زەررىن.

— ماقۇل.

— مەن تېلېفوندا خەۋەر قىلىپ قوياي.

— ئىختىيارىڭ.

— بەلكى يەڭگەم ئۇ كۈنگە كېلىنلىرىنىمۇ چاقىرىپ قويۇشى مۇمكىن. خەۋىرىڭ بولسۇن.

— بۇنى نېمىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىۋاتىسەن؟ قەھرۇنىسا خانىم بىلەن كۆرۈشكەنمىدىڭ ـ يا؟

— ھە... شۇ... ئۆتكەن بىركۈنى ئۇلارنىڭكىگە بارغانىدىم. سەندىن خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىرەر قېتىم كېلىپ قويمىغانلىقىڭنى، شۇ سەۋەبتىن تېخىچە كېلىنلىرى بىلەنمۇ تونۇشتۇرالمىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

زەررىن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. بۇ تېمىدا تارتىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. جىھات ئەمدى يېڭى قارارغا كەلگەنىكەن، كونا ئىشلارنى ئۇنتۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈش، بىھۇدە جېدەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن باشقا ئامال-

مۇ يوق ئىدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى ياخشى نىيەتلىك كۆرۈنەتتى. ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچى يەنە بىر ـ بىرسىگە قارشى خىلمۇخىل كۆڭۈل ئاغرىقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، بىرەر پۇرسەت چىقسىلا بۇ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنىڭ پارتلاپ چىقىدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىز ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.

جىھات مېھمانسارايدا بىر دىۋانغا سىڭايان بولۇپ زەررىنىنىڭ تەييار بولۇپ چىقىشىنى ساقلاۋاتاتتى. بەدرى پاشالارغا سائەت ئۇندا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى دەپ قويغانىدى. سائەت تېخى توققۇز ئىدى. قولىغا بىر پارچە گېزىت ئېلىۋېلىپ سەۋرى ـ تاقەت بىلەن كۈتمەكچى بولدى.

زەررىنىنىڭ ھارغىنلىقى ئاستا ـ ئاستا چىقىۋاتقان بولۇپ، سالامەتلىكى خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى. بۇ ياشتا ئەڭ چوڭ بالا ـ قازا ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ماددىي ئىزلىرى تېزلا ئۆچۈپ كېتىدۇ. زەررىنىنىڭ مەڭزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ، كالپۇكلىرىدىكى ئاق گەزلەر يوقالغانىدى، پەقەت كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە تېخىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر خىل قايغۇ ـ ھەسرەت ئاندا ـ ساندا ئەكسلىنىپ تۇرسىمۇ، لەۋلىرى كۈلۈپ تۇراتتى.

ئەجەبا، تېخىچە دادىسىنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ؟ ئۆزىنى بەختىلىكمەن دەپ قارىغان بولسا، كۆڭۈل ئازابىنى بۇنچىۋالا چوڭقۇر ھېس قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى، جىھات شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداق ئىكەن نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىمىسۇن. راستتىنلا بەختلىك ئەمەسمىدى؟ ياش يىگىت مانا مۇشۇلارغا كەسكىن بىر جاۋاب تاپالماستىن ھەم ئۆزىگە، ھەم خوتۇنغا خاپا ئىدى. چۈنكى بۇ گۈزەل قىزغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ قولىغا كەلگەن بۇ چوڭ نېمەتتىن پايدىلىنىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. خوتۇنىدىن شۇنىڭ ئۈچۈن خاپا ئىدى.

مانا ئەمدى ئالدىلىرىدا يېڭى بىر ساھە ئېچىلدى. زىيارەتلەرگە ئىككىسى بىللە بىرىۋەرسە بولىدىغان بولدى. بۇ بىر سىناق ئىدى. جىھات ئاۋۋالقى قارارىنى ئۆزگەرتىۋالغانىدى. ھازىرچە مۇشۇنداق بەدرى پاشالارنىڭكىگە ۋە يەنە باشقا تېخىمۇ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭكىگە بىر - بىرلەپ ئېلىپ بارماقچى، ئەگەر ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ساھە مەيدانىنى كېڭەيتمەكچىدى. بۇ غەلىتە پىلانىنىڭ خوتۇنى تەرىپىدىن بىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەچكە، ئەركىن ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. ئەمما زەررىنىڭ نازۇك ۋە سەزگۈر قەلبى، ئۆتكۈر ئەقلى بىلەن ھەممە نېمىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن ئېرىنىڭ قىلغانلىرىغا بەك خاپا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمايۋاتاتتى.

بىچارە زەررىن ھەقلىق ئىدى. مەيلى كېيىنىش، مەيلى كىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە تامامەن بىر ئاغچا خېنىملاردەك ھەرىكەت قىلىۋاتقان تۇرسا، ئۇنى ئېرىنىڭ قەدىرلىمەسلىكىگە ئەسلا ئاساسى يوق ئىدى. ئېرىنىڭ بۇ ھاماقەتلەرچە غۇرۇرى بىچارە قىزنىڭ ئىززەت - نەپسىگە ئۇرۇلغان بىر كاچاتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھەركۈنى، ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن تەكرارلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئۇششاق - چۈششەك دارىتمىلار، تاپا - تەنىلەردىن ئەمدى زېرىككەنىدى، تويۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنىلا ئېرىنىڭ باشقا ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ كۆرەڭلىكىنى بەك يامان كۆرۈپ كەتمەي، ئەكسىچە ئۇنتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. بۇلارنى بىر غۇرۇر مەسىلىسى دەپ قاراشتىن ئۆزىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ قېتىممۇ جىھات بەدرى پاشالارنىڭكىگە بارىدىغانلىقىنى دەۋاتقىنىدا، زەررىن بۇنىڭدا چوقۇم بىر يوشۇرۇن پىلانىنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەن، ئەمما ئۇنى ئاشكارىلاشقا ئالدىرىمىغانىدى. بىركۈنلەردە ئۇنىڭمۇ بۇ قىلىقلىرىنى تاشلايدىغانلىقىنى ۋە خوتۇنىنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. «قې-

نى، زالغا بىللە كىرىدىغانمۇ بولارمىز. ئۇ چاغدا مەنمۇ ئېرىم بىلەنلا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋەرمەي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشسام، كۈلۈشۈپ تانسا ئوينىسام، ئۇ چاغدا ئىشىنىمەنكى، جىھاتنىڭ نەزەرىدە قىممىتىم ئاشار، ئۇمۇ مەندىن رازى بولار...» دەپ ئويلايتتى. ئېرىنىڭ ئۆزىگە باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن قاراشقا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ۋە پىكىرلىرىگە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولغاچقا باشقىلار جىھاتنىڭ خوتۇنى بەك قائىدە ــ يوسۇن بىلىدۇ، تەربىيە كۆرگەن، ئەقىللىق، كىيىنىشنى بىلىدىغان بىر ئايال، دەپ تەرىپلەپ بەرسە، جىھاتنىڭمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. «ئۇ چاغدا مەسىلە تۈگەيدۇ. چۈشىنىشۋالىمىز» دەپ ئويلايتتى. بىچارە زەررىن تېخى بەك ساددا بولغاچقا، غۇرۇرىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشقا قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى توغرا پەرەز قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى.

* * *

جىھات كۈتۈۋېرىپ سىقىلغانىدى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا خوتۇنىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— خۇداغا شۈكۈر، تەييارلىنىپ بوپسەن! — دېدى ــ دە، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. ئاخىرى ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— بۇ نېمە ئىش؟ بارمايمىزمۇ؟

زەررىنمۇ بۇ سوئالدىن ھەيران قالغانىدى:

— نېمىشقا بارمايدىكەنمىز؟ قېنى ماڭايلى، — دېدى.

مانا شۇ سۆزدىن كېيىنلا بولىدىغان ئىش بولدى. جىھات ئۆزىنى تۇتالماستىن ۋارقىراپ كەتتى:

— خىيالىڭچە شۇ كىيىمىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارغىلى بولارمۇ؟

ياش چوكان بۇ قېتىم هاڭ ـ تاڭ بولۇپ، تېڭىرقاپ قالدى:
— كىيىمىم ھېچقانداق ئەمەسقۇ؟ بۇ كۆڭلىكىمنى ياراتمىدىڭمۇ؟
— مەن ساڭا بەدرى پاشالارنىڭ ئۆيىدە كېلىنلىرى، كويۇئو ـ غۇللىرى، ھەتتا باشقا مېھمانلىرىمۇ بولىدۇ، دېگەنتىمغۇ؟
— ھەئە.
— كىيىم تېپىلمىغاندەك بۇلارنى تېپىپ كىيدىڭما؟
— ياراتمىدىڭما؟
— ياق!
— قەيەرىنى ياراتمىدىڭ؟
— رەڭگى بەك توق.
— سەن قېنىق يېشىل رەڭلەرنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ جىھات؟...
— شۇنداق. ئەمما كەچلىك مېھماندارچىلىققا كىيىش ئۈچۈن بەك ئاددىي كېلىپ قالىدىغان بىر كۆڭلەكقۇ، بۇ... بەللىرىڭنى سىقىپ تۇرىدىغان، بەك يارىشىملىق بىر كۆڭلىكىڭ بار ئىدىغۇ؟ ئۇنى نېمىشقا كىيمىدىڭ؟ يۈزۈڭگىمۇ ھېچقانداق پەرداز قىلماپسەن. چىرايىڭ بەك تاتىرىپ كېتىپتۇ. ياق، ياق، پەقەتلا چىرايلىق بولماپسەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، شۇ كۆڭلىكىڭنى بىر سىلىۋەتكىن. مەڭزىلىرىڭگە ئەڭلىك، لەۋلىرىڭگە لەۋسۇرۇخ سۇرۇۋالغىن.
جىھات بۇ سۆزلەرنى بىر ئاز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سىلىقراق تەلەپپۇز بىلەن دېگەن بولسا، ياكى خوتۇنىدىن پالانى كىيىمىڭنى كىيسەڭچۇ، دەپ ئۆتۈنگەن بولسا ئىدى، زەررىن مۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى. ئەمما بۇ سۆزلەر شۇنداق قوپال ئېيتىلغاچقا، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بەك كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.
— بۇ كۆڭلىكىمنى سېلىۋەتمەيمەن. يۈزلىرىمگىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق پەرداز قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. كىيىنىشىمنى ياراتمىغان بولساڭ ئۆزۈڭ يالغۇز بېرىۋەر. پەقەتلا قىلىپ باقمىغان

ئىشنىڭ ئەمەسقۇ بۇ...

— نېمە دېمەكچىسەن زەررىن؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، مەن سەھنىگە چىقىش ئۈچۈن تەييارلانمىدىم. ئۆي ئىچىدىكى، ئادەتتىكى بىر تۇغقان يوقلاش زىيارىتى ئۈچۈن بۇ كۆڭلىكىمنى بەك مۇۋاپىق كۆردۈم. سەن ياراتمىغان بولساڭ پاشالارنىڭكىگە ئۆزۈڭ يالغۇز بارغىن. چۈنكى بۇ كۆڭلىكىمنى ئالماشتۇرمايمەن.

— سېنىڭ يېشىڭدىكى بىر ئىنسان دائىما جەلپكار رەڭلەرنى كىيىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى لازىم.

— بىر كىنو چولپىنىغا ئوخشاش، شۇنداقمۇ؟

جىهاتنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. زەررىن ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيىشكە پۇرسەت بەرمەستىنلا سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى:

— ئەمما ئۇلارنىڭمۇ ئادەتتە، يەنە فىلىم ئىشلىمىگەن چاغلىرىدا بەك ئاددىي ۋە ئۆزى خالىغان رەڭلەردىكى كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ سەن ھەممە ئىشنى مەنلا بىلىمەن، دەپ ئويلامسەن؟ ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىش كېچىسىدىكى كەچلىك مېھماندارچىلىقتا سەن دېگەن ئۇ خىل رەڭلەردە كىيىم كىيىدىغان ئاياللارمۇ بەك ئاز ئۇچرايدۇ. سەن مېنىڭ چوقۇم ھەركىمدىن پەرقلىق، غەلىتە كىيىم كىيىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىمنى ئۈمىد قىلساڭ، بۇنى ئەمدى قوبۇل قىلالمايمەن، جىهات. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام تۈگەپ كەتكىلى تېخى ئۇزۇن بولمىدى. مۇنداق ئەھۋالدا قېنىق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشىم تېخىمۇ مۇناسىپ بولار.

باشقا بىر باھانە تاپالماي تۇرغان ياش يىگىت دەرھال بۇ ئاخىرقى سەۋەبنى تۇتۇۋېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— يەنە شۇ ئۆلۈمنى ئاغزىڭغا ئېلىۋاتامسەن؟ بىزدە ماتەم دېگەن نېمىنىڭ يوقلۇقىنى بىلمەمسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى سايىم بەي تۇرسا، شۇنداقمۇ؟
ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قادىلىشىپ قالدى. ئىككىسىنىڭلا ئەلپازى ئاجايىپ يامان ئىدى.
— شۇنداق... قىلمىدىغان يەنە باشقا گېپىڭ بارمۇ؟
— مەن بەدرى پاشالارنىڭكىگە بارمايمەن. گېپىم مانا مۇشۇ.
— بۇ ئاخشام ئۇ يەرگە بارمىساڭ، مەنمۇ ئەمدى ئىككىنچىلەپ سېنىڭ بىلەن بىر يەرگە بارمايمەن.
— بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنى چۈشۈرۈپ بولسىمۇ خوتۇنىڭىزنى بىرەر دوستىڭىزغا تونۇشتۇرۇپ باققانمىدىڭىز جىھات ئەپەندى؟ كەچۈرۈڭ، جىھات باغدادلىق بەي ئەپەندى؟
— ئۆزۈڭچە ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتامسەن تېخى؟
— يوقسۇ، پەقەت پىكىرلىرىڭنى تەكرارلاۋاتىمەن، خالاس!
— ساڭا قىلغانلىرىمدىن مىننەتدار بولۇشنىڭ ئورنىغا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتامسىنا؟
— مىننەتدار بولۇش ئۈچۈن بىرەر سەۋەبمۇ يوق. ماڭا ئۆيلەنمەكچى بولدۇڭ، مەنمۇ قوبۇل قىلدىم. سېنىڭ پۇلۇڭ بولسا، مېنىڭ ياشلىقىم، گۈزەللىكىم بار ئىدى. ھەرھالدا ئولتۇرۇپ قالماستىم. مېنى ئالغۇدەك بىرەر ئەر چىقاردى. مۇبادا بۇنىڭ ئەكسىنى تەسەۋۋۇر قىلساڭمۇ، يەنىلا سېنىڭ توي قىلغان كۈنىڭىزدىن بېرى ماڭا قىلىۋاتقان بۇ مۇئامىلىلىرىڭ مېنى زېرىكتۇرۇپ قويۇشقا يېتىپ ئاشار.
— بەس! چۈشىنىشلىك بولدى... مەن كېتىۋېرەي، بەدرى پاشاغا سېنىڭ ئۈشتۈمتۇت ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى ئېيتاي.
— يالغان سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى بار! بۇنىڭدىن بۇرۇن مەنسىز بارغان يەرلىرىڭدە نېمىدېگەن بولساڭ، يەنە شۇ باھانىلەرنى بايان قىلارسەن. خوش ئەمىسە، ياخشى ئويناپ كەل.
زەررىن بۇ گەپلەردىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىككى - ئۈچ مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي دەرۋازا

جاڭگىدە تاقالدى. پىكاپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. جىھات كەتكەنىدى.

بۇ چاغدا زەررىن تۇجۇپىلەپ تۇرۇپ كىيگەن كۆڭلىكىنى
جىلى بولغان ھالدا يىرتىۋېتىدىغاندەك قىلىپ سىلىۋېتىپ، بىر
ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. يۈز - كۆزىدىكى گىرىملىرىنى
يۇيۇۋېتىپ، چاچلىرىنى تارىغاچ ئەينەكتىكى ئۆزىگە سەپسالدى:
كۆزلىرى قوپقۇرۇق، لەۋلىرى ھەم يۇمۇلغان، بۇرۇن تۆشۈكلىرى
غەزەپتىن بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىپ تۇرسىمۇ يەنىلا بەك گۈ-
زەل ئىدى. بۇ گۈزەللىكىنى مۇشۇنداق سولدۇرۇۋېتەرمۇ؟ «ئىس-
سىت، ئىسىت ماڭا!»

ئۇ يىپەك تور تۇتۇلغان ھاۋارەڭ كېچىلىك كىيىمىنى كىيد-
ۋاتقىنىدا كۆكسىدىن بىر پەريات كۆتۈرۈلدى. مۇشتۇمىنى تۈگ-
دى، لامپىنى ئۆچۈرۈپ يوتقىنىغا كىردى.

ئۇ ئويغا چۆكتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ جىھاتنى يولغا
كىرگۈزۈش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللىنىش لازىم؟ ئۇنىڭ غو-
رۇرىنى سىلاپ - سىيپاپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ كۈن-
داشلىقىنى كۈشكۈرتۈش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ قايسىسى توغرا بولار؟
ئۇ شۇ ھامان بىرىنچى پىكرىنى ماقۇل كۆردى. قانداق بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ئېرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە،
ئۇنىڭ ھەۋىسىگە ھۆرمەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەمما، ئۇزاق
ئۆتمەي غۇرۇرى ۋە ئىززەت - نەپسى ئىسيان كۆتۈردى، ئاياللىق
قەدىر - قىممىتىمنى تامامەن يەرگە ئۇرغاندىن كۆرە، جىھاتنى
قىزغاندۇرۇپ يولغا كىرگۈزۈشنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى
ئويلاپ قالدى. قىزغاندۇرۇش؟ لېكىن قانداق قىلىپ؟ بىر ئەر
كىشىگە يول قويۇپمۇ؟ ئۇ... زەررىن بۇنى قىلالارمۇ؟ ياق! ئۇ ھايا-
تىغا يەنە بىر ئەر كىشىنى قىستۇرالمايدۇ. دادىسىنىڭ روھىنى
قورۇندۇرمايدۇ. ئەكسىچە، ھەرقاچان ئۇنىڭغا يارامىلىق بىر پەر-
زەنت بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ
جىھاتنى ئۆز گۈزەللىكى بىلەن قىزغاندۇرماقچى بولدى. يەنى،
بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ھەۋىسىگە ئاساسەن كىيىنگەن تەقدىردىمۇ،

پەردازغا بەك ئەھمىيەت بەرمەكچى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە تېخىمۇ كۆپرەك كۆرۈنمەكچى، ئېرىنىڭ پۇللىرىنى ئالىي دەرىجىلىك نەرسە ـ كېرەكلەرگە خەجلەپ، ئۆزىگە ئالاھىدە بىر مۇھىت يا ـ راتماقچى بولدى (ئۇ قەتئىي شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى). شۇنداق بولغاندا، ساۋاقداشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆيلىرىگە زىيارەتكە بارالايتتى. شۇنىڭدەك ئۇمۇ ئۆزى بىلگىنىچە، خالىغىنىچە ياشىيالايتتى. ئېرىنىڭ بۇ جەھەتتە كىچىككىنە نارازىلىق قىلىشىغا ھەققى يوق ئىدى، ئاساسلىقى مۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتى. ئەمدى ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇرىغا چىقىرىش ۋاقتى كەلگەنىدى. ھەتتا كېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئۆتكەن يىللى قورۇقتا كۆرگەن قىزنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، پىشىپ يېتىشكەنلىكىنى، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بىر خوتۇن رولىنى ئويناشقا، ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەييار بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. «سېنىڭ بىلەن مۇرىلىشەلىگۈدەك كۈچ ۋە قۇدرەتتىكى بىر خوتۇن ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن، جىھات بەي... جىھات باغدادلىق بەي ئەپەندى!»

ئۇ ئاچچىق ـ ئاچچىق كۈلدى. ئەمما بۇ قارارلىرىدىن ئالغان ھۇزۇر ـ راھەت كۆز ـ قاپاقلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەستىنلا چوڭقۇر ئۇيقۇغا كەتتى.

* * *

زەررىنىنىڭ قارارى قەتئىي ئىدى. ئەمما جىھاتمۇ ئۆزى ئۈچۈن مۇنداق بىر قارارغا كەلگەنىدى. ئۇ كېچىدىن كېيىن، ھەر ئاخشام ئۆزى يالغۇز سىرتقا چىقىدىغان بولۇۋالغانىدى. ھەتتا بەزىدە چۈشلۈك تاماقنىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە قارشى چىققان خوتۇنىنى جازالاۋاتىمەن، دەپ قانائەت

ھاسىل قىلاتتى... ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەي-
ۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلاتتى.
شۇنداقتىمۇ خوتۇنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلمەيمۇ قالمىغا-
نىدى. بىر ئاخشام ئۆيگە كەلگىنىدە، ئۇنىڭ خېلى كۆپ مېھمان
ئۇزاتقانلىقىنى ئۆي ئىچىدىكى ئەھۋالدىن چۈشەنگەنىدى. زەر-
رىن خۇشال كۆرۈنەتتى. يۈزلىرى بىرئاز قىزىرىپ كەتكەنى-
دى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى گۈزەللىكىنى كۆرمەسلىك مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. چاچلىرى، كىيىملىرى، ھەممە نەرسىسى بەكمۇ
ياراشقانىدى.
جىھات بىردىنلا قاتتىق گۇمانلىنىشقا باشلىدى: «بۇ كۆڭ-
لەكلەر ۋە گۈزەللىكلەر نېمە ئۈچۈن؟ كىم ئۈچۈن؟ ھەرھالدا مې-
نىڭ ئۈچۈن ئەمەستۇ، ئەنە، خانىم مېنى كۆرەر ـ كۆرمەس تەرد-
نى تۈرۈۋالدى، چىرايى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. داستىخان-
دىمۇ ئانچە پاراڭلاشمايدۇ... مەن سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقى-
نىمدا قىلچە پەرۋا قىلماستىن قولىغا بىر كىتاب ۋە ياكى
تىكىش ئىشىنى ئېلىۋېلىپ، ئۈستەلنىڭ بىر بېشىغا كېلىپ
ئولتۇرۇۋالىدۇ.»
ئۆزىگە ئۆزى دېگەن بۇ گەپلەر ۋە ئويدۇرۇپ چىققان ۋەقەلەر
ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش، بىرەر
جېدەل چىقىرىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا
يالتىيىپ قالدى. جېدەلدىن بىرەر نەتىجە چىقمايتتى. ئەمەلىيەت-
تە نېمە دېسىمۇ زەررىننىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئاتلىنىد-
غانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئىككىلىنىپ قالدى. مۇنداق روھىي
كەيپىيات ئاستىدا، ئۇنىڭ بىلەن قارىمۇقارشى ئولتۇرۇپ تاماق
يېيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ زامان بىر قارارغا كەلدى ـ
دە، شەپكىسىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
زەررىن ئېرىنىڭ تۇرقىدىكى غەلىتىلىكنى سەزمەي قالمى-
دى. ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە تەييارلاندى. شۇ باھانىدە
ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردىنى چىقىرىۋالماقچىدى. ئەمما ئۇنىڭ

بۇ كۆتۈلمىگەن شەكىلدە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كوچىغا چىقىپ كەتكىنىگە هاڭ - تاڭ قالدى. شۇ هامان پىلانلىرىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. جىهاتنىڭ كۆنداشلىقى تۇتۇپ قالغانلىقى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. دېمەك، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرۇشنى خالىمايۋاتاتتى.

«غۇرۇرى سۆيگۈسىدىن ئۈستۈن كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىرئاز ساقلاپ تۇرۇشۇم لازىم.»

ئۇ تامىقىنى يەنە ئۆزى يالغۇز يېدى ۋە ھەرقاچانقىدەك قولىغا بىر كىتاب ئېلىۋېلىپ ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى كۈتتى. بىر هازادىن كېيىن ياتىقىغا كىرىپ ياتتى. مىنۇتلار، سائەتلەردەك، سائەتلەر كۈنلەردەك ئۇزۇن بىلىنمەكتە ئىدى.

يېرىم كېچە بولدى. بەلكى تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. زەررىن غەلىتە بىر تۇيغۇ بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. بىرسى ئۇنىڭ يۈزىگە ئېگىلىشىۋاتاتتى. ئىسسىق بىر نەپەسنىڭ پېشانىسىگە، مەڭزىلىرىگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. دەسلەپتە قورقۇپ كېتىپ، بوشقىنە ۋارقىرىدى. ئەمما كېيىن ئېرىنى تونۇپ، ۋىلىققىدە كۈلدى:

— مېنى قورقىتىۋەتتىڭ، جىهات.

ئۇ چالا ئۇيقۇ ئىچىدە پۈتكۈل ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. پەقەت ئۇنىڭ يېقىنچىلىقىنى هېس قىلىپ خۇشال بولغانىدى. ئەمما بىردىنلا شۇركىنىپ كەتتى، ئورنىدىن تۇردى. يوتقاننى يېپىنىپ كارىۋىتىدا ئولتۇردى. كۆزلىرى قورقۇنچلۇق هالدا يوغان ئېچىلغانىدى.

— مەست ئىكەنسەن! ۋاي خۇدايىمەي، مەست بولۇپ قاپسەن، جىهات. قارىغىنە شۇ تۇرقۇڭغا، بۇ ساڭا يارىشارمۇ؟

جىهات بولسا هېچنېمىنى بىلمىگەن هالدا دەلدەڭشىپ تۇرۇپ كۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىن قانداقتۇر بىر خىل كەمسىتىش ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى غەلىتە بىر چاكىنىلىق ئەكس

ئېتىپ تۇراتتى. بۇ ھال زەررىنىنى شۇركەندۇرۇۋەتتى:

— تېخى ماڭا ئېسىللىقتىن، ئالىيجانابلىقتىن سۆز ئاچىسەنا، سەن بەك ھۆرمەت قىلغان ئۇ چوڭ مىنىستىرلار، پارلامېنت ئەزالىرى، مېنى تونۇشتۇرۇشتىن قورقىدىغان ۋە قاچىدىغان شۇ ھالىڭنى بىر كۆرسە، ئۇستۇڭدىن نېمىلەرنى دەپ كېتەر؟ ئۇ زۇڭنى بۇ دەرىجىدە پەسلەشتۇرۇشتىن ئىزا تارتساڭچۇ؟

— نەسىھەتىڭنى قويۇپ تۇرغىنا. بەك چىرايلىقسەن خوتۇنۇم. رۇخسەت قىلغىن ـ دە، سېنى تويغۇچە بىر سۆيۈۋالاي.

— نېرى كەت! كۆزۈمدىن يوقال. ئىسپىرت پۇراپ كېتىۋاتىسەن كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇپ.

— كەلگىنە!

— نېرى كەت دەۋاتىمەن.

ئۇنىڭ جايىدىن قىمىرلىغۇچىلىكى يوقلۇقىنى كۆرۇپ، ئۆزى چىقىپ كەتمەكچى بولدى ۋە دەل ئىشىكنىڭ قېشىغا كەلگىنىدە ئېرىنىڭ: «ھەممە سەۋەنلىك سەندە... بۇ ھالىمغا پۇتۇنلەي سەن سەۋەبچى...» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دەھشەت ئىچىدە سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى.

«شۇنداق، ئۇ توغرا دەيدۇ. سەۋەنلىك مەندە، پۇتۇنلەي مەندە، ئۇنى ئۆزۈم قولۇمدىن قاچۇرۇپ قويدۇم. ئۇنى بۇ مىسكىن، چۇشكۇن ھايات قويىنىغا مەن ئىتتەردىم. ھالبۇكى، ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. ھازىرمۇ ماڭا يېقىنلىشىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا مەن بويۇن ئەگمىدىم. ئۇنىڭمۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ ھاياتىمنى زەھەرلەش ئۇچۇن قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقتىم. تېخىچە قىلىۋاتىمەن، بۇنىڭ بىركۇنى بىر كېلىشمەسلىك بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىدىن قورقماي تىمەنا. خۇدا ساقلىسۇن.»

بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى توختىماي ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ راستتىنلا ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتاتتى. ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىردەمدىلا بۇ قۇتۇپتىن ئۇ قۇتۇپقا ئۇچۇپ كەتكەندى.

ئېرىگە نىسبەتەن توي قىلغان دەسلەپكى كۈنلىرىدىكىدەك مۇلايىم، قىزغىن، سۆيۈملۈك، مۇھەببەتلىك بىر خوتۇن بولۇش قارارىغا كەلگەندىن كېيىنلا، زەررىن ئۆكسۈشلىرى توختاپ را-ھەت بىر نەپەس ئالدى.

## 2

ئۇلار بىرقانچە ھەپتە كۈنلىرىنى شېرىن ئاي ئۆتكۈزگەن ۋا-
قىتلىرىدىكىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق خۇ-
شال - خۇرام ئۆتكۈزۈشتى. ئوتتۇرىلىرىدا كېلىشەلمەيدىغان
ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. ھەر ئىككىلىسى ھەممە ئىشقا توغرا قا-
راشقا، قىلنى قىرىققا يارماستىن چىرايلىق ئۆتۈشكە ئىرادە قى-
لىشقانىدى. بىر - بىرىنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرمەيتتى. كۆرسى-
مۇ پەرۋا قىلىشمايتتى. گوياكى ئوتتۇرىلىرىدا بىر ئۇرۇش توخ-
تىتىش توختامى ئىمزالىغاندەك تىنچ ئۆتۈشۈۋاتاتتى.

مانا شۇ ئارىدا بىر ۋەقە زەررىننى ئاجايىپ خۇش قىلىپ،
چىرايىدا چىن بەخت - سائادەت نۇرى پارلاشقا باشلىدى: زەررىن
بىرقانچە كۈندىن بېرى، ئۆزىدە غەلىتە بىر چارچاش ھېس
قىلماقتا ئىدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، بىرئاز قاتتىق ھەرىكەت
قىلسىلا ئولتۇرۇپ قالاتتى. شۇنچە بەختلىك ئۆتۈشۈۋاتقان
بولسىمۇ تۇرۇپلا ئاچچىقى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سەۋەبسىزلا
يىغا تۇتۇپ كېتەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئېرىدىن يوشۇرۇپ قالالىغان
بولسىمۇ، ياشانغان خىزمەتچىدىن يوشۇرۇپ قالالمىدى ھەمدە
ئۇنىڭ زورلىشى بىلەن نىھايەت دوختۇرخانىغا بېرىشقا رازى
بولغانىدى.

دوختۇرخانىدىن ئاچچىقى تامامەن يانغان ھالەتتە ئۆيىگە قاي-
تىپ كەلدى - دە، دەرھال ئېرىنى سورىدى. يۇمشاق يىپەكتىن
تىكىلگەن ھاۋارەڭ ئۆي ئىچى كۆڭلىكىنى كىيىپ، ھويلىدىكى
يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئۇزانغان ھالدا ئېرىنى كۈتتى. ھاياجا-
دىن مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن بەدىنى
تىترەپ كېتىۋاتاتتى. دەرۋازىنىڭ قوڭغىرىقى چېلىنغانلىقىنى

ئاڭلاپ دەرھال جاۋاب بەردى:

— مەن بۇ يەردە جىھات، كەل شېكىرىم!

— نېمە بولدۇڭ؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ زەررىن؟

جىھات يېقىن كېلىپ ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى. ياش چوكان كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— يېنىمغا كەل، ئولتۇر جىھات. ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاش، ساڭا پەۋقۇلئاددە بىر خۇش خەۋىرىم بار.

ئۇ بۇ تۇرقى بىلەن شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، ياش يىگىت دەرھال ئورۇندۇقنىڭ يان قىسمىغا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلىدى:

— سۆيۈملۈكۈم، گۈزەلىم!

زەررىن ئېرىگە يۆلىنىۋالدى.

— بەك خۇشالمەن جىھات. سېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى...

— مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن جېنىم. دېگىنە، نېمە بولدى؟ سېنى ھېچقاچان مۇنچىۋالا خۇشال كۆرمىگەنىدىم.

— نەدىكىنى، مۇنچىۋالا خۇشال...

— كۆزلىرىڭ چاقناپ، لەۋلىرىڭ تىترەپ كېتىۋاتىدۇ.

— ساڭا دېمەكچى بولغان ئىش شۇنداق پەۋقۇلئاددە... — ئۇ ئېرىنىڭ بېشىنى ئالىقانلىرى ئىچىگە ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى. ئۇنىڭ پىچىرلاپ تۇرۇپ قىلغان ئۇ گېپىنىڭ تەسىرى شۇنداق كۈچلۈك بولدىكى، خۇددى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە بىر بومبا پارتلاپ كەتكەندەك بولغان ياش يىگىت چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟

زەررىن ئۆزىنى مۇنچىۋالا خۇش قىلىۋەتكەن بۇ خەۋەرنىڭ ئېرىنىڭ چىرايىدا پەيدا قىلغان ناچار تەسىرىدىن شۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتتىكى، قايتا جاۋاب بەرمىدى. ئەمما جىھات ئەندىشىلەنگەن ۋە ئاچچىقلانغان بىر كەيپىياتتا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇ-

روْپ، قايتا ـ قايتا سورايتتى.

— قەيەردىن بىلدىڭ؟ سەن بەك ياش ۋە تەجرىبىسىز، بۇنى چۈشىنەمسەن؟ چوقۇم خاتالىشىۋاتىسەن.

زەررىن تەمكىن ۋە ئۆزىنى توختاتقان هالدا بېشىنى چايقىدى.

— ياق، خاتالاشمايۋاتىمەن. ئەكسىچە، پۈتۈنلەي ئىشەنچىم بار. شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈمنى بەختلىك هېس قىلماقتىمەن. سىـ-نىڭمۇ مەندەك خۇشال بولىدىغانلىقىڭنى ئۈمىد قىلغانىدىم.

زەررىن ئاچچىق كۈلدى. جىهات ئاچچىقلانغان بىر قىياپەتتە مۈرىسىنى سىلكىدى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى. زەررىن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كەلتۈرۈپ، قاتتىق كۈچەپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق، ئىشەنچىم كامىل. كىچىككىنە بىر شۈبهەم بول-غان بولسىدى، بۈگۈن دوختۇر ئۇنىمۇ هەل قىلارىدى.

— شۇنداقمۇ؟ دېمەك دوختۇرغىمۇ باردىڭ؟

— هەئە، هەقىقىي ئەهۋالىمنى بىلگۈم بار ئىدى.

— دېمەك، شۇنداق ـ هە؟ — يېقىندا دادا بولىمەن. نېمىدې-گەن زور بەخت؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، زەررىن ئۇنى چۈشەنمىگەنگە سېلىۋالدى. شۇڭا تەبىئىي بىر ئاۋا-زى بىلەن:

— شۇنداق، — دېدى، — يېقىندا مەن ئانا بولىمەن. سەنمۇ دادا بولىسەن!... ئويلاپ باققىنا، بىرلەشكەن سۆيگۈمىزنىڭ مەه-سۇلىنى قوللىرىمىز بىلەن تۇتىدىغان بولدۇق. راستىنلا خۇشال بولمىدىڭمۇ؟ دەپ باققىنە!...

ئۇ بۇ تۇرقى بىلەن شۇنچىلىك سۆيۈملۈك ۋە چىرايلىق ئى-دىكى، جىهات ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. ئەمما يالغان سۆزلىيەلمىدى:

— بۇنى هېچ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن قوزام. ئۆزۈمنى تېخى

دادا بولغۇدەك بىر كىشى ھېس قىلالمايۋاتىمەن. سەنمۇ بەك ياشسەن، تەجرىبىسىز سەن. ئىشلار پۈتۈنلەي ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كېتىدۇ. قىسقىسى، بۇ خەۋەردىن بەك خۇش بولۇپ كەتمىدىم، جېنىم خوتۇنۇم. سېنى ياخشى كۆرىمەن، بولۇپمۇ بۇ ئاخىرقى ھەپتىلەردە بەك ياخشى كېلىشىپ قالغاندۇق. تۇرلۇك پىلانلىرىمىز بار ئىدى. ھەر ئىككىمىز مۇنچىۋالا ياش ۋاقتىمىزدا، مۇنداق ئېغىر بىر يۈكنىڭ ئاستىغا كىرىپ قالغانلىقىمىز ئانچە ياخشى بولمىدى. راستىنى دېسەم، ئەگەر مۇمكىن بولسا...

زەررىن ئالدىراپ ئېرىنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇ جۈملىنى تاماملىما جېھات. بولمىسا ئارىمىزغا چوڭقۇر بىر ھاڭ پەيدا قىلىپ قويىسەن. نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى مەن چۈشەنمىگەن بولاي. سەنمۇ ئۇنتۇپ كەت، مۇنداق بولمىغۇر خىياللار ساڭا ياراشمايدۇ.

ئازابلانغان ۋە كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا قىلىنىۋاتقان بۇ پاراڭلار ياش يىگىتنى خىجىل قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇ جاۋابمۇ بەر- مەستىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچى ھەقىقەتەن سىقىل- غاندى. خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئۇزاقراق تۇرسا، ئۇنى پۈتۈنلەي رەن- جىتىپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بەك سەت قىلىق قىلىپ قوي- دى. ھەتتا بۇ خەۋەر ئۈچۈن خۇشال بولمىغانلىقىنى بۇنداق ئۇ- سۇلدا ئىزھار قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ پەسلىك ھېسابلىناتتى. ئۇ ھېسسىياتىنى نېمە ئۈچۈن كونترول قىلالماي قالدى؟ بولۇپمۇ ئاخىرقى تەكلىپىنى قانداقلارچە ئېغىزىدىن چىقىرالىدى؟ زەررى- نىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ كۇتۇپخانىسىدا نېرۋىلىرى چېچىلغان ھالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئوي ـ پى- كىرلىرىنى يۈگەنسىز قويۇۋەتتى. «ئۆيدە كىچىك بالىنىڭ پاتىپا- راقچىلىقى... يىغلىغان، چىرقىرىغان ئاۋازلار... ھالبۇكى، مەن

بۇ يىل زەررىن بىلەن ئۇزۇن بىر ساياھەتكە چىقىشنى نىيەت قىلىپ قويغانىدىم. ئامېرىكىغا، ياپونىيەگە ۋە ھىندىستانغىچە بارارمىز دېگەنىدىم. ئەمدى بۇ پىلانىمۇ سۇغا چىلاشقۇدەك. ئۇنىڭدەك سەزگۈر بىر خوتۇن ھەقىقىي ئانا بولىدۇ. بالىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلالمايدۇ. باشقا ھەممە نەرسىگە، ھەتتا ماڭىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ... ياق! بۇنىڭغا يول قويمايمەن. ئورنۇمنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن!.. گۈزەل خوتۇنۇم مېنى، يالغۇز مېنىلا ياخشى كۆرۈشى كېرەك! ھەتتا بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىشىمۇ، باغرىغا بېسىشىمۇ مېنىڭ نېرۋىلىرىمنى چېچىشقا، مېنى خاپا قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ھېلىتىنلا بۇ كىچىككىنە تۆرەلمىگە دۈشمەن بولدۇم... ئۇنىڭدىن قىزغىنىشقا باشلىدىم. خوتۇنۇم ماڭا بەرمىگەننى ئۇنىڭغا بېرىدۇ... بىلىپ تۇرۇپتىمەن.

بىرەر چارە تېپىشىم، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەستىن بۇنىڭ بىرەر چارىسىنى ئويلاپ بېقىشىم ۋە بىر ئامال تېپىشىم لازىم. چوقۇم تاپىمەن...»

* * *

ئەپسۇسكى، زەررىن ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى: «مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاجىز ئىكەنلىكىمنى، ئاۋارىچىلىككە قېلىشىمنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۆزىمۇ تېخى دادا بولۇشقا تەييار ئەمەستى. شۇڭا بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. جىھاتنىڭ ئۆز يېشىدىن خېلىلا كىچىك، ھەتتا بالىلىق خىياللىرى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرى بار. بۇنى مەن چۈشىنىشىم كېرەك... تۇنجى ھامىلىنى ياقتۇرمىغان بولسا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىدۇ. ھەتتا بۇنى تەبىئىي قارشى ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھازىرچە ئارتۇقچە كۆزىگە كىرىۋالماسلىقىم، ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشىم كېرەك.»

بۇ خىل ئىجابىي چۈشەنچىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن، زەررىن

ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى. ئېرى بىلەن بۇ تېمىدا قايتا پاراڭلاشمىدى. خۇشاللىقىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىگە كۆمۈۋېتىپ، نورمال تۇرمۇشىنى داۋام قىلىۋەردى، ئەمما ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلىۋاتاتتىكى، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە جۇلالىق، ھەرقانداق قوپال سۆزلەرمۇ كۆڭلىگە كەلمەيتتى. جىھات ئاخشاملىرى ئۆيگە كەلگىنىدە، ئۇنى دائىم بەك چىرايلىق بىر كۆڭلەك، كۇلۇپ تۇرغان خۇشال كەيپىيات ئىچىدە كۆرەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆزىگە ئارام بەرمەيۋاتقان قورقۇنچلۇق خىياللىرىنى قوغلىۋېتىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيەتتى ۋە شۇ ھامان ئۇ ئاخشام قەيەرگە بېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىشكە باشلايتتى.

ئۇلار سىرتلارغا چىقاتتى، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشاتتى. تىياتىرلارغا، كونسېرتلارغا، مەخسۇس تانسا كېچىلىكلىرىگە بېرىشاتتى. ئەڭ مۇھىمى مەخسۇس تانسا كېچىلىكىگە بارغان چاغلىرىدا بەزى ئۇستەللەردە پۇتۇنلەي جىھاتنىڭ دوست ـ يارەنلىرى توپلاشقان بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا جىھات بۇ مېھمانلارنى زەررىنگە تونۇشتۇرۇش مەجبۇرىيىتىدە قالاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىدىن خۇش بولاتتى. چۈنكى ياش خوتۇنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى قالتىس ئىدى. بۇ دەرىجىگە كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ خىيالىغا كەلتۇرمىگەنىدى. قۇلاقتىن ـ قۇلاققا پىچىرلاپ تۇرۇپ قىلىنىۋاتقان ئىلتىپات ۋە مەدھىيە سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھەم چىرايلىق، ھەم ئېسىل سۇپەت ئىكەن.

— دەل بىر خانىم.

— جىھات نېمىدېگەن تەلەيلىك ـ ھە؟

— شۇنچە ۋاقىت ئۆيلەنمەي يۇرۇپ، ئاخىردا ئېسىل بىر قىزغا ئۆيلىنىۋاپتۇ ئەمەسمۇ!

— بۇ شەھۋەتپەرەس ئادەمنىڭ خوتۇنىنى نېمىشقا يات كىشىلەر كۆزىدىن قاچۇرۇپ يۇرگىنىنى مانا ئەمدى چۇشەندۇق.

— تېپىشماقنىڭ جاۋابى تېپىلدى ئەمەسمۇ، جىھات ھەقىقە-
تەن ھەقلىق ئىكەن. مېنىڭمۇ مۇنداق بىر خوتۇنۇم بولسا بۇنداق
يەرلەردە سۆرەپ يۈرمەيتتىم.
— شۇنداق، جىھات ھەقلىق بولۇپ چىقتى. ئىجتىمائىي ئا-
ساسىمىز ئۇ دەرىجىدە تەۋرىنىپ، ئەخلاقىي كۆز قارىشىمىز بۇ
دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتىكى، ياش ۋە چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ
ھەريەردە بەزى خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپلا يا-
شايدىغان بولۇپ قالدۇق.
— ۋاي خۇدايىمەي، مۇنچىۋالا كۆنداشلىق قىلىشنىڭ ئۆزى
چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك - تە، ئەمدى. رۇخسەت قىلسا خوتۇ-
نى بىلەن بىزمۇ بىرەر قول تانسا ئويناپ باقساق بوپتىكەن - ھە!
— ساڭا رۇخسەت قىلارمۇ نىجات؟
قىلىنىۋاتقان بۇ سۆزلەرنىڭ گاھ بىرەر سۆزى، گاھ پۈتۈن
جۈملىسى زەررىنىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ، ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى بۇ-
زۇۋاتاتتى. ئەكسىچە ئېرىنىڭ بۇنىڭغا خۇش بولۇپ كېتىۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈپ، ئامالسىزلىقتىن بۇنىمۇ باشقا ئىشلارغا ئوخشاش
كۆڭلىگە ئالماسلىققا تىرىشتى.
زەررىن يەنە بىرقانچە ئايدىن كېيىن مۇنداق رەسمىي سو-
رۇنلاردا ئانچە بولالمايتتى. چۈنكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پۈتكۈل
ۋاقتىنى تۇغۇلىدىغان بالىسىغا ئاتىماقچىدى.
ئۇ بالىنى ھازىردىن باشلاپلا ياخشى كۆرۈشكە باشلىغانىدى.
ئۆزى ھېچقاچان ئانا مېھىر - شەپقىتىنى كۆرمىگەنلىكتىن، با-
لىسىغا ئۆزىگە ئوخشاش دەرد تارتقۇزۇشنى خالىمايتتى.
كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. زەررىن تۇغۇلغۇسى بالىسى ئۈچۈن
تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن ئېرىگە كۆرسەتمەس-
تىن، ئۆزى كىچىككىنە كىيىملەرنى سېتىۋالاتتى. كىيىم تىكەت-
تى، توقۇيتتى.
بىركۈنى دىۋانغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئالدىغا بىرمۇنچە لېنتىلار،
تورلار ۋە رەخ - پەخلەرنى دۆۋىلەپ، ئۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كەت-

كەچكە، ئىشىكنىڭ ئىچىلغانلىقىنى، جىھاتنىڭ كىرىپ كەلگەنـ
لىكىنى تۇيماي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت يېنىدا پەيدا بولۇپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايىدىكى ئىپادىلەرنى ئۆزگەرتىۋېلىشقا
ئۇلگۇرەلمەي قالدى ـ دە، نۇرلۇق كۆزلىرىنى بەختىيار نىگاھـ
لىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. ئەمما ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئاـ
دەمنىڭ لەۋلىرىدىكى مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى كۆرۈپ تېنى
شۈركىنىپ كەتتى.

— نېمە بۇ زەررىن؟

— شاكىچىكنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى.

— نېمىدېگەن قاملاشمىغان نەرسىلەر بۇ؟ ھېچنېمىگە ئوخـ
شىمايدىغۇ؟

جىھات نېپىز بىر پارچە خەسىنى بارماقلىرى بىلەن نوقۇپ
تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— بۇنى نېمە قىلىسەن؟

— بۇنىڭدىن كۆڭلەك تىكمەكچىمەن.

— يېڭى يوقمۇ بۇنىڭ؟

— تېخى پۈتمىدى.

— قانداقلارچە مۇنداق تىكىلمىگەن، پۈتمىگەن بىرنېمىلەرنى
سېتىۋالدىڭ؟ ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ؟

زەررىن بىر قىسمىلا كۈلۈپ قويدى.

— نېمىدېگەن جاھىلسەن، جىھات. رەختنى سېتىۋېلىپ ئۆـ
زۈم تىكمەكچىمەن.

— سەنما؟ چاقچاق قىلمىۋاتىسەنغۇ دەيمەن زەررىن؟ قىلىدىغان
ئىش تاپالمىغاندەك باللار كىيىمىنى ئۆزۈڭ تىكمەكچىمۇسەن؟ ئۇنـ
داقتا مېنىڭ بايلىقىمنىڭ نېمە رولى بار؟

— بۇلارنى ئۆزۈم ياخشى كۆرۈپ تىكمەكچىمەن. شۇنىڭدا ۋاقـ
تىم كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ.

— قاملاشمىغان، كۈلكىلىك گەپلەرغۇ ـ بۇ؟ بىلىشىمچە
مۇنداق ئىشلار تىككۈچىلىك دۇكانلىرىغا زاكاز قىلىنىدۇ. سەن

تېخىچە ھازىرقى سالاھىيىتىگە كۆنەلمىدىڭ. يەنىلا سېتىقـ.
چىلاردەك ئىش قىلىۋاتىسەن، زەررىن.
— بۇنىڭ ساڭا نېمە زىيىنى بار؟
— نېمە زىيىنى بار؟ خىزمەتچىلەر كۆرىدۇ. قولۇم ـ
قوشنىلارغا سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەيۋەت ـ شىكايەت
تارقىلىپ، جىھات باغدادلىق پىخسىق بىر نېمىكەن ئەمەسمۇ،
بالىسىنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى خوتۇنىغا تىكتۈرىدىكەن،
دېيىشمەمدۇ.
— قانچىلىك كۆلكىلىك ئىكەنلىكىڭنى تەسەۋۋۇر قىلالمايـ.
سەن، جىھات. مۇنداق ئوي ـ پىكىرلىرىڭنى سېنىڭ سەۋىيەڭگە،
بىلىملىرىڭگە تەتبىقلىيالمايمەن. گويا خەلقئالەمنىڭ قىلىدىغان
ئىشى يوق، مۇشۇنىڭغىلا كۆڭۈل بۆلىدىغاندەك!
بۇ سۆزلەر جىھاتنىڭ جان ـ پېنىنى چىقىرىۋەتتى:
— كۈلكىلىك ئىش قىلىۋاتقىنى سەن ئۆزۈڭ. دائىملا مۇـ.
شۇنداق چاكىنا قىلىقلار، دائىما مۇشۇنداق سالاھىيىتىڭگە مۇناـ.
سىپ بولمىغان ھەرىكەتلەر... سېنى ئۆزگەردى دەپ ئويلاپتىكەنـ.
مەن. ئەگەر يەنىلا شۇ قورۇقنىڭ، شۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ
قىزى...
— دېھقانچىلىق مەيدانى خوجىدارىنىڭ قىزى، دېگىن. خىـ.
جىل بولما! مەن ئەسلىمنى ئىنكار قىلمايمەن. ساڭا ئوخشاش
ئەھمىيەتسىز ئىشقا گۇركىرەپ تىرە تاراقشىتىدىغانلارغا نەپرەتـ.
لىنىمەن. ئاڭلىغانلار سېنى راستتىنلا بىر ئېسىلزادە دەپ ئويلاپ
قالىدۇ، خۇددى ياۋروپا مىللىتارىستى... بىرەر ئىمپېرىيەدىن
كەلگەن ئادەم... بىر تومۇرىنى كەسسە مېنىڭكىدەك قىزىل ئەـ.
مەس، كۆك ياكى يېشىل قان چىقىدىغان...
زەررىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھەزىل قىلىپ جەڭ ئېلان
قىلىۋاتاتتى. جىھات ئاچچىقىدىن تىترەپ تۇرۇپ ۋارقىراشقا
باشلىدى:
— ئەتە ـ ئۆگۈن بالا دۇنياغا كەلگىنىدە بۇنىڭغا ئوخشاش

ئىشچى قىز سىياقىغا كىرگۈچى بولما! مەن پەرزەنتىمنى ئۆزۈم خالىغان ئۇسۇلدا چوڭ قىلىمەن. ئۇنىڭغا تەربىيەنى ئۆزۈم بېرىمەن. بۇنداق مەنىسىز قۇرۇق سەپسەتىلەر، غەلىتە ھېسسىياتلار، ئەھمىيەتسىز سەزگۈلەر ۋە چۈشكۈن كۆز ياشلىرى ماڭا ماس كەلمەيدۇ. سېنىڭ شۇنداق بولغانلىقىڭ يېتىپ ئاشىدۇ. بالام مېنىڭ خالىغىنىمدەك چوڭ بولىدۇ.

— نېمىدېگەن غەلىتە كۆزقاراشلىرىڭ بار جىھات؟ بالام، بالام دەپلا تۇرىسەنغۇ، ئۇنىڭ مېنىڭمۇ بالام ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتامسەن؟

— ياق، ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئائىلىمىزنىڭ بىر قائىدىسى بار: پەرزەنتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەتلا دادىغا ئائىت بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ ئوغلۇمنى ئۆز ئىستىكىم بويىچە چوڭ قىلىمەن.

— كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى، بۇ مەسىلىنى ئوبدانلا ئويلاپ قويۇپتىكەنسەن - دە. ئۆتۈنۈپ قالاي، قارارلىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بېرەمسەن؟ قورسىقىمدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن، قېنىم بىلەن بېقىۋاتقان، ئەتە بەلكىم ھاياتىم بەدىلىگە دۇنياغا ئېلىپ كېلىدىغان ئۆز پەرزەنتىمنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ بىر چۈشەنچەم بولسۇن.

جىھاتنىڭ ئەڭ ئاچچىقى كېلىدىغان بىر ئىش، خوتۇنىنىڭ مۇنداق ھەزىل قىلغان بىر تەلەپپۇز بىلەن ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ گەپ قىلىشى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىممۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدى - دە، ھازىرغىچە يوشۇرۇن تۇتۇۋاتقان بىر پىلاننى ئاشكارىلىۋەتتى:

— دەپ بېرەي، خانىم. بالا دۇنياغا كېلىپ، ئەڭ ئۇزاق بولسا بىر ئايدىن كېيىن ئۇنى بەيكوزدا سېتىۋالغان قەسىرىمگە ئەۋەتىۋېتىمەن.

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، ئەكسىچە ئەقلى - ھوشۇم جايىدا. باغدادتا مېنىڭ

بىر ئېمىكئانام بار. بۇ خوتۇننى ئاپام يېڭى توي قىلغان چېغىدا، بوۋام ئاناتولىيەدىن ئەكەلدۇرگەنىكەن، ئاپام بىلەن بىللە تۇراتتىكەن. كېيىن بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ بىرسىگە ياتلىق بولغانىكەن. مەن دۇنياغا كەلگىنىمدە ئۇدۇللا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىكەنمەن. شۇ سەۋەبتىن، مېنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئايال ئاپامغا ئوخشاشلا قىممەتلىك. بالام بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاپامغا يازغان خېتىمدە ئېمىكئانامنىمۇ بۇ يەرگە ئەۋەتىپ بېرىش ھەققىدە تاپىلىغاندىم. بۇ تەكلىپىم ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە يېقىپتۇ. چۈنكى ئۇ خوتۇننىڭ قىزىنىڭ ئىستانبۇلنى بەك كۆرگۈسى بار ئىكەنتۇق. بۇ باھانىدە ئانا - بالا ئىككىسى بۇ يەرگە كېلىدىغان بوپتۇ. كەلسە بەيكوزدىكى چاھارباغقا ئورۇنلىشىپ، بالىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بالىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۇلار قىلىدۇ.

زەررىن مېڭە قان تومۇرلىرىغا قان تىقىلىپ قېلىپ، يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا ھېس قىلدى. ھازىر بۇ سۆزلەرگە قارشى چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بۇلارنى مېنىڭ سەممىگىمۇ سالماستىن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا سېنىڭ نەزەرىڭدە مەن يوق ئىكەنمەن - دە؟ سەن بۇ ھوقۇقنى نەدىن ۋە كىمدىن ئالدىڭ؟

— دادىلىق ھوقۇقۇمدىن...

زەررىن غەزەپ بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— سېنىڭ ھەقىقىي بىر تۈرك ئىكەنلىكىڭدىن گۇمانلىناتتىم. ھازىر بۇ گۇمانىم راستقا ئايلاندى. شۇنداق، سېنىڭ تومۇرلىرىڭدا جەزمەن ئەرەب قېنى بار. چۈنكى بىر تۈرك ئەركىكى ھېچقاچان مۇنداق ئويلىمايدۇ. ئەمما سەن بۈگۈنكى زامانىۋى ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئەمەس، بەلكى قەدىمكى زامان چۈشەنچىلىرىڭ بىلەن ئىش قىلىۋاتىسەن. ساڭا نىسبەتەن بالا دادىنىڭمىش، ئەر كىشى خوتۇنغا ۋە بالىلىرىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىدۇ،

ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى ۋە دېگىنىنى قىلىدۇ، شۇن-
داقمۇ؟ يېڭىلىشىۋاتىسەن جىھات. بۇنداق سەپسەتە ئىستانبۇلدا، تۈركىيەدە ئاقمايدۇ.

خوتۇننىڭ بۇ كەسكىن سۆزلىرى ياش يىگىتنىڭ ئاچچىقىنى بېسىقتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى.

— بىمەنە گەپلەر! بۇلارنى ئاڭلىغۇم يوق. سەن ھەددىڭدىن تولا ئاشما زەررىن. مېنىڭ تومۇرلىرىمدىكى قان بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، بالا مېنىڭ.

— سەن ياخشى كۆرمىگەن، نەپرەتلەنگەن ھەمدە تۇغۇلۇشىنى خالىمىغان بالىنىڭ...

— ئۇمۇ ئۆزۈم بىلىدىغان ئىشلار.

— دىققەت قىل جىھات. سەندىن نەپرەتلىنىشكە باشلىغانلىد-
قىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

زەررىن بۇ گەپلەرنى مۇنداقلا دەپ قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭ ھەممە نۇقسانلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا بۇ مۇستەبىت ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى. ياش قەلبىنىڭ بارلىق قۇۋ-
ۋىتى بىلەن سۆيەتتى. پەقەت ئېرىنىڭ بۇ چۈشەنچىلىرىدىن نەپ-
رەتلەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئاغزىدىن شۇنداق بىر جۈملە چىقىپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، بۇ جىھاتقا قاتتىق تەسىر قىلدى.

— بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن.

— مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھەممە نېمىنى سېنىڭ قولۇڭدىن تارتىۋالماقچىمەن. سەن يالغۇز مېنىڭلا بولىسەن. سۆيگۈڭنى ھېچكىم بىلەن، ھەتتا ئۆز بالام بىلەنمۇ بۆلۈشۈپ ئولتۇرمايمەن. ئۇ سەندىن يىراقتا چوڭ بولىدۇ. سەن مېنىڭ يېنىمدا قالىسەن. چۈشىنىۋاتامسەن؟ مېنىڭ... پەقەت مېنىڭلا بولىسەن. شۇ ئەسكى - تۇسكىلەر بىلەنمۇ مەشغۇل بولمايسەن. بالىنىڭ ھەممە نېمىسىنى بازاردىن تەييار ئالىسەن. بۇلارنى تىكمۇۋېتىپ، پۇتكول سۆيگۈڭنى، پۇتكول قەلبىڭنى ئۇنىڭغا بېرىۋاتىسەن، ياق، مۇنداق قىلىشىڭنى خالىمايمەن، خالىمايمەن!... چۈشەندىڭمۇ؟

جىهات خۇددى بىر سارىڭ، بىر ۋەھشىي مەخلۇققا ئوخشاش دىۋاننىڭ ئۈستىدە تۇرغان رەختلەرنى، تورلارنى، لېنتىلارنى تىتىپ - يىرتىپ پارچە قىلىپ چېچىۋەتتى.

— تاشلىۋەت بۇ نەرسىلەرنى، بۇلاردىن نېمىگە ئېرىشمەكچىسەن؟ ئۇۋال ئەمەسمۇ؟

— ئەمما ئۇ قۇترىغان بىر ھايۋانغا ئوخشاش خوتۇنىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، سۇندۇرۇۋېتىدىغاندەك قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى:

— مېنىڭ، يالغۇز مېنىڭلا بولىسەن!!! سۆيگۈڭنى ھېچكىم بىلەن بۆلۈشمەيمەن...

— گېپىمگە قۇلاق سال جىهات. نېرۋاڭدىن ئادىشىپ قاپسەن، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. ئاڭلاپ تۇر، ساڭا بولغان سۆيگۈم باشقا، بالامنى ياخشى كۆرۈشۇم بۇ باشقا ئىش. ئۇلارنى قانداقلارچە بىر - بىرى بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويىسەن. بۇ بىمەنە چۈشەنچىلىرىڭنى تاشلا، ئۇنداق قىلما. خۇشال - خۇرام، بەختىلىك ياشايلى، سەن، مەن ۋە ئۇ...

— ئۇ كىم؟

— تۇغۇلغۇسى بالىمىز. ئۇنى ھەر ئىككىمىز سۆيەيلى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ بەختىيار ئۇۋىسى بىزنىڭ ئۆي بولسۇن.

— ياق! ئۇنىڭغىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ، ماڭىمۇ ھازىردىن باشلاپلا جاپا سېلىۋاتىسەن. سېنىڭ مەندىن باشقىسى بىلەن مەشغۇل بولۇشۇڭغا رۇخسەت قىلمايمەن.

— ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، سەن ئۆيدە بولغان چېغىڭدا پەقەت سەن بىلەنلا بولىمەن. ئەمما بالامنى مەندىن ئايرىۋەتمە، يالۋۇراي ساڭا.

— ئۇ بىزنىڭ پۇتىمىزنى چۇشەپ قويماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلىمىز. ياخشى ۋە راھەت ياشىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەپ تۇرىمىز. ئەمما بىزمۇ

خۇشال - خۇرام ياشاۋېرىمىز.

— ماقۇل، ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا مۇشۇ بىنادىن بىر ئۆي ئايرىپ بېرەيلى، خالىساڭ يەنە باغدادتىكى ئېمىكئاناڭنى ئەكەلدۇرگىن. ئەمما ئۇ بۇ يەردە بىز بىلەن بىللە ياشىسۇن.

— ئۇنى سېنىڭ تەسىرىڭ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرماقچىمەن. سېنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مېھىر - شەپقىتىڭ ئۇنى ئەركە قىلىپ قويىدۇ. مەن تۇغۇلغۇسى بالامنىڭ ماڭا ئوخشاش باي ۋە ئەقىللىق، نورمال ھېسسىياتلىق بولۇشىنى خالايمەن. سەن روھىڭ ساغلام بولمىغان بىر ئايالسەن. كىچىككىنە بىرنەرسىنىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئويلاپ كېتىسەن. ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىسەن. داۋاملىق رومانتىك ياشايسەن، شۇنداقلا سەن 19 - ئەسىرنىڭ ئاياللىرىدىنسەن. دۇنياغا بىر بالا ئېلىپ كەلگەنىكەنمەن، ئۇ مېنىڭ فامىلەمدە بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا مەن ئۆزۈم خالىغان تەربىيەنى سىڭدۈرىمەن.

— قەدىمقى يۇنانلىقلارنىڭ بالىلىرىغا بېرىلىدىغان تەربىيە سىستېمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ ساڭا ئوخشاپ قالماسلىقىغا تىرىشىمەن.

ئىككىلىسى جىم بولۇپ قېلىشتى. زەررىن كۆز ياشلىرىنى سۇرتۇپ خىيالغا پاتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر چارىنى قوللىنىپ باقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئېرىگە يېقىن كېلىپ قوللىرىنى ئۇنىڭ بوينىغا سالدى:

— سەن ئەمدى مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايسەن جىھات، — دېدى.

ياش يىگىت خوتۇنىنىڭ مۇنداق سۇركىلىشىگە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى.

— بۇنى ئاغزىڭدىن قانداق چىقىرالىدىڭ، ئومىقىم... دۇنيادا ماڭا سەندىن يېقىن ھېچكىم يوق.

— بىلىمەن، ئەمما سەن مېنىڭ پەقەت خوتۇنلۇق تەرىپىم-

نىلا كۆرۈۋاتىسەن.
بۇ سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان نازۇك بىر ئىشارەتنى چۈشىنەلمىگەن جىھات قاتتىق بىر كۈلۈۋېتىپ دېدى:
— ئەلۋەتتە سېنى خوتۇن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرد-مەن. چىرايلىق، ئاجايىپ چىرايلىق بىر خوتۇن...
— يەنى مېنىڭ بىر مودېللىق سىرتقى كۆرۈنۈشۈمنى.
— ھەئە... مودېللاردەك گۈزەل بولمىساڭ، پۈتكۈل كۆزلەرنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلىۋالمىغان بولساڭ، مەن سېنى ياخشى كۆر-مىگەن بولاتتىم.
— ئەمما مېنىڭ روھىم، ھېسسىياتىم، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىم بارلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟
— يەنە ئەدەبىياتچىلىقىڭنى قىلىۋاتامسەن، مېنىڭ گۈزەل بوۋىقىم. قويغىنە، بۇ سۆزلەرنى قىلما ئەمدى! كەل، سېنى شۇن-داق بىر تويغۇچە سۆيۈۋالاي. بۇگۈن نەپىس بىر سۈرەتكە ئوخشاپ قاپسەن... تەڭدىشى يوق بىر سۈرەتكە...
جىھات ئۇنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، ئۆزىدىن سەل يىراقلاشتۇ-رۇپ تۇرۇپ سۆيمەكتە ئىدى:
— شۇ يوغان كۆزلەرگە قارا، خۇددى زۇلمەتتەك. شۇ چاچلارغا قارا، خۇددى سېرىق يىپەكتەك. شۇ لەۋلەرگە قارا، ئىككى دانە چاملىجا گىلاسىدەك.
زەررىن خاپا ئىدى، مەنىسىز بىر كۈلۈپ قويۇپ ئۆزىنى تارتتى.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، بولدى قىل جىھات. مېنى پەقەت بىر مو-دېل، بىر ۋۇجۇد ئورنىدا سۆيۈش ئارقىلىق ماڭا ھاقارەت قىلىد-ۋاتقانلىقىڭنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسەن. بۇ بىر پەسكەشلىك جىھات.
خوتۇنىنىڭ قارشى چىققىنىغا ياش يىگىت خۇشال بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— مېنىڭ ئۈچۈن سەنلا بار بۇ دۇنيادا، كۆزۈم بىلەن كۆر-

گىنىم، قوللىرىم ئارىسىدا تۇتقىنىم پەقەت سەنلا، — دېدى.

بۇ دەقىقىلەردە زەررىن ئېرىنى چاڭگىدە بىر كاچات ئۇرۇ-ۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى. شۇنداقلا ئېرىنىڭ گەپىنى ئۇزارتىپ بىھۇدە ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جاۋاب بەرمەستىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

# 3

شۇ كۈندىن باشلاپ ياش ئايال بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچماسلىقتا كۆپ دىققەت قىلدى. ئېرىنىڭ ئۆيگە كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ۋاقىتلاردا، تۇغۇلغۇسى بوۋىقىنى ئەسكە ئالىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى يىغىشتۇرۇۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ بىر كېچىسى جىھات ئۇنىڭ بەدەنلىرىنىڭ توغرىسىغا يوغىناپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن گۈزەللىكىنىمۇ يوقىتىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ:

— ئانا بولماقچى بولغانلىقىڭنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىسەن! — دېگەندەك ناھايىتى قوپال بىر جۈملە سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن تامامەن ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، زەررىنى كېچىلەرنى خالىغىنىچە ئۆتكۈزۈشكە قويۇۋەتتى. ئۇ خالىسا كۈتۈپخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئىشلەيتتى، خالىسا دوستلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن قارتا ئوينايتتى، خالىسا پۈتۈن كېچىنى سىرتتا ئۆتكۈزەتتى.

ئاي كۈنى يېقىنلاشقانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقان زەررىن تۇغۇت ھەققىدىكى تەجرىبە - ساۋىقىنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلى ئۆلۈم قورقۇنچىسى بىلەن تۇگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھالبۇكى، بارلىق ياش ئاياللار كېچىپ ئۆتكەن بۇ كېچىك بويىدا دەرد تۆكۈپ، تەسەللىيگە ئېرىشكۈدەك ھېچبىر يېقىنلىرى يوق ئىدى. ئېرى قوپال ۋە توڭ ھېسسىياتلىرى بىلەن ئۇنى تېخىمۇ كۆپ رەنجىتىشتىن باشقا بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىگەچكە، بۇ ھەقتىكى تەشۋىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى خالىمايتتى. ئېيتقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرىگە پۈرسەت چىقىرىپ بېرىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايتتى.

شۇڭا بەزى كۈنلىرى كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولۇپ كېتەتتىكى، مۇنداق چاغلاردا ھەممىدىن ۋاز كېچىپ بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا قايتىپ كەتكۈسى كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئارزۇ - ئىستەكلەر ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى ئۆرتەيتتى. ھەئە، ئېرى ئۇنى ئاددىي بىر تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداق، ئېرى ئۇنى ئۆز خاراكتېرىگە، ئۆز چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن ياخشى كۆرەتتى. راست، ئېرى ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئايىمايتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان ھەقىقەت ئىدى.

ئەمما پۈتۈن بۇ «ھەئە»لەرنىڭ يېنىدا يەنە ناھايىتى جىق «ياق!»لارمۇ بار ئىدى. جىھات خوتۇننى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھاياتى ئىچىگە تېخىچە كىرگۈزۈپ بولالمىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇھەببىتىدە مېھىر - شەپقەت ۋە ئەقىل - ئىدراك كەم ئىدى. مانا مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، زەررىن ئۆز كۆڭلىدە چوڭقۇر بىر بوشلۇق ھېس قىلاتتى. قىلغان توي ئىشىنىڭ «مېيىپ» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

«ئاددىي - ساددا بىر تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسامچۇ كاشكى. يېزىدا، يوقسۇل بىر ئائىلىدە ياشىغان بولسام - ھە! ئۆيۈمنىڭ جىمى ئىشىنى ئۆزۈم قىلسام! نۇرغۇن كۆڭلەكلىرىم، خىلمۇخىل قاما پەلتۇلىرىم، يۈرۈش - يۈرۈش ئالماسلىرىم بولمىسىمۇ، ئېرىم ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مېنىڭ ئېرىم بولغان بولسا! ئۇنىڭ بىلەن روھلىرىمىز ئۆزئارا سىردىشىپ چۈشىنىشكەن بولسا! ئەتراپىمىزدا بالىلىرىمىز يۈگۈرۈشۈپ، ئوينىشىپ يۈرسە؛ ئاپىدلىرىغا ئوخشاش دادىلىرىمۇ ئۇلارنى سۆيۈپ، قۇچاقلىسا! ئاھ، بۇ دۇنيا قانداق گۈزەل بولاتتى - ھە!» زەررىن ئەنە شۇنداق ھاياتنى ئارزۇ قىلاتتى.

لېكىن ئەڭ كۆڭۈلسىز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭغا «ئېرىڭ بىلەن مۇنچىۋالا قاملىشالمىغان بولساڭ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكىن ئەمىسە!» دەيدىغان بولسا، ئۇ قاتتىق

چۈچۈپ كېتىپ، مۇنداق تەكلىپنى دەرھال رەت قىلغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، جىھاتنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇندىن ئىبارەت پولات ئارغامچا بىلەن باغلانغان بىر ئايالنى، ئېرىدىن پەقەت ئۆلۈملا ئايرىيالايدىغانلىقى ھەققىدىكى دادىسىدىن ئالغان تەربىيە ئۇنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەندى. ئەمدىلىكتە بۇ تېمىدا ئېغىز ئېچىشقا ھەرگىزمۇ بولمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىر پەرزەنتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ پەرزەنتنىڭ ئانىغا قانداق ئېھتىياجى بولسا، دادىغىمۇ شۇنداق ئېھتىياجى بار ئىدى.

بۇلاردىن باشقا، زەررىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن جىھاتنىڭ ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر بېشارەت بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، مىڭ ئەپسۇسكى، بۇ تۇيغۇسى ئۇنى ئالدىغانىدى.

بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى زەررىن دوختۇرخانىدا بىر بوۋاقنى جىھاتقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئوغلىمىزغا قارىغىنە جىھات، نېمىدېگەن چىرايلىق بوۋاق - ھە؟ — دەپ سورىغىنىدا، ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ھەيرانلىق زەررىنگە پۈتكۈل ئۈمىدلىرىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى.

— بۇ قىپقىزىل بىر پارچە گۆشنىڭ نەرى چىرايلىق؟

بۇ سۆزلەر بىلەن ياش ئانا ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئۇنچە بىئارام بولۇپ كەتمىدى. ئۇنىڭدا ئەمدى پۈتۈنلەي باشقىچە، يېپيېڭى بىر كۈچ - قۇدرەت پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئانا بولغانىدى... بۇ سۆيۈنچە ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشاتتى. شۇنىڭ بىلەن روھى جۇش ئۇرۇپ، ھاياتىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلغانىدى.

— قارا، جىھات، ساڭا نېمانچە ئوخشايدۇ - ھە؟ ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش چىرايلىق بىر يىگىت بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئىسمىنىمۇ

سېنىڭ ئىسمىڭغا يېقىنراق قىلىپ قويايلىچۇ، ئۇنى «سۇئات» دېسەك بولارمۇ؟ سۇئات باغدادلىق... مېنىڭچە بۇ يامان ئەمەس ئىسىم، قۇلاققىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. چۈنكى سېنىڭ ئىسمىڭغا ئاھاڭداش...

— سۇئات باغدادلىق... شۇنداق، شۇنداق يامان ئەمەس ئىسىمكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىسمىغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايمەن. ھازىرلا باغدادقا، ئاپامغا تېلېگرامما ئەۋەتىمەن...

— نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە قانچە خۇش بولۇپ كېتەر - ھە؟ بەلكى دەرھال يېتىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئاخىرقى بىر خېتىدىمۇ شۇنداقراق بىر ئېھتىمالنىڭ بارلىقىدىن سۆز ئېچىپتىكەن!

— قانداق بولاركىن؟ كېيىنكى خېتىدە رېماتىزم كېسىلىدىن قىينىلىۋاتقانلىقىنى يازغانىدى. بۈگۈن - ئەتە يېتىپ كېلىدىغان ئېمىكئانامدىن تېخىمۇ ئېنىقراق ۋە تەپسىلىي بىر خەۋەر ئاڭلارمىز.

— دېمەك ئېمىكئاناڭ كېلىدىكەن - دە!

جىھات خوتۇنىنىڭ ئەندىشىگە تولغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، خاتىرجەم بىر ئاۋاز بىلەن:

— يولغا چىقىپتۇ، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟

— سەن مېنىڭ قارارىمدىن يالتايغىنىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— ياق! ھەتتا ھەقسىزلىقىڭنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭدىمۇ، پەقەتلا غۇرۇرۇڭنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاغزىڭدىن چىققىنىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىڭنى كۆرگەنىدىم.

— ئوغلۇممۇ مېنىڭ رايىمچە تەربىيە ئالىدۇ.

— يېڭى تۇغۇلغان بىر بالا «تەربىيە» دېگەننى چۈشىنەلەمدۇ؟ قويغىنە جىھات، ئۇنى بىرقانچە ئاي بولسىمۇ يېنىمدا پەرۋىش قىلاي. ھېچقانداق بوۋاق يېمىكى بالىغا ئانا سۈتىدەك قۇۋۋەت

بەرمەيدۇ. قايسى دوختۇردىن سورىساڭ سورىغىن، ئۇلار ساڭا مانا مۇشۇنى تەۋسىيە قىلىدۇ.
— سېنىڭ بالا ئېمىتىشىڭنى خالىمايمەن. خالىماسلىقىمنىڭ خىلمۇخىل سەۋەبلىرى بار: بىرىنچىسى سېنىڭ گۈزەل قەددى-قامىتىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.
— قالايمىقان گەپ قىلما!
— ئىككىنچىسى، بالا ئەركە بولۇپ قالىدۇ. دائىما ئانىسىنىڭ كۆكسىنى سېغىنىپ يىغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ.
— بۇ دېگىنىڭمۇ خاتا!
— ئۈچىنچىسى، سەن پۇتكۈل ۋاقتىڭنى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىسەن. ھالبۇكى، ئىككى ئايدىن كې-يىن ساياھەتكە چىقىمىز...
— ماقۇل ئەمىسە، شۇ چاغقىچە بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلماي تۇرايلى.
— ئۇنىڭغا بىر كۆنۈپ قالساڭ، ئايرىلىش تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. ئۇ چاغدا سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنى كۆرۈپ كەيپىم ئۇ-چۇپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئىشنى بېشىدىنلا ھەل قىلىۋەتكە-نىمىز تۈزۈك.
— مەن بالامنى پەقەت كۆرەلمەمدىمەن؟
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ مانا مۇشۇنداق مەنىسىز بىر ئىشلارنى ئويلاپ كېتىدىغىنىڭغا ھەيرانمەن زەررىن. ئۇنى ھەرقاچان بېرىپ كۆرۈپ كېلىمىز. سەنمۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىمىز.
— يىراقتىن...
— خالىساڭ ھەپتىدە بىر ئىككى قېتىم بەيكوزغا بېرىپ كېلىپ تۇرىسەن.
— ھەركۈنى بارساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. ھېچبولمىسا يېقىن-راق بىر يەرنى تاللىساڭ بولماسمىدى؟
— ئۇنداق قىلسام ئاساسىي مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى سەن ھە دېسىلا ئۇ يەرگە بېرىۋېلىپ، بالىغا تەسىرىڭنى

ئۆتكۈزۈپ قويىسەن. مېنىڭ دېگىنىمدەك بولغاندا ئۆزۈڭمۇ چار-چاپ كەتمەيسەن. چۈنكى سەن بەك ياش ۋە ئاجىزسەن.

— مېنىڭ تەسىرىم بالامنى مەندىن ئايرىۋېتىشكە مەجبۇر بولغۇدەك دەرىجىدە شۇنچىۋالا يامان بولۇپ كېتەرمۇ، جىھات؟

— تالاش - تارتىشنى يەنە باشلىمايلىچۇ، زەررىن... چارچاپ كەتتىڭ، خاپا بولۇپ قالدىڭ. قېنى بىردەم ئۇخلىۋالغىنا قوزام.

جىھات ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، كۆز ياشلىرى بىلەن نەملىشىپ كەتكەن مەڭزىلىرىنى سۆيۈشكە باشلىۋىدى، ياش ئايال سۆزلىگۈدەك گەپ تاپالماي قالدى. ئۇ بۇ ئادەمنى چۈشىنەلمەيلا قالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە دوستىمىدۇ ياكى دۈشمەنمىدۇ؟ سۆيگۈسى نەدىن باشلىنىپ، نەدە تۈگەيدىغاندۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قانداقلارچە ۋە نېمە ئۈچۈن چىداپ كەلدى؟ بۇ ئادەمنىڭ تەسىرىدىن نېمىشقا قۇتۇلالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر نېمىلەرنى قىلىپ بولسىمۇ، ئۇنى بۇ قورقۇنچلۇق قارارىدىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ؟

ئۇ بۇلارنى ئويلاۋېرىپ بەك چارچاپ كەتتى. ھالسىراپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. جىھاتنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەمما نېمىشقىدۇر ياشلىرىنى تۇتالمايۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەستىن كىرگەن ھەمشىرە ئۇنى ھوشسىز ھالەتتە كۆرۈپ دەرھال دوختۇرنى چاقىردى. زەررىن بىرقانچە كۈن ئوتتەك قىزىپ، ئىززىراپلار ئىچىدە تولغىنىپ ياتتى، گاھ جۆيلۈيتتى، گاھ يىغلايتتى، گاھ پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئۆلۈكتەك يېتىپ كېتەتتى. ھەتتا دوختۇرلار ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئەندىشىمۇ قىلىشتى. ئۇ ياش بولغاچقا ساغلام ئىدى. بىركۈنى كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا، ئۇنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈز تۇتقانلىقىنى، سەل تېتىكلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

— ئوغلۇم نەدە؟ سۇئالىنى ئەكىرىپ بېرىڭلارچۇ! — دېگىنىدە، ھەمشىرە مارتا تاتلىققىنا ئاۋازى بىلەن شۇ جاۋابنى بەردى:

— سىز كېسەل قىزىم... بەك ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى-

ڭىز. مانا ئەمدى مىڭ شۈكۈر. خەتەرلىك پەيت ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق بولغاچقا بۇ كۈنلەردە ئېرىڭىز بالىڭىزنى بۇ يەردە تاشلاپ قويسا بولمايتتى. ئۇنى ئېلىپ كەتتى. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۆيگە قايتقىنىڭىزدا ئوغلىڭىز بىلەن جەم بولۇۋالىسىز. سىز ئەمدى پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كېتىشكە غەيرەت قىلىڭ. تېزرەك دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.

زەررىن بۇ سۆزلەرنى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە شەرھلىدى: كېسەللىكىدىن پايدىلىنىپ جىھات ئوغلىنى ئېلىپ كەتكەندى.

زەررىن ھېچنېمە دېمىدى. ھەتتا جىھاتقىمۇ نالە ـ پەرياد قىلمىدى. بولغۇلۇق بولۇپ بولغانىدى. ئەمدى تېزرەك ساقىيىپ، بەيكوزغا قاراپ چېپىشى كېرەك ئىدى.

ئايلار ئۆتتى. جىھات بىلەن خوتۇنى نىشانتاشتىكى ئۆيىدە نورمال تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. نورمال تۇرمۇش دېگىنى، ئۇلار ئۈچۈن زەررىننىڭ دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشى، جىھاتنىڭمۇ كۆرۈنۈشتە بەك سالاپەتلىك، تەربىيە كۆرگەن كىشىلىكى، پۈتۈنلەي ئەركىن ـ ئازادە بىر ئۆمۈر سۈرۈشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. «خوتۇنىغا خىيانەت قىلاتتىمۇ؟» زەررىن شۇنداق ئويلاپ ئىككىلەنمەستىنلا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ھەئە، ئەمما بۇ خىيانەت ھەممە ئادەم چۈشەنگەن ئۇ مەنىدىكى خىيانەت ئەمەس. يەنى سىرتتا بىر خوتۇن بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى زەررىن «ھەئە» دېيىش بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر خوتۇننىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرمىغانىدى. ئويلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەربىر ئېرى تالادا ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان بولغاندىكىن، بۇ ۋاقىتنى خالىسا بىر قىمار ئۈستىلىدە، خالىسا بىر كۇلۇبتا، خالىسا بىر خوتۇننىڭ يېنىدا ئۆتكۈزسىمۇ، بۇلارنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش ئىدى: چۈنكى ئۇ خوتۇنىغا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتاتتى.

بۇنى بىرەرسى جىھاتتىن سورايدىغان بولسا، ئۇ بەلكى قاتتىق

ئاچچىقلانغان هالدا: «بۇ قانداق گەپ؟ مەن زەررىنىگە خىيانەت قىلىۋېتىپتىمەنمۇ؟ كۈلكىلىك گۇمانغۇ بۇ، چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەرقاچان مېنى بەختلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت جاھىل، ئاجايىپ پىكىرلىك خوتۇن ئۇ. ھەردائىم ئۆز چۈشەنچىسى بىلەنلا ئىش قىلىدۇ. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن تالادىكى يوللىرىمىز ئايرىم ـ ئايرىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مەنمۇ بويتاق بىر ئەرنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتىمەن، مۇشۇنداق قىلىپ ئىككىمىزلا راھەت ياشاۋاتىمىز.» دېگەن بولاتتى.

بۇ شەخسىيەتچىلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ قانچىلىك ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ۋە بىچارە زەررىنىنىڭ ھاياتىنى ئاللىقانداق سۇسىز قۇدۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالمايتتى...

مۇبادا بىرەرسى ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا بوپتۇ» دەۋېتىپ، ئارقىسىدىن يەنە «خوتۇنۇڭنىڭ ئۇ ‹ئايرىم› يولدا كېتىۋېتىپ، ساڭا خىيانەت قىلىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟» دېگەن بولسىدى، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن: «زەررىنىنىڭ نومۇس ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدىن ئۇ دەرىجىدە خاتىرجەممەنكى، مۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيمەن. ھەتتا كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ ئىشەنمەيمەن. زەررىن بەك دۇرۇس بىر ئىنسان.» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

جىھاتنىڭ بۇنداق دېيىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى زەررىنىنىڭ قولىغا نۇرغۇن پۇرسەتلەر كەلگەنىدى. لېكىن ئېرىنى قىزغاندۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ يات بىر ئادەمگە ھەرگىز يول قويمىغانىدى. مۇنداق بىر ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئالغان تەربىيەسى، شۇنداقلا تۇغۇلۇشىدىنلا باشلانغان ساددىلىقى ۋە ساپلىقى ئۇنى چەكلەپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ئانا، بىر خوتۇن بولۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغانىدى. ئۆلۈپ كەتكۈچە بۇ يولدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئە-

مەس ئىدى. ئەمما، ئېرى ھەردائىم ئۇنىڭ بۇ ھېس ـ تۇيغۇلىرد-
نى پۇتاپلا كېلىۋاتاتتى. جىھاتنىڭ نەزەرىدە زەررىن پەقەت بىر
«ھۇزۇر» خوتۇنىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق
قاراش ـ ھە؟ دېمەك، جىھات خوتۇنىنى بىر ئاشنىسىنى ياخشى
كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. گەرچە بۇمۇ سۆيگۈ نۇق-
تىئىينەزەرىدىن ئالغاندا بىر ياخشى ئىش، بۇ ئارقىلىق ئەر ـ
خوتۇنلار ئارىسىدىكى قىزغىنلىقنىڭ داۋاملىق بىر پارچە ئوتتەك
يالقۇنجاپ تۇرۇشىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما زەررىن ئا-
ياللىق نۇقتىسىدىن بۇنى «ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى ئاياغ ـ
ئاستى قىلغانلىق» دەپ قاراپ، ئېرىدىن ئاغرىناتتى.
ئانىلىق ھېسسىياتلىرىغا كەلسەك، بۇ جەھەتتە تامامەن كى-
شىنىڭ يۈرەكلىرىنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتىدىغان بىر پاجىئە
يۈز بەرمەكتە ئىدى. ياش ئانا ھەپتىدە پەقەت بىر ياكى ئىككى
قېتىملا بەيكوزغا بېرىپ ئوغلىنى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئا-
ران بىرقانچە سائەتلا ئىدى. كۈنلەر قىسقا، مۇساپە ئۇزۇن ۋە جا-
پالىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەرگە ھەركۈنى بېرىشنى تەلەپ
قىلاي دېسە، بۇنىڭغا جىھاتنىڭ يول قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.
شۇڭلاشقا، ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا ھېچبىر خاتا-
لىقى يوق ئەھۋالدا، بۇنىڭ ئېرىگە قانداقلارچە بىر زىيان بولىد-
غانلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئې-
رىنىڭ ئۆزۈمچىلىكىدىن باشقا بىر سەۋەب تاپالمايتتى. ھالبۇ-
كى، ئۇ سۆيۈملۈك سۇئاتنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھايا-
تىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇپ ياشاشتىن باشقا ھېچنېمىنى
ئۈمىد قىلمايتتى. شۇنداق قىلالىسىلا ئاندىن ئېرىنىڭ بارلىق
ھەۋەسلىرىگە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلاتتى.
كۆڭلى ھەسرەت بىلەن تولغان زەررىن نېمە قىلىشىنى بى-
لەلمەي يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئاخىر تاقىتى تاق بولدى ـ
دە، دەرد ـ ئەلەملىرى بىردىنلا قايناپ تاشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ

تۇيغۇلىرىنى بالىلىق دەۋرىدىكى يېقىن دوستى سەۋىمگە ئېچىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتى ھەققىدە باشقىلار بىلەن بۇ دەرىجىدە چوڭقۇر سىردىشىۋاتاتتى. ھالبۇكى، سەۋىم بولسا بۇرۇندىن تارتىپ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئوچۇق بىر كىتاب شەكلىدە كۈن ـ سائىتى بىلەن زەررىنگە سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى. مەكتەپتىكى بىر پارتىدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ، قولمۇقول تۇتۇشۇپ ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلاردىن بېرى، سەۋىم زەررىننىڭ دائىما ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى، سىرلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن ھېچقاچان، ھېچنېمىنى كوچىلاپ سورىمايتتى. پەقەت باي بىر چەت ئەللىك بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرغان تۇرۇقلۇق، دوستىنىڭ يەنىلا بىر دەردى بارلىقىنى دەسلەپكى كۈنلەردە بىر قاراپلا سېزىۋالغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا، يەنە تېخى ئوغلىدىن ئايرىلىپ ياشاشىنىڭ ئازابلىرىغا قانداق چىداۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمەيۋاتاتتى.

بىچارە زەررىن باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى كۆرگەن چېغىدا، كۆزلىرىدە شۇنداق بىر چوڭقۇر روھىي ئازاب ئەكس ئېتەتتىكى، ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بۇنى سەزمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ كۈنى ھاياتىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى زەررىندىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەۋىم ئۇنىڭغا شۇنداق تەۋسىيە قىلدى:

— ئېرىڭنى يالغۇز قويۇپ بەرمىگىن سىڭلىم. كىم بىلىدۇ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تېخىمۇ يامان بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالمىغىن يەنە. دەرۋەقە، ئۇ سېنىڭ گۈزەللىكىڭگە، ياشلىقىڭغا ئاشىق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ خىل ئەرلەرگە ئىشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. بەلكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەندىن تېخىمۇ گۈزەل بىر ئايالغا باغلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا ئەھۋالىڭ قىيىنلىشىپ، تېخىمۇ ناچار بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ نېمە دېسە شۇنى قىل، لېكىن

يېنىدىن ھەرگىز ئايرىلما.

ھەقىقەتەن سەممىيلىك بىلەن قىلىنغان بۇ تەۋسىيەلەر زەررىنىگە ئۇبدانلا تەسىر قىلدى. ئۇ شۇ ئاخشاملا تەتبىق قىلىپ باققۇسى كەلدى. شۇڭا تاماق ۋاقتىدا ئېرىگە:

— جىھات، بۈگۈن ئىچىم بەك پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئىككىمىز بىللە كىنوغا ياكى تىياتىرغا بېرىپ كېلەيلىچۇ، ياكى سەن بىرەر دوستۇڭ بىلەن بىر يەرگە بېرىش ھەققىدە كېلىشىپ قويغان بولساڭ، مېنىمۇ شۇ يەرگە ئېلىپ بارغىن بولمىسا،— دېدى.

كۈتۈلمىگەن بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ، جىھات بىردەم ئىككىلىنىپ قېلىپ:

— بولىدۇ، — دېدى.

— قەيەرگە بارىمىز ئەمىسە؟ شۇنىڭغا قارىتا كېيىنەي.

— خالىساڭ، ئۆتكەندە بەدرى پاشالارنىڭكىگە بىللە بارالمىغانىدۇق. ئۇلارغا بىر تېلېفون قىلىۋېتەي، قوبۇل قىلسا شۇ يەرگە بېرىپ كېلەيلى.

بۇ ئوبدانلا بىر تاسادىپىيلىق بولغانىدى، چۈنكى ئاخشاملىقىقا بەدرى پاشالارنىڭ ئۆيىدە مەخسۇس چاقىرىلغان مېھمانلىرى بار ئىدى. «ئەجەپ ياخشى بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى» دەپ ئويلىغان بەدرى پاشانىڭ خانىمى جىھاتقا زەررىنىنىڭمۇ چوقۇم كېلىشىنى ئالاھىدە تاپىلىدى.

ئۇلار ۋاقتىدا بېرىشتى. زەررىن قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن چىرايلىق بىر كۆڭلەك كىيگەنىدى. بۇ پارقىراق رەخت چىرايىغا ۋە گۈزەللىكىگە لاتاپەت بېغىشلاپ، ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا زەررىن تونۇجى قېتىم ئارىلاشقان بۇ كىشىلەرنىڭ قوچاق - قوچاق ئىلتىپاتلىرىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇنداقلا كېلەر ھەپتە ئۈچۈن بىرقانچە كىشىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

قايتىپ كېلىۋېتىپ جىھات خوتۇنىغا شۇنداق دېدى:

— ئەمدى بۈنىڭدىن كېيىن ھەر ئاخشام بىر يەرگە بىللە

چىقايلى. بۇ ئاخشام بەك ياخشى بولدى. سىنىڭ بىلەن ھەقىقەتەن ئىپتىخار ھېس قىلدىم، زەررىن.

بۇنىڭغا قارىتا ياش چوكان پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويغاندىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئاخشام يەنە بىرلىكتە ئۆيدىن چىقىشتى. جىھات خوتۇنىدىن مەمنۇن ئىدى. چۈنكى زەررىننىڭ شاھانە گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئىپتىخارىغا ئىپتىخار قوشماقتا ئىدى. مۇنداق چىرايلىق خوتۇننى بىرەرسىدىن كۈزلەپ قېلىش ئەقىلگە كىرىپمۇ قويمايتتى. ئۇ شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك ساددا ئىدىكى...

ئەمما، بىركۈنى كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ ھاياتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بىر بوران - چاپقۇن يۈز بەردى: جىھات بىر خىزمەت بىلەن ئەنقەرەگە كەتكەنىدى. بىر-ئىككى ھەپتە ئۇ يەردە بولماقچىدى. ئۇ يولغا چىققان ئاخشىمى بەيكوزدىن بىر تېلېگراما كېلىپ قالدى:

«بالا ئاغرىپ قالدى. دەرھال يېتىپ كېلىڭلار. ئەسما»

ئەسما جىھاتنىڭ ئىمىكئانىسى ئىدى. ئۇ ئېغىر - بېسىق، جاسارەتلىك بىر موماي بولۇپ، بۇ تېلېگراممىنى يوللىغىنىدىن قارىغاندا، ئەنسىرەشكە تېگىشلىك بىر ھادىسە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. زەررىن بۇ خوتۇننى باشتا ياخشى كۆرمىگەنىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىنىڭ ئاستىدا بىر ئىنسانىي روھنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بالىسىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا قالغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغانىدى. ئۇنىڭغا راستىنلا ئىشەنچ قىلالايدىغان بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مومايىنىڭ قىزى مۇنەۋۋەر بەك جانغا ئەسقاتىدىغان قىز ئىدى. تېخى يىگىرمە ياشقا كىرمىگەن بولسىمۇ، زەررىننىڭ ھېسسىياتىنى ياخشى چۈشىنەتتى. زەررىن ھەر قېتىم بەيكوزغا كەلگىنىدە، ئۇنىڭ سۇئاتىنى قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر ھاياجاندىن كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بۇ

سەممىيىتى ئۈچۈن ئانىسىدىن بەك ئازار يەيتتى. قېرى موماي جىھاتتىن بەك قورقاتتى. ئوغلى ھەققىدە ئۇنىڭ بەرگەن تەلىماتلىرىنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كەتكىنىنى بىلسە ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا بۇ تەلىماتنى زىر ـ زەۋىرىگىچە ئورۇنلايتتى.

مۇنەۋۋەرگە كەلسەك، جىھاتنى بەك ئاز كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئىستانبۇلغا كەلگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. بۇ يەردە ياخشى دوستلارنى تېپىۋالغان، بەيكوزنى ۋە بوغۇزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سۈئاتنىڭ باھانىسى بىلەن ئېرىشكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ بىچارە ياش ئانىنىڭ مانا مۇشۇنداق بالىسىدىن يىراقتا ياشاۋاتقانلىقىغا چىدىيالماي ئىچى ئېچىشىپ، بۇنىڭغا سەۋەب بولغان جىھاتنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭدىن پەقەت بىر ئالۋاستىدىن قورققاندەك قورقاتتى:

«بۇ چىرايلىق ئايالغا مۇنداقمۇ زۇلۇم قىلغان بارمۇ ـ ھە، ئانا؟...» ئۇ دائىم ئەسماغا شۇنداق دەيتتى. ئەسما گويا بۇ سۆزلەرنى جىھات ئاڭلاپ قالىدىغاندەك چۆچۈپ كېتەتتى ـ دە:

— ئاغزىڭنى يۇم، قىزىم. بۇ ئائىلىنىڭ ئادىتى شۇنداق. جىھات تۇغۇلغان چېغىدا ئۇنى ئاپىسى ئەمەس، مەن بېقىپ چوڭ قىلغانىدىم، — دەيتتى.

— باشقا بىر ئۆيدىمۇ؟

— بىر باغچىنىڭ ئىچىدە. ئەمما ئايرىم ئۆيلەردە تۇراتتۇق. ئاپىسى بالىسىنى كۈندە بىر سائەتمۇ كۆرەلمەيتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ مۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى؟

— ئەزەلدىن تارتىپ بۇ ئائىلىنىڭ ئەنئەنىسى شۇنداق ئىدى.

— شۇنداقتۇ، لېكىن جىھات بەي دادىسىدىنمۇ رەزىل چىقىپتۇ ـ دە، ئوغلىنى ئانىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىپتۇ.

— سۈئات بىركۈنى ئۆيلەنسە تېخىمۇ بەتتەر بولىدۇ... كۆرۈۋاتىسەنغۇ قىزىم. رەھمەتلىك بەي ئەپەندى جىھاتقا بەك قاتتىق

قوللۇق بىلەن تەربىيە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مانا مۇشۇنداق باغرى تاش بىر ئادەم بولدى. ئۇمۇ سۇئاتنى ئۆزىدىن بەتتەر ھېسسىياتسىز قىلىپ تەربىيەلەيدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش بۇ!

— بۇلارنى ھېچكىمگە دېگۈچى بولما جۇمۇ، بولمىسا بىز تۈگىشىمىز مۇنەۋۋەر.

— نېمە چاتىقىم. شۇنداق قىلغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بىز بۇ ئۆينىڭ خانىمى بولدۇق. سەن بۇ بالىنىڭ ئانىسى بولۇۋاتىسەن. مەنمۇ ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ راھەت بىر ئۆمۈر سۈرۈۋاتىمەن. ئاز نېمەتمۇ بۇ ئانا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستانبۇلدا تۇرۇۋاتىمىز، باغدادتا ئەمەس. ئەقىلىمگە كەلگەن كۈندىن بېرى ئەس - خىيالىم بۇ شەھەردە...

— راستتىنى ئېيتسام مۇنەۋۋەر، ئىستانبۇلغا ئەجەبمۇ تېز كۆنۈپ كەتتىڭ ھە!

— پەقەت تىلىم بىرئاز چىنىپ قېلىۋاتىدۇ ئانا، ئەمما ئۇندىمۇ تۈزىتىپ كېتىمەن. باغدادتىكى ۋاقتىمىزدا تۈركچە ئوقۇپ ياخشى قېپتىكەنمەن. تۈركچە رومانلارنى كۆپ ئوقۇغىنىم ئۈچۈن تۈركىيەدە ھېچ يېتىرقاپ قالمىدىم. ئۆزۈمنى ھەمىشە ئۆيۈمدىكىدەك ھېس قىلدىم.

— شۇڭا قىزىم، بۇ سائادەتنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقنى، قايتىدىن باغداتقا كېتىپ قېلىشنى خالىمايسەنغۇ — دەيمەن. ئۇنداقتا جىھات بەينىڭ پۇتكۇل ئەمىر - پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئىجرا قىل...

— شۇنداق قىلالايدىغانلىقىمدىن ھەرگىز گۇمانلانما، ئانا.

— شۇنىڭ بىلەن بىللە زەررىن خانىمغىمۇ ئاغزىڭدىن بىرەر ئېغىز سۆز چىقىپ كەتمىسۇن.

— ياق، پەقەت ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، خالاس.

— بۇنى ئىچىڭدە بىل.

— توغرا دەيسەن. سىرتقى كۆرۈنۈشتە سۈئاتنى قاتتىق قول-لۇق بىلەن تەربىيەلەۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىمەن.
مانا مۇشۇنداق قەتئىي قارار بىلەن ئانا - قىز ئىككىسى بەي-كوزدىكى ئۆيدە سۈئاتنىڭ يېنىدا ياشاۋاتاتتى. لېكىن بىركۈن كېلىپ بالىنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ھەمدە قىزىتمىسىنىڭ بىر ھەپتە توختىماي داۋام قىلىشى ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى، شۇنداقلا بۇ ھال ئانىسى بىلەن دادىسىنى چاقىرىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.
زەررىن باققۇچىسىدىن بۇ تېلېگراممىنى ئېلىپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. بالىنىڭ ئاددىي بىر زۇكام بولۇپ قالغانلىقى ياكى ئادەتتىكى بىر قىزىل چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر خەۋەر ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. پۈتۈن كېچە ھۇجرىسىدا ئەقلىدىن ئازغاندەك ئايلىنىپلا يۈردى. ئېرىگە بولغان ئاچچىقى بارغانسېرى كۆچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھېچبولمىسا بەي-كوزدىكى قەسىرگە بىر تېلېفون ئورنىتىپ بەرگەن بولسا، مۇن-داق چاغلاردا بۇ خىل قىيىنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەندى-شىسىنى ئازايتقىلى بولاتتى. جىھات پەقەت خوتۇننى قىيناش ئۈچۈنلا تېلېفون ئورناتمىغانىدى. شۇنداق، ئۇنىڭ خوتۇننى قىيناشتىن باشقا ھېچقانداق بىر مەقسىتى يوق ئىدى.
ياش ئايال ئۆينىڭ ئىچىدە نىمە قىلىشنى، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ، گاھ ئۇيان - گاھ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى. گاھ بىردەم ئولتۇرۇۋالاتتى، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ياغلىقىنى چىشلەپ يىرتىپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ھەر مى-نۇتتا بىر سائەتىگە قارايتتى. مىنۇت - سىكۇنتلار ئۇزىراپ ئە-بەدىيلىشىپ كەتكەندەك كېچە ھېچ تۈگىمەيۋاتاتتى.
ئۇ تۈنجى قېتىملىق پاراخوتقا ئولگۇرۇش ئۈچۈن شەپەق بى-لەن تەڭ ئۆيدىن چىقتى. ماشىنا سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا غەمكىن سوزۇلۇپ ياتقان تەنھا يوللاردىن بىر خىل سۈرئەتتە ئۆتۈپ، كۆۋرۈككە يېتىپ كەلگىنىدە، پاراخوتنىڭ قوزغىلىشىغا تېخى يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت بار ئىدى. زەررىن ئاجايىپ تا-

قەتسىزلىنىپ كەتكەنكى، بىر يەردە تۇرالمايتتى. پورتنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە يۇقىرى ـ تۆۋەن ئايلىنىپلا يۈردى. پاراخوتنىڭ ئىچىدىمۇ تىت ـ تىت بولۇپ، بەيكوزغىچە قانداق كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدى. قاتتىق بىر ئىزتىراپ ۋە ۋەھىمىلەر ئىچىدە تولغىناتتى. ئۆزى بىلەن ئۆزى ئەڭ يامان ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ: «ئەجەبا، سوغۇق تېگىپ قالغانمىدۇ؟ ياق، چوقۇم خەتەرلىك بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى... بەلكى يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشىنى بىرنەرسىگە قاتتىق ئۇرۇۋالدىمىكىن؟... قىزىپ قالدىمۇ ـ يا؟ ئۆپكە ياللۇغى ياكى كۆكيۆتەل بولمىسۇن يەنە... ئېمىكئانا ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن بولسا بىزنى چاقىرمايتتى... كىم بىلىدۇ، قانداق ئەھۋالدا قالغىنىنى؟... ئۆلگەن بولسىچۇ؟ ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشسە... خۇدا ساقلىسۇن، پەرۋەردىگارىم!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى.

بەيكوز پورتىغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان يولۇچى زەررىن بولدى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ نېمىدەپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ قويماستىن يۈگۈرۈشكە باشلىدىكى، قولىدا سومكا كۆتۈرگەن بىر ئوغۇل بالا ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيۋاتاتتى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قەسىر خېلى ئۇزاقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا قورقىنىدىن شىپپىدە توختاپ، خۇددى بىنانىڭ سىرتقى مەنزىرىسىدىن ئىچىدىكى پاجىئەنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك، ئۆينىڭ دېرىزىلىرىگە تىكىلدى... دېرىزىلەر ۋە ئىشىكلەر ھەم يېپىقلىق تۇراتتى. بۇ ئۆيدە بىرەر ئالدىراشچىلىقنىڭ يوقلۇقىدىن ياكى ھەممە ئىشنىڭ تۈگىگىنىدىن بېرىلگەن بېشارەتمۇ؟

ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈرئەت بىلەن بىرقانچە قەدەم باستى. ئىشىكنى ئېمىكئانا ئاچقانىدى. زەررىن:

— سۆئات قانداقراق؟ — دەپ سوراۋېتىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى ۋە يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى ئىشقا

سالدى.

ئېمىكئانىنىڭ كۆزلىرىدىن يامان بىر خەۋەرنىڭ بېشارىتىنى كۆرمىگەندىن كېيىنلا چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى، ئەمما دەل شۇ مىنۇتتا نەپىسى يېتىشمىگەندەك بولۇپ، دەرھال يەرگە، تاشلارنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى.

مۇنەۋۋەر سۇ ۋە كولانيا ئېلىپ كېلىۋاتقىنىدا، ئەسما ئۆزىنىڭ چارىسىز قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى:

— قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقتىم قىزىم. قانچە قېتىم دوختۇر چاقىردىم. نېمىشقىدۇر قىزىتمىسى ھېچ چۈشمەيۋاتىدۇ. كۆز تەگمىسۇن، بوۋىقىمىنىڭ ئەھۋالى ھازىر خېلى ياخشى. ئەمما قىزىتمىسى ئەتىگىنى ئاخشام 39، 40 گىرادۇس بولغاچقا، مېنى بەك قورقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە خەۋەر قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىنشائاللاھ بىر ئىش بولماس، ئەمما مەن جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قالماي دەپ شۇنداق قىلدىم. بەلكى باشقا بىر دوختۇر چاقىرارسىز. مەن ئىستانبۇلنى ياخشى بىلمەيمەن. ھازىرچە بالىنى پەقەت شۇ ئەتراپتىكى دوختۇرغىلا كۆرسەتتىم. خۇداغا شۈكۈر، بالا ھازىرغىچە ئانچە ئاغرىپمۇ قالمىغانىدى. ئەمما بۇ قېتىم نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنلا سىلەرگە تېلېگرامما يوللىغانىدىم. تۈنۈگۈن كېلەرمىكىن دەپ يولغا قاراپ كەتتىم.

— تۈنۈگۈن؟ تېلېگرامما ئاخشام كەلدىغۇ؟ كەچتە پاراخوت توختاپ كەتكەچكە ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدىم.

— ۋاي خۇدايىمەي، كېچىكىپ تېگىپتۇ ـ دە... ھالبۇكى، بىز تېلېگراممىنى ئالدىنقى كۈنى يوللىغانىدۇق.

زەررىن ئورنىدىن تەستە تۇردى. ئۇدۇل ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئاغرىق بالىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق ئىدى. مەڭزىلىرى قىزىتمىدىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. كالپۇكلىرى قورۇلۇپ كەتكەنىدى.

— دوختۇر نېمە دېدى؟
بۇنىڭغا مۇنەۋۋەر جاۋاب بەردى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ بىچارە ئانىغا ئىچى ئاغرىپ قالغانىدى:
— قورققۇدەك كېسەل ئەمەسكەن خانىم. بىر ئاز ئۆپكە ياللۇغىنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن، دېدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، تېلېگراممىا يوللىغان شۇ كۈندىن بېرى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. كۆز تەگمىسۇن، ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ. ئويغانسا سىزمۇ كۆرەرسىز. ئانام بىر ئاز ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويدى.
— ياق، ياق، بەك ياخشى قىلدى. بىزگە خەۋەر قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم بالام. نېمىلا قىلغان بىلەن مەن ئانىسى ئەمەسقۇ!
زەررىنىنىڭ يۈرەكلىرى پارە ـ پارە بولۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. «نېمىلا قىلغان بىلەن مەن ئانىسى ئەمەسقۇ!» مانا بۇ سۆزلەردىن ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرە تەسۋىرلەنگەنىدى. بۇ مۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇنداققۇ؟ كېسەل بالىنىڭ باش ـ ئايىغىدا ئانىسىدىن باشقا بىر خوتۇننىڭ نېمە رولى بار؟
— دوختۇر بۈگۈن ئەتىگەن كەلمەكچىمىدى؟ — سورىدى زەررىن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ.
— شۇنداق. بىر ئازدىن كېيىن كېلىپ قالار. ئىستانبۇلغا كېتىپ قېلىشتىن ئاۋۋال بالىنى يوقلىشى مۇمكىن.
— ئۇنىڭ بىلەن مەن پاراڭلىشاي. مۇمكىن بولسا بىر كېڭەشمە دىياگنوز قويدۇرۇپ كۆرەرمىز.
بۇ ئارىلىقتا زەررىن بالىسىنىڭ يېنىغا جايلاشتى، شۇنداقلا ئۇنى ئۆزى داۋالاشقا باشلىدى. ئەمدىلا ئون ئايلىق بولغان بالىنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى، ئەركىلەشلىرى ئۇنىڭغىمۇ، يات كىشىلەرگىمۇ ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ياش ئايال بۇنىڭغا ئېتىبار قىلىپ كەتمەي، ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆكسىگە بېسىپ، بۇنىڭدىن چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىلاتتى.

— مېنىڭ ئوغلۇم، جېنىم ئوغلۇم! — ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى مېھىر ـ شەپقەت مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ئىدى.

«بىر ئانىنى بالىسىدىن ئايرىش نېمىدېگەن دەھشەت ـ ھە!» قىز پۈتكۈل چۈشەنچىلىرىنى بۇ جۈملە بىلەن خۇلاسە قىلىۋاتاتتى. زەررىنىنىڭ ساددا، كەمتەر، ئېسىل سۈپەت ۋە كىچىك پېئىللىقى ئۇنىڭدا شۇنچىۋالا ياخشى بىر تەسىر قالدۇرغان، ئۇنى زەررىنىگە شۇ قەدەر قاتتىق باغلىغانىدىكى، بۇ خىل ھېسسىياتلىرى بىلەن جىھاتقا نەپرەتلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىستانبۇلدىن كېڭەشمە دىياگنوز قويۇش ئۈچۈن كەلگەن دوختۇر سۇئاتنىڭ ئېغىر يۇقۇملۇق زۇكام بولۇپ قالغانلىقىنى، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى، ئىككى كۈندىن كېيىن قىزىتمىسىنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بالىنىڭ قىزىتمىسى داۋام قىلىۋاتقان چاغلاردا زەررىن كىرىپىك قاقماستىن ئوغلىنىڭ بېشىدا بولدى. پەقەت خەتەرلىك پەيت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇ ياتقان كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتتا ئۇزۇنۇپ تازا ئوبدان بىر ئۇخلىۋالدى. قەلبىدە قانداقتۇر بىر خىل قايغۇ بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن خۇشاللىقنى ھېس قىلماقتا، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ھەربىر سائىتىدە ئوغلىنىڭ يېنىدا بولغانلىقى ئىچ ـ ئىچىنى غايەت زور بىر سۆيۈنچە بىلەن تولدۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە ئۇماق قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئىچىگە ئېلىپ قېنىپ ـ قېنىپ سۆيەتتى، ھىدلايتتى:

— سۇئاتىم، جېنىم قوزام!

بالا ئۇنى تېخى تونۇمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىگە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان بۇ ئىسسىق كۆزلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، بىلگىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ گۇڭۇرلايتتى.

— بۇلماق يەيمەن دەۋاتامدىكىنە مېنىڭ ئوغلۇم؟

— ئېمىكئانىسىنى چاقىرىۋاتامدىكىنە مېنىڭ قوشۇم؟

— «ئاپا» دەپ باققىنە قېنى، ئا... پا...، نەلەردىدۇ سۇئاتىمە-
نىڭ ئاپىسى - ھە؟
بۇ بىر ھەپتە ئۆيىنىڭ ئىچىدە زەررىنىنىڭلا ئاۋازى چاڭىلداپ
تۇراتتى. ھېچ توختىماي ئوغلى بىلەن پاراڭلىشاتتى. بۇنچىۋالا
سۆز يامغۇرى ئاستىدا قالغان بالىنىڭ بىركۈنى ئەتىگەندىلا
ئۇشتۇمتۇت ۋە تاتلىققىنە:
— ئا... نا... — دېگىنى ئاڭلاندى.
ئۇ چاغدا زەررىن ئىختىيارسىز ئېقىپ كېتىۋاتقان كۆز ياش-
لىرىنى سۇرتۇشكە ئۇلگۇرمەيلا بالىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنى
باغرىغا چىڭ باستى.
— سىزنى تونۇدى، خانىم. قاراڭە، نېمىدېگەن ئوڭايلا تىلى
چىقىپ كەتتى.
— ئاپىسىنىڭ ھىدىنى ئالدى بۇ قوزىچاق.
ياش چوكان مۇنەۋۋەر بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىغا قاراپ كۈلۈپ
كەتتى.
— بۈگۈن سۇئات بەينى باغقا ئېلىپ چىقايلىچۇ، ھاۋا بەك
چىرايلىق ھەم ئىسسىق...
زەررىن قورقۇپ تۇرۇپ ئېمىكئانىغا قارىدى:
— قانداق بولار؟ سوغۇق تېگىپ قالارمۇ؟
— تۆت كۈندىن بېرى قىزىتمىسى پەسلىدى. مىجەزى خېلى
ياخشى تۇرىدۇ. ئىشتىھاسىمۇ جايىدا... دەل چۈش ۋاقتى تۇرسا،
يېرىم سائەتچە باغدا ئويناتساق بىرنېمە بولماس. بەلكى پايدا
قىلىپ قالار دەيمەن. يەنىلا سىز بىلىسىز خانىم، — دېدى
ئەسمامۇ.
— ياق، مەن بىلمەيمەن. سىز قايسىنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىز
شۇنداق قىلايلى. ئۇنىڭغا سىز قاراۋاتىسىز، — دەپ ئىلتىپات
كۆرسەتتى زەررىنمۇ.
شۇنداق قىلىپ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۆينىڭ
ئارقىسىدىكى باغچىگە چىقىشتى. ھاۋا ھەقىقەتەن بەك ياخشى

ئىدى. سۇئات جېنىدا قۇياشقا ۋە دەل ـ دەرەخلەرگە قاراپ خۇش بولۇپ كەتتى. كىچىككىنە قوللىرى ۋە ئاياغلىرىنى ئويناتىشقا باشلىدى.

زەررىن بىر دىۋانغا ئولتۇرۇپ، ئاياغلىرىنى بىر ئورۇندۇققا تىرەپ تۇرۇپ، بالىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ تۇراتتى، قەلبى شادلىققا تولغانىدى. دۇنيادا بۇنىڭدىن چوڭ بىر بەخت بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

— كۆز تەگمىسۇن، خانىم. سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز ـ دە؟

زەررىن ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ بېشىنى كۆتۈردى. يان تەرەپتىكى دۆڭلۈكتىن ياش بىر ئادەم يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ باغچە رېشاتكىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغاندا، زەررىن:

— قانداق ئەھۋالىڭىز، رائىف بەي؟ سىزنى تونۇيالماي قاپتىمەن، — دەپ ئەھۋال سورىدى.

رائىف پاكەر جىھاتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن ئىدى. تىرابيادىكى چاھاربېغىدا تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا زەررىن ئۇنى بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرگەنىدى، ھەتتا بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن قېيىق ساياھىتىدىمۇ بىللە بولغانىدى.

— ھۆرمەتلەر بولسۇن ئەپەندىم.

— سىز بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — سورىدى زەررىن.

— بىر ئىش قىلىۋاتمايمەن. بىز تۇغما بەيكوزلۇق، بەيكوزدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، بىلمەمسىز؟

— بەلكى سۆزلەشكەن بولغىيدۇق، ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— بۇ يەردە سىزگە قوشنا بولىمىز، زەررىن خانىم. ئەسلىدە جىھاتقا بۇ چاھارباغنى تېپىپ بەرگەن كىشىمۇ مەن. بىزنىڭ ئۆيىمۇ ئەنە ئاۋۇ يەردە، — قولى بىلەن يۇقىرىدا سىرتى ئوچۇق رەڭدە بويالغان چوڭ بىر بىنانى كۆرسەتتى.

— مۇمكىن بولسا ئىچىگە كىرەي. سۇئاتنىمۇ كۆرۈۋالارمەن. ئۇنىڭ بىلەن بەك ياخشى دوست بىز، پات ـ پات ئۇنى كۆرۈشكە كېلىپ تۇرىمەن. دادىسىغا ئوغلىدىن خەۋەر ئالغاچ باراي.

زەررىنىنىڭ بۇ تەپسىلاتلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى. دېمەك، جىھات ئوغلىدىن رائىف بەيىنىڭ ۋاستىسى بىلەن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان ئىكەن ـ دە. بۇنى خوتۇنغا ئېيتىش كېرەكلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرمىگەنلىكى نېمىدېگەن غەلىتە ئىش ـ ھە؟!

— قېنى، مەرھەمەت، رائىف بەي.

زەررىن سۈئاتنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان بۇ چىرايغا كۆلۈپ تۇرۇپ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

— سىز بەلكى ئىشەنمەيدىغانسىز. بىز بۇ كىچىك بەي بىلەن بەك يېقىن ئاغىنە ئىدۇق. شۇنداقمۇ ئېمىكئانا؟

— شۇنداق ئەپەندىم. ئاللاھ رازى بولسۇن، بىزنى ھېچ ئۇنتۇپ قالمىدىڭىز.

ئىنژېنېر رائىف بەينىڭ كىچىك بالىغا ئامراقلىقى ھەر جەھەتتىن بىلىنىپ تۇراتتى. سۈئات بىلەن ئوينىشىپ كېتەتتى، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلەتتى، ئۇنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل قىزىقچىلىقلارنى قىلاتتى.

سۈئاتنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى ئەتراپتىكىلەرنىمۇ كۈلدۈرۈۋاتقاندا، تۇرۇپلا زەررىنىنىڭ چىرايىدا ئەكس تەسىر قىلىپ قويدى. ئۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى. چۈنكى بۇ دەقىقىلەردە جىھاتنى — بۇ چىرايلىق بوۋاقنىڭ دادىسىنى خىيال قىلماقتا ئىدى: «كاشكى، جىھاتمۇ مۇشۇنداق كۆيۈمچان ئادەم بولغان بولسا، بالىسى بىلەن ئويناشسا، بىزمۇ مۇشۇنداق بەختلىك بىر ئائىلە قۇرغان بولساق!» زەررىن بىردىنلا رائىفنىڭ ئورنىدا جىھاتنى كۆرگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ كەتتى. رائىف بەي ئۇنىڭغا قاراپ:

— تېخىچە خاپا كۆرۈنىسىزغۇ، خانىم. ھالبۇكى، سۈئات تامامەن ياخشى بولۇپ قاپتۇ، كۆز تەگمىسۇن. ئاجايىپ تاتلىق بالا بولدى جۇمۇ بۇ. مەن كۆرمىگەندىن بېرى ئۇبدانلا چوڭ بولۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

— ھەئە، توغرا دەيسىز. ھەتتا مەنمۇ ئۇنى شۇنچىلا چوڭ بو-

لۈپ قالغاندەك كۆردۈمكى...

— قانچە كۈندىن بېرى بەيكوزدىمۇ سىز؟ — گېپىنى بۆلدى رائىف.

— بىر ھەپتىدىن ئاشتى.

— قانداقلارچە سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىدىم؟

— دەرۋازىنىڭ تېشىغا چىقمىدىم - دە، ئەمەلىيەتتە بەيكوزدا بارىدىغان بىرەر يېرىممۇ يوق. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە ئاياغ بېسىشىم.

— نېمە دەۋاتىدىغانسىز، خانىم. بوغۇزنىڭ ئەڭ چىرايلىق يەرلىرىدىن بىرى بۇ يەر تۇرسا. توغرىسىنى دېسەم، بەيكوزنى سىزگە سۆيدۈرۈش شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن بىر ئىززەت - نەپسى مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

— بۇ يەرلەر چىرايلىق بولۇشى مۇمكىن. مەن ھېچنەگە چىدـ قالمايدىغانلىقىمنى سىزگە ئېيتتىمغۇ.

— ئۇنداق بولسا رۇخسەت قىلسىڭىز، سىز بىلەن بىرئاز ئايلىنىپ كېلەيلى. ئاۋۋال ئورمانلىققا بارايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن...

— سۇئاتنى تاشلاپ قويالمايمەن. رەھمەت سىزگە.

— ئەزىبىرايى، كۆڭلۈمگە كەلدى، زەررىن خانىم. ئىرابىيادىكى ئۆيىڭىزگە مەن ئاز باردىممۇ؟ سۇئات ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن مەن سىزنى ئالغىلى كېلىمەن. ئورمانلىققىچە بىللە بېرىپ كېـ لەيلى.

— مېنىڭ ئارىلىشىدىغان يولۇم يوق. شۇنداقتىمۇ بېرىپ كېلىڭ، قىزىم. بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆيگە سولىنىپ قالدىڭىز، چىرايىڭىزمۇ تاتىرىپ كېتىپتۇ...

ئېمىكئانا بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، زەررىن ھېچنېمە دېـ مەستىن بالىسى بىلەن ئوينىشىشقا باشلىغانىدى. رائىف ئۇنى تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى دەپ چۈشىنىپ پىسسىگىدە كۈلدى.

— قۇچىقىڭىزدا بالىڭىز بىلەن شۇنداق بىر چىرايلىق مەنـ

زىرە بارلىقىقا كەلتۈردىڭىزكى خانىم، كۆزلىرىمنى ئۇ مەنزىرىدىن ئۈزەلمەي قالدىم. سىز ماڭا ئەڭ ئاخىرقى ياۋروپا ساياھىتىمدە كۆرگەن كىچىك بىر ئىتالىيە چېركاۋىدىكى مادۇننا رەسىمىنى ئېسىمگە سالدىڭىز. بالىڭىزنى قۇچاقلىغان بىلەكلىرىڭىز، ئۇنىڭ يۈزى تەرەپكە مېھرىڭىز بىلەن ئېگىلىپ تۇرغان باشلىرىڭىز خۇددى ئۇ... ئەمما شۇنچىلىك ياشسىزكى، گويا ئانا رولىنى ئويناۋاتىسىز دېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىلىۋاتقاندا زەررىن ئۆزىنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. رائىف بەينىڭ مۇئامىلىلىرى پۈتۈنلەي دۇرۇس بىر مۇئامىلە بولسىمۇ، ئەرلەر بىلەن ئارتۇقچە ئۇچرىشىپ باقمىغانلىقتىن ئۇنى بەكلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇنى چۈشەنگەن رائىف دەرھال گېپىنى باشقا ياققا يۆتكىدى.

— جىھات بەختلىك بىر دادا جۇمۇ، ئوغلى بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغاندۇ ـ ھە؟ سۇئات راستلا بەك چىرايلىق بالا بولۇپتۇ.

ئېرى ھەققىدە گەپ بولۇۋاتقاندا زەررىن سەل شۈكلەپ قالدى. ئاغرىنغان ۋە مىسكىن بىر ئاۋازى بىلەن جاۋاب بەردى:

— جىھات بەك ياش دادا. تېخى ئۇ ھېسسىياتلارغا كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە سۇئاتمۇ تېخى بىر بوۋاق. دادىسىنىڭ ئۆزىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان ياشقا تېخى كەلمىدى. بۇلارنى سىزمۇ بىركۈنى دادا بولغان چېغىڭىزدا ئاندىن چۈشىنەرسىز.

— سىزمۇ بەك ياشقۇ؟

— بىر ئانا ئۈچۈن ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. ئايال كىشى قايسى ياشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئانا بولغاندىن كېيىن پىشىپ يېتىلىدۇ.

— ئوغلۇمنىڭ سىزدەك بىر ئانىسى بولسا، زەررىن خانىم. ئۇلارنى ھەرقاچان كۆز ئالدىمدا بولۇشىنى خالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل، مۇنداق بىر مەنزىرىدىن تېخىمۇ نەپىس رەسىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

ياش چوكان يەنە ئاغرىنغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— ئانىلىقىم ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ.
— نېمە ئۈچۈن؟ دەرھال ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتەمسىز؟
— يا ئەتە، يا ئىككى كۈندىن كېيىن...
— ھەي ئىسىت! مەن تېخى سىزنى بىر مەزگىل بۇ يەردە تۇ-رىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. مەقسىتىم سىزگە بوغۇزنىڭ ئاناتولىيە قىسمىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ياكى ھېچبولمىسا ئەتە ۋاقتىڭىز بارغۇ، بىر-لىكتە چىقايلى بولامدۇ؟
— بولىدۇ...
بۇنىڭغا رازى بولغان زەررىن بۇنىڭ ھەتتا كىچىككىنە بول-سىمۇ خاتالىق ئەمەسلىكىگە ۋىجدانىدىن خاتىرجەم ئىدى. رائىف سەممىمىي بىر يىگىت ئىدى. ئۆزىگە كەلسەك بىرئاز ئايلىنىش، ئۇ يەر - بۇ يەرنى كۆرۈش بىلەن بۇ جىددىيچىلىك چەمبىرى ئىچىدىن چىقىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىشى لازىملىقىنى بىردىنلا ئويلاپ قالغانىدى.
ئەمما بۇ ئەركىنلىكى ئۇزۇن سۈرمىدى. ئىككى كۈندىن كې-يىنكى بىر ئەتىگەندە پاراخوت بىلەن ئىستامبۇلدىن كەلگەن بالا بەي ئەپەندىنىڭ ئەنقەرەدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە خانىم ئە-پەندىنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىشىنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتتى. بايرام كۈنلىرى تۈگىگەنىدى. زەررىن ئوغلىنى ئاخىرقى قېتىم قۇچىقىغا ئالدى.
— مەن ھەپتە ئىچىدە يەنە كېلىمەن، — دەۋاتقىنىدا، بۇ توغرىدا ئېرىنىڭ چىقارغۇسى جېدەللىرىنى پەرەز قىلىپ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىققان ئېمىكئانا بىلەن ئۇنىڭ قىزى:
— كاشكى، بەي ئەپەندى بۇ يەرگە كەلگەن بولسا، ئەتە بىر-لىكتە قايتقان بولساڭلار؟ — دېدى.
زەررىن خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدىدا ئېرىنى يامان كۆرسەتمەس-لىك ئۈچۈن:

— كىم بىلىدۇ، ئىشلىرى بەك جىق بولۇپ كېلەلمىگەندۇ. بولمىسا سۇئاتنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنداق قىلمايتتى، — دەپ جاۋاب بەردىيۇ، ئەمما ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى ئۇلار سىزىپ قالمىسۇن دېگەندەك قەدىمىنى تېز - تېز ئېلىپ پورت تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

رائىف بىلەن خوشلىشىش ياكى بىرەر گەپ ئەۋەتىش خىيالىغىمۇ كەلمىگەندى.

غەلىتە بىر تاسادىپىيلىق ئۇلارنى پورت بېشىدا يەنە ئۇچراشتۇردى.

— نېمە بولدى؟ كەتمەكچىمۇ سىز، زەررىن خانىم؟

— ھەئە، جىھات خەۋەر ئەۋەتىپتىكەن.

— ئەنقەرەدىن قايتىپ كەپتۇ - دە.

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— بەك ۋاپاسىز ئىكەنسىز. ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك دوستىڭىزغا بىر خەۋەرمۇ يوللىمىدىڭىز. تاسادىپىي يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالمىساق كەتكىنىڭىزنى بىلمەي قالارىكەنمەن.

— توغرا دەيسىز، ھەتتا سىزگە دوستلۇقىمىز ئۈچۈن رەخمەتمۇ دېمەي كېتىۋاتىمەن، پەقەت پاراخوتتا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق ئالدىراپ كەتتىمكى...

— خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىدىن مەنمۇ بۇ پاراخوت بىلەن ئىستامبۇلغا كىرمەكچىمەن.

زەررىن، نېمە دېگەن ياخشى، ئۇزۇن سەپەردە زېرىكمەيدىغان بولدۇم - دە... دېمەكچى بولدى - يۇ، بىردىنلا يالتىيىپ قالدى. پەقەت:

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

ئىككىسى بىللە پاراخوتتا چىقىشتى.

# 4

ئۆيگە كەلگىنىدە ئېرىنىڭ چوشلۇك تاماقنى يەپ بولۇپ كۇ-لۇبقا كەتكەنلىكىنى بىلدى. زەررىن بىر تەرەپتىن بۇنىڭغا خۇش بولدى. ئۇ ئوبدان بىر ئارام ئالماقچى، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، چىد-رايلىق كىيىنىپ ئون كۈندىن بىرى كۆرمىگەن جىھاتنى كۈتـۈ-ۋېلىشقا هازىرلانماقچى بولغانىدى. چۈنكى بۇ تۇنجى قېتىملىق ئۇزۇن ئايرىلىشلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋالقىلىرى ئۈچ كۈندىن ئاشمىغانىدى. بۇ ئون كۈن قانداقلا بولمىسۇن ئالدىراشلىق ۋە غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا جىھاتنى بەك كۆرگۈسى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز بولسىمۇ تېزرەك كۆرۈشۈش، ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىش ئۈچۈن بىتاقەت بولات-تى. بۇ ئايرىلىش ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىقىنى بىر ئاز پەسەيتكەند-دى، «سۇئات ياخشى بولۇپ قالغاندىكىن، ئەمدى جىھاتقا ئارتۇقچە قاتتىق گەپ قىلماسلىقىم لازىم» دېدى ئىچىدە. شۇنداق، بۇ ئۇ-نىڭ قارارى ئىدى. ھەتتا ھېچنېمىدىن قاقشىمىسا تېخىمۇ مۇۋا-پىق بولاتتى. ئۇ بۇ ياخشى ئويلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇجۇپىلەپ كىيىندى، پەرداز قىلدى، ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدى.

«جىھات بۇ تۇرقۇمنى ياقتۇرىدۇ. ئۆيىنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنداق چىرايلىق، رەڭدار كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسەم خۇش بولۇپ كې-تىدۇ.» ئۇ خىياللىرى بىلەن دەرۋازا قېقىلىشىغىلا ئورنىدىن دەس تۇردى، ئەمما سىرتقا چىقمىدى. ئېرى بىلەن خىزمەتكارنىڭ ئالدىدا ئەمەس، ئۆي ئىچىدە كۆرۈشمەكچى بولدى. قەلبى شادلىق ئىچىدە تىپىرلايتتى، كۆزلىرى ھاياجاندىن يېنىپ تۇراتتى.

— جىھات، سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كېلىپ كەتتىكى... —

زەررىن شۇ گېپى بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا قۇچىقىنى ئېچىپ يۈگۈر-گەنىدى، بىردىنلا ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى. تومۇرلىرىدىكى قان توڭلاپ قالغاندەك بولدى. جىھاتنىڭ چىرايى ئەڭ يامان كۆنلىرد-دىكىدەك غەلىتە بولۇپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سۆيگۈ تولغان سۆزلىرىنى ۋە تاتلىققىنە بېقىشلىرىنى ئاڭلاش، كۆرۈشنىڭ ئورنىغا قوپال بىر ئاۋاز قۇلىقىغا كىردى:

— بۇ قىلغانلىرىڭنىڭ مەنىسىنى ۋە سەۋەبىنى ماڭا دەپ باققىنە.

— نېمىنىڭ؟ نېمە بوپتۇ؟

— تېخى مەندىن سوراۋاتامسەن؟ مەن بۇ ئىشىكتىن چىقىپ-تىمەن. سەن ئۇ ئىشىكتىن كوچىغا ئۆزۈڭنى ئېتىپسەن. تېخى مەن چاقىرغاندا ئاران ئۆيگە كەلدىڭ. بۇ نېمە قىلىق؟ مەندىن رۇخسەتسىز قانداق كەتتىڭ؟

جىھات سۆزلەۋاتقىنىدا بىر قىزىرىپ، بىر كۆكىرەتتى. زەر-رىن ئۇنىڭ يەنە بىرئاز ئارتۇق ئىچىۋالغانلىقىنى چۈشەندى-دە، تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ جىھات؟ بەيكوزدىن بىر تېلېگراما كەلگەنلىكىنى، سۇئاتنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟

— جىددىي بىر ئەھۋال يوق ئىدى.

— نەدىن بىلىسەن؟ ئوغلىمىز ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىنىدى...

— ھالبۇكى ساقايدى، شۇنداقمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئەمما كېسىلى يامان كېسەلگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ئاۋۋال ئوغلىمىزنىڭ سالامەتلىكى ھەققىدىكى خە-ۋەرلەرنى سوراپ بېقىش ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىغا خۇش بولۇش توگۇل، ماڭا يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەنا.

— نېمە دېدىڭ؟ يوقىلاڭ گەپمۇ؟ مەندىن رۇخسەتسىز كېتىپ

قاپسەن. بۇ ئاز دېگەندەك ئۇ يەردە تۇرۇپ قاپسەن.
— كېسەل بالىنىڭ قېشىدا بولۇش بۇرچۇم ئىدى.
جىهات ئۆزىنى يوقاتقان هالدا ۋارقىرىدى:
— بەيكوز ئورمانلىقىدىكى ئۇچرىشىشقا بېرىشمۇ بۇرچۇڭمىدى؟
زەررىن بۇ سۆزلەرنى چۈشىنەلمەي، هاڭ ـ تاڭ بولغان هالدا سورىدى:
— قانداق ئۇچرىشىشكەن ئۇ؟ جۆيلۈۋاتمايدىغانسەن؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى ئوچۇق سۆزلىگىن ـ دە، مەسىلە هەل بولسۇن، مۇنداق مەنىسىز تالاش ـ تارتىشلار بىلەن خوشۇم يوق! — زەررىنىنىڭ ئاۋازى ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى.
جىهات بولسا مەسخىرە بىلەن سوراق قىلىشقا باشلىدى:
— خوشۇڭ يوق، شۇنداقمۇ؟ ماقۇل ئەمىسە، خانىم. ئۇنداقتا سىزدىن سوراپ باقاي، پاشا باغچىدىكى چىنار ئاستىدا چاي ئىچ ـ تىڭىزمۇ؟ بەيكوز ئورمانلىقىدا ئايلاندىڭىزمۇ؟
بۇ سۆزلەر بىلەن ئەهۋال ئايدىڭلاشقانىدى. زەررىن ئەركىن بىر نەپەس ئېلىپ قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— هە! شۇ ئىشمۇ؟ توغرا، دوستۇڭ رائىف بەي مېنى كۆر ـ گىلى كەپتىكەن. ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بىللە سىرتقا چىقتۇق.
— شۇنداق بولدىمۇ؟!
— هەئە.
— دېمەك ئېتىراپ قىلىدىكەنسەن ـ دە، «قايسى ئۇچرى ـ شىش؟» دەپ، تەمتىرەپمۇ كەتمىدىڭيا؟
— يوقسۇ. ئۇنىڭغا تەمتىرەپ كەتمەيمەن. ئەمما سېنىڭ بۇ هالىڭ مېنى هەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، چاهارباغدىكى قوشناڭ ۋە سېنىڭ بالىلىق چاغ ـ لىرىڭدىكى دوستۇڭ رائىف بەي سىپايە بىر ئادەم ئىكەن. يالغۇز ـ لۇقۇمنى كۆزدە تۇتۇپ مەن بىلەن بىرئاز ساياهەت قىلدى.

— بىر ئاز ساياھەت؟... پەقەت شۇلا... مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. پات - پات بەيكوزغا بېرىش ئىستەكلىرى، مەن چەكلىسەم يىغلاپ - قاقشاشلار. بالام دېسە بالام دەپ تۇرۇۋې-لىشلار... مانا ئەمدى بۇلارنىڭ سەۋەبى ئوچۇق بولدى.

— سەۋەبى نېمە ئىكەن؟

— چوقۇم بىلىشنى خالايسەن، شۇنداقمۇ؟ ئوچۇقىنى ئېيت-قاندا، مېنىڭ بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلگۈڭ كېلىۋاتىدۇ - ھە؟ ئۇنداق بولسا مەن بۇ يالغانلارغا ئىشەنمىدىم.

— سۇئاتنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغىمۇ؟

— ئۇنىڭ كېسىلى ئادەتتىكى بىر زۇكام ئىكەن. ئۇ دەلتە خوتۇن مەسئۇلىيەتتىن قورقۇپ ئەندىشە پەيدا قىپتۇ. ئەمەلىيەت-تە سەن بارا - بارمايلا بالىنىڭ ساقىيىپ قېلىشىمۇ شۇنى ئىس-پاتلايدۇ. ئەمما سەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلاندىڭ، مەن ئەنقەرەدىكى ۋاقتىمدا پۈتۈنلەي ئۇ يەردە بولدۇڭ.

— بەك تەبىئىي ئىشقۇ بۇ.

— ياق، دەرھال قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك ئىدى. يات بىر ئەر كىشىنىڭ سېنى ئۆزىگە تارتىشىغا يول قويۇپ بەردىڭ ھەمدە مەن دېگەندەك، ئاساسەن ئىككىڭلار پۇرسەتتىن پايدىلاندىڭلار. بالىنىڭ كېسىلىنى باھانە قىلىپ خالىغانچە ئايلىنىپ ساياھەت قىلدىڭلار. دەل ئون كۈن بىللە ياشىدىڭلار. بۇنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالامسەن - ھە؟! نېمىشقا تۇرۇپ قالدىڭ، بىر يالغاننى ئويدۇرۇپ، مېنى ئالداشقا تىرىشىپ كۆرمەمسەن؟

جىھاتنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى. زەررىن بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاچچىقىنى پەسەيتمەكچى بولۇپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ خىيالىڭنىڭ مەھسۇلى، جى-ھات... ماڭا ئىشەنمىسەڭ، ئەسما خانىمدىن سوراپ باق... ئۇ ساڭا سۇئاتنىڭ قانچىلىك ئاغرىپ قالغانلىقىنى دەپ بېرەر. بالىلارنىڭ قىزىتمىسى تېز ئۆرلەيدۇ ۋە تېز چۈشىدۇ. خۇداغا مىڭ شۈكۈر،

باشقا بىر كىيسەلگە ئۆزگىرىپ قالماي يۇقۇملۇق زۇكام ئاخىر ئۆ-تۈپ كەتتى، مەنمۇ سىزنىڭ ئەتقەرەدە ئىككەنلىكىڭىزنى ئويلاپ بىر-قانچە كۈن ئوغلۇمنىڭ قېشىدا بولۇۋالدىم. بۇنى نېمىشقا مۇنداق ئىزاھلاپ كېتىسەن؟ ھېچ چۈشەنمىدىم.

— ئاغزىڭنى يۇم! مۇشۇنداق مەسۇم قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسەن؟

— ساڭا كاپالەت بېرىمەنكى، سېنى ئالداش خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى.

— ئىشنىڭ ھەقىقىتى شۇكى: بەيكوزغا كېلىپ- كېتىپ يۈرۈپ ئاتالمىش دوستۇم دەپ قاراپ كەلگەن ئۇ ئادەم بىلەن ئا-راڭلاردا بىر مۇناسىۋەت پەيدا بولغان گەپ. بۇنى قانداقلارچە خى-يالىمغا كەلتۈرمىدىم- ھە!

— ھالبۇكى، مەن رائىف بەينىڭ بەيكوزدا تۇرىدىغانلىقىنى بىرقانچە كۈن ئاۋۋاللا بىلدىم.

— ئۇنىڭ بىلەن ئاپتوبۇس سەيلىسىمۇ قىلدىڭلار تېخى.

— ھەئە، پاشا باغچىگە باردۇق. بۇنى سەندىن يوشۇرمايمەن، سىزنىڭدەك مەدەنىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ بۇنچىلىك ئاددىي مەسى-لىنى ئۇنچىۋالا چوڭايتىۋېلىشىڭ توغرىمۇ؟ خۇدا ھەققى، ھەم سىزنىڭ، ھەم ئۆزۈمنىڭ نامىدا نومۇس قىلىۋاتىمەن.

— ئەخلاق ئوقۇتقۇچىلىقىڭنى قوي. مېنىڭ خوتۇنۇم تۇرۇق-لۇق بىر ئىشچى قىزلاردەك ئىش قىلدىڭ، يات بىر ئەر كىشى بىلەن بىرلىكتە سەيلە قىلغىلى چىقتىڭ. كۆرگەن- ئاڭلىغانلار نېمە دەر؟ جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇنى بىر ئەر كىشى بىلەن ئۇ-دۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ ساياھەت قىلىۋاتىدۇ. پاراخوتتا ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتىدۇ... دېمەسمۇ؟

— كۆز تەگمىسۇن، دېمەك سىزنىڭ ھەر تەرەپتە كۆز- قۇلاقلىرىڭ بار ئىكەن- دە، ھېچبىر ھەرىكىتىمنى كونترول-سىز قويماپسەن.

— نېمە دەپ ئويلىغانىدىڭ مېنى!
— ئارقامغا جاسۇسلارنى قويۇپسەن ـ دە.
— ئەلۋەتتە، شان ـ شەرىپىمنى قوغداش ئۈچۈن باشقا چارەم يوق ئىدى.
— نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ساڭا جىھات، راستىنىلا سېنىڭ نامىڭ ئۈچۈن نومۇس قىلىۋاتىمەن. بۇ نېمىدېگەن چاكىنىلىق، مەندىن نېمىشقا ۋە قايسى ھەققىڭ بىلەن شۈبھىلىنىسەن؟ ئەگەر نامىڭغا بۇنچىۋالا ھۆرمەت قىلىدىغان بولساڭ، غورۇرۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنى بۇنچىۋالا يوغان بىر ئەينەكتە كۆرىدىغان بولساڭ، نا ـ مىڭغا كىر قوندۇرماسلىق ئۈچۈن تىرىشىشىڭ كېرەك. مېنىڭ ھەققىمدە ھېچكىمنىڭ بىرنېمە دېيىش ھوقۇقى يوق. چۈنكى مەن بۇنىڭغا يوچۇق چىقىرىپ بەرمەيمەن، لېكىن ئۆزۈڭ ھەققىدە خەلقئالەم نېمە دەيدۇ بىلەمسەن؟ «جىھات باغدادلىق» دېگەن ئى ـ سىمنى سەن ئەنە شۇنداق پەسلەشتۈرۈۋاتىسەن.
زەررىن تۈنجى قېتىم ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. شۇ تاپتا نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بارچە ۋارقىراپ كەتتى.
— تېخى ماڭا ئالىيجانابلىقتىن، ئېسىل نەسەبتىن گەپ ئا ـ چىسەنا. ياخشى تەربىيە كۆرگەن بىر ئىنسان بولغان بولساڭ، خوتۇنۇڭنى بۇ ئۇسۇلدا ۋەسۋەسىگە سالمىغان بولاتتىڭ: مەلۇم بولدىكى، سەن ياراتمىغان دادام، قورۇقنىڭ خوجىدارى دېيىلىپ كەمسىتىلىدىغان شۇ دادام ماڭا سېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇ ـ قىرى سەۋىيەدە تەربىيە بەرگەنىكەن!
— ئاغزىڭنى يۇم! قايسى ھوقۇقۇڭ بىلەن ماڭا بۇلارنى سۆز ـ لەپ ئولتۇرىسەن، كىم رۇخسەت قىلدى ساڭا؟
— مېنىڭ ھېچكىمدىن رۇخسەت ئېلىش ئېھتىياجىم يوق.
— سەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭنى قۇرۇق گەپ بىلەن يېپىپ قالماقچى، مېنىڭ دىققىتىمنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتمەكچى بولۇ ـ ۋاتىسەن. ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىمەن دەپ خام خىيال

قىلما. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. سېنىڭ ئەمدى بەيكوزغا قەدەم بېسىشىڭ مەنئى قىلىندى، ئۇقتۇڭمۇ؟ يات ئەر كىشىلەر بىلەن كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر خوتۇن مېنىڭ ئىسمىم بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدىغان ئوغلۇمنىڭ ئانىسى بولالمايدۇ!

— سۇئات مېنىڭمۇ ئوغلۇم، بۇنى ئۇنتۇپ قالما!

— بەلكى شۇنداقتۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرەلمەيسەن، سەن ئۇنىڭغا ئانا بولۇشقا لايىق ئەمەسسەن.

— سەن ئالجىپ قاپسەن، جىھات، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باق.

— ئۇ مېنىڭ ئىشىم. ئەمما ساڭا قەتئىي تۈردە شۇنى جېكىلەپ قويايكى، يەنە بىر قېتىم سۇئاتنى كۆرگۈچى بولما! بۇنىڭغا لايىق بولمىغانلىقىڭنى ھەر جەھەتتىن ئىسپاتلىغىنىڭدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى بولالمايسەن. يەنە دەپ قوياي، بەيكوزغا ئاياغ باسقۇچى بولما!... ئوغلۇمنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن ئەمەس ئەمدى!

جىھات ئېلىشىپ قالغان، تۇتقاق كېسىلى تۇتۇپ قالغان بىر بىمارغا ئوخشاش ئېغىزلىرىدىن كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ توختىماي سۆزلەيتتى. ئاجايىپ قاملاشمىغان گەپلەر بىلەن زەرىننى ئورۇنسىز ئەيىبلەيتتى، خوتۇنىغا بەكمۇ قاتتىق گەپلەر ۋە قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن تەھدىت سېلىۋاتاتتى. زەررىن تاياق يەپ كېتىشىدىن، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ بىر بۇلۇڭغا قىسىلىپ تۈگۈلۈپ قالدى ۋە ئاۋازىنى چىقارماستىن ساراڭلىق بورانىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، كۆزلىرى قورقۇنچتىن چەكچىيىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن بەدىنى غال - غال تىترەيتتى، چۈنكى بىر مەست ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

لېكىن، جىھات تەلۋىلىكنى ئارتۇقچە ئۇزارتمىدى. ئاچچىقىنى ۋارقىراش - جارقىراش بىلەن چىقىرىۋېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. خىزمەتكارغا ياتقىنى كۈتۈپخانىدىكى دىۋاننىڭ ئۈستىگە

هازىرلاپ قويۇش ھەققىدە تاپىلىدى ۋە قايتىپ كېلىپلا يېتىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ قاتتىق ـ قاتتىق نەپەس ئېلىدۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ ئۇخلىغانىدى.

جىھاتقۇ ئۇخلاپ قالدى، ئەمما ئۆمرىدە بۇنداق بىر ۋەقەگە شاھىت بولۇپ باقمىغان ياش چوكان تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. ئېرىنىڭ تەھدىتلىرىنى ئەتىسى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىنى، گەپ ـ سۆزلىرىدە ئىسپىرتنىڭ چوڭ رولى بارلىقىنى ئويلايتتى. زەررىن يەنىلا قورقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇسىغا، ئانىلىق ھېسسىياتىغا رەددىيە بېرىلگەنىدى. «سۇئاتنى كۆرمەسلىك، ئوغلۇمدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قېلىش، نېمىدېگەن دەھشەت، يارەببىم! ياق! ئۇ مۇنداق بىر ئىش قىلماس، قىلماس... بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماس، لېكىن شۇنداق قىلسىچۇ؟! ئۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر ئىشنى كۈتۈش مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدا ۋەھشىي بىر روھ بار. ھەرقانداق ئەھۋالنى غورۇر ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇ ئەقىللىق ئادەمنىڭ دۆت تەرىپى... كۈنلەمچىلىكىمۇ، ماڭا بولغان سۆيگۈسىدىن ئەمەس، غورۇرىدىن... ئۇنىڭ فامىلىسى بىلەن ئاتىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈنلا ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، كالۋا. بەلكى كۆڭلۈمنى تېخىمۇ رەنجىتىش ئۈچۈن بۇ ئاخىرقى قارارىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن؛ ھەردائىم قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر ئىشلارنى قىلمىدىمۇ؟ تۇغقان بالامنى ئانىسىدىن باشقا ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىش، ئۇنى ئانىسىدىن يىراق يەردە بېقىش، پەقەت نورمال بولمىغان بىر ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشى. مانا جىھات بۇلارنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىلدى، يەنە نېمىشقا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ باشقا ئىشلارنىمۇ قىلمىسۇن؟ چۈنكى ئوتتۇرىغا باشقا بىر باھانىنى چىقارغان تۇرسا... رائىف بەي ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسا كىم بىلىدۇ، قانچىلىك ئاچچىقى كېلەر؟ بىچارە ئادەمنىڭ خىيالىغا ھېچبىر يامان نىيەت كەلمىگەنىدى؛ ھەرقاچان گەپ ـ سۆزلىرىگە بەك دىققەت قىلاتتى، كىچىككىنە بىر دارىتما سۆزلەرنىمۇ قىلىپ باقمىغانىدى.

ماڭا نىسبەتەن ھەمىشە بىر دوستىنىڭ خوتۇنىغا كۆرسىتىلىد-
غان ھۆرمەتنى كۆرسەتكەنىدى، بۇنىڭغا نىسبەتەن جىھات نېمە
قىلدى؟ پۇتۇنلەي گۇمان، پۇتۇنلەي مەنىسىز بىر كۇنداشلىقنى
كۆتۈرۈپ چىقتى. ئارقىسىدىن بىرمۇنچە تەھدىت... ئۇنىڭ مېنى
بىرەر قېتىم باغدادقا، ئائىلىسىگە ئېلىپ بېرىشىنى بەك ئارزۇ
قىلاتتىم، ئۇ چاغدا كۈچلۈك بىر غۇرۇرنىڭ ئاساسىنى ۋە سەۋە-
بىنى يېقىندىن بىر كۆرۈپ، ئۇقۇپ باقماقچىدىم. راستتىنلا ئۇ
يەردە قەدىمىي سارايلاردا ھايات كەچۈرەمدىغاندۇ؟ جىھاتنىڭ چوڭ
دادىلىرىدىن بىر گېنېرالنىڭ ئىستانبۇلدىن باغدادقا ۋالىي قىد-
لىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئۇ يەردە مۆتىۋەر ئائىلىسىدىن كېلىپ
چىققان بىر تۈرك قىزىغا ئۆيلىنىپ يەرلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن بالىلىرىنىڭ، ھەتتا نەۋرىلىرىنىڭ ئۇ يەردە نۇر-
غۇن مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتىم. فا-
مىلىلىرى ئىلگىرى ئەرەبچە «باغدادى» ئىكەنتۇق، جىھاتنىڭ دا-
دىسى بۇنى تۈركچىگە ئۆرۈپ «باغدادلىق» قىلىۋالغانىكەن. بۇلار-
نىڭ ھەممىسى ماڭا مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا، جەمەتى ئىچىدە ئانا
ياكى دادا تەرەپلىرىدە بىرمۇنچە گېنېراللارنىڭ بولغانلىقى مە-
لۇم... لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جىھاتنىڭ ئۆزىنى بۇنچىۋالا
ئالىيجاناب ھېس قىلىپ، غۇرۇرلىنىپ يۈرۈشىگە سەۋەب بولال-
مايدۇ ۋە سەۋەب بولماسلىقى كېرەك... چۈنكى بىر ئائىلىنىڭ
ئابرۇيلۇق بولۇشى ياخشى ۋە ئېسىل بىر ئىش... ئەمما ئىنسان
ئۆزىنىڭ شەخسىي ئابرۇيىنى تېخىمۇ مۇھىم دەپ بىلىشى كېرەك
ئەمەسمۇ؟ جىھاتنىڭ (بۇنى ئەمدىلىكتە ئېچىنغان ھالدا ئېتىراپ
قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن) بەزى مىجەز ـ خۇيلىرى ئائىلد-
سىنىڭ ئۇ سۆزلەپ يۈرگەن شان ـ شۆھرىتى بىلەن تامامەن
زىت. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى پەسلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ماڭا قىلىۋات-
قان مۇئامىلىسى ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئاددىي، ھەتتا نادان، بەدەۋى
بىر ئىنساننىڭمۇ خوتۇنىغا نىسبەتەن راۋا كۆرۈلمەيدىغان پەس-
كەشلىكتىن ئىبارەت... ئېسىل نەسەب ئۇنىڭ قەيەرىدە زادى؟

يەنە تېخى بالامنى كۆرۈشۈمنى مەنئى قىلارمىش، بەيكوزدا
رائىف بەي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇ-
چۇنلا بۇ تەدبىرنى مەجبۇرىي قوللانماقچى! ئۇنىڭ ئەقىل - پارا-
سىتى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولمىغان بۇ قارارغا كۈلگۈم كېلىدۇ.
خۇددى مەن رائىف بەي بىلەن ۋە ياكى باشقا بىر ئەر بىلەن كۆ-
رۈشۈشنى خالىغان تەقدىرىمدە بۇنىڭ چارىسىنى قىلالمايدىغاندەك،
پەقەت بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر باھانىدىن ئىبارەت... بۈگۈن
رائىف بەي... ئەتە يەنە باشقا بىرسى... ئۇنىڭ جاھىللىق، خىر-
رىس، ئاچچىق ۋە غۇرۇردىن باشقا بىر تۇيغۇسى يوق... ئوغلۇم،
ئوغلۇم دەپ تۇرغىنى بىلەن ئۇنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنى سۆ-
يىدىغان بولسا ئۇنىڭدىن مۇنداق يىراق ياشاشقا چىدالايتتىمۇ؟
ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سۆيگۈ چۈشەنچىسى باشقىلاردىن تامامەن
پەرقلىق. مېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟... ياق، يەنى مەن چۈشەنگەن مە-
نىدىن ئېيتقاندا ياق! ياخشى كۆرمەيدۇ... ئەگەر ياخشى كۆرسە
مېنى ئازابلىماستى، مېنى ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزى چۈشەنگەن مەنى-
دىلا ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداقتا مەنچۇ؟ مەن ئۇنى ياخشى كۆرەمدى-
مەن؟ بۇ سوئالغىمۇ ياق، دەيمەن ئەمدى. چۈنكى مەنمۇ ئۇنى ئۇ
چۈشەنگەن مەنىدە ياخشى كۆرمەيمەن. ئارىمىزدا بارغانسېرى كې-
ڭىيىپ كېتىۋاتقان بىر ھاڭ بار. ھەقىقەت شۇكى، مەن چارچاپ
قالدىم، زېرىكىپ كەتتىم. ئۇزۇندىن بېرى ياخشى كۆڭلۇم بىلەن
بۇ تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇندۇم. ئارىمىزغا بىر سوغۇق-
چىلىق چۈشۈپ قالماسلىقىغا كۆپ تىرىشتىم. مانا شۇ تاپتا زەر-
رىچە بىرئازاب ھېس قىلمايۋاتىمەن. ھالبۇكى، ئۇ بولسا ئەكسى-
چە ئارىمىزدا يوچۇق پەيدا قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قى-
لىشتىن باش تارتمىدى ۋە تېخىچە باش تارتمايۋاتىدۇ. ئائىلىۋى
ھاياتىمىزنى نورمال بىر شەكىلدە، بەخت - سائادەت ئىچىدە ئۆت-
كۈزۈشكە ھەمكارلىششىنىڭ ئورنىغا دەل ئۇنىڭ ئەكسىنى قى-
لىپ، ئىككىمىزنى بەختسىز قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. شۇنداق، ئۇ-
نىڭمۇ بەختلىك بولمىغانلىقى ئېنىق... ئائىلە ھاياتى دېگىنىمىز

مۇشۇمۇ؟ بەي ئەپەندىگە ھەرئاخشام كۇلۇبلاردا... قىمار، ھاراق - شاراب، ھەتتا ئاياللارمۇ باردۇ، كىم بىلىدۇ؟

ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ، بىرقانچە ئاينىڭ ئالدىدا جىھاتنىڭ ھاياتىدا باشقا بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مېنى ئەندىشىگە ۋە ئازابقا سالاتتى. ھالبۇكى، ھازىر بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمايۋاتىمەن، ھېچنېمىنى كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيۋاتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبچىسىمۇ يەنىلا شۇ جىھات. ئۇنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئوي - پىكىرلىرى، مۇستەبىت ۋە بۇيرۇقۋازلىقى مەندە ئەنە شۇنداق ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇنى كۈنلەشنىڭ ئورنىغا كۆرمەسكە سالدىم. نېمە ئىش قىلسا قىلىۋەرسۇن ئەمدى! ئۇنى قولۇمدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن قىلچە تەدبىر قوللانمايمەن. بۇگۈن مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇن ئوغلۇمنىڭدۇر... جېنىم سۇئاتىم، جىگىرىم، قوزام! ئوماققىنە قوللىرىنى مەڭزلىرىمگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ: «ئانا، دېگىنىدە كۆزلىرى قانداق چاقناپ كېتەتتى - ھە! ئۇنى ئەمدى ماڭا كۆرسەتمەسمىش! ساڭا ھەيران قالدىم جىھات. مېنى بالامدىن ئايرىۋېتىدىغان ئادەم تېخى دۇنياغا كەلمىدى! لېكىن ئۇنى بىر يەرلەرگە ئېلىپ قاچسىچۇ؟»

بۇ ئاخىرقى خىيالى شۇنچىلىك ئۇشتۇمتۇت ۋە تەسىرلىك بولدىكى، ياش چوكان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ھۇجرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. چېكە قان تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، مېڭىسىنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ دەھشەت بىلەن لوقۇلداپ كەتتى، بىر پەس نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، پېشانىسىگە، بويۇنلىرىغا كولونيا سۇرۇپ باقتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، غەزەپتىن پۈتۈن بەدىنى دىر - دىر تىترەيتتى.

ئۇ خېلى ئۇزاققىچە جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرىگەن ھالدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. يادىغا ھەر تۈرلۈك پىلانلار، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قارارلار كەلمەكتە ئىدى. كۆپ چىققاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى قارارغا ئاران كېلەلىدى. قەتئىي

ئىرادىگە كەلگەندەك بىر خىل چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىشكابتىن بىر قۇر كىيىمىنى ۋە ئۇششاق - چۈششەك نەرسە - كېرەكلىرى بىلەن دادىسىنىڭ سۈرىتىنى ۋە قىز ۋاقتىدا سالغان ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەتلىرىنى، باشقا قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى بىر سومكىغا سالدى. سومكىسىنىڭ ئېغىزلىرىنى دىققەت بىلەن ئەتتى. ئاندىن ئۈستەلگە كېلىپ ئېرىگە مۇنداق خەت يازدى:

«جىهات، مەن كەتتىم. ئورۇنسىز ئەيىبلەشلىرىڭگە ۋە تەھدىتلىرىڭگە بۇنىڭدىن ئارتۇق تاقەت قىلالمايمەن. يەنە تېخى ئوغلۇمنى كۆرۈشنى مەنئى قىلىشىڭ سەۋر قاچامنى چېقىۋەتتى. سېنىڭ ئوغلۇڭ مېنىڭمۇ ئوغلۇم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، پۈتۈن ھاياتىم ئۇنىڭغا باغلانغان. ھالبۇكى، سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا يەنە بىر ئۆزۈڭ ئىگە بولماقچى بولۇۋاتىسەن. بالامنى مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ ئالالمايسەن، جىهات... مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتەلمەيسەن، پەقەت مېنى ناھەق ئەيىبلىگەنىكەنسەن، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېيىن نە مېنى، نە سۇئاتىمنى كۆرۈپ باق. خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، جىهات.»

ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ، ئۈن چىقارماي كىيىندى. سومكىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ بىر قېتىممۇ ئارقىسىغا قارىغۇسى كەلمەيتتى. دەھلىزدە بىر مىنۇت تۇرۇپ قالدى. خىزمەتكار ھېلىلا ئويغانغانىدى. ئۇ يەر - بۇ يەرلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. خانىمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ قاراپلا قالدى. ئەمما زەررىن ئارتۇقچە ئىزاھات بېرىشنى زۆرۈر تاپمىغاچقا، پەقەت خەتنىلا ئۇنىڭغا بەردى. ئورنىدىن تۇرغان ھامان بەي ئەپەندىگە بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ، ئۈن - تىنسىز دەرۋازىدىن چىقتى. تۇنجى قېتىملىق يولۇچى پاراخوتى بىلەن بەيكوزگە كەتمەكچى بولدى.

# 5

جىھات كۆزلىرىنى ئېچىپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆي ئىچىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى غۇۋا كۆردى. رەت ـ رەت تىزىپ قويۇلغان كىتابلىرىغا كۆزى چۈشتى ۋە شۇ چاغدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىسى مۇنداق بولدى:

— بۇ كېچە كۈتۈپخانامدا يېتىپ قاپتىمەن ـ دە، نېمىشقا ھە؟

ئۇنىڭدىن ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى: «يەنە جىقراق ئىچىۋېتىپتىمەن. ھالىم نېمىدېگەن ئوسال! پۈتۈن خاتالىق شەۋكىدە... ئاغزىممۇ ئاچايىپ ئاچچىق بولۇپ كېتىپتۇ... بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ... يەنە زەررىن بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم. بىچارىنى خاپا قىلىپ قويدۇم... پەقەتلا ياخشى كۆرمەيمەن بۇ جەڭگى ـ جېدەللەرنى. كىم بىلىدۇ، نېمىلەرنى دېگەندىمەن، چۈنكى بەيكوزدىن كېلىپ، ئۇنىڭ رائىف بىلەن بىللە كوچىلارغا چىققانلىقىنى ئېيتىش بىلەنلا ھوشۇمنى يوقاتقانىدىم. كۈنداشلىق... مەستلىك... يەنە ئۇ بىچارە قىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتتىم.»

جىھات دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ بىر ـ ئىككى مىنۇت ھېچنېمە ئويلىماستىن تۇرۇپلا قالدى، ئارقىدىنلا يەنە ئويلىنىشقا باشلىدى:

— زەررىن تۈنۈگۈن بەك خاپا ئىدى، بۇرۇنلاردا مۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلساق گەپنى ئۇزارتمايتتى، ئۇنىنى ئىچىگە يۇتاتتى. بۇ قېتىم ئۇنى ئىسيانكار ھالدا كۆردۈم. بۇ كۈچ ـ قۇدرەتنى قەدىر ـ قىممىتىدىن ئالدىمىكىن؟ ئەمما بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس... ياكى رائىف بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىش بارمىدۇ؟ بۇ پەقەت مېنىڭلا كۈنداشلىقىمدىن ئويدۇرۇپ چىقارغان بىر ۋەھىمە ئەمەسمىدى؟»

جىهات هاياجان بىلەن سەل ئۆرە بولۇپ، كارىۋىتىنىڭ بېـ
شىغا يۆلەندى، كاللىسى ناھايىتى سەگەك ئىدى: «ئۇنداق ئەمەسـ
تۇ؟!... شۇنداق بىر ئىش ئەسلا بولماس، رائىف ئۇنداق قىلمايدۇ،
شۇنچە يىللىق دوستۇمغۇ ئۇ. زەررىنىمۇ ئۇ كۈننى ماڭا كۆرسەتـ
مەس. نىھايەت، رائىف مىڭبىر قىيىنچىلىقلار بىلەن بۈگۈنكى
كۈنگە ئېرىشكەن بىر ئىنژېنېرغۇ... ماڭا كەلسەك، خوتۇنىغا خاـ
لىغىنىنى قىلىپ بېرىش ئىمكانى بولغان بىر ئادەممەن، بىر راـ
ئىف پاكەرنى جىھات باغدادلىققا تېگىشىۋېتىش ئۈچۈن زەررىن
چوقۇم سارالڭ بولۇشى كېرەك! ئەمما... ناۋادا زەررىن ئېلىشىپ
قالغان بولسىچۇ؟ ناۋادا زەررىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولـ
سىچۇ؟ مۇنداق بىر ئېھتىمالنىڭ ھازىردىن باشلاپ ئالدىنى ئېـ
لىش كېرەك. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ بەيكوزغا بېرىشىنى مەنئى
قىلغانىدىم. بۇ چەكلىمىنى ئىشقا ئاشۇرالمايمىز. چۈنكى ئۇنى
ئوغلىنى كۆرۈشتىن چەكلىيەلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئۇ يەرگە ھامان
بارىدۇ، بەلكى يولۇچى پاراخوتىدا ئۇچرىشىپ رائىف بىلەن پاراڭـ
لىشار. قانداق قىلسام بولار؟ ھە تاپتىم، سۇئاتنى باشقا تەرەپكە
يۆتكىۋېتىش كېرەك. نەگە؟ ھەرھالدا يېقىن بولماسلىقى كېرەك.
بۇ بۇرۇندىنلا قويۇپ كېلىۋاتقان پىرىنسىپلىرىمغا زىت بولۇپ
قالىدۇ. نە ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە بالىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىغا
چىداپ تۇرالايتتىم، نە زەررىنىنىڭ سۇئاتقىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇـ
نىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇشلىرىغا...
ئۇنداقتا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنى... مەسىلەن... ئەـ
رەنكۆيگە، ياق... يېشىلكۆيگە... ياق... بۈيۈك ئاداغا، ياق... چامـ
لىجاغا...
شۇنداق، چاملىجاغا ئاپىرىۋېتىشىم كېرەك. ئىززەت ئۇ يەردە
تۇرۇۋاتىدۇ. ماڭا دەرھال بىر داچا تېپىپ ئىجارىگە ئېلىپ بېرەـ
لەيدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن
ھەممىدىن ئاۋۋال زەررىنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش لازىم. بۇنداق
چاغدا ئۇ تېخى ئۇخلاۋاتقاندۇ. ئاستا ياتىقىغا كىرىپ يېنىدا ياتـ

مەن، كۆزلىرىنى ئېچىشى بىلەنلا ئۆزىنى قوچاقلىرىم ئارىسىدا كۆرىدۇ. بىر ئاز ناز قىلىپ، نېزىقاپ، بىرقانچە كەلىمە قاتتىق سۆزلەرنى قىلىۋېلىپ ئاندىن ئۆزىنى قويۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالىمىز...»

جىهات شۇنداق قارارغا كېلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى. بىردىنلا زەررىنگە يېقىنلىشىش، ئۇنىڭ گۈزەل بەدەنلىرىنى قۇچاقلاش، ئۇنى قانغۇچە سۆيۈۋېلىش ئىستىكى بىلەن قانلىرى قاينىماقتا ئىدى. ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئاشخانا ئىشىكىنى ئېچىپ دەھلىزگە چىقتى. خىزمەتكار تاماقخانىنى تازىلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. خوجايىنىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى، جىهاتقا زەررىنىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا يېتىشتى.

— خانىم قەيەردە؟

— كەتتى ئەپەندىم.

— قەيەرگە؟

— بىلمىدىم، قولىدا بىر سومكا بىلەن چىقىپ كەتتى.

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ سەن؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ قاچان كەتتى.

— خېلى بولۇپ قالدى.

— قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى دېمىدىمۇ؟...

جىهاتنىڭ ئاۋازى ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ قالغاندەك چىقاتتى، خىزمەتكار قورققان ھالدا تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ھېلىقى شۇ... ماڭا بىرنېمە دېمىدى ئەپەندىم.

— نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭ؟

— بىلمەيتىمەن... شۇ... سىزگە بىر پارچە خەت قالدۇرغانىدى.

— بۇنى بالدۇرراق دېسەڭ بولماتتى، ۋاي خوتۇن! خەت نەدە؟

جىهات خىزمەتكار ئۇزاتقان كونۋېرتنى يۇلۇپلا ئېلىپ، تېزلا ھۇجرىسىغا كىردى. بۇ يەر ھەر قاچانقىدەك تەرتىپلىك ئەمەس، ئۇششاق - چۈششەك نەرسە - كېرەكلەر ئۇ يەر - بۇ يەرگە چې-

چىلىپ كەتكەندى. جىھات خوتۇنىنىڭ ياتىقىدا ئۇنىڭ ئاچچىقلانغان ھالدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قالايمىقانچىلىقنى كۆردى. ياستۇقلار ئۇستىلەپ قويۇلمىغان، چارشاپلار پۇرلىشىپ كەتكەندى.

ياش يىگىت قولىدىكى كونۋېرت بىلەن بىر دىۋانغا چۆكتى، ھۇجرىدا ئىشىكنىڭ ئوچۇق بولۇشىغا قارىماي زەررىنىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇ پۇراق ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەندى.

«قەيەرگە ۋە نېمە ئۇچۇن كەتتى؟» بۇ سوئالنىڭ ئاچقۇچى قولىدا تۇرۇپمۇ نېمىشقىدۇر ئىككىلىنىپ قالدى. كونۋېرتنى يىرتماستىن ئۇنى بارماقلىرى بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈيتتى. نىھايەت، بىردەملىك جاسارەت بىلەن كونۋېرتنى يىرتىپ زەررىنىنىڭ خېتىنى ئوقۇدى. ھەربىر قۇرلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىدا كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ، يۈرىكى تېخىمۇ تېز سوقاتتى.

«بۇنىڭدىن كېيىن نە مېنى، نە سۇئاتنى كۆرەلمەيسەن!» بۇ نېمە دېگىنىدۇ، جىھاتنىڭ كاللىسىدا ئارقا - ئارقىدىن چاقماق چېقىلدى.

«سۇئاتنى مېنىڭدىن ئېلىپ قاچماقچى... ئۆزىمۇ كەتمەكچى، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىمۇ، ئوغلۇمنىمۇ تەڭ يوقىتىپ قويامدىمەن؟ شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟» غەزەپ ئارىلاش ئاچچىق بىر كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ جىھاتنىڭ خىزمەتكارغا بۇيرۇق بەرگەن بىر ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دەرھال چوڭ ماشىنا تەييار قىلسۇن، شوپۇر نەدە؟ سەنمۇ مېنىڭ كىچىك ساياھەت سومكامغا ئۆتكەن كۈندىكىدەك نەرسە - كېرەكلىرىمنى سېلىپ قوي. دەرھال يولغا چىقىمەن.

ئون مىنۇتتىن كېيىن ماشىنا ماسلا تەرەپكە قاراپ تېز سۈرئەت بىلەن تەلۋىلەرچە ئۇچۇشقا باشلىدى. جىھات يېڭىكۆيگە كەلگەن ھامان دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئەتىگەنلىك تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان بىر قېيىقچىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يېنىڭغا يەنە ئىككى كىشى ئېلىۋالغىن، مېنى تېزدىن بەيكوزغا يەتكۈزۈپ قوي. ساڭا ئەللىك لىرا بېرىمەن.
— بۇيرۇقىڭىزغا ھازىرمەن، ئەپەندىم.

ئالتە پالاق قېيىقنى خۇددى بىر قۇش كەبى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. بۇنداق قاق سەھەردە دېڭىزنىڭ ئۈستى ئاجايىپ ئازادە ئىدى. ئۇلار ھېچقانداق توسالغۇسىزلا قارشى تەرەپكە ئۆتتۈشتى. جىھات تېخىچىلا ئۇيقۇدا ياتقان بۇ يېزىنىڭ كوچىلىرىدا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيگە كەلدى. دەرۋازىنى ئاچقان ئېمىكئانىسى ئەجەبلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— بۇ قاق سەھەردە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟

— سۇئات نەدە؟ ئوغلۇم بۇ يەردىمۇ؟

— ئەلۋەتتە بۇ يەردە، نەدە بولماقچىدى؟ يۇقىرىدا ئۇخلاۋاتىدۇ.

جىھات ھويلىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىگە ئولتۇردى. پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى ۋە ئويلاشقا باشلىدى.

«سۇئات بۇ يەردە بولغاندىكىن، ئەمدى ۋەزىيەتنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقا پۇرسەت بار. ئەھۋال مۇنداق بولۇشى مۇمكىن، زەررىن ماڭا ئاچچىقلاپ ئۆيدىن قاچتى، ئوغلۇم توغرىسىدا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئەرز ـ شىكايەت قىلىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇمنى، سۇئات باغدادلىقنى... ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى، قەيەرگە؟ كىمنىڭكىگە؟ بالىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ ئۆگەي دادىلىق بولۇپ كېتەرمۇ؟ ساراڭ خوتۇن مۇنداق بىر ئىشقا يول قويمايدىغانلىقىمنى نېمىشقا چۈشەنمىدى؟ ياكى بولمىسا مېنى قورقۇتماقچىمىدۇ؟ ‹مەن كەتتىم› دېدى. بەيكوزغا كېلىدىغانلىقىنى يازمىدى، ئەمما سۇئات بىلەن نەدە كۆرۈشەلىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا تۇنجى قېتىملىق يولۇچى پاراخوتى بىلەن بۇ يەرگە كېلىدۇ... بەلكى تېلېگراممىا ياكى تېلېفون بىلەن رائىففىدىمۇ خەۋەر قىلغاندۇ...»

بۇ ئاخىرقى ئوي مېڭىسىدە يەنە بىر چاقماق چاقتۇردى.
— ئېمىكئانا، تۇنجى قېتىملىق يولۇچى پاراخوتى سائەت قانچىدە بۇ يەرگە كېلىدۇ؟
— مىنۇت، سېكۇنتىنى بىلمەيمەن، ئوغلۇم، ئەمما توققۇزغا يېقىن ياكى توققۇزدىن بىرقانچە مىنۇت ئۆتكەندە...
— شۇنداقمۇ؟ — جىھات سائىتىگە قارىدى. تېخى سەككىز يېرىممۇ بولمىغانىدى.
— تېخى ۋاقتىمىز بار. سەن تېزرەك بالىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرگىن. مەن هازىر بىر ماشىنا ئېلىپ كېلىمەن.
— نېمە بولدى؟ خانىمغا بىر ئىش بولدىمۇ - يا؟ ئەندىشىدىن ساراڭ بولاي دەپ قالدىم.
— جىق گەپ قىلماي، دېگىنىمنى قىل، — جىھات ئىشىكتىن چىقىۋاتقىنىدا شۇنداق دېدى.
پاراڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن مۇنەۋۋەر ئانىسىغا قارىدى، ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قارىشىپلا قالدى. مۇنەۋۋەر:
— بۇ ئادەم ئالجىپ قاپتۇ، — دېۋىدى، ئەسما قورقۇپ كېتىپ قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.
— ئۇنۇڭنى چىقارما، قىزىم. تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار، تېز كېلىپ ماڭا ياردەملەش. بالىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرەيلى، بولمىسا بېشىمىزغا بالا ياغىدۇ.
دەرۋەقە، بەش مىنۇتتىن كېيىن تۆۋەندىن جىھاتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئېمىكئانا تەييار بولدۇڭمۇ ؟
— مانا، پاشايىم... هازىرلا، ئەپەندىم.
— تېزرەك بول!
ئېمىكئانا قۇچىقىدىكى بالىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن مۇنەۋۋەرگە دېدى:
— سەن سۇئات بەينى ئال، ئاناڭمۇ كىيىنىۋالسۇن.

— مەنمۇ بىللە بارامدىمەن؟ نەگە؟
— بۇنى كېيىن بىلىۋالارسەن، هازىر ۋاقتىمىز يوق.
جىهات زەررىننىڭ تۇنجى قېتىملىق يولۇچى پاراخوت بىلەن كېلىپ قېلىشىنى پەرەز قىلغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى.
«بالىنى ئىشەنچلىك بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇنى قولۇمدا بىر كوزىر قىلىپ تۇتىمەن - دە، ئاندىن سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالىمىز زەررىن خانىم. مەن بىلەن قارشىلىشىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن. پەقەت شۇنى بىلگىنكى، سېنى رائىففا تاشلاپ بەرمەيمەن. سەن مېنىڭكى... مېنىڭ گۆشۈمدە، مېنىڭ قېنىمدا سەن... سېنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن. بۇ ئاخشام سېنىڭ بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمىز. لېكىن هازىر سۇئالنى دەرهال بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشىم كېرەك. باشقىلارنىڭ ئالدىدا تېگىشلىك بولمىغان تالاش - تارتىش ۋە جېدەل - ماجىرا قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بەلكى ئۇنىڭ ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەسمەن، مەغلۇپ بولارمەن.»
جىهات زەررىننىڭ خېتىدىكى تەهدىتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئاخشاملىقتا كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئويلايتتى، ئىشەنچ بىلەن:
— تېزرەك بولساڭلارچۇ؟ نېمانداق مىس - مىس سىلەر... — دەپ ۋارقىرىدى.
— كەلدىم پاشايىم، بالىنى ماڭا بەرگىن مۇنەۋۋەر، سومكىغا ھەممە نېمىنى سالدىڭمۇ؟
— ھەئە ئانا. ھەممە نېمىنى سالدىم. ئەلىمۇ نەرسە - كېرەكلەرنى ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى.
— سەن ئۆينى يىغىشتۇر. بىر يەرگە چىقىپ كەتمە، قىزىم.
— قاچان كېلىسىلەر ئانا؟ قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟
بۇ سوئالغا جىهات قوپال بىر ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:
— بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس. سەن ئەدەپ بىلەن ئۆيدە ئول-

تۇر، بۇ يەردە بۇيرۇقلىرىمنى كۈت.
قىز غەزەپتىن ئوت چېچىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئالدىغا قارىۋالدى.
— دېگەنلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ مۇنەۋۋەر؟
— ھەئە ئەپەندىم.
— مەن سىلەرگە زۆرۈر بولغان خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىمەن.
ئانا ۋە قىز ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئاخىرقى قېتىم بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى. ئىككىلىسىمۇ بىرنېمە دېيەلمەيۋاتاتتى.
— قېنى ماڭايلى، ئالدىمغا چۈش ئىمىكئانا.
ئەسما قۇچىقىدا بالا بىلەن ئالدىدا، جىھات ئارقىدا مېڭىشتى. ئىشىك ئالدىدىكى ماشىنىغا چىقىۋاتقىنىدا جىھات بىردىنلا ئارقىسىغا ياندى. تۇيۇقسىز بىر قارار بىلەن يانچۇقىدىن قەغەز ۋە قەلەم چىقاردى. بىرنېمىلەرنى يازدى ۋە ئۇ يەردە ئۆرە تۇرۇپ ساقلاپ تۇرغان مۇنەۋۋەردىن بىر كونۋېرت تەلەپ قىلدى. قەغەزنى كونۋېرتقا سالدى، قايتىدىن قىزغا ئۇزاتتى:
— خانىم كەلسە بۇنى بېرىپ قوي.
موتورنىڭ گۈركىرىشى، ماشىنا سىگنالى... ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزلىرىدىكى ئالاقزادىلىك ۋە ئەندىشە... ئۇنىڭدىن كېيىن جىمجىتلىق...
ماشىنا ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن چاملىجا يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقىنىدا جىھات يېنىك بىر نەپەس ئالدى.
— ئەمدى يەنە بىر ئەھۋالغا ھاكىم بولىدىغان بولدۇم، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى جىھات، — زەررىن خېتىدە ماڭا قىلغان تەھدىتىنى پەقەت سۈئىتنى مەندىن ئېلىپ قېچىش بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرالايتتى. ئەمدى بۇنداق قىلالمايدۇ. شۇنداق، قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ، چوقۇم كېلىدۇ. ئوغلىنى مەندىن تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم قەتئىي تۇردە

پاراڭلىشىمەن. گەرچە بۇ بىچارە قىز ھەقلىق بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنى بەك تاشلىۋەتتىم، ئۆز كۆچ ـ قۇدرىتىمگە، ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە ئارتۇقچە ئىشەندىم. ئەسلىي مۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەندىن ئۆتۈپ كەتتى... رائىففا ئوخشاش خوتۇن ئۇۋچىلىرىغا پۇرسەت چىقىرىپ بەرگەن بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ئەقلىمنى بېشىمغا ئالىمەن. زەررىندەك گۈزەل بىر خوتۇن ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلسا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، مېنىڭمۇ خاتا قىلغان تەرەپلىرىم بار، بۇنى ئۇنىڭغا دېيىشىم كېرەك. دېسەم سۆيگۈمنىڭ غۇرۇرۇمدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. يەنە يېنىمغا قايتىپ كېلىدۇ...

راست، شۇنداق قىلىمەن، بۇ ئاخشام زەررىن بىلەن بىللە بولىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ چوقۇم چاملىجاغا ئېلىپ بارىمەن.

چاملىجاغا كېتىش خىيالىم ياخشى بولدى، مۇھىمى دەرھال بىر ئۆي تېپىش كېرەك. پەقەت بولمىسا ئىززەتنىڭ بېغىدىكى كىچىك سارايغا ئورۇنلىشارمىز، ئۇ يەر قانداقلا بولمىسۇن بوش... ھەتتا باشقا يەر ئىزدىمىسەكمۇ بولىدۇ. بەيكوزدىكى ئۆيىنىڭ سايمانلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۇ يەرگە توشۇتاي. مۇنەۋۋەرمۇ ئۇ يەرگە بارار، ھازىرچە مۇشۇنداق قىلىپ تۇرارمىز، كېيىنكىسىگە خۇدا ئۆزى بار.»

جىھاتنىڭ ئەقلى توختىماي ئىشلەۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ پۈتكۈل ئوي ـ خىياللىرىنىڭ ئۈستىدە بىر ئەندىشە بار ئىدى:

«زەررىن! ئەجەبا ئۇ دەقىقىلەردە بەيكوزدىمىدۇ؟ بالىسىنىڭ قورۇق بۆشۈكى ئالدىدا نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ياكى بەيكوزغا كەتمىگەنمىدى؟ ئۇ ھالدا؟... ئۇ چاغدا؟...»

## 6

مۇنەۋۋەر بىر - ئىككى مىنۇت ئەندىشە، ھاڭ - تاڭلىق ۋە ئەجەبلىنىش ئىلكىدە ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغانىدى. نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى، نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتاتتى. بەي ئەپەندى نېمە ئۈچۈن ئەتىگەندىلا كېلىپ، بالىسىنى نامەلۇم بىر يەرگە ئېلىپ كېتىدۇ؟ تۇنجى قېتىملىق يولۇچى پاراخوتى بەيكوزغا كەلمەي تۇرۇپلا ئالدىراش - تېنەش قېچىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ خانىم ئەپەندى تېخى تۈنۈگۈنلا خۇشال - خورام ۋە ساق - سالامەت بۇ يەردىن كەتكەن تۇرسا، بىر كېچىدىلا قانداقلارچە پەۋقۇلئاددە بىر ئىش يۈز بەرگەندۇ؟!

ئۇ قانچىلىك ئويلىسىمۇ بۇ تېپىشماقنى تاپالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپ بولغۇچە بۇ ھاياجان ۋە ئەندىشىلىرىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، ئۆيگە كىرىپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلىدى. ئاخشامغىچە، ھەتتا بىرقانچە سائەت ئىچىدە يەنە نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيلەرنى سىيپاپ - سۈپۈرۈپ ۋە ھەرنېمىنى ئۆز جايىغا قويۇپ رەتلىك يىغىشتۇرۇش لازىملىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن ئاۋۋال سۇئاتنىڭ ھۇجرىسىنى تازىلاشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ ھۇجرىنىڭ غېرىبسىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. كارىۋات قوپقۇرۇق، نەرسە - كېرەكلەر قالايمىقان بولۇپ، گويا بىرئاز ئاۋۋال بۇ يەردىن بىر جىنازا چىقىرىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

ئۇ ئانىسى، بولۇپمۇ كىچىك سۇئات ئۆيدىن چىقىشىغىلا بىر خىل قايغۇغا چۆمۈلگەنىدى. ھالبۇكى، تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ يەرلەر

شاد ـ خۇراملىق ۋە خۇش كەيپىيات بىلەن تولغانىدى، تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال خانىم بار چاغدا بۇ يەردە باشقىچە بىر هايات جازىبەسى جۇشقۇنلاپ تۇراتتى. بۇلارنى ئويلاۋېتىپ مۇنەۋۋەر ئىختىيارسىز:

— بىچارە خانىم، — دەۋەتتى. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ زەررىنىگە ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ هەركىمگە ئۆ-زىنى چوڭ كۆرسىتىدىغان هاكىممۇتلەق ۋە مەغرۇر جىهاتنى ئەسلىدىلا ياخشى كۆرمەيتتى...

بىردىنلا دەرۋازىنىڭ ئاستا قېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، دېرىزىد-دىن بېشىنى چىقىرىپ تۆۋەنگە قاراپ باقتى. كەلگەن كىشى زەر-رىن ئىدى.

بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنەۋۋەرگە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ياش قىز يۈگۈرگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— قانداق ئەهۋالىڭ مۇنەۋۋەر؟

— ياش چوكاننىڭ چىرايىدىن خۇشخۇيلۇق چىقىپ تۇراتتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوغلىنى كۆرىدىغانلىقى ئۇچۇن خۇشال ئىدى. شۇڭا مۇنەۋۋەرنىڭ هودۇققان، ئۆڭىسىلى ئۆچكەن غەلىتە هالىغا دىققەت قىلماي، ئاۋازىنى پەسلىتىپ تۇرۇپ:

— تېخىچە ئۇخلاۋاتىدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى، — بۇ سائەتتە ئويغانمىغاندۇ؟ شۇڭلاشقا ئىشىكنى ئاستا قاقتىم.

زەررىن مۇنەۋۋەرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا ئۇدۇل مېڭىۋەر-دى. سۇئالنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا مۇنەۋۋەر هازىرقى ئەهۋالنىڭ نازۇكلىقىنى چۈشىنىپ، نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن، يۇقىرىدىكى هۇجرىنىڭ قوپقۇرۇق ها-لىتىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك قارارىغا كەلدى ـ دە، خىجالەت بولغان هالدا تىترەك بىر ئاۋاز بىلەن:

— خانىم، سۇئات بەي هازىر ئۆيدە يوق، — دېدى ۋە شۇ گەپ بىلەن ئۇنى ۋاقتىدا توختىتىپ قالماقچى بولغاندەك قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، زەررىن تۇرغان يېرىگە مىخلىنىپ قېلىپ

سورىدى:

— ئۆيدە ئەمەسمۇ؟ بۇنچىۋالا ئەتىگەندە ئۇنى نەگە ئېلىپ كەتتى؟

— ھېلىقى، شۇ...

— ئاناڭ قەيەردە؟

— ئۇمۇ بىللە كەتتى.

— يەنى سۇئاتنى ئايلاندۇرۇپ ھاۋا يېگۈزگىلى ئېلىپ كەت- تى، دېمەكچىسەن، شۇنداقمۇ؟ ئوچۇقراق سۆزلىگىنە مۇنەۋۋەر، مۇنداق ئېزىلىپ - سۆرۈلۈپ ناز قىلىشىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئاناڭ ئەقلى جايىدا بىر خوتۇن. بۇنداق ئەتىگەندە بالىنى تالاغا ئېلىپ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كې- سەلدىن ئەمدىلا ساقايدى.

— مەجبۇر بولدى خانىم. بەي ئەپەندى بىلەن بىللە كې- تىشتى.

— قايسى بەي ئەپەندى بىلەن؟

— بىزنىڭ... شۇ... جىھات بەي...

— بىمەنە گەپ قىلما مۇنەۋۋەر، مەن ئۆيدىن چىققان چاغدا ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى، تۇنجى قېتىملىق يولۇچى پاراخوتى بىلەن كەل- گەن تۇرسام...

— ئۇ يېڭىكۆيدىن ئالتە پالاقلىق قېيىق بىلەن كەپتۇ، ئانام بىلەن بىرلىكتە سۇئات بەينى بىر ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

— نەگە؟

— بىلمىدىم، بىرنەرسە دېمىدى.

زەررىن يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن پەلەمپەينىڭ سالاسۇ- نىنى تۇتۇۋالدى ۋە مۇنەۋۋەرنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن دېۋانخىچە ماڭالىدى. بىردەمدىلا چىشلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەندى.

— مۇناپىق! پەسكەش! بالامنى قەيەرگە ئېلىپ كەتتىڭ؟ —

ئۇنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن بۇ سۆزلەر چىقىۋاتقىنىدا بېشىمۇ دى-ۋاننىڭ بىر يېنىغا قىيسايدىيۇ، لېكىن ھوشىدىن كەتمىدى. مۇ-نەۋۋەرگە قورقماسلىقنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋېتىپ كۆز-لىرىنى يۇمدى. ئىككى مەڭزىدىن دومىلاپ ئاققان ياشلار كۆكسى-گىچە تاراملاپ تۆكۈلەتتى. قىز يۈگۈرۈپ بېرىپ كولونيا ۋە سۇ ئېلىپ كېلىپ، خانىمنىڭ قوللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنىڭ ئارقى-سىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئارقىسىدىن بىرقانچە يۇتۇم كولونيا-لىق سۇ ئىچۈردى. زەررىن كىچىك بالىدەكلا ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىخ-تىيارىغا تاپشۇرغانىدى. پەقەت ئاندا ـ مۇندا لەۋلىرى مىدىرلاپ بىرقانچە كەلىمە ناھايىتى تەستە تۆكۈلەتتى:

ــ كاشكى، كېچىدىن يولغا چىققان بولسامچۇ؟

ــ قېيىمىق بىلەن كېلىشىنى قانداقلارچە ئويلاپ باقمىغاندىمەن؟

ــ ئېلىپ كېتىپتۇ، بالامنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

ــ ئۇنى قانداقلارچە چۈشىنەلمىدىم. ئۇ ئاجايىپ زالىم بىر ئادەم ئىكەن ئەمەسمۇ؟...

زەررىن بىرقانچە مىنۇتنى مۇشۇنداق ھوشسىز، ھېس ـ تۇي-غۇسىز بىرھالدا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاستا ئۆزە بولدى. شۇ چاغدا ھەممىنى چۈشىنىپ ۋە كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان نىگاھلىرىنى مۇنەۋۋەرگە تىكتى:

ــ دېگىنە مۇنەۋۋەر، ھەممىنى دەپ بەرگىن ئەمدى.

قىز خانىمنىڭ ئاياغلىرىغا تىز پۈكتى. ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى:

ــ ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى قاتتىق چېلىنىپ كەتتى. «قاق سەھەردە ئەجەبا كىمدۇ ئۇ كەلگەن؟» ــ دەپ يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى. شۇئان ئورنۇمدىن قوپتۇم. ئەمما ئانام بالدۇر تۇرۇپ كەت-كەنلىكتىن پەسكە چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى. بەي ئەپەندىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتتىم. ئانامنىڭ سىزدىن ئەنسىرەپ سورىغان سوئاللىرىنى ئاڭلىدىم:

— نېمە بولدى ئوغلۇم؟ خۇدا ساقلىسۇن، خانىمغا بىر ئىش
بولدىمۇ نېمە؟

لېكىن بەي ئەپەندى بۇنىڭغا قۇلاق سېلىپمۇ قويمىدى. كى-
چىك بەينى سورىدى. يۇقىرىدا، ھۇجرىسىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپلا
چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ۋە دەرھال ئۇنى كىيىندۇرۇپ تەييار
قىلىشىمىزنى تاپىلىدى. ئۆزى كېتىپ بىر ماشىنا تېپىپ كەل-
دى. شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدىكى، ئەلىگە بۇيرۇقمۇ قىلماي
ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلاتتى.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن ھەممىمىزنى سەپەرۋەر قىلىۋىدى، سۇئات بەينىڭ
يوتقان - كۆرپىلىرىنى تېڭىپ تەييار قىلدۇق. نەرسە - كېرەك-
لىرىنى سومكىغا قاچىلىدۇق. ئۇنىلا ئېلىپ كېتىدىغۇ دەپ ئوي-
لىغانىدۇق، ئەمما بىردەمدىلا ئانامغىمۇ ھازىرلىنىشنى، بىللە
كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— نەگە بارىدىغانلىقلىرىنى سورىمىدىڭلارمۇ؟

— ئانامىمۇ، مەنمۇ قايتا - قايتا سورىدۇق، جاۋاب بەرمىدى.
قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، ئاچچىقى كەلگەن ۋە تازا ئالدىراش ئى-
دى. ھەممىمىزنى يۈگۈرتۈۋەتتى.

— دېمەك، ماشىنا بىلەن كېتىشتى؟

— شۇنداق خانىم.

مۇنەۋۋەر بىردىنلا بىرنەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ خانىم، ھودۇقۇپ كېتىپ ئېسىمدىن چىقىرىپ
قويۇپتىمەن. سىزگە بىر پارچە خەت بار ئىدى.

— خەتمۇ؟ كىمدىن؟

— بەي ئەپەندىمدىن.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن مۇنەۋۋەر، بەرسەڭچۇ...

قىز تىنماستىن يۇقىرىغا قاراپ يۈگۈردى.

— قانداق بولۇپ ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟

ئەمما زەررىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا قۇلاقمۇ سالمايۋاتاتتى. ھاياجان بىلەن كونۋېرتنى يىرتىپ ئېرىنىڭ خې-تىنى ئوقۇماقتا ئىدى.

«ياق، زەررىن، ئوغلۇمنى ساڭا تاشلاپ بەرمەيمەن... مېنىڭ قېنىمدىن دۇنياغا كەلگەن، مېنىڭ ئىسمىمنى قوللانغان ۋە كەل-گۈسىدە مېنىڭ مىراسىمغا ۋارىسلىق قىلىدىغان سۇئات مېنىڭ قېشىمدا قالىدۇ. مېنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە چوڭ بولىدۇ. سېنىڭ بالامنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئەمما بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، يەنىلا ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە...

سېنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەڭ، تەرغىب قىلغان ئىدىيەڭ ۋە كۆزقاراشلىرىڭ مېنى ئوغلۇمغا ئائىت مەسىلىلەردە مانا مۇشۇن-داق ئەستايىدىل بولۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىڭ كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئويلاپ باققىن. ياۋاش، مۇلايىم بولۇشقا تى-رىشقىن. ئىسيان كۆتۈرىدىغان چاكىنا خوتۇنلار بىلەن خوشۇم يوق. ھەركىم ئائىلىدىكى مەۋقەسى ۋە ۋەزىپىسىنى چۈشىنىشى، ئۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. سەن بۇ چۈشەنچە بىلەن بىر ئانا بولۇشنى داۋاملاشتۇرساڭ، ئوغلۇمنى تېخىمۇ ئى-شەنچلىك بىرسىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىم شۈبھى-سىزدۇر.

ساڭا كەلسەك، مەن كەتتىم، دېيىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ۋە نادان خوتۇنلارنىڭ قىلىقى. ئەقلى ـ ھوشى بار بىر ئىنسان ھەر ئىشنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ قىلىدۇ. دەرھال ئىستانبۇلغا ـــ ئۆيگە قايت، زەررىن. سەن شۇ يەرگە مەنسۇپ. ئۆيدە سەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئەھۋاللار ھەققىدە پاراڭلىشايلى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىشمەس-لىك مەۋجۇت ئەمەس. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق مەسى-لىنى ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئىجتىما-ئىي ئورنۇڭغا مۇناسىپ ئىش تۇتقان بىر ئايال بولالىساڭ، مەنمۇ

ساڭا ئوغلۇمنىڭ خەۋىرىنى بېرىپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا... ئاقىۋىتىنى ئۆزۈڭ ئويلاپ باققىن، زەررىن. سۇئاتنى يەنە بىر قېتىم كۆرەلمەي قالىسەن...»

قەغەز ئاستا ـ ئاستا زەررىننىڭ قولىدىن سىيرىلدى. ئاۋۋال بېشى كۆكسىگە ئېگىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قەددى پۈكۈلدى. شۇ پېتى يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئۇ شۇنچىلىك ئۈشتۈمتۈت هوشىدىن كەتتىكى، مۇنەۋۋەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. قورققىنىدىن ۋارقىراپ خانىمنىڭ ئالدىغا كەلدىيۇ، نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى. گەپ ـ سۆز بىلەن هوشىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. زەررىن بولسا ئۆزىنى هەر تەرەپكە ئۇراتتى، يىغلايتتى، ۋارقىرايتتى:

— ئوغلۇم! جىگىرىم، مېنىڭ سۇئاتىم! سېنى هېچكىم مېنىڭ قۇچىقىمدىن ئالالمايدۇ. مەن سېنى قېنىم بىلەن، جېنىم بىلەن باقتىم. مەن سېنىڭ ئاناڭمەن!

مۇنەۋۋەرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئانچە كار قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ياش چوكاننىڭ ئۆكسۈشلىرى بىرئاز بېسىقتى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، يۇقىرىغا — ئوغلىنىڭ هۇجرىسىغا چىقتى. بىردىنلا ئۇنى غەلىتە، ئاجايىپ غەلىتە، قورقۇنچلۇق بىر تۇرغۇنلۇق باستى. سۇئاتنىڭ يەرگە چۈشۈپ قالغان كىچىككىنە ئايىغىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى سۆيۈشكە ۋە پۇراشقا باشلىدى. ئۇنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىلايتتى، سىقاتتى، سۆيەتتى.

مۇنەۋۋەر بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى. ئاۋۋال ئانىسىنىڭ بوش قالغان كارىۋىتىغا كىرلىكلەرنى سېلىپ، زەررىننى ئۇ يەرگە تەستە ياتقۇزدى، ئاندىن دوختۇر چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

دوختۇر زەررىننىڭ ئالىقىنىدا بالا ئايىغىنى چىڭ سىقىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي يېنىپ چىقتى ۋە مۇنەۋۋەرگە خانىمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى تاپىلىدى.

زەررىن ئېغىر بىر روھىي بۆھراندىن كېيىن نېرۋىلىرى بوشاپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

— بەلكى ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇنداق ئۇخلاۋېرەر. غەم قىلما، قىزىم، ماڭا ئاخشاملىققا بىر خەۋىرىنى بەرگىن بولامدۇ؟

دوختۇر شۇنداق دەپ تۇرسىمۇ، مۇنەۋۋەر خاتىرجەم بولالمىدى ۋە پۈتۈن بىر كۈن ھەمدە كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە زەررىنىنىڭ بې-شىدىن نېرى كەتمىدى.

# 7

زەررىن كۆزلىرىنى ئېچىش بىلەن تەڭ دەسلەپ ئېغىر بىر چارچاش ۋە ھالسىزلىق بىلەن ئەتراپىغا قارىدى. ئوغلى بىلەن ئون كۈندەك بۇ ھۇجرىدا ياتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆيدىن بىتىرقاپ قالمىدى. ھەتتا ئۆزىنى يەنىلا ئۇ كېسەل بولۇپ قالغان ئوغلىنىڭ يېنىدا ھېس قىلىپ، جەينىكىگە يۆلىنىپ، سەل ئۆرە بولۇپ ئۇنى كۆرۈشكە تىرىشتى، كارىۋات بوش ئىدى. يۆلەنچۈكلۈك بىر ئورۇندۇقتا مۇنەۋۋەر تۇگۇلۇپ ياتاتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا مۇدھىش بىر ھەقىقەت ئۆتكۈر خەنجەردەك ئۇنىڭ مېڭىسىگە سانچىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كۈن ئاۋۋالقى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ:

— ئۇ مۇناپىق ئوغلۇمنى ئېلىپ كەتتى، ئۇنى ماڭا نىسبەتەن بىر كوزىر، بىر تەھدىت ۋاستىسى قىلماقچى ۋە بۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرماقچى، — دەپ ئويلىدى.

ئۇ كارىۋىتىغا ئولتۇرۇپ، مۇنەۋۋەرگە قارىدى، بىچارە قىز ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ قالغانىدى. بۇ بوش ھۇجرا ئۇنىڭغا زىندانىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. دېرىزىلەر ۋە ئىشىكلەر بىر تۇرمىنىڭ تاملىرىدەك كۆز ئالدىدا تىكلىنىپ تۇراتتى. زەررىن بىردىنلا قەتئىي قارارغا كەلدى:

«ياق، ئىشانتاشقا، ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ بارمايمەن، ياق! ئۇنىڭ قولىدا بىر ئويۇنچۇق بولۇپ قالمايمەن. كېتىمەن، قەيەرگە؟ ئەلۋەتتە، تەڭرىم ئۆزى ماڭا ياردەم قىلىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەم بار، ئازراق چەت ئەل تىلى بىلىمەن. ئۆزۈمگە لايىق بىر ئىش تېپىپ قىلىمەن. لېكىن ئۇنىڭ مېنى تاپالمايدىغان بىر يېرىدىن ئىش ئىزدىشىم كېرەك. ئەمدى ئۇنىڭ چاڭگىلىنىڭ ياقامدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغۇم يوق. رەھىمسىز

ئادەم، ئۆزىدىن باشقىسىغا ياشاش ھوقۇقى بەرمەيدىغان مۇستەبىت ئادەم!»

زەررىن شۇنداق قارارغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىدى. مۇنەۋۋەر ئويغىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپلا يۈرەتتى.

— ئارام ئالدىڭىزمۇ خانىم؟

— ھەئە قوزام، ساڭا كۆپ رەھمەت!

— ئەرزىمەيدۇ، مەن نېمە قىلىپ بېرەلىدىم سىزگە؟

— ماڭا كۆپ ياردەم قىلدىڭ مۇنەۋۋەر. سەن بولمىغان بولساڭ، ھالىم بەك يامان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ماڭا يەنە بىر ياخشىلىق قىلغىن، بىر پارچە قەغەز بىلەن بىر كونۋېرت تېپىپ بەرگىن.

زەررىن قىزنىڭ ئالدىراپ ئېلىپ كەلگەن قەغىزىگە سومكىسىدىن چىقارغان قېرىنداش بىلەن شۇ بىرقانچە قۇرنى يېزىپ كونۋېرتقا سالدى ۋە مۇنەۋۋەرگە ئۇزاتتى:

«جىھات، ساڭا قايتىدىن شۇنى دېمەكچىمەنكى، رەھىمسىزلىك بىلەن تولغان شۇ مۇستەبىت ھەرىكەتلىرىڭدىن جاق تويدۇم. بۇنىڭدىن ئارتۇق چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ياق، سېنىڭ ئۆيۈڭگە قايتىپ كەلمەيمەن، ئۇ يەردە بەختىيار بولالمىدىم. سېنىمۇ بەختلىك قىلالمىدىم، ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىدىم قالمىدى. بارلىق چارە ـ ئامالLARنى قىلىپ باقتىم. ھەرقانداق پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىپ باقتىم، ئەمما بىرەر نەتىجە قازىنالمىدىم. بۇنىڭدىن ئارتۇق جاسارىتىم يوق. مەن ئۈچۈن ھاياتتا بىردىنبىر كۆڭۈل رىشتىم ۋە بەخت ـ سائادەت مەنبەيىم پەقەت ئوغلۇملا بولالايتتى. سەن ئۇنىمۇ مەندىن تارتىۋالدىڭ. ھالبۇكى، ئۇ ھەردائىم بىز بىلەن بىرلىكتە ياشىغان بولسىدى، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتەتتى، سەن بۇنىمۇ خالىمىدىڭ. بۇگۈنكى زامان دۇنيا قارىشى ۋە چۈشەنچىلىرى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولغان ئاجايىپ غەلىتە پىكىرلەرگە چىرمىلىپ قالدىڭ.

سۈئاتنى مېنىڭ قولۇمدىن ئېلىۋېلىش بىلەن ئارىمىزنى باغلاپ تۇرغان ئاخىرقى يىپنى ئۈزۈپ تاشلىدىڭ.

سەن مەندىن ئائىلىق ھوقۇقلىرىمنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىۋاتىسەن. جىھات، مەنمۇ ساڭا خوتۇنلۇق (ھەمراھلىق) بۇرچۇمنى ئادا قىلالمايمەن.

مېنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن. بۇ مېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈم، سېنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.»

زەررىن بۇ قۇرلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى، ئۇ ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە قالغانىدى. بۇ قارارى بىلەن ئەمدى ئوغلى بىلەنمۇ مەڭگۈ ۋىدالىشىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئېرى بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قېلىش ئېھتىمالى ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ تىترەتمەكتە ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىۋاتاتتى. كۆرۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى بىر تاپانچا بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى كېچىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ مەست ھالىنى قايتىدىن كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. جىھاتنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان، كالپۇكلىرى بىر ھايۋان تۈيغۇسىزلىقى بىلەن ساڭگىلاپ تۇراتتى.

بۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە زەررىننى قايتا قورقۇنچلۇق تىترەك باستى. كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۆزى بىلەن ئۆزى: «ياش ئىدىم، تەجرىبىسىز ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇز ئىدىم، شۇڭا ئۇ مەندىن خالىغانچە پايدىلىنىپ، ماڭا مۇنچىۋالا قوپاللىق قىلالىدى. دادام ھايات بولغان بولسا، بىرەر قېرىندىشىم بولغان بولسا، ئۇ بۇ قەدەر ئۆكتەملىك قىلالمىغان بولاتتى...»

ئۇ بۇ ھەسرەتلىك خىياللىرى بىلەن ئازابلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، كېيىن قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، شۇ جۈملىلەرنى قوشۇپ قويدى:

«جىھات، ساددا ۋە تەجرىبىسىز بىر قىز ساڭا ھاياتىنى تەق-

دىم قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە سەن ئۇنىڭغا نېمە قىلدىڭ؟ ئۇنى قانداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ ئۇۋال بولدى ئۇنىڭغا... ئۇ تې- خى شۇ قەدەر ياش ئىدىكى...»

ئۇ كۆز ياشلىرىنى يەنە تۇتالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆز- ۋېرتنى دەرھال يېپىشتۇردى.

— مۇنەۋۋەر، بۇ خەت سەندە قالسۇن قوزام. مۇبادا بىر كۈن- لەردە بەي ئەپەندى بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالسا، بۇنى ئۇنىڭغا بې- رەرسەن.

قىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ خانىمنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى:

— قەيەرگە كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز خانىم؟

بىلمەيمەن مۇنەۋۋەر، ئىشقىلىپ كەتكىلىۋاتىمەن.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقىنىدا كۆزلىرى قوپقۇرۇق، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى بۇ يەرلەرگە كەلمەمسىز؟

زەررىن جاۋاب بەرمەستىن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. قىزمۇ تاكى پورتقىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلدى. پاراخوت قوزغىلىش ئالدىدا زەررىن ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك مۇنەۋۋەر- نىڭ قولىنى تۇتۇپ ھالسىز بىر ئاۋازى بىلەن شۇلارنى دېدى:

— مۇنەۋۋەر، مۇبادا ئوغلۇمنى كۆرگۈدەك بولساڭ، ئۇنى پات - پات بۇ بىچارە ئانىسى ئۈچۈنمۇ سۆيۈپ قويغىن.

— سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەيكى خانىم، سائەت بەيىنى كۆرسەم ئۇنىڭغا سىزنى سۆيۈشنى ئۆگىتىمەن.

— رەھمەت ساڭا مۇنەۋۋەر. بۇ ۋەدەڭنى ئۇنتۇپ قالما!

— ھەرگىز.

— خۇدايىمغا ئامانەت، مۇنەۋۋەر!

— ئاق يول بولسۇن، سۆيۈملۈك خانىم.

زەررىن چىرايى ساپسېرىق، كۆزلىرى قوپقۇرۇق، مېڭىسى ئالجىپ قالغاندەك بىرھالدا پاراخوتقا چىقىپ، بىر بولۇڭغا كې-

لىپ ئۆلتۈردى.

بوران ـ چاپقۇنلاردا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يارىلانغان بىچارە بىر قۇش هامان بىرەر پاناهگاھ ئىزدەيدۇ. بۇ ئىزدىگەن پاناهگاھ بوران ـ چاپقۇنسىز، تىنچقىنە بىر بۇلۇڭدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇ يەردە بۇ ئاجىز قۇش يارىلىرىنى تېڭىپ قويغۇدەك بىر شىپا ـ لىق قول تاپالارمۇ ياكى تېخىمۇ شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنلار ئۇنى قېقىپ ـ سوقۇپ تامامەن تۇگەشتۈرۈۋېتەرمۇ؟

زەررىن كۆڭلى سۇنۇق، ۋۇجۇدى هارغىن، نېرۋىلىرى پەرىـ شان، پەقەت زېهنىدە مۇكەممەللەشكەن بىر قارار بىلەن مەۋهۇم دىيارلارغا كېتىۋاتاتتى.

# 8

جىھات باغدادلىق بىرقانچە سائەتتىن بېرى بەكمۇ جۇدۇن، سەپرا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ناچار ھالى سائەتلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ ناچارلاشماقتا ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئوڭاي ئەسەبىيلىشەتتى، شۇڭا ئۆزىگە نېمە بولغانلىقىنى ئانچە چۈشەنمەيۋاتاتتى. ساغلام ئىدى، ئارتۇقچە ھېسسىياتچان بولمىغاچقىمۇ، يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ كەتمەيتتى. مۇئەييەن بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانمىغانلىقى ۋە تۇرمۇشنى قامداش مەجبۇرىيىتىدە قالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۈنگىچە چوڭراق بىرەر مۇشەققەتكە يولۇقۇپمۇ باقمىغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىغا نائىل بولۇپ كېلىۋاتاتتى. دۇنيادا ھەرقانداق نەرسىنى پۇل بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنەتتى ۋە بۇ ئىشەنچىنى يوققا چىقىرىدىغان بىرەر ئىشقا ئۇچراپ باقمىغانىدى. دوستلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە كۈلۈپ قارايتتى. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇغۇللىنىۋاتقان تارىخ ساھەسىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىمۇ ھەرقاچان ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا پۇتكۈل دەرۋازىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوچۇق ئىدى. ئەنە شۇنداق ئەركىن ھاياتنىڭ ئەركىلىتىشى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ ئادەم مانا ئەمدى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، گاڭگىراپ، تۇيۇق بىر يولغا كىرىپ قالغانىدى. كۈتكەن ۋە ئۈمىد قىلغان ئىشلار كۆڭلىدىكىدەك بولمايۋاتاتتى. مەۋھۇم بىر خېيىم - خەتەر ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە بۇ ئاجايىپ تۇيغۇلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى، تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتاتتى. بىر كۈنى ئۇ مېھمانخانىسىدىكى كەڭ دىۋانلاردىن بىرىدە بەك ياخشى كۆرد-

دىغان تەنتەربىيە مەجمۇئەلىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بۇنى ئوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا نە پۇتبول مۇسابىقىسى، نە چېلىش ۋە نە بوكس، ھېچبىرى ئۇنى بۇگۈن ئۆزىگە تارتالمايۋاتاتتى.

قۇرلار كۆز ئالدىدىلا غايىب بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى دىققىتىنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرەلمەيۋاتاتتى. تەشۋىشلىك، سەۋرسىز، ھاياجانلىق ۋە جۇدۇن ئىدى. ئۇ ئوقۇيالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەجمۇئەنى پىررىدە چۆرۈۋەتتى. بىر تال سىگارت تۇتاشتۇرۇپ، بېشىنى دىۋانىنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ ئويلاشقا باشلىدى. ئۆزىنى ئۆزى ئالداشقا ئۇرۇنماستىن، بۇ ئاجايىپ روھىي ھالىتىنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىپ باقماقچىدى، ئۇنچە كۆپ ئويلاشقا توغرا كەلمىدى. تۇنجى سوئالىغا بېرىلىدىغان جاۋابىنى ئاسانلا تاپتى: چاملىجادىن كەلگىلى يىگىرمە تۆت سائەت بولغانىدى. سۇئاتنى ئېمىكئانىسى بىلەن بىرلىكتە دوستى ئىززەتنىڭ چاھاربېغىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. مانا شۇ يىگىرمە تۆت سائەتتىن بېرى زەررىنىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ نە ئۆزى، نە خەۋىرى كەلمەيۋاتاتتى.

«بۇ ئىشتا بىرەر پەۋقۇلئاددىلىق يوق! زەررىن بەيكوزغا كەتتى، ئوغلىنى ئۇ يەردىن تاپالماي كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرئاز ئاغرىپ قالدى ۋە ئۇ يەردە قېلىشقا مەجبۇر بولدى. زەررىن ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپتىن ئاجىز بىر ئىنسان. نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئىشلار تەسىر قىلغاندۇ.»

ئۇ غەم ـ ئەندىشىلەرنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن سوغۇققانلىق بىلەن شۇنداق ئويلاپ، ناھايىتى نورمال بىر ھادىسىدەك مۇھاكىمە قىلىشقا تىرىشۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئىچى سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ: «مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ تۇرغاندۇ، بەلكى بىرقانچە كۈن ئۇ يەردە تۇرۇپ قالار» دەپ ئويلىدى.

شۇنداقتىمۇ بۇ ئاساسسىز ئوي ـ خىياللىرى ياخشى نەتىجە
بەرمىدى. زەررىندەك بەك نازۇك، ئەركىن ـ ئازادە ياشاپ كۆنۈپ
قالغان بىر ئايالنىڭ بەيكوزدا ـــ بۇ يەرگە نىسبەتەن ھەر جەھەت ـ
تىن قولايسىز بولغان بىر ئۆيدە يېتىپ قېلىپ، يات بىر دوخ ـ
تۇرنىڭ داۋالىشى قاملاشمىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭچە، شۇنداق
بولغان تەقدىردىمۇ بىر خەۋەر قىلىپ قويۇشى، بىرەر پارچە خەت
ئەۋەتىشى لازىم ئىدى.

«كىمدىن خەت كۈتۈۋاتىمەن؟ مۇنەۋۋەردىنمۇ؟ باغۋەندىنمۇ؟
ياكى كېسەل بولۇپ قالغان زەررىندىنمۇ؟ زەررىن كېسەل بولمى ـ
غان تەقدىردىمۇ ماڭا قېيىداپ خەت يازمايدۇ. خىزمەتكارلارغا
كەلسەك، ئۇلار مۇنداق بىر ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. كاشكى
ئۇلارغا تاپىلاپ قويسامچۇ؟ ئەجەبا، مەن بىر تېلېگرامما يوللاپ
باقسامىكىن؟ كىمگە؟ نېمە دەيمەن؟ بۇلار ھەممىسى مېنىڭ خى ـ
يالىمنىڭ مەھسۇلى، بۇ يەردە ئەمەلىي ئىسپاتلانغان بىر ئىش
يوق... ئۇنداقتا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ كۈتۈش كېرەك... باشقا
چارە يوق. زەررىن بەلكى بۇ ئاخشام كېلىپ قالار ياكى بىرەر خە ـ
ۋەر ئەۋەتەر...»

غەلىتە ئىش، خوتۇنى ئۆيدىكى چاغلاردا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ
قويۇپ كۈلۈبقا، دوستلىرىنىڭكىگە ئولتۇرۇشقا كېتىۋەرگەن، بۇ ـ
نى توغرا دەپ قارىغان جىھات ئەمدىلىكتە بولسا كوچىغىمۇ چىق ـ
قۇسى كەلمەيۋاتاتتى. بىرقانچە كۈن بۇرۇن خوتۇنىنىڭ بۇ چوڭ
ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ يالغۇزدىن يالغۇز تاماق يەپ ئولتۇرۇشىنى
مۇۋاپىق كۆرگەن ئادەم ئەمدى ئۆزى شۇ ئۈستەلدە يالغۇز ئولتۇ ـ
رۇپ تاماق يېمەسلىك ئۈچۈن، تامىقىنى كۈتۈپخانىسىغا ئەكىر ـ
گۈزۈۋاتاتتى، نېمە ئۈچۈن تالاغا چىقىپ تامىقىنى سىرتتىن يې ـ
مەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۈلۈبتىكى دوستلىرىنىڭ تېلېفوندىكى دە ـ
ۋەتلىرىنى رەت قىلىدۇ؟ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۆيدىن چىققۇسى
كەلمەيۋاتاتتى، ئۆيىنىڭ بوشلۇقى ئۇنى چىڭ قامالالاپ تۇتۇۋال ـ
غاچقا، بۇ مۇھىتتىن ئايرىلماستىن كۈتمەكتە ئىدى. ھەر مى ـ

نۇت، ھەر سېكۇنت بىرنېمە كۈتەتتى، ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىـ ـنىشىغا، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىغا، پوچتالىيوننىڭ كېلىشىگە ئىنتىزار ئىدى.

كەچ بولدى، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ زەر ـ رىندىن يەنە بىر خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى. نە بىر تېلېگرامما، نە بىر تېلېفون، نە ئىككى ـ ئۈچ كەلىمە يېزىلغان بىر پارچە خەت... بۇ غەلىتە ئەھۋالنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئا ـ جايىپ بىر ئىش بىكاردىن ـ بىكارغىلا ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدۇ؟ ياكى... زەررىن بەيكوزدا ئەمەسمىدۇ؟ ئۇنداقتا قەيەردە بولۇشى مۇمكىن؟ نەدە؟ نەدە؟

جىھات ئاچچىقى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ سوئاللارنى ئۆزىگە تەكرارلاۋېتىپ بىردىنلا تۇرۇپ قالدى، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى، كۆزلىرىگە قان تولۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى غەزەپتىن چوڭ ـ چوڭ ئې ـ چىلىپ ـ يۇمۇلاتتى.

«قانداقلارچە بۇنى ئويلىمىغاندىمەن؟ مەن ھەقىقەتەن دۆت، ئەخمەق... زەررىن بەلكى ئوغلى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە باردى. ئەمما ئۇ يەردە تۇرمىدى، رائىف بىلەن ئۇچراشتى، شۇنداق، چوقۇم شۇنداق بولدى. مۇنداق بىر ئەھۋالنى ھازىرغىچە ئېسىمگە ئالمى ـ غىنىمنى قارىمامدىغان، ئەتىگەندىن بېرى تېلېگرامما، تېلېفون، خەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن تېخى. خۇدا ماڭا ئەقىل ئاتا قىل ـ سۇن! ئەمما ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، كىچىك خانىم! مەن تېخى ھايات! مېنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ كې ـ رەك!» ئۇ كېتىۋېتىپ ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئىختى ـ يارسىز ئۆزىگە قاراپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېنىدا را ـ ئىفنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ چىرايلىق، سۆيۈملۈك، ئوماققىنە بىر يىگىت ئىدى. كۆزلىرى ۋە لەۋلىرى دائىما جۇشقۇن ۋە شاد ـ خۇرام كۆرۈنەتتى، ھالبۇكى، ئۆزى بولسا... جىھات... سەت بولمى ـ سىمۇ چىرايى دائىم سۈرۈن، قاپىقى دائىم تۈرۈكلۈك يۈرەتتى.

بۇ خىل ئەھۋالدا زەررىنىنىڭ رائىفنى يارىتىپ قېلىشى ۋە ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ناھايىتى نورمال ئىش ئىدى. بولۇپمۇ ئېرىنىڭ داۋاملىق يولسىزلىق، ھەقسىزلىككە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقان بىر ئايال ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

بۇ ئويى جىھاتنى تۇرغان يېرىگە مىخلاپ قويدى. دېمەك، ئۆزىنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى تەن ئېلىۋاتاتتى. شۇڭا روھى چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنداق بولسا بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا زەررىنىنى خاپا قىلغانىدى؟ بۇ پۈتۈنلەي ئۆز غورۇرىنى ئۈستۈن تۇتۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ھالبۇكى، ئۇ ياش ۋە تەجرىبىسىز قەلبىدىكى بارلىق يالقۇنلىرى بىلەن جىھاتنى سۆيگەنىدى. جىھات بولسا بىر قېتىم ئۇنىڭ تەرىپىدىن سۆيۈلۈش سائادىتىگە نائىل بولغاندىن كېيىنلا بۇ سۆيگۈنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان، ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسىنى يەرگە ئۇرغانىدى، ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سىرتىغا تاشلاپ قويغانىدى، ئۇنىڭمۇ روھى، قەلبى ۋە مەۋجۇدىيىتى بولغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى؛ ئۇنى پەرزەنتىدىن ئايرىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئائىلىلىق ھوقۇقىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تېخىچە زەررىنىدىن سۆيگۈ ۋە ساداقەت كۈتۈۋاتاتتى. قايسى ھوقۇقى بىلەن؟

جىھات مۇشۇنداق ئازابلىق ۋە قايغۇلۇق خىياللار بىلەن تېپىرلاۋاتقاندا، قولى ئىختىيارسىز پەرداز ئىشكابىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان تارغاققا تېگىپ كەتتى. ئۇنى قولغا ئالا - ئالماس خوتۇنىغا ئائىت بىر نەرسىگە تېگىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇنىڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك بولۇۋاتاتتى، شۇ پىل چىشىدىن ياسالغان تارغاق زەررىنىدىن قالغان بىر خاتىرە ئىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن چىرايلىق چاچلىرىنى تارايتتى، ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ پۇراقلىرى ئۈستىخان - ئۈستىخانلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى... ئۇنىڭ پۇراقلىرى... جىھات ئۆزىنى ساراڭلارچە كارىۋاتقا تاشلىدى. بېشىنى خوتۇنىنىڭ ياستۇقى بىلەن چۈمكىدى.

«زەررىن... زەررىنىم... گۈزىلىم...»

زەررىننىڭ پۇرىقىنى، ھارارىتىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ قوللىرى بوشلۇقتا پۇلاڭلايتتى. بىردىنلا كۆكسىدىن چوڭقۇر بىر ئۆكسۈش پارتلاپ چىقىپ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى.

جىھات يىغلاۋاتاتتى. ھېسسىياتچان، ئەمما ھېسسىياتىنى زاھىر قىلمايدىغان، ئون سەككىز — يىگىرمە ياشتىكى غۇبارسىز بىر قىزنى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ بىھۇدە ئازابلىغان بۇ ئادەم، ئاندىن ئوغلىدىن ئايرىۋەتكەن بۇ دادا ئەمدىلىكتە كۆز ياشلىرى ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە تولغانماقتا، گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتماقتا ئىدى.

ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تاڭ ئاتقاندا جىھات كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۆزىنى تاشلاپ بەرگەن زەئىپ، ئاجىز خىياللىرىدىن خىجىل بولدى. غۇرۇرىنىڭ يەنە شاخلىنىپ، گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرقانچە سائەت ئاۋۋالقى تۇيغۇلىرىدىن يۈزى قىزىرىپ، دەرھال كارىۋاتتىن تۇرۇپ كەتتى. باشلىرى ئاغرىپ، چېكىلىرى زىڭىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى: بەيكوزغا بارماقچىدى. تېپىشماقنىڭ ئاچقۇچى ئۇ يەردە ئىدى. زەررىن ھەققىدە مۇنەۋۋەردىن مەلۇمات ئالماقچىدى، ھەتتا زەررىننىمۇ ئۇ يەردىن تېپىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ بۇ قارارغا بۇرۇنراق كەلمىگىنىگە ئۆكۈنۈپ، تېزلا تەييارلىنىپ، يەنە ماشىنا بىلەن يېڭىكۆيگە كەلدى. ئۇ يەردىن ئالتە پالاقلىق قېيىق بىلەن بەيكوزغا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خىزمەتكارلار ھەيران بولۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپلا قالغانىدى.

«بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ... ئېيتاۋۇر، بەك مۇھىم ئىشلار بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەمما نېمە ئىشتۇ بۇ؟»

بۇنىڭ جاۋابىنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى.

مۇنەۋۋەرگە كەلسەك، ياش بولغىنىغا قارىماي ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بىر قىز ئىدى. كۆز ئالدىدا ئوينىلىۋاتقان مۇدھىش ئائى-

لە پاجىئەسىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەنىدى. كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغان بولۇپ، بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن قەتئىي بىر قارارغا كەلگەنىدى. ئەمما ئۇ ئاددىي پىدـ كىرلىك بىر قىز بولغاچقا، جىھات بەيىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەڭ كىچىك بىر ئىھتىياتسىزلىقىنىڭمۇ ۋە ئاغزى ئىتتىكلىكىنىڭمۇ ھەم ئۆزىگە، ھەم ئانىسىغا، ھەتتا ناـ ھايىتى ياخشى كۆرىدىغان خانىمى بىلەن ئوماق سۇئاتقىمۇ زەرەر يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىيەتنى يىراقتىن كۆزىتىپ ساقلاۋاتاتتى. قانداقلا بولمىسۇن بىر تەرەپـ تىن بىرەر خەۋەر كېلىپ، بۇ ئىشلار ھامان ئاخىرلىشاتتى. بۇنـ داق بولمىسا بۇ چاھارباغدا يالغۇزدىن يالغۇز ئۇزاق تۇرۇپ قېلىدـ شىغا ئىمكان قالمايتتى. ئانىسى نامەلۇم بىر يەردە، ئۆزى بۇ يەرـ دە مەھبۇس ئىدى. ياق... ياق...

شۈڭلاشقا، قاق سەھەردىلا دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقى تېز ـ تېز چېلىنىپ، جىھات بەيىنىڭ كەلگەنلىكىگە ھەيران قالمىدى. ئۇنىڭ ھەيران قالغىنى دائىم ئېغىر ـ بېسىق ۋە ھاكاۋۇر كۆرۈنىدىغان بەي ئەپەندىنىڭ تۇرقىدىكى غەم ـ تەشۋىش ۋە ھاياجان ئىدى. ئۇ ئىشىكنى ئاچقان ئەلىگە «مەرھابا» دېيىش كېرەكلىكىنىمۇ ھېس قىلماستىن، يۇقىرى ئاۋازدا:

— مۇنەۋۋەر نەدە؟! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىنىۋاتقان قىز ئۇنىڭ تۆۋەندە — ھويلىدا ھۇلۇققان قەدەملەر بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندىمۇ تۇنجى قۇلىقىغا كىرگەن جۈملە شۇ بولدى:

— خانىم يۇقىرىدىمۇ؟

ئۇ خۇددى شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، ئېغىر ـ بېسىقـ لىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ياق ئەپەندىم، كەتتى.

شۇ ئەسنادا ئۇلار ئارىسىدا شۇنداق قىسقىغىنە بىر سۆھبەت

بولۇپ ئۆتتى:
— بۇ يەرگە قاچان كەلگەنىدى؟!
— ئۇلۇشكۈن ئەتىگەن، سىز كەتكەندىن كېيىنلا.
— بۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇردىمۇ؟
— بىر كېچە تۇردى.
— نەگە كەتتى؟
— بىلمەيمەن. سىزگە بىر پارچە خەت بەرگەنىدى. بەلكى ئۇ ـ نىڭغا يازغاندۇ؟
جىھات ھاياجان ۋە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:
— نېمە تۇرىسەن؟ خەتنى بەرمەمسەن؟
— دەرھال ئېلىپ كېلەي ئەپەندىم.
قىز ئالدىراپ ـ تېنەپ يۇقىرىغا چىقتى ـ دە، ئۈستەلدىكى خەتنى ئېلىپ كېلىپ جىھاتقا بەردى. ياش يىگىت ئالدىراشلىق بىلەن كونۋېرتنى يىرتتى ۋە سېكۇنتسېرى ئېشىۋاتقان قىزىقىش بىلەن قۇرلارنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇدى. ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتكەنىدى، ئەمما ھەرگىزمۇ زەررىنىڭ خېتىدى ـ كى چوڭقۇر ئازاب ـ ھەسرەتنى ئەمەس...
بۇ قىسقىغىنە خەتتە ياش چوكان ئاجايىپ ئېغىر ـ بېسىق، تۇرگۇن، ئەمما ئۈمىدسىز ئىدى. بولۇپمۇ كونۋېرتنى چاپلاشتىن ئاۋۋال قوشۇپ قويغان قۇرلار:
«جىھات، ساددا ۋە تەجرىبىسىز بىر قىز ساڭا ھاياتىنى تەق ـ دىم قىلغانىدى. ئۇنىڭغا نېمە قىلدىڭ؟ ئۇنى قانداق ئەھۋاللارغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ ئۇۋال بولدى ئۇنىڭغا، ئۇ تېخى شۇ قەدەر ياش ئىدىكى...»
بۇ جۈملىلەر ھەممە ئىشتىن، پۈتكۈل ۋەقەلەردىن تېخىمۇ مۇدھىش ۋە تېخىمۇ ھەيران قالدۇرارلىق ئىدى.
چۈنكى، جىھات خوتۇنىنىڭ ئىسيان ۋە تەھدىتكە تولغان بىر پارچە خېتىنى ئوقۇيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ھالبۇ ـ كى، بۇ باشتىن ـ ئاخىر ھەسرەت ۋە ئەلەمگە تولغان خەت ئىدى.

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ خەت ياش يىگىتنىڭ ئاغزىدا
ئاچچىق بىر تەم، مېڭىسىدە چوڭقۇر بىر بوشلۇق قالدۇرغانىدى.
ئەمدى ئۇنىڭ بىرنەرسە ئويلىيالىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئۇ
ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ، خېلىغىچە مىدىر - سىدىر قىلماي
ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھاياتىدا بۇنچىۋالا كۈچلۈك مەنىۋى ھال-
سىزلىققا چۈشۈپ قالمىغانىدى. پۇتكول ۋۇجۇدى شىددەتلىك بىر
بىسەرەمجانلىق ئىچىدە تىترىمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ ھالدا ئىدىكى،
دەسلەپ زەررىنىنىڭ خېتىدىكى قەتئىي ئايرىلىش ئىپادىسىنى
ئانچە چۈشىنەلمەستىن، ئۇنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنىڭ تەسىرى
ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقە-
تەن جىق خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.
جىق... ناھايىتى جىق...

«ئۇنىڭ ھېچقانداق خاتالىقى يوقمىكەن؟» جىھات شۇنداق
ئويلاپ، ئوي - خىياللىرىنى بۇ تەرەپكە بۇراپ، ھە دەپ خوتۇنىنى
ئەيىبلەيدىغان سەۋەبلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى.

«مېنى ساراڭ قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنى قىلدى. گاھ كې-
يىم - كېچەك توغرىسىدا گېپىمنى ئاڭلىماسلىق، گاھ بالىسى-
نى ئۆيدە ئېلىپ قالماقچى بولۇش، گاھ ئۆزى يالغۇز دوستلىرى-
نىڭكىگە كېتىش، گاھ ھەر جەھەتتىن مېنىڭ بىلەن ئوخشاش
ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىش ۋە باشقىلار...
ئاخىردا شۇ رائىق مەسىلىسى...»

جىھات بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئاخىرقىسىنىڭلا مۇھىم
ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن باشقىلىرى يەنىلا
باھانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنى ئۆزىمۇ بىلەتتى ۋە
يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى، چۈشەنگەن تو-
رۇقلۇق يەنە تامامەن تۇيۇق ۋە مەنتىقىسىز بىر يولغا بۇرۇلۇپ
كېتىۋاتاتتى.

بۇ تۇيۇق يولدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئايلىنىپ - ئاي-
لىنىپ ئوخشاش بىر چەمبەرنىڭ ئىچىدىن چىقالمايۋاتاتتى. لې-

كىن رائىق مەسىلىسى پۈتۈنلەي باشقا بىر گەپ ئىدى. بۇ زەر-رىنىنى ئەيىبلەشتە مۇھىم بىر دەلىل بولۇپ قالاتتى ۋە بۇنى سەل قارىماستىن ئوبدان تەتقىق قىلىش كېرەك ئىدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇنەۋۋەرنى يەنە يېڭىباشتىن سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— خانىمىنىڭ سائەت قانچىدە كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— دەل ۋاقتىنى بىلمەيمەن ئەپەندىم، ئىش قىلىپ تۈنجى قېتىملىق يولۇچى پاراخوتى بىلەن كەلگەنىدى.

— يالغۇزمىدى؟

ياش قىزنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— ھەئە.

— كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلدى؟

— تۈنجى ئىشى سۈئات بەينى سوراشتىن ئىبارەت بولدى.

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— سىزنىڭ ئۇنى ئىلىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتتىم.

— ئۇ چاغدا قانداق قىلدى؟

مۇنەۋۋەر بىر تەرەپتىن قورقۇپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئاچ-چىقى كېلىپ، ئۇدۇل قاراپ تۇرۇۋالدى. بىچارە خانىمىنىڭ ئەھۋا-لى كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ جاۋاب بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جىھات قوپال بىر ئاۋاز بىلەن زورلىدى:

— گەپ قىلساڭچۇ، قىز!

قىز ئىچىدىكى نەپرەتنى بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىپ، بۇ رە-زىل ئادەمدىن بىرئاز بولسىمۇ خانىمىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىۋې-لىش مەقسىتىدە ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئالدىرىماي ئۈزۈپ - ئۈزۈپ جاۋاب بەردى:

— يىقىلىپ چۈشتى، ھوشىدىن كەتتى، ئەپەندىم.

جىھات بۇ سۆزلەرنى كۈتمىگەنىدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ بوغۇق بىر ئاۋاز بىلەن:

— ھوشىدىن كەتتىما؟ — دېدى.

— شۇنداق بولدى ئەپەندىم، ئۇنى بەك تەستە ھوشىغا كەلتۈ-
رۈپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىقتىم.
— توختاپ قالما. ھەممە ئىشنى تەپسىلاتلىرى بىلەن سۆزلەپ
بەر دەۋاتىمەن ساڭا!
جىھاتنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كۆزلىرى يوغىناپ كەتكەندى.
— خانىمنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قوياي دەۋاتسام، يەردىن سۇ-
ئات بەينىڭ بىر پاي ئايىغىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئالدى-
دە، ئاياغنى سۆيۈپ، يۇراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاخىردا دوختۇر
چاقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئەمما...
— ئەمما؟! نېمە بولغانتى؟!
— دوختۇر كېلىپ بولغۇچە خانىم تولا يىغلاپ تۈگىشىپ
كېتىپ، قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەندى.
— دوختۇر بىرنېمە قىلمىدىمۇ؟
— يۈرىكىنىڭ بەك ئاجىز ئىكەنلىكىنى، قاتتىق ھاياجانلان-
غانلىقىنى، بۇ روھىي كېرىزىستىن ئۆلمىگىنىگە شۈكۈر قىلى-
شىمىز لازىملىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭغا ئوخشاش ھاياجان-
لىنىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىملىقىنى تاپىلاپ، ئۇنىڭ يۈرى-
كىگە قۇۋۋەت قىلىدىغان بىر ئوكۇل سېلىپ قويۇپلا كەتتى.
ئۇ ئاخىرقى جۈملىلەرنى پۈتۈنلەي ئىچىدىن چىقارغانىدى،
ئەمما ۋىجدان ئۇقتىسىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەك ھېس قىلمايتتى.
بۇ زالىم ئادەمنى بىرئاز بولسىمۇ قورقۇتۇپ ئەندىشىگە سېلىپ
قويۇشى كېرەك ئىدى...
بىچارە خانىم بۇنى ئاڭلىسا ھەرھالدا خۇش بولاتتى. شۇنداق
بولغاچقا بۇ زىيانسىز ئويۇننى داۋام قىلىۋېرىشكە بولاتتى:
— شۇنداقمۇ؟ دېمەك خانىمنىڭ يۈرىكى ئاجىز، دېدى - ھە؟
— شۇنداق ئەپەندىم، ياش ئىكەن، ئارتۇقچە خاپىلىق تارتسا
بولمايدۇ دېدى...
— خاپا بولغانلىقىنى كىمدىن، نەدىن بىلىپتۇ؟
— ئۇنى تەكشۈرۈۋاتقىنىدا قوللىرى ئارىسىدا چىڭ سىقىپ

تۇرۇۋالغان كىچىك بالىنىڭ ئايىغىنى كۆرگەندى.
جىھات قاشلىرىنى ھىمىرىپ، ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ:
— سەندىنمۇ بىرنەرسە سورىدىمۇ؟ — دېدى.
مۇنەۋۋەر بۇ سوئالغىمۇ شۇنداق بىر جاۋاب بېرىشنى ئارتۇق-چە كۆرمىدى:
— سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى ھۇجرىنىڭ ئى-چىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى. سۇئات بەينىڭ كارىۋىتى قوپ-قۇرۇق ئىدى، پەقەت...
— سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالمىساڭچۇ؟
— پەقەت مەسىلىنىڭ تۇپ ئاساسىنى چۈشىنەلمىدى، خا-نىمنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى.
— شۇنداقمۇ؟ نېمە دېدى؟
— «ئۇۋۋال بوپتۇ» - دېدى، «بۇ چىرايلىق، ياش چوكان مۇن-داق بىر جازاغا لايىق ئەمەستى» — دېدى.
جىھاتنىڭ يۈزى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى. مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ تېگى - تەكتىدە ئۆزىگە نىسبەتەن بىر دارىتمىلاش-نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى - دە، بۇ ئۆكتەم قىزنىڭ بىر ئەدىپىنى بېرەيچۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايى ۋە كۆزلىرىدە شۇنداق بىر گۇناھسىزلىق ئىپادىسى بار ئىدىكى، بۇ قىزدىن شۇبھىلەنگىنى ئۈچۈن ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى، پەقەت:
— شۇنداقمۇ؟! — دېيىشنى مۇۋاپىق كۆردى. بۇنىڭدىن پاي-دىلانغان ئەقىللىق قىزمۇ سۆزىنى بىر خىل تۇرگۇنلۇك بىلەن داۋام قىلدى:
— شۇنىڭدىن كېيىن خانىمنىڭ ئېرىدىن ئاجراشقان - ئاجراشمىغانلىقىنى سورىدى.
— ۋاي يۈزى قېلىن ئوغرى، ئۇنىڭغا نېمە بوپتىكەن؟ كې-سەلنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا ئۇنىڭ نېمە ھەققى بار ئىكەن؟

— بىلمىدىم ئەپەندىم. پەقەت مەن سىزنىڭ ئىستانبۇلدا ئىد-كەنلىكىڭىزنى ئېيتمىشىم بىلەنلا، بۇنداق قايغۇلۇق بىر ۋاقىتتا خوتۇنىڭىزنىڭ يېنىدا بولمىغانلىقىڭىزغا ھەيران قالدى.

— شۇنداقمۇ؟ يەنە تېخى دەرس ئۆتۈشكە باشلاپتۇ - ھە، بۇ دوختۇرنىڭ ئىسمىنى بىر دەپ بەرگىنە ماڭا.

مۇنەۋۋەر چىرايىدىن بىر ئەندىشە ۋە تەمتىرەش شامىلى ئۇ-چۇپ تۇرسىمۇ شۇ ھامان ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— بىلمەيمەن ئەپەندىم. مەن ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئىدىم. ئەلى سىرتتا ئىدى. دەرھال كوچىغا چىقتىم - دە، ئۇچرىشىپ قالغان بىر ساقچىغا دوختۇر چاقىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ-مۇ دەل شۇ چاغدا يولۇچى پاراخوتىغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر دوخ-تۇرنى يولدىن توسۇپ بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، باشقا نېمە دېدى؟

مۇنەۋۋەر كۈلۈمسىرەپ جىمىاتقا قارىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن قورقمايتتى.

— ھە شۇ ئەپەندىم. ئىككىڭلارنىڭ ياش ئىكەنلىكىڭلارنى، شۇڭلاشقا بىر بالىڭىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى سىلەرنى بۇ دەرد-جىدە ئۈمىدسىزلەندۇرمەسلىكى كېرەكلىكىنى، ئالدىڭلاردا پارلاق بىر ئىستىقبالنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ئاخىرقى سۆزلەر جىمىاتقا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى.

ھەقىقەتەن ئەقىللىق قىز پىلانىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئۇنىڭ جان تومۇرىغا دەل ئۇرغان، بۇ ئارقىلىق جۇدالىقنىڭ پۈ-تۈن ئېغىرلىقى بىلەن ئۈستىگىلا چۈشكەنىدى. شۇڭا ئۇ سۇلغۇن ۋە ھارغىن بىر ئاۋازى بىلەن:

— بۇلارنى قويۇپ تۇرۇپ، خانىمىنىڭ گېپىنى قىل! — دېدى.

— خانىم ئەتىسى ئەتىگەن ئويغانغاندا خېلى تىنچلىنىپ قالغانىدى. مەندىن سىزنىڭ سوئات بەينى نەگە ۋە قانداق ئېلىپ كەتكەنلىكىڭىزنى سورىدى. نەگە ئېلىپ كەتكەنلىكىڭىزنى بىل-

مىگەنلىكىم ئۈچۈن جاۋاب بېرەلمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن سىزگە بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرۇپ قويدى.

— كېتىۋاتقاندا يىغلاۋاتامتى؟

— ياق، پەقەت «بۇنىڭدىن كېيىن خۇدايىمدىن ئۆلۈشتىن ئاۋۋال شۇ ئوغلۇمنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى تىلەشتىن باشقا چارەم قالمىدى» دېدى.

— قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ساڭا دېمىدىمۇ؟

— ياق...

— ھوشۇڭنى يىغ، مۇنەۋۋەر. ئەگەر خانىمىڭنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، شۇنداقلا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولساڭ، ماڭا راست گەپنى قىلغىن.

— سىزگە قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، ماڭا بىرنېمە دېمىدى.

— سورىمىدىڭمۇ؟

— سورىدىم. ئۆزىنىڭمۇ تېخى نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ سوئالنى جىھات يەنىلا رائىفنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇنداقلا ئىچىدىكى شۇ كۇنداشلىق پىلانىنىڭ ئېقىتىۋاتقان زەھىرىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ سورىغانىدى. شەيتان قىز گەرچە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر يىپ ئۇچى بەرمەسلىكنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قايتىدىن:

— ھېچ بىلمىدىم... دېدى.

— يولۇچى پاراخوتى بىلەن ئىستانبۇلغا كەتتىمۇ؟

— خانىم بىلەن پورتقىچە بىللە باردىم. ئەمما پاراخوتنىڭ يولغا چىقىشىغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ھالبۇكى سىز، ماڭا ھېچقانداق ئەھۋالدا ئۆيدىن ئايرىلماسلىقىمنى تاپىلىغانىدىڭىز. ناۋادا ماشىنا بىلەن قايتىپ كېلىپ قالسىڭىز، ئىشىك تاقاقلىق تۇرمىسۇن، دېگەن قورقۇنچ بىلەن ئۇنى پورتتا تاشلاپ قويۇپ دەرھال ئۆيگە قايتتىم.

— ئەلى ئۆيدە يوقمىدى؟

— ياق ئەپەندىم. بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ دائىم باغدا بولىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئانام ماڭا تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشقا بەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم.

— مۇنداق دېگىن.

ئەمدى سورىغۇدەك بىرنېمە قالمىغاچقا، جىھات شەپكىسىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقىپلا پورتقا قاراپ مېڭىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئىچىدىكى قۇرت ئۇنى تېخىچە غاجىلىماقتا ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا كەلگەن بىر قارارى بىلەن يەنە ئارقىسىغا ياندى. نېمە بولسا بولسۇن، بۇ شۈبھىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن رائىفنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى. زەررىن ئۇ يەردە بولسا ئەھۋال ئايدىڭلىشاتتى. ئەگەر ئۇ يەردە يوق بولسىچۇ؟... ئۇ چاغدا قانداق قىلىشنى ئويلاپ باقاتتى.

جىھات رائىفنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان دۆڭلۈككە بىر تىنىقتا چىقىپ بولدى. ھاياجاندىن يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. چاھارباغنىڭ باغچە تەرەپتىكى ئىشىكىنى ئېچىۋاتقىنىدا ھاياجىنى ئاخىرقى باسقۇچقا چىققانىدى. كەلگەن بالىدىن رائىفنى سورىدى. ئۇنىڭ تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ، كېكەچلەپ جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى جىھاتنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى چاھارباغنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، قوڭغۇراقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن باستى. بۇ قېتىم قېرى بىر خىزمەتكار بىلەن ئۇچرىشىشقا توغرا كەلدى.

— بەي ئەپەندىم ئۆيدىمۇ؟

— يوقسۇ ئەپەندى، ئۇ بىر يەرگە كەتكەنىدى.

— قەيەرگە؟

— بىلمەيمەن. خالىسىڭىز چوڭ خانىمدىن سوراپ باقسىڭىز.

شۇ چاغدا قېرى بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمە بولدى نۇرىيە؟ كىم بىلەن گەپلىشىۋاتىسەن؟

— كىچىك بەينى سوراۋاتىدۇ، ئەپەندىم.

— قايسىنى؟ رائىفنىمۇ؟ توختاپ تۇرغىنا...

قىرى خوتۇن جىھاتنى تونۇپ خۇشال ھالدا:

— كەل ئوغلۇم، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئۇزۇن بولدى سىنى كۆرمىدىم. خانىم قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دېدى.

لېكىن جىھات بۇ شېرىن سۆزلەرگە جاۋاب بەرگۈدەك ھالدا ئەمەس ئىدى. دەرھال ئاساسىي مەقسەتكە كۆچتى:

— رائىفنى سورىغانىدىم خانىم. ئۇنى نەدىن تاپالارمەنكى؟

— جىددىي بىر ئىش بارمىدى ئوغلۇم؟

— شۇنداق خانىم، بەك ئالدىراش ۋە مۇھىم...

— ئۇنداقتا ئۆزىگىلا يازغىن، توختا مەن ساڭا ئادرېسىنى بېرەي.

جىھات ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— رائىف ئىستانبۇلدا ئەمەسمۇ؟

— بىلمەمتىڭ ئوغلۇم، ساڭا قانداق بولۇپ دېمەي قالغاندۇ؟ ئۇنى بىر ئىش بىلەن لوندونغا ئەۋەتىشىپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ قاچان؟

— توختاپ تۇرغىن ھە، بەلكى ئەتە بىر ھەپتە بولىدىغۇ دەيمەن، كۈننى ئېنىق ئەسلىيەلمىدىم قېرىلىق - دە بۇ، كەچۈرگىن.

لېكىن جىھاتنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاڭلىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئىچىدە بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى ۋە قىسقىغىنە رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. ئۇ ئارقىسىدىن «توختىغىنە بالام، رائىفنىڭ ئادرېسىنى ئېلىپ چىقىپ بېرەي،»دەپ چاقىرغان ئاۋازغىمۇ پىسەنت قىلمىدى. يۈگۈرۈپ دېگۈدەك باغدىن چىقتى. ئۇ چوڭ بىر ئىزتىراپتىن قۇتۇلغانىدى.

— ئۇھ... مىڭ شۈكۈر، زەررىن رائىف بىلەن بىللە ئەمەس ئىكەن...

## 9

زەررىن رائىف بىلەن بىللە ئەمەس ئىدى. ئەمما قەيەردە ئىدى؟ مانا بۇ جىھاتنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋاتقان خىيال ئىدى. ئۇ شۇ دەرىجىدە ئويلاپ كەتكەنىدىكى، «كاشكى رائىف بىلەن بىللە بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن بولسىمۇ خەۋەردار بولغان بولاتتىم!» دېگەنلەرنى ئويلىغانلىقىدىن ھەيران قالدى. شۇنداق، ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ نېمە بولغاندۇ؟

جىھات خوتۇنىنىڭ باشقا بىر ئەرنىڭ يېنىدا بولمىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئېرىشكەن خۇشاللىقى ۋە تەسەللىيسى ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر ئەندىشە ئىگىلىۋالدى.

«ئۇنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك، بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم. جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇنى ئاددىي ئادەملەردەك كوچىلاردا ياكى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە ياشىيالمايدۇ. ئۇ مېنىڭ فامىلەمدە ئاتالغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ باشقۇرۇشۇم ئاستىدا بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى مېنىڭ ئۈستۈمدە، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك.»

بۇ جىھاتنىڭ سەممىمىي خىياللىرىمۇ ياكى ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداۋاتامدۇ؟ زەررىنىنى تاپماقچى بولغانلىقى ئەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنمىدۇ؟ ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنى تۈگىتىش، ئۇنى ئائىلە ئوچىقىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشى قالمىغان تۇرۇقلۇق، مانا ئەمدى ئۇنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز ئارزۇسىنى ئۆزگىمۇ ئېتىراپ قىلدۇرالمايدىغان دەرىجىدىكى تەكەببۇر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتالمىش «مەسئۇلىيەت»، «ۋەزىپە» دې-

گەندەك باھانىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. ھالبۇكى، كېچە ـ كې-
چىلەپ كۆز يۇمماستىن ئەسەبىيلەشكەن، ئەندىشىگە تولغان ھال-
دا كارىۋىتىدا ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆرۈلگىنىدە، بەزىدە قەلبىنىڭ
سەمىمىي ئاۋازى ئاغزىدىن چىقىپ كەتمەيمۇ قالمايتتى: «ئۇنى
تاپسام، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسام، ئۇنى سۆيگۈم بىلەن، مې-
ھرى ـ شەپقىتىم بىلەن قۇچاقلىسام، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان
دەسلەپكى كۈنلىرىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك ۋە ئوتتەك قىزغىن سائەت-
لىرىنى قايتىدىن ياشىساق...!»

شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ مەۋجۇدىيىتى يىلتىزىدىن
تەۋرىنىپ قالاتتى. تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلىرى بى-
لەن، قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان يېڭى ـ يېڭى ئارزۇلىرى بى-
لەن، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پۈتكۈل تۈيغۇلىرى بىلەن
زەررىنىنى چاقىراتتى، ئۇنى سېغىناتتى. «ئاھ، ئۇنىڭ گۈزەل بە-
دەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىسام، ئۇنىڭ مەستخۇشلىغۇچى
پۇراقلىرىنى يەنە بىر قېتىم جېنىمنىڭ ئىچىدە تۇيسام!»

ئۇ زەررىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپ نېمىلەردىن مەھرۇم
قالغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتاتتى، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۈچۈن
كېچىكىپ قالغانلىقىنىمۇ غەلىتە بىر ئىسيان بىلەن ھېس قى-
لىۋاتاتتى.

شۇنداق... ئۇ كېچىكىپ قالغانىدى. ئاھ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەم-
مىسىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈۋېتىپ، زەررىن بىلەن بىرلىكتە
تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاش مۇمكىن بولسا ـ ھە! مانا ئەمدى ئۇ
بىر تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە بولغانىدى، شۇ شېرىن، شۇ چىراي-
لىق قىزغا ئۆزىنى سۆيدۈرۈشنى، ياق، تېخىمۇ راستىنىنى ئېيت-
قاندا، ئۆزىگە تەقدىم قىلغان سۆيگۈسىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى
ئۆگەنگەنىدى. جاھاتقا نېمە بولغاندۇ؟ بىر ھەپتە ئىلگىرى بىرسى
كېلىپ ئۇنىڭغا ھېس ـ تۇيغۇسىدا ۋە ئوي ـ پىكىرلىرىدە مۇز-
داق ھەيران قالارلىق بىر ئۆزگىرىشنىڭ بولىدىغانلىقى توغرى-
سىدا بېشارەت بەرگەن بولسىدى، ئۇنى مازاق قىلغان، ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدىلا قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنى ساراڭلىقتا ئەيىبلىگەن بولاتتى.

«مەن... بۇ مەنمۇ؟ مەن جىھات باغدادلىق مۇنداق ھېسسىياتـ. قا، خوتۇنلارچە خىياللارغا تۇتقۇن بولامدىكەنمەن؟ مېنىڭ قانچىـ. لىك ماتېرىيالىست، قانچىلىك رېئالىست بىر ئىنسان ئىكەنلىـ. كىمنى بىلمەمسىز؟ بۇنى سىزگە ئەسلىي سۆز ـ ھەرىكىتىم بىـ. لەن ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن.»

ئەمما ھازىر ھەقىقەت تامامەن باشقىچە ئىدى.

بۇنى ئۆزىگە ئۆزى قانداق ئېتىراپ قىلدۇرۇش كېرەك؟

كۆنلەر مۇشۇنداق قارىمۇقارشى ۋە غەلىتە ئوي ـ پىكىرلەر ئارىسىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، زەررىنىدىن ھېچقانداق خەـ. ۋەر بولمايۋاتاتتى. جىھات بىركۈنى ئەتىگىنى قەتئىي بىر ھەردـ. كەت قىلىش قارارىغا كېلىپ ئويغاندى: «ساقچىغا مەلۇم قىلىشىم كېرەك، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمەن، ئۇنى ئۆزۈم كوچىمۇكوچا ئاپلىنىپ يۈرۈپ ئىزدىيەلمەيمەن ـ دە، شۇنداق قىلسام ھەم ساقچىلارغا ئىشەنگىنىم بولىدۇ، ھەم... ياش بىر خوتۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ... نەگە كەتتى؟ نېمە بولدى؟ بۇنى سۈرۈشتۈرۈش مېنىڭ ۋەزىپەم. ئۇنى تېپىش بولسا ساقچىنىڭ...»

ھالبۇكى، جىھات بۇ كۈنگىچە ساقچى ئارقىلىق ھېچقانداق بىر ئىشنى بېجىرىپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئىشنى نەدىن باشلايدىـ. غانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇ سەۋەبتىن بىۋاستە ساقچى ئىدارىسىـ. نىڭ باشلىقىدىن قايسى ۋاقىتتا، نەدە كۆرۈشۈشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلە سىرىنى ئۇنىڭغا ئېچىۋېتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىـ. ھەت سورىدى. جىھاتنىڭ ــــ مەملىكەتنىڭ ئاتالغان بىر يۇقىرى قاتلام ئەربابىنىڭ سۆزلىرىنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن كۆڭۈل قوـ. يۇپ تىڭشىغان ساقچى باشلىقىنىڭ جاۋابى شۇ بولدى:

ــــ ئەپەندىم، ئائىلىڭىزدە يۈز بەرگەن ۋەقە بىز ھەر كۈنى ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئەھۋاللاردىن ئەمەس. چۈنكى

خانىم ياخشى تەربىيە كۆرگەن، يۇقىرى مەلۇماتلىق بىر ئائىلە ئايالى ئىكەن، شۇنداقلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتە خۇسۇسىي بىر مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشكەنىكەن.

— ئەجەبا، بېشىغا بىرەر بالا ـ قازا كېلىپ قالدىمىكىن دەيمەنا؟

— ئۇنداقمۇ بولمىغاندۇ؟ ئۇنداق بولغان بولسا ھازىرغىچە بىرەر خەۋىرى بولاتتى. خانىم ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدە بولغان بول-سا، سىزگە بىر خەۋەر بەرگەن، خەت ئەۋەتكەن، خېتىدە ئوغلىغا ئائىت بىر ئىشلار ھەققىدە يازغان بولاتتى ھەمدە بۇنىڭ ئىشتىن كېيىن سىزنىڭ قولىڭىزغا تېگىشى ئۈچۈن بىرەر تەدبىر قوللان-غان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق بىر ئېھتىمالنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇش كېرەك. ئاندىن بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ قالغان-لىق ئېھتىماللىقىدىن ئالساق، بۇ كۆنگىچە مۇنداق مۇھىم بىر ۋەقە يۈز بەرگەندەك قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ بىر ئىزدىنىپ باقاي.

— رەھمەت سىزگە، لېكىن بەي ئەپەندى، ئۇنداقتا مەن خو-تۇنۇمنى قانداق ۋە نەدىن ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك؟ ئۇنى قانداق قىلسام تاپالايمەن؟

— مەن بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم. خالىسىڭىز سىزگە خۇ-سۇسىي رازۋېدكىچى تەۋسىيە قىلاي. ئۇ مەخسۇس سىزنىڭ بۇي-رۇق ـ پەرمانىڭىزدا بولىدۇ ۋە بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

بۇ پىكىر جىھاتقا يېقىپ قالدى.

— رەھمەت سىزگە، لېكىن ئەقىللىق، ئۆز كەسپىگە پىش-شىق، ماھىر بىر رازۋېدكىچى تېپىشقا بولارمۇ؟

ساقچى باشلىقى بىر ـ ئىككى مىنۇت ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— سىزگە بۇ كەسپتە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ پېنسىيەگە چىق-قان، بەك ئەتىۋارلىق بىر كىشىنى تەۋسىيە قىلاي.

— پېنسىيەگە چىققان بىر كىشى بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى-دەك ئىش قىلىپ كېتەلەرمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، سالامەتلىكى بەك ياخشى، ساغلام بىر ئادەم ئۇ.
— ئۇنداقتا ئۇنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرەلىسىڭىز سىزدىن بەك مىننەتدار بولغان بولاتتىم.
— ئەتە ئەتىگەندىلا ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئەۋەتىپ بېرەي، سىز ماڭا ئادرېسىڭىزنى بېرىڭ.
ئەتىسى جىھاتنىڭ ئۆيىگە كەلگەن كىشىنىڭ ھەقىقەتەن كىشىگە ئىشەنچ بەخش ئېتىپ تۇرىدىغان بىر خىل خۇسۇسىيىتى بار ئىدى. ئۇ كىشى ئىسمىنى ھاشىمەت دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئالدى بىلەن جىھاتتىن ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
شەخسىي تۇرمۇشىنى بىر يات كىشىگە، يەنە كېلىپ مۇنداق شەرت ـ شارائىت ئاستىدا سۆزلەپ بېرىش جىھات باغدادلىق ئۇچۇن بەك ئېغىر تۇيۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقاندەك بىلىنگەن بولسىمۇ، مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن باشقا چارە تاپالماي قالدى.
— ياق، ھېچكىمى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تۇرۇشى، بېرىشى مۇمكىن بولغانلىكى يەرلەرگە ئاساسەن بېرىپ ئىزدەپ كەلدىم.
— قانداقراق يەرلەر ئىدى ئۇلار؟
— مەسىلەن، باياتىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، بەيكوزدىكى ئۆي... پەقەت تونۇگۇنمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن يېرىگە — بۈيۈكچەكمەجە ئەتراپىدىكى قورۇققا بېرىپ كەلدىم. ھېچكىم ئۇ يەرلەردە خوتۇنۇمنى كۆرمەپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ بىر قېرى ئېنىكئانىسى بار ئىدى. ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشتىن ھېچ خەۋىرى يوق ئىكەن.
— ئېنىكئانىسى كىم بىلەن بىللە تۇرىدۇ؟
— قورۇقنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا بىر ئۆي ئايرىپ بېرىپتىكەن. ئەمەلىيەتتە خوجايىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭمۇ بىر

پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قاپتۇ دېسەكمۇ بولىدۇ.

— سىزدىن كەچۈرۈم سوراپ تۇرۇپ بىر سوئال سورايمەن ئەپەندىم. بۇ كەسپتە ئەڭ كىچىك بىر ئىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بەك چوڭ بولىدىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز. سىز دېگەن بۇ خوتۇن خانىمنىڭ ئېمىكئانىسى بولغانىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياشمايدۇ، ئاراڭلاردا بىر ئىش بولغانمىدى - يا؟

ئون بەش كۈننىڭ ئالدىدا مۇنداق بىر سوئال سورالغان بولسا، جىھات ئۇ كىشىگە مۇشت ئاتقان بولاتتى. ئەمما بۇ ئەھۋاللار ئۇنىڭغا سەۋرچان بولۇشنى ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ خوتۇننى ياخشى كۆرەلمىدىم. خوتۇنۇمنىڭ كونا خاتىرىلىرىگە باغلىنىپ قېلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمىگەنىدىم. ئۇنى يېڭى تۇرمۇشقا تامامەن ماسلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدىم.

رازۋېدكىچى قولىدىكى قەغەزگە بەزى نەرسىلەرنى يېزىۋالغاندىن كېيىن سوئالنى داۋام قىلدى:

— سىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— ئىستانبۇلدا يېقىنلىرىمدىن ھېچكىم يوق. تۇغقان دەپ پەقەت بايا گېپىنى قىلغان قورۇقنىڭ ئىگىسى بەدرى پاشالا بار.

— خانىمنىڭ دوستلىرى كىملەر؟

— بىرقانچە ساۋاقداشلىرى... بۇلارنىمۇ يېقىن دوست ھېسابلىمايمىز.

— ئادرېسلىرىنى بىلەرسىزمۇ؟

— بەزىلىرىنىڭكىنى سىزگە دەپ بېرەلەيمەن.

— بولىدۇ. پىكرىڭىزچە خوتۇنىڭىزنىڭ بېرىپ پاناھلانغۇدەك بىر يېرى ياكى بولمىسا ئىشەنگۈدەك بىرەر ئادىمى بارمىدۇ؟

جىھات بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. رائىف ھەققىدىكى خىياللىرى چاقماق چاقماقاندەك كاللىسىدىن «لىپپىدە» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما بۇ گۇماننى كاللىسىدىن چۆرۈپ تاشلىدى. ياق! مۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، رائىف بۇ ۋە-

قەدىن بىرقانچە كۈن ئاۋۋال لوندونغا كەتكەن تۇرسا.

— خوتۇنۇمنىڭ پاناھلىنىدىغان نە بىرەر يېرىدىن، نە بىر-كىمىدىن خەۋىرىم يوق.

— ئۆيدىن كېتىدىغان چاغدا مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىپ كې-تىپتىمۇ؟

بۇ سوئال ياش يىگىتنى تېخىمۇ دەردكە پاتۇردى. شۇڭا غەم-كىن بىر ئاۋاز بىلەن:

— ياق، — دېدى، — ئالماسلارغا، ھەتتا ئۆي خىراجىتى ئۈچۈن قويۇپ قويغان پۇلغىمۇ تەگمەپتۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ قانداق ياشايدۇ؟

— شەخسىي بىرقانچە پارچە ئالماس بار ئىدى. دادىسىدىنمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا پۇل قالغانىدى. بۇ پۇلنى ئۆز نامىدا باذ-كىغا قويۇپ قويغان.

— بۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئۈچۈر بولۇشى مۇمكىن. بۇ پۇلنى ئالغان - ئالمىغانلىقىنى بانكىدىن بىلىمىز، يەنە باشقا بىرنېمە ئېلىپ كېتىپتىمۇ؟

— بىرقانچە قۇر كىيىمى بىلەن شەخسىي نەرسە - كېرەك-لىرىنى.

ھاشمەت بەي بۇ جاۋابلاردىن كېيىن چوڭقۇر بىر ئويغا پاتـ-تى. ئۇ گويا يېنىدىكى ئادەمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىھا-يەت، بېشىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا ئاغزىدىن شۇ سۆزلەر چىقتى:

— قىيىن... ناھايىتى قىيىن ۋە مۇرەككەپ بىر ئىش... ئۆ-زىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر خوتۇننى تاپالايدىغانلىقىمغا يۈزدە يۈز ۋەدە قىلالمايمەن، ئەپەندىم.

— لېكىن بىر ئۇرۇنۇپ باقسىڭىز، تىرىشىپ باقسىڭىز... — جىھات شۇنداق دېگەچ قولىنى پورتمانىغا ئۇزاتقانىدى، رازۋېدكىچى توسۇپ قالدى:

— يوقسۇ، ھازىر بىرنەرسە بەرمەڭ، مەن سىزگە ۋاقتى كەل-گەندە دەيمەن. بەلكى بارلىق تەتقىقاتلىرىمىز نەتىجىسىز قالار،

ئۇنىڭدىن كېيىن... باشقا ئېھتىماللىقلارمۇ بار.
— قانداق ئېھتىماللىق؟
— ئېنىق ئەمەس، جىنايەت، قازا... مەن نېمە بىلەي؟ مىڭ-بىر تۈرلۈك ئىشلار...
— سىزمۇ شۇنداق بىر ئىش بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىۋاتامسىز؟
— نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ خوتۇنىڭىزنىڭ بەك ياش ۋە بەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟
جىھات ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان قايغۇ-ھەسرەت بىلەن:
— پەۋقۇلئاددە چىرايلىق، — دېدى.
— ئۇنداقتا مۇنداق بىر خوتۇننىڭ ھەممىلا يەردە باشقىلار-نىڭ دىققەت-نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىشى بەك تەبىئىي ئىش... چۈشىنىۋاتامسىز؟ كەسپىي زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ھەربىر نۇق-تىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك.
— شۇنداق، بۇنى چۈشىنىمەن، داۋاملاشتۇرۇڭ.
— ھازىرچە بۇ ئەھۋاللاردىن چىقارغان نەتىجەم شۇكى، زەر-رىن خانىمنىڭ بەيكوزدىكى ئۆيىدىن ئايرىلغىنىدا، بۇ يەرگە — نىشانتاشقا قايتماسلىق توغرىسىدىكى قارارى بەك قەتئىي بول-غان. شۇڭلاشقا، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنىغۇ بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، بەلكى بىردىنلا بۇ قارارىدىنمۇ يالتىيىپ قالغان بولۇ-شى مۇمكىن. ئۆيىگە قايتىپ كەلگۈسى بولسىمۇ قايتالمىدى، بەلكىم.
— بۇ قانداق گەپ، نېمە ئۈچۈن قايتالمايدۇ؟
— كۆچلۈك بىر توسالغۇ پەيدا بولدى ياكى كىمدۇر بىرى ئۇنى توسۇپ قالدى. تەكرارلايمەنكى، مەن ھەر ئېھتىماللىقنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرمەن. لېكىن بۇلار باشقا بارلىق شۈبھىلەر يوق بولغاندىن كېيىن تەتقىق قىلىدىغان ئىشلار. ھا-زىرچە مۇنداق ئويلاپ تۇرىمىز: زەررىن خانىم كۆڭلى يېرىم،

ھالسىز، پەرىشان بولغاچقا، چەكسىز ئۈمىدسىزلەندى، شۇنىڭ بىلەن...

— ئۆلۈۋالدى دېمەكچىمۇ سىز؟ بۇ خىياللار بىلەن مەنمۇ قانچە كۈندىن بېرى قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈۋاتىمەن. مەن خوتۇنۇمنى مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە ئۇچرىدى دەپ قارىمايمەن. چۈنكى ئۇ بەيكوزدىكى خىزمەتكارغا ئەڭ ئاخىردا: «بۇنىڭدىن كېيىن خۇدايىمدىن ئوغلۇمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشىنى تىلەشتىن باشقا چارەم قالمىدى» دېگەنىكەن. بۇ جۈملىلەر كىشىگە غەيرەت، جاسارەت بەخش ئەتمەسمۇ؟

— شۇنداق... بىر ئاز.

— مېنىڭچە ئۆلۈۋېلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلىماسلىقىمىز كېرەك.

— شۇنداقمۇ؟ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىڭىزنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبلىرى بارمۇ؟

— ھەئە، خوتۇنۇم ئوغلىنى ياخشى كۆرەتتى... ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— ئۇنداقتا بالىڭىزنى نەزەربەند قىلىشىم كېرەك، ئانىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ئەتراپىغا بىر قۇر تور يېيىشىمىز لازىم.

— بالىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغۇ...

— ئۆزى ئىزدەپ تاپىدۇ. بۇنىڭغا ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا بۇ نۇقتىنى مۇھىم دەپ قاراپ، ئاستىغا سىزىپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ. ھازىرچە گەپنى بۇ يەردە توختىتىپ تۇرايلى ـ دە، مەن ئۆزۈم بىلگىنىمچە ئىشنى باشلىۋېتەي. تەگرىنىڭ ياردىمى بىلەن بەلكى بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىپ قالارمىز.

— ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— بۈگۈن بىرنېمە دېيەلمەيمەن، بىرقانچە كۈندىن كېيىن

كۆرۈشەيلى.

— ھەرھالدا ئۇنى تاپمىغۇچە بولدى قىلمايمىز... مەن قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. سىزمۇ ياردىمىڭىزنى ئايىمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— ماڭا ئىھتىياجىڭىز چۈشكەن ھامان بۇيرۇقىڭىزغا تەييارمەن، ئەپەندىم. پەقەت سىزدىن بىر نەرسىنى ئىلتىماس قىلىمەن. ماڭا خانىمىڭىزنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى بىرەلەرسىزمۇ؟

— جىھات تارتمىنى ئېچىپ، خوتۇنىنىڭ پاسپورت ئۈچۈن چۈشكەن سۈرىتىدىن بىر پارچىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. سۈرەت ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. جىھات بۇ كۆيۈكنىڭ ئاغرىقى بىلەن ئارتۇقچە گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالماي ئورنىدىن تۇردى:

— كىچىككىنە خەۋەر بولسىمۇ كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغان بولسىڭىز ھاشمەت بەي. مەن ئۆيدە بولمىسام، نەدە ئىكەنلىكىمنى خىزمەتكارلارغا دەپ قويىمەن. ھەتتا تەتقىقاتلىرىڭىزنىڭ نەتىجىسىدىن ھەر ئاخشىمى مېنى خەۋەردار قىلىپ تۇرسىڭىز تېخى ياخشى.

— بولىدۇ، ئەپەندىم، ئۇنداق بولسا كېتىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز. ئاخشاملىققا تۈنجى دوكلاتىمنى ھۇزۇرىڭىزغا سۇنىمەن.

# 10

كۈنلەر ئۆتتى، جىھات ھەر ئاخشام ھاشمەتتىن بىر دوكلات تاپشۇرۇپ ئالاتتى، ئەپسۇسكى بۇ دوكلاتلار ئىككى ـ ئۈچ قۇردىنلا ئىبارەت بولاتتى. ئەھۋالدا ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ۋەزىپىسى زەررىننى ئىزدەشتىن ئىبارەت بولغان بۇ ئادەم پۈتكۈل ۋاقتىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، كىچىككىنە بىر يىپ ئۇچىغىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. بۇ توغرۇلۇق قىلمىغان مۇراجىئەتلىرى، ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغانىدى. ھەر تەرەپتىن كېرەكسىز ئۇچۇرلارنى ئالاتتى ـ دە، بۇلارنى دەرھاللا جىھات باغدادلىقتا يوللاپ بېرەتتى. چۈنكى بىرەر كۈن بىپەرۋالىق قىلىپ قالسا، جىھات تەرىپىدىن خېلى ئېغىر زىيان تارتاتتى. ياش يىگىت ئەڭ چوڭ پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ھەتتا پۈتكۈل بايلىقىنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلىپ بولسىمۇ، خوتۇنىنى تېپىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. ھاشمەتمۇ بۇ مەقسەت بىلەن بەك جىق پۇل تارقىتىپمۇ، يەنىلا زەررىن ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. جىھاتقا بېرىلىۋاتقان ئاخباراتلار بارغانسېرى قىسقىراپ كېتىۋاتاتتى. «ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدىم»، «بۈگۈنمۇ خانىم ئەپەندىدىن بىر خەۋەر ئالالمىدىم» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۈمىدلەر ئۈزۈلمەكتە، ئۈپۈقتىكى يارقىن نۇرلار ئۈستىگە ئارقا ـ ئارقىدىن قېلىن بىر قارا يوپۇق يېپىلماقتا ئىدى.

جىھات ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ھېچبىر مەنىسى، لەززىتى قالمىغانىدى. ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا ھەرۋاقىت جەھەننەم ئازابى ئاتا قىلاتتى. دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنىڭمۇ ھېچبىر قىزىقچىلىقى قالمىغانىدى. ھاراق ـ شاراب، خوتۇن ـ قىزلار ۋە قىمار قا-

تارلىقلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭغا قىلچىلىك ھوزۇر ئاتا قىلالمايتـ
ـتى. ھەرقانداق يەردىن، ھەرقانداق ئىشتىن زەررىنىي ئىزدەيتتى.
بۇ ھال ئۇنى مۇشۇنداق بىر كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قويغانىـ
ـدى. بىرنېمىنى ياقتۇرۇپ قالسا، بىرەر ياخشى ئىشلار ئۇچرىشىپ
قالسا، «بۇنى ئۇمۇ كۆرگەن بولسا ـ ھە؟» دەپ ئويلايتتى ـ دە،
كەيپى قاچاتتى. بۇ خىل كەيپىيات ئۇنىڭدا تۇراقلىشىپ قالغان،
شۇنداقلا كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى.

ئۆتكۈر پىكىرلىك، ساغلام بەدەن، غەمسىز، ھاكاۋۇر جىھات
ھازىر باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش
ھەممىدىن بەك ئۆزىنى ھەيران قالدۇراتتى ۋە جىلە قىلاتتى.
ئەمدىلىكتە ئۇ تېرىككەك، غەمكىن بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى...

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە ئۆز ھېسسىياتىنى تەھلىل قىدـ
ـلىش كېسىلىمۇ قوزغىلىپ قالغانىدى. بۇرۇن بۇ كېسىلى تۇپەيـ
ـلىدىن خوتۇنى بىلەن سوقۇشۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى
بىلەن كۈرەش قىلىشنى بىر ۋەزىپە دەپ بىلەتتى. ھالبۇكى، بۇـ
گۈنمۇ يەنە شۇ تەرزدە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى.

ئوي ـ خىياللار دۇنياسىغا چۆمۈلگەنسېرى شۇ تاپنىڭ ئۆزدـ
ـدە زەررىنىڭمۇ نېمىلەرنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىپ
ئىچ ـ ئىچىدىن تۇگىشىپ كېتەتتى. پۈتكۈل ئوي ـ خىياللىرىدـ
ـنىڭ ئاخىرىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر بىلەن زەررىنىڭ
يولسىزلىق قىلغانلىقىنى تەن ئېلىپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، شۇنـ
ـداقلا بارلىق ئەخمىقانىلىقلىرى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن
ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن، ئىللىق، بەختىيار ئائىلىسىنى تىرىدـ
ـپىرەن قىلىۋەتكەنلىكىدىن ھاسىل بولغان ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى
نېرۋىلىرىنى بۇزاتتى.

بۇ ئىش مۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى. جىھاتقا ئوخشاش
قان ـ قېنىغا سىغمايدىغان، پائالىيەتچان، تېتىك، شوخ بىر ئاـ
ـدەمنىڭ سائەتلەرچە تورۇسقا تىكىلىپ، قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ
كېتىشى، خىزمەتتىن قېلىشى، ئەڭ مۇھىمى كېچىلەرنى قاباـ

ھەتلىك چۈشلەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈشلىرى قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. بۇنىڭغا بىر ئامال، جىددىي بىر ئامال تېپىش كېرەك ئىدى. جىھات ئاخىر كەلگەن ئىرادىسىنىڭ كۈچى بىلەن چارە ئىزدەشكە كىرىشتى. نىھايەت تاپتى. بۇ چارە ئىستانبۇلدىن ئۇزاق بىر يەرگە كېتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇنىڭ پىكرى گويا بىر شامالدەك مېڭىسىدىن بىر قېتىملا ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئۇ يەردە ئاستا ـ ئاستا بىخ سۈرۈشكە ۋە ئاخىردا ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ئېھتىياج ھاسىل بولۇشقا باشلىدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ تەييارلىق قىلىشقا، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى پىلانلاشقا باشلىدى.

مۇشۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىدا، باغدادتىن كەلگەن بىر پارچە خەت ئۇنى قەتئىي قارارغا كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. خەتتە ئانىسى كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ۋە قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوغلىنى كۆزى ئوچۇق چاغدا بىر قېتىم كۆرۈۋالماقچى بولغانلىقى يېزىلغانىدى. شۇنداقلا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە سېلىپ باغدادقا خوتۇنى بىلەن بىرلىكتە كېلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى. بىرقانچە ھەپتە ئاۋۋال بولغان بولسا جىھات بۇ خەتكىمۇ بۇرۇنقىدەك بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئۆزىنىڭ كەيپىگە قاراپ باقاتتى. ئەمما بۇ قۇرلار ئۇنى غەمكىن، خىيالچان بىر پەيتىدە ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ھازىر ئۇ بىر ئانىنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق ۋە ئازابلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قارار چىقاردى: باغدادقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇ يەرگە بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. دەل شۇ چاغدا يۈرىكىدە قانچە يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن بىر ئارزۇ يېڭىدىن باش كۆتۈردى. باغدادتا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئائىلىسىنى يوقلاپ بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن سەپەرگە چىقماقچى، ئىراننى، پاكىستاننى ۋە ھىندىستاننى قايتىدىن زىيارەت قىلماقچى، ھەتتا بەلكى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا كەت-

مەكچى بولدى.

بۇ پىلانى ئۇنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال ھاشمەتنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قولغا كەلتۈرگەن مەلۇماتلارنى قەيەرگە ئەۋەتىش توغرىسىدا يازمىچە تەلىمات بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆي - زېمىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان، ھالال ئىشلەيدىغان، نومۇسچان پەخرەتتىن ئالكاننى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى.

ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى دېدى:

— مەن سىزگە شۇنى ئېيتىمەنكى پەخرەتتىن بەي. خېلى ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر ساياھەتكە چىققىلىۋاتىمەن. ئاخىرقى ۋەقەلەرنى سىزدىن يوشۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە يوق چاغلىرىمدا ئوغلۇمنىڭ ۋەسىيسى بولۇشىڭىزنى سىزدىن ئۆتۈنىمەن. بۇ ھەقتىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىۋېتەيلى، شۇنداق بولغاندا، مېنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ. سىزگە خەت يازىمەن ھەمدە سىزدىنمۇ خەت كۈتىمەن. مۇبادا قاچان بولمىسۇن خوتۇنۇمدىن بىرەر خەۋەر ئالسىڭىز ياكى ئۇنى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئۆتۈنۈپ قالايكى، ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بارلىق ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلۈڭ. ئوغلۇمنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنىمۇ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇڭ. ئۇنىڭ بالىسىنى كۆرۈشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىشىنى چەكلىمەيمەن. ئەكسىچە بۇنىڭدىن باشقا، خوتۇنۇمنىڭ دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ نورمال تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىنى مېنىڭ نامىمدا ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇق گەپ قىلماڭ. ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەرقاچان ئۆزىنى كۈتكىنىگە ۋە ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇچاق ئېچىپ تۇرغانلىقىمىزغا، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ھەردائىم تەييار ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىشى كېرەك. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ماڭا دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق خەۋەر قىلىۋېتەرسىز. مەن قەيەردىلا بولماي خەۋىرىڭىزنى ئاڭلىسام دەرھال ئىستانبۇلغا قاي-

تىپ كېلىمەن. چۈشەندىڭىزمۇ؟
— چۈشەندىم. ئەمرىڭىزچە بولىدۇ، ئەپەندىم.
— سىز بىلەن ئەتە چاملىجاغا بارىمىز. مەن خېلىدىن بېرى كۆرمىگەن ئوغلۇمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىمەن ھەمدە ئېد-مىكئانىسىغا ئاخىرقى تەلىماتىمنى بېرىمەن. ئىستانبۇلدا بول-مىغان ئەھۋالدا، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنىڭ، ھاشمەت بەينىڭ ۋە سىزنىڭ تەۋسىيەلىرىڭىز بىلەن ئىش قىلىشلىرىنى ۋە سىزنى مېنىڭ ۋەكىلىم دەپ تونۇشلىرىنى تەلەپ قىلىمەن.
— باش ئۈستىگە ئەپەندىم.
— نىشانتاشتىكى بىنادىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەن ياكى خوتۇنۇم بۇ يەردە بولغىنىمىزدىكىدەك ياكى ھەرقاچان كېلىپ قېلىش ئېھتىمالىمىز باردەك ھەممە ئىش مۇنتىزىم، تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك.
— ماقۇل ئەپەندىم.
— پۇل توغرىسىدىمۇ سىزگە تەلىمات بېرىمەن. شۇنىڭغا قا-راپ ئىش قىلارسىز. بۇنىڭدىن باشقا، سىزگە كېتىشتىن ئاۋۋال بىر پارچە خەت قالدۇرىمەن. مۇبادا زەررىن خانىمنى كۆرۈپ قال-سىڭىز، كونۋېرتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرەرسىز.
— پەرمانبەردارمەن، ئەپەندىم.
جىھات بارلىق تەلىماتلارنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى-راش - تېنەش ئىشقا كىرىشىپ، تەييارلىقلىرىنى تېزلا پۈتتۈر-دى، ئەڭ قىيىن ۋە كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغا قالدۇرغانىدى. يولغا چىقىشتىن بىر كېچە ئاۋۋال سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئەتتى - دە، يولغا چىقىش تەييار-لىقى پۈتتى، دەپ قاراپ، ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە زەررىنگە خەت يازدى:
«زەررىن، سۆيۈملۈكۈم، كۆڭلۈم بەك يېرىم، بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ماڭا دائىم سىنىڭلا گېپىڭنى قىلىپ بېرىدىغان بۇ ئۆيدە سەنسىز داۋاملىق ياشىيالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىل-

ماقتىمەن. سەۋر ـ تاقىتىم قالمىدى. پۈتكۈل بىنانىڭ، بولۇپمۇ
ھۇجرىمىزنىڭ ھەربىر بۇلۇڭى ماڭا سېنى ئەسلىتىدۇ. كارىۋى-
تىمىزنىڭ بېشىدىكى سۈرىتىڭگە قارىغىنىمدا كۆزلىرىمگە ياش
تولىدۇ.

نېمىشقا كەتتىڭ زەررىن؟ بىلىمەن، ئالدىڭدا ئېغىر
گۇناھكارمەن، ئەمما مەن بۇنىڭ مۇنداق بولۇشىنى ئەسلا
خالىمايتتىم. سېنى مۇنچىۋالا قاتتىق يارىلاندۇرغىنىمنى
بىلمەپتىمەن زەررىنىم.

بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقىنىڭدا، بۇ قورقۇنچلۇق ئايلار ئۆتۈپ كەت-
كەن بولىدۇ. سەنمۇ ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلگەن بولىسەن. دەل
شۇ ئارىلىقتا، ئەپسۇسكى مەن ئۇزاقلاردا بولىمەن.. شۇنداقتىمۇ
تۇنجى قېتىملىق خۇش خەۋەر بىلەن تەڭ ساڭا ئۆزۈمنى ئاتىمەن،
سۆيۈملۈك خوتۇنۇم. يىراقلاردا بولۇشۇم سەندىن يىراق تۇرۇپ
ياشىيالمايدىغانلىقىم ئۈچۈندۇر.

ھالبۇكى، سېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتەلمىدىم دەپ ئويلىماي-
مەن. چۈنكى ئەزىز ۋە قىممەتلىك ئەسلىمىلىرىڭ ھەرقاچان مەن
بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇنداقلا مەن سېنى ھەرقاچان ئەسلەپ تۇر-
غانلىقىمنى، سېنى ھەرقاچان يېنىمدا ھېس قىلغانلىقىمنى
ئىسپاتلاش ئۈچۈن ساڭا پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرىمەن. قەيەر-
گە، قايسى ئادرېسقا دەمسەن؟ سېنىڭ بىرلا يېرىڭ، بىرلا ئادرې-
سىڭ بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆيىمىز... زەررىنىم، ئۆيىمىزگە قايتىپ
كەلگەن ھامانلا ماڭا دەرھال خەت يازغىن. مەن كېچىكىپ قالماي
ساڭا ئېتىلىپ كېلەي. ئەمما سەن تېخى مېنى يەنىلا كەچۈرمىگەن
بولساڭ ۋە قايتىپ كېلىشىمنى خالىمىساڭ، بۇنىڭغىمۇ سەۋر
قىلىپ، سېنى خۇدايىمغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كۈتۈۋېرىمەن. قەسەم
ئىچىپ بېرەيكى، مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەندىن باشقا ھېچقانداق بىر
ئايال يوق ۋە مەڭگۈ بولمايدۇ! ئاھ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئاشىقىم.

پەخرەتتىن بەي سېنىڭ پۈتۈن ئارزۇلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشقا مەسئۇل بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېتەرلىك سالاھى-

يەت بەردىم. بۆيرۇقلىرىڭنى ئۇنىڭغا سۆزلىگەيسەن.

يەنە بىر ئىش بار زەررىن، پەخىرەتتىن بەيگە دەپ قويىدۇم، سەن قاچان خالىساڭ شۇ چاغدا ئۇ سۇئاتنى قۇچىقىڭغا سېلىپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىمىزدىن ئايرىلمايسەن... مېنى كەچۈرگىن جېنىم. سېنىڭ ھېسسىياتلىرىڭنى، ئوي ـ پىكىر ـ لىرىڭنى چۈشىنىشتە بەك كېچىكىپ قالدىم، ئەمما چۈشەندىم زەررىن. ماڭا ئىشەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بەك ئازابلاندىم. يۈرەك باغ ـ رىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. بۇ قىلمىشلىرىمنى بىرقانچە ئاي ئاۋۋالراق ھېس قىلغان بولسام ئىدىم، بىزنىڭ ئىللىق ئۆۋىمىز، بەختىيار بىر ئائىلىمىز بولغان بولاتتى. سېنى قولۇمدىن قاچۇ ـ رۇپ قويمىغان بولاتتىم.

سەن كەتتىڭ... قەيەرلەرگە كەتتىڭ زەررىن؟ نېمە ئىش قىـ لىۋاتقانسەن؟ قانداق مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتقانسەن؟ ئۇ يەرلەردە قانچىلىك تۇرۇپ قالارسەن؟

ياكى، ياكى بولمىسا ھاياتىڭدا باشقا بىر ئەر بارمۇ؟ ياق! بۇنى ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن. مېنىڭ ساپ ۋە ئاق كۆڭۈل خوتۇنۇم، مېنىڭ نىكاھىمدا تۇرۇپ، يات بىر ئەر كىشىگە يېقىنلاشمايدۇ. بىلىمەن زەررىن، مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاشقا جاسارەت قىلغان ـ لىقىم ئۈچۈن سەندىن ئۆزرە تىلەيمەن. بىر سېكۇنتنىڭ ئىچىدە ـ دىلا تەلۋىلەرچە، ساراڭلارچە خىيالغا بېرىلىپ ھوشۇمنى يوقات ـ تىم، مېنى كەچۈرۈۋەتكىنە سۆيۈملۈكۈم.

شۇ تاپتا بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان مىنۇتلىرىڭنى تەسەۋۋۇر قىـ لىۋاتىمەن. ئۇ چاغدا كىم بىلىدۇ. مەن دۇنيانىڭ قايسى بۇرجە ـ كىدە بولارمەن. لېكىن سەن بۇ يەردە بىزنىڭ ئىسسىق ئۆۋىمىزدا بولىسەن. ئەتراپىڭدا بىز بىلەن بىللە ياشىغان، بىز ياخشى كۆر ـ گەن ئۆي ـ جاھازلىرىمىز تۇرغان بولىدۇ. سەن بۇ يەردە ئۆزۈڭ ـ نى يات ھېس قىلمايسەن. بۇ ئۈستەل، بۇ ئىشكاپ، بۇ ئۈستەل چىرىغى، بۇ كارىۋات، ھەتتا يەردىكى گىلەملەر ۋە تامدىكى رە ـ سىملەر ساڭا بۇ ئۆيدە بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن شېرىن ۋە تەڭداش ـ

سىز مىنۇتلىرىمىزنى ئەسلىتەر. ئۇ چاغدا ماڭا بولغان بارلىق ئاچچىقلىڭ ۋە ئاداۋىتىڭنى ئۇنتۇپ، ماڭا قۇچاقلىرىڭنى ئېچىپ ‹كەلگىنە جىھات› دەرسەنمۇ؟ شۇنداق قىلساڭ، ئاندىن سۆيۈملۈك خوتۇنۇمنىڭ مېنى كەچۈرۈۋەتكىنىنى بىلىپ، قەلبىمدىكى سائادەت ۋە سۆيۈنچە ماڭا قانات بەخش ئېتىدۇ ـ دە، ساڭا قاراپ ئۇچۇپ كېلىمەن. ئۇ چاغدا، ئاھ، ئۇ چاغدا سېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىۋېتەرمەن، زەررىن!

ئەتە بۇ يەردىن كېتىپ بولىمەن سۆيۈملۈك خوتۇنۇم، لېكىن بۇ كېچە سېنى يېنىمدا، جېنىمدا ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇڭا سېنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋېتىپ، چىرايلىق كۆزلىرىڭگە، ئىسسىق لەۋلىرىڭگە چىن كۆڭلۈمدىن مېھرىم بىلەن سۆيۈۋاتىمەن، زەررىنىم... مېنىڭ سۆيۈملۈك زەررىنىم»

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيدىن ئايرىلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن پاراخوتتا ۋە ھەيدەر پاشادا پويىز قوزغالغۇچە بولغان ئارىلىقتا جىھاتنىڭ كۆزلىرى «زەررىننى يوقىتىپ قويدۇممۇ نېمە؟» دېگەندەك بىر خىل تەشۋىشلىك تۇيغۇ ئىلكىدە ئەتراپىدىن خوتۇنىنى ئىزدەيتتى. پەقەت ۋوگزالدىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىنلا، ئۇ ۋاگوننىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

پويىز بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتاتتى... جىھات ئەمدى ھەربىر سېكۇنت ئۆتكەنسېرى ئىستانبۇلدىن، زەررىندىن تېخىمۇ... تېخىمۇ ئۇزاقلاشماقتا ئىدى... ئارقىسىدا بولسا بەك شېرىن ۋە بەك ئازابلىق كۈنلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

بىركۈنى، كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم بۇ يەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا... پويىز ھېلىدىن ـ ھېلىغا يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرغان گۈزەل مەنزىرىلەر ئارىسىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىدا، جىھات دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ قەلبىدىكى ئېغىر بىر ھەسرەت بىلەن بۇ ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان يوللارغا قارايتتى. دې-

ڭىز، دەل ـ دەرەخلەر، ئۆيلەر، ھەممە نېمە چاقماق تېزلىكىدە ئارقىسىدا قېلىۋاتاتتى. ئۇ بولسا ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتاتتى.
ـــ تاماق يەۋالامسىز، ئەپەندى؟
جىھات پويىز رېستورانى خىزمەتكارىنىڭ بۇ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى ۋە رېستورانغا باردى. لېكىن زېھنى پۈتۈن ـ لەي شۇ ئۆزگەرمەس پىكرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ۋاگونغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇخلاش ۋاقتى بولغان بولۇپ، ئورۇن ـ كۆرپىسى راسلىنىپ قويۇلغانىدى. ئۇ يېشىنىپ، سوغۇق ئەدىـ ـيالlar ئىچىگە ئۈزاندى، لېكىن ئۇخلىيالمايۋاتاتتى، قۇلاقلىرىغا پويىز چاقلىرىدىن چىقىۋاتقان جالاق ـ جۇلۇق ئاۋازلار كىرىپ تۇراتتى. بېشى ۋە پۈتۈن بەدىنى ئۇزاقلاردا، ئارقىسىدا بولۇپ، كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا سائەتلەرچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى:
«ھازىر زەررىن نەدىدۇ؟ ئەجەبا ئېرىنىڭ ئىستانبۇلدىن ئۇ ـ زاقلاشقىنىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بىلسە نېمىلەرنى ئويلاپ كېتەر؟ نې ـ مە دەپ قالار؟ ياكى بولمىسا بۇنى ئۇققان ھامان خاپا بولۇپ كې ـ تەرمۇ؟ ۋە ياكى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنى يېنىك ھېس قى ـ لىپ: ‹ئۇھ، مىڭ شۈكۈر، ئاخىر كېتىپتۇ. خېلى ئۇزاقلارغىچە ئارامخۇدا ياشىۋالىدىغان بولدۇم› دەرمۇ؟»
پويىز رېلىسلار ئۈستىدە بىر خىل سۈرئەتتە چاپاتتى. جى ـ ھاتنىڭ پىكىر ـ خىياللىرى گاھ ئۇنىڭدىنمۇ تېزرەك كەلگۈسى ـ گە، گاھ ئارقىسىغا قاراپ ئۇھ تارتىپ، ئېغىر ـ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيتتى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## 1

ئارىدىن ئايلار، يىللار ئۆتتى.

جىھات باغدادلىق نىھايەت ئىستانبۇلغا — ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. كېلىشتىن ئاۋۋال پەخرەتتىن ئالكانغا خەۋەر قىلىۋەتكەچكە، بىنادىكى ھەممە ئىش، ھەربىر كىشى ئۇنى قارشى ئېلىشقا تەييارلانغانىدى. لېكىن جىھات ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماستىن ئۇدۇل ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئوچۇق ھاۋادا، قۇياش نۇرىدا ۋە دېڭىزدا ئۇزۇن ۋاقىت كېزىپ يۈرگەن بۇ ئادەمگە نىسبەتەن، ئانچە يورۇق بولمىغان بۇ ھۇجرا قىممەتلىك ئۆي جابدۇقلىرى ۋە يىپەك پەردىلىرى بىلەن غۇۋا ۋە سوغۇق بىر ئىبادەتخانىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بۇ ئىبادەتخانىدا ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ماڭاتتى. يۈرىكى كۈچلۈك بىر ھاياجان بىلەن گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. ۋۇجۇدى چوڭقۇر بىر ھەسرەت بىلەن تىترىمەكتە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا زەررىن بىلەن بىللە تۇرغان بۇ يەرلەر، ئەسلىمىلەرگە تولغان جاھازلار بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت تاقىلىپ قالغان ھەربىر ھۇجرىدىكى كونا خاتىرىلەر ئۇنىڭغا ئازاب ئىچىدە زەررىننى زالىملارچە ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئۇ بىر كەتكەن پېتى تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغانىدى. جىھات گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئېغىر قەدەملىرى بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ، كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئولتۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ تامدا ئېسىقلىق تۇرغان سۈرىتىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ بىر

پارچە سۈرىتىنى پورتمالىدا ساقلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، بۇ چوڭايتىلغان سۈرەتتە زەررىنىڭ گۈزەللىكى تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولۇپ تۇراتتى. جىھات بىرقانچە مىنۇت ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. ئاندىن بىر بۇلۇڭدىكى قاتلىما ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە دۆۋىلەپ قويۇلغان خەتلەرنى كۆرۈپ ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى. كونۋېرتلارنى ئاچىدىغان ئادەم بولمىغانىدى. ئۇ ئۈستەلگە يېقىن كەلدى. ئۇلاردىن بىرقانچە پارچىسىنى قولىغا ئېلىپ سەپسالدى: باغداد، ھىندىستان، ياپونىيە، جۇڭگو، ئالجىرىيە، ئىسپانىيە، شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە...

پۈتۈن دۇنيانى دېگۈدەك ئايلىنىپ كەلگەن بۇ ئۇزۇن ئايلار ئىچىدە، جىھات ھەپتىسىگە بىر پارچە خەت يېزىپ، خوتۇنىغا ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. مانا بۇ خەتلەر ساياھىتىنىڭ ھېكايىسىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىۋاتاتتى. ئۇ كونۋېرتلارنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇرۇپ بەزىلىرىنىڭ بەك يېنىك، بەزىلىرىنىڭ بولسا خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ باقتى. شۇنداق، يولبويى بېشىدىن كەچۈرگەن پۈتكۈل ۋەقەلەرنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىش بىلەن، ئۇنىمۇ ئۆزى بىللە ئۇ يەرلەرگە ئېلىپ بارغاندەك بولغانىدى. شۇ ئارقىلىق ھاياجانلىرىغا ئۇنىمۇ ئورتاق قىلىش ئارزۇسىغا چۆمگەنىدى.

مانا بۇ ھىندىستان پوچتىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان خەتتە، چوقۇم مېھراجەنىڭ ئۆزىنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قاپلان ئوۋلاشقا قانداق ئىشتىراك قىلغىنىنى يازغانىدى. شىۋېتسىيە مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ يازغان خەتلىرىنىڭ بىرىدە، شۈبھىسىز چويلا توپ مۇسابىقىسى ھەققىدىكى پاراڭلىرىنى قىلغانىدى.

ئۇ كونۋېرتلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ، شۇ تاپتا ئۇ ئۇزاقلاردا قالغان كۈنلىرىنى قايتىدىن ئەسلىمەكتە ئىدى. ئەڭ ئاستىدىكى بىرقانچە پارچىسى باغدادتىن ئەۋەتىلگەنىدى. بۇنىڭدىمۇ ئائىلە ھاياتىغا ۋە خىزمىتىگە ئائىت بەزى تەپسىلاتلارنى

يازغانىدى.

ئوقۇلماسلىقىقا مەھكۇم بولغان بۇ خەتلەرنى ئۇستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ چۈشۈرۈۋاتقىنىدا، جىھاتنىڭ لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم تامامەن ھەسرەت بىلەن ئالماشقانىدى. چۈنكى ئۇ بۇ قۇرلارنىڭ ئارىسىغا پۈتۈن قەلبىنى، پۈتمەس - تۈگىمەس سۆيگۈسىنى، يوقالماس ئىزتىراپلىرىنى سىڭدۈرۈپ، بۇلارنى زەررىندىگە بىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. نېمىدېگەن شېرىن خىيال - ھە؟ «ئۆز ئۆيۈمدىن مۇنچىۋالا يىراقلاردا نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندىمەن؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — تۇرمۇشۇمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ۋەقەلەر ئىستانبۇلدا يۈز بەرگەن تۇرسا، مېنىڭ ئۇ يەرلەردە نېمە ئىشىم بار ئىدى؟ ئۆزۈمگە تەسەللىي ئىزدەۋاتامدىمەن - يا؟ ھالبۇكى، جىمىكى ئوي - خىياللىرىم ۋە قەلبىمنىمۇ بۇ يەرگە بىللە ئېلىپ كەلگەن تۇرسام، قانداقمۇ تەسەللىي تاپالايتتىم؟»

ئۇ بۇ خىل ئويلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن دەرھال شۇ قارارغا كېلىپ، ئىستانبۇلغا قايتىپ كېتىش تەييارلىقىنى باشلىۋەتكەنىدى. شۇنداق، كەتكەن چېغىدىكىدەك ئەمەس، بەلكى خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن بىر ئىنسان بولۇپ ئۆز ئۇۋىسىغا قايتماقچى بولغانىدى. چۈنكى بۇ يىللاردا كۆپ دەرد - ئازاب چەككەن، كۆپ ئويلانغان، ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. ئەمدى ئۇ باغدادقا ۋالىي بولغان بىر گېنېرال جەمەتىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرمەيتتى. ساياھەت جەريانىدا تەختىنى قولىدىن بېرىپ قويغان شاھلار بىلەن، سارايلىرىدىن قوغلىنىپ كەتكەن سۇلتانلار بىلەن، مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغان بانكىرلار بىلەن، مېھمانخانىلاردا خىزمەتكارلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان شاھزادىلەر بىلەن ۋە نى - نى ئېسىلزادىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ھەقىقەت دېگەن مانا بۇ يەردە ۋە مۇشۇنىڭدا ئىدى.

جىھات ئىستانبۇلغا نېمىلا بولمىسۇن قەلبىدىكى سۆيگۈسى

تېخىچە ئۆچمىگەن خوتۇننى تېپىش ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. كۆڭلىدە بەك ياخشى نىيەتلىرى ۋە ئوي ـ پىكىرلىرى بار ئىدى. چۇۋۇلغان ئۇۋۇسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئەڭ بەختلىك ئادىمىگە ئاي-لىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. ئۇ چوقۇم بەختلىك بولالايتتى ۋە زەررىنىنى بەختلىك قىلالايتتى. ئۇلار تېخى ياش ئىدى. بۇ بىر قانچە يىللىق قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتەلەيتتى. ئالدىلىرىدا يەنە گۈزەل بىر ھايات مۇساپىسى بار ئىدى. ئۇ پاراخوتنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، پۈتۈنلەي مۇشۇنداق خىياللارغا چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇلار خۇددى رېئال-لىقتا ئايلىنىپ قالىدىغاندەكلا قەلبى ئۈمىد بىلەن تولۇپ تاشقا-نىدى. زەررىنىنى مۇنچىۋالا جاھىللىق بىلەن ئويلاۋەرگەچكە، ئۇ-نىڭمۇ بۇنى ھېس قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

ھالبۇكى، ئەنە شۇ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، زەررىن قايتىپ كەلمىگەنىدى. دېمەك، پۈتكۈل ئىس-تەكلىرى قۇرۇق خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن ـ دە! ئۇن-داق بولسا سۆيگۈ دېگەنمۇ، ئۈمىد دېگەنمۇ يوقلا بىرنەرسە ئى-كەن ـ دە!

بۇ ئاچچىق ھەقىقەت ئالدىدا جىھات بىردىنلا غەزەپلىنىپ تارتمىنى قايتىدىن ئاچتى ـ دە، خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقاردى.

— بۇلارنى ئوتقا تاشلىۋېتىش كېرەك! شۇنداق، دەرھال كۆي-دۈرۈپ، كۈل قىلىۋېتىش كېرەك! — دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

بىراق، دەل شۇئاندا كۆزلىرى يەنە تامدىكى سۈرەتكە چۈشۈپ قالدى. تاتلىققىنە كۈلۈمسىرىشى بىلەن زەررىن ئۇنىڭغا شۇنداق دەۋاتقاندەك قىلاتتى:

— ئۇلارنى يىرتمىغىن، كىم بىلىدۇ، بەلكى بىركۈنى كېلىپ قالارمەن. ئۇ چاغدا سەن ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭنى پەقەت مۇ-

شۇلار بىلەنلا ئىسپاتلاپ بېرەلەرسەن...

ئۇ بۇ سۆزلەرنى راستتىنلا ئاڭلاۋاتقاندەك بولدى ـ دە، خەتلەرنى بىردىنلا ئورنىغا قويۇپ قويۇشنى قارار قىلدى.

«بۇلارنى يىرتىۋەتسەم، ئۇنىڭغا بۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىمدا، جانلىق بىر ياردەمچىمدىن مەھرۇم قالارمەن. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئۇنى بىر كۈنمۇ ئۇنۇتمىغانلىقىمنى، مۇھەببىتىمنىڭ ھەرقاچان تېتىك ۋە ساغلام تۇرغانلىقىنى، ھاياتنى ئەمدى باشقا بىر جەڭ مەيدانىدا كۆرۈشكە باشلىغانلىقىمنى ئىسپاتلاپ بېرىشىم كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇنىمۇ پەقەت ئۇنىڭدىن يىراقتا تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن شۇ كۈنلەردە يازغان مۇنۇ خەتلىرىم دەلىللەپ بېرەر ـ ھە؟» دەپ ئويلاپ، كونۋېرتلارنى قولىدا تۇتقان پېتى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى قايتىدىن ئاچتى. ئۇلارنى رەتلىك قىلىپ جايلاشتۇرۇۋاتقىنىدا، كىچىككىنە ۋە يىرتىلىپ كەتكەن بىر پارچە سۈرەت دىققىتىنى تارتىپ قالدى. بۇ زەررىنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ياش ئايالنىڭ چويلا توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. جىھات بۇنى قولىغا ئېلىپ، دىققەت بىلەن قارىدى ۋە ئېسىگە ئالدى:

«بۇ سۈرەتتە ئىككىمىز بىللە ئىدۇق. ھەئە، پۈتۈنلەي تونۇدۇم، بۇنى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر سۈرەتچى تارتقانىدى. مەن بەك ياخشى چىقىپتىكەنمەن، زەررىن بۇ سۈرەتنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتقانىدى. ھالبۇكى، مانا بۇنى يىرتىۋېتىپتۇ. يالغۇز ئۆزىنىڭكىنىلا ساقلاپ قويۇپتۇ. دېمەك ھەممە ئىش تۈگەپتۇ ـ دە، ... ھەممە ئىش...»

جىھات كىچىككىنە يىرتىق سۈرەتنى قولىغا ئېلىۋېلىپ تەدقىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، «ياق، يىرتماپتۇ، قايچا بىلەن كېسىپتۇ. مېنىڭ سۈرىتىمنى ئايرىۋېتىپتۇ. ئەجەبا نېمىشقا بۇنداق قىلغاندۇ؟ ياكى... ياكى...»

ئۇ ئارتۇق ئويلاپ ئولتۇرماستىن، خوتۇنىنىڭ بۇ سۈرىتىنى-

مۇ بۇرۇنقى سۈرەتلىرىگە ئوخشاش پورتمالىغا سىڭىۋالدى. ئۇنىڭغا هازىر پەقەت بۇ كونا خاتىرىلەرنى ساقلاپ قويۇش ۋەزىپىسىلا قالغانىدى.

پورتمالنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، ئاغزىدىن شۇ سۆزلەر چىقىپ كەتتى:

— زەررىنىم، سۆيۈملۈكۈم. نەدىسەن؟ سەن يىراقلاردا بولغىنىڭدا مېنىڭ قانچىلىك يالغۇز ۋە بىچارە بولۇپ قالغانلىقىمنى هېس قىلالامسەن؟ يېنىمدىكى ۋاقتىڭدا سېنى تۇتۇپ قېلىشنى بىلمەپتىمەن، ئەمدى كەتتىڭ. قايتىپ كېلىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە كۈتۈۋاتىمەن... ئەمدى قايتىپ كەلمەمسەن؟ ئەجەبا هېچقاچان، هېچقاچان كەلمەسسەنمۇ؟

## 2

جىھات سەپەر ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇنچىسىدا يۇيۇ -
نۇۋالغاندىن كېيىن دەرھاللا ھاشمەت بەيگە تېلېفون قىلىپ، ئۇ -
نى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭدىن ئىزچىل
ھالدا خېلى جىق خەۋەر ئېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنە تېخىمۇ
كۆپرەك تەپسىلاتلارنى، شۇنداقلا سەپەر ئۈستىدىكى ۋاقىتتا ئائىت
يېڭى مەلۇماتلارنى بىلىش ئۈچۈن تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئىككى ئەر ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇش -
تى - دە، جىھاتنىڭ سوئال سورىشىغا نۆۋەت كېلىپ بولغۇچە
ھاشمەت بەي دوكلات قىلىۋەردى:

— ئەپسۇسكى، سىزگە ئېيتقۇدەك يېڭى بىر ئەھۋال يوق،
جىھات بەي ئەپەندى. ئەمما مەن دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس دەپ بىلى -
دىغان نەرسىلەر ئۈستىدىن سىزگە قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، بۇ
ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرغان كۈندىن بېرى بىر سائەتمۇ بىكار تۇر -
ماي تىرىشىپ تىرماشتىم. ئەڭ مۇھىم ئورۇنلارغا ئىلتىجا قىلى -
دىم. ئەڭ كىچىك ئېھتىماللىقلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمى -
دىم. شۇنچىلىك ئىزچىل ۋە سىستېمىلىق تەتقىقاتلار نەتىجىسى -
دە ئېرىشكەن ئېنىق مەلۇمات شۇكى، زەررىن خانىمنىڭ ئۆيدىن
ئايرىلغان كۈنى ۋە ئۇنى ئىزدەشكە باشلىغان ھەپتە ئىچىدە ئىس -
تانبۇلدا بىرمۇ ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەرمىگەنىدەك، ياش بىر
ئايال نە بىر جىنايەت سادىر قىلغاي، نە بىر قازاغا ئۇچرىغاي.
شۇنداق تۇرۇپمۇ خانىمنى تاپالماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى - ئۇنىڭ
سىزدىن قاچقانلىقىدىن ئىبارەت. بولمىسا ئىستانبۇل تۈگۈل،
پۈتۈن تۈركىيەدە ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى تاپقان بولاتتىم.
شۇڭلاشقا بايا دېگىنىمدەك، ئۇ... سىزدىن قېچىپ يۈرۈيدۇ، ئۇ -

زىنى ھادىسىلەر قوينىغا تاشلاپ بەرمىگەن. ئەكسىچە ھادىسىلەر-گە ھاكىم بولۇۋاتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ سۆزلەر جىھاتنى بىرئاز جىلە قىلىپ قويدى. شۇڭا ئۇ جىددىي بىر تەلەپپۇز بىلەن:

— سىز نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، نېمە باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسەتسىڭىز كۆرسىتىۋېرىڭ. مېنى دۇچار بولغان بۇ ئۈمىد-سىزلىكىمدىن قۇتۇلدۇرالمايسىز. ھەتتا بۇ ئىشتىن ئەمدى تاما-مەن ۋاز كەچسەك تېخىمۇ ئاقىلانىلىك بولار.

ھاشمەت بەي تەمتىرەپ قالدى. مۇنداق باي بىر خېرىدارنى قاچۇرۇپ قويسا بولمايتتى. ئۇ بىر - ئىككى مىنۇت ئويلىنىۋال-غاندىن كېيىن، خېلىدىن بىرى پىلانلاپ كېلىۋاتقان بىر پىكرىنى ئالغا سۈرۈش قارارىغا كەلدى. جىھاتنىڭ بۇنىڭغا ماقۇل دېمەيدى-غانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئاخىرقى چارىگە مۇراجىئەت قىلىشى ھەر جەھەتتىن توغرا بولاتتى. شۇڭا:

— يوقسۇ، ئەپەندىم. ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. ئەكسىچە يەنە-مۇ ئۈنۈملۈك بىر چارىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— قانداق چارە ئۇ؟ مۇنداق بىر ئىمكانىيەت تۇرۇقلۇق نې-مىشقا دېمەيسىز؟ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشەنمەيۋاتامسىز؟

— دەل ئەكسىچە، بۇنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈنلا سىزگە بۇ-گۈن يېڭى بىر تەكلىپ ئېلىپ كەلدىم. سىزنىڭ يىراقتىكى چاغلىرىڭىزدا بۇ پىلاننى ئىجرا قىلالمىدۇق. ئەمدى...

— قانداق تەكلىپ ئۇ؟

— ئوغلىڭىزنى قېشىڭىزغا ئەكىلىۋېلىڭ.

— بۇنىڭدىن قانداق پايدىغا ئېرىشىمىز؟ بۇنداق قىلىپ مې-نىڭ ئارامىمنى بۇزۇشتىن باشقا نېمىگە ئېرىشەلەيمىز؟!

— ئۇنداق بولمايدۇ. رۇخسەت قىلسىڭىز پىكرىمنى ئىزاھلاپ ئۆتەي: سىز شەھەردە تونۇلغان بىر شەخس سىز. خېلى كۆپ سە-ۋەبلەر بىلەن گېزىت - ژۇرناللاردا سىز توغرۇلۇق بەزى گەپلەر

بولۇنۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان تانسا كېچىلىكلىرىدىن، چويلا توپ مۇسابىقىلىرىدىن، تارىخ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىغىنلىرىدىن، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورگانلىرىدىن ۋە باشقا سىزنىڭ يىراق - يېقىندىن مۇناسىۋىتىڭىز بولغان بىر ئىشلاردىن گەپ - سۆز بولۇنغىنىدا، ئۇلار سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى يازماقتا، سۈرىتىڭىزنى باسماقتا. ھەتتا بۈگۈن ئاخشام چىققان گېزىتلەردىمۇ، سىزنىڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان بىر ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى يېزىشتى، — ھاشمەت بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يانچۇقىدىن چىقارغان گېزىتنى جىھاتقا ئۇزاتتى، — مەرھەمەت، ئوقۇپ بېقىڭ.

جىھاتنىڭ بۇ ئۇزۇن سۆزلەردىن ئىچى سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. گېزىتنىمۇ قولىنىڭ كەينى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى:

— بىلىمەن. پاراخوتتىن چۈشەر - چۈشمەي بىر مۇخبىر يېنىمغا كېلىپ ساياھىتىم ۋە تەتقىقاتلىرىم ھەققىدە سوئال سورىغانىدى.

— ياخشى. بىز مانا مۇشۇ ئەھۋاللاردىن پايدىلىنىشقا تىرىشىمىز.

— چۈشىنەلمىدىم. قانداق قىلماقچىسىز؟

— ئۇ تەرىپىنى سىز ماڭا قويۇپ بېرىڭ. مەسىلەن، بىركۈنى ئۆيىڭىزدىن چىقىۋاتقىنىڭىزدا، بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە سۈرىتىڭىزنى تارتىۋالىمەن - دە، بۇنى بىر سەۋەب بىلەن گېزىتكە چىقىرىمەن.

جىھات مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. ئۇ ھارغىن ۋە كۆڭۈلسىز كۆرۈنەتتى. بالىسىغا نىسبەتەن يۈرىكىدە ھېچبىر دادىلىق ھېسسىياتى ئويغانمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنىمۇ ياقتۇرۇپ كەتمىدى:

— نېمىتىڭىز مېنى بالىغا دادىلىق مېھىر يەتكۈزگۈزۈشمۇ؟ ئوغلۇم تېخى تۆت ياشتا. بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— بىر دادىنىڭ ئوغلى بىلەن كوچىغا بىللە چىقىشىلا دادىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىق بولامدۇ؟
— شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ.
— سىزگە شۇنداق تۇيۇلسا كېرەك، ئەپەندىم. چۈنكى بۈنىڭغا كۆنەلمەيۋاتىسىز. ھالبۇكى، ھەرقانداق دادا بالىسى بىلەن كوچىلارغا چىقىشى مۇمكىن.
— ھەرقانداق دادا... پەقەت جىھات باغدادلىق ئۇنىڭ سىرتىدا، — دېدىيۇ، تۇرۇپلا بۇ سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. يەنە بۇرۇنقى نوچىلىقى ۋە غۇرۇرى قايتىپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، بۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىش قارارىغا كەلگەن ئەمەسمىدى؟
ئۇ مۇشۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا ھاشمەت سۆزىنى داۋام قىلدى:
— سىزدىن كەچۈرۈم سوراپ بۇلارنى دەۋالاي، ئەپەندىم. بۇگۈنكى كۈندە، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالىي ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغان كىشىلەرمۇ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن بىرلىكتە كوچىلارغا چىقىدۇ. سۇ ئۈزۈشكە، باغچىلارغا بېرىشىدۇ. بۇ يەرلەردە سۈرەتلەرگە چۈشۈشىدۇ. ھەتتا پادىشاھلار ۋە پىرېزىدېنتلارنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق ئۆي ئىچىدە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەتلىرى گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ شان - شۆھرىتىگە يامان تەسىر بولۇپ قالىدىغان بىر ئىش يوق. ئەكسىچە ھەركىم ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ. سىزنىڭ بالىڭىزمۇ كۆز تەگمىسۇن ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك بىر بالا بوپتۇ.
جىھات بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بىر ئىچ پۇشۇقى بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.
— بۇ ئىشلارنىڭ ... بۇ كۈلكىلىك ۋە مەنىسىز كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بىر ئىشقا يارايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم يوق.
— ئىشنى يامىنىغا بۇرىمايلى. ئۈمىدىمىزنى يوقىتىۋەتمەي-

لى، ئەپەندىم.
— خوتۇنۇم كېلىدىغان بولسا بۈگۈنگىچە كەلگەن بولاتتى.
ھاشمەت مەنىلىك كۈلۈپ قويدى:
— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. بىر خوتۇن ئۆيدىن چىقىپ
ئۇزاق بىر يەرلەرگە كېتىشى مۇمكىن. ئېرىنى كۆرگۈسى كەل-
مەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بىر ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەھۋال ئۇن-
داق بولمايدۇ. ئانا بالىسىنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنى
جەزمەن ئۈمىد قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭغا بۇ ئىمكانىيەتنى يارىتىپ
بېرەيلى.
— نەتىجىسى بەك مەۋھۇم بىر پىلان بۇ... ئۇنىڭ ئۈستىد-
گە... — جىھات بىردىنلا شۈكلەپ قالدى. بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ
قوشۇپ قويدى، — شۇنداقتىمۇ بۇ ئاخىرقى چارىنى تەتقىق قى-
لىپ باقاي... ئەمما نەتىجىسى ھازىرلا چىقماسلىقى مۇمكىن.
كېيىنچىرەك بىرنېمە دەرمىز. چۈنكى بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە
مەن بەك ئالدىراش. ساياھەت تېزىسلىرىمنى رەتلەپ چىقىشىم
كېرەك. سىز دېگەندەك گېزىتلەرگە بىرقانچە پارچە ماقالە ھا-
زىرلايمەن. كېچىكتۈرۈپ قويغان، راستىنى ئېيتسام، ساياھەتتى-
كى ۋاقتىمدا قىلالماي قالغان بەزى تەشەببۇسلىرىمنى ئوتتۇرىغا
قويماقچىمەن. بۇ ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن
سىزگە خەۋەر قىلاي. شۇنداق بولسۇنمۇ؟
— بولمامدىغان ئەپەندىم. مەن ھەرقاچان ئەمرىڭىزنى كۈتۈپ
تۇرىمەن. كېتىشتىن ئاۋۋال سىزگە ئاخىرقى قېتىم شۇنى دەۋې-
لىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز جىھات بەي ئەپەندىم. ئالدىڭىزدىكى
ياشانغان كىشىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئىشەنگەن بولسىڭىز، بۇنىڭغا
ئوخشاش ھادىسىلەردە سىرتقى ئالامەت ۋە ئىشارەتلەرگە دىققەت
قىلىش كېرەك. ئەمما ئاساسلىق ئەھمىيەت بېرىلىدىغان نۇقتا —
ھېسسىيات مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ كەسپىمىزدە، ئەڭ
مۇھىم كوزىر كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
شۇ نۇقتىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭكى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى

چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىش كېرەك. مانا بۇ قائىدىگە ئاساسەن سىزگە قايتىدىن يەنە شۇنى دەپ قويايكى، بالا ئانىسىنى بىۋاستە مۇشۇ يەرگە جەلپ قىلىشى كېرەك. بىرىنچىسىنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىككىنچىسىگە ئۇلىشىمىز، بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ، بەلكى بىردىنبىر ۋاستىمىزدۇر.

## 3

جىھات بۇ ئاخىرقى چارىگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ، بىر نۇقتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچىدى. بەدرى پاشانىڭ ئەجەبا بىرەر ئىشتىن خەۋىرى يوقمىدۇ؟ جىھات ئىستانبۇلدىن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ خالىمىغانىدى. چۈنكى ئۇ خوتۇنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماسلىقنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئانچە مۇھىم ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئورتاق تۇرمۇشتا دائىم ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋە دوستلىرىغا ئۇنى كۆرسىتىشتىن قاچقانىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغانىدى. جىھات مانا شۇ خاتىرجەملىكى بىلەن تېلېفوننىڭ ئالدىغا كېلىپ، گېنېرالنىڭ نومۇرىنى باستى. جاۋاب بەرگەن كىشىنىڭ ئاۋازى ناتونۇش تۇيۇلدى. جىھات نومۇرىنى خاتا بېسىپ قالدىممۇ - نېمە، دەپ ئويلاپ سوراپ باقتى:

— بۇ بەدرى پاشانىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق. ئۆي شۇ كىشىنىڭ. ئەمما ئۆزى بۇ يەردە ئولتۇرمايدۇ. ئۆينى بىز ئىجارىگە ئالغاندۇق.

— شۇنداقمۇ، خاپا بولماي پاشايىمنىڭ ئادرېسىنى دەپ بېرەمسىز؟

— ئۇلار بۈيۈك چەكمەجە ئەتراپىدىكى قورۇقتا ئەپەندىم. ئۈچ يىلغا يېقىن بولدى، ئۇ يەردە ئۆزىگە بىر چاھارباغ بىنا قىلدۇرغانىدى. شۇ قورۇقتا كۆچۈپ كەتتى.

— رەھمەت سىزگە ئەپەندىم.

دىمەك، زەررىن ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن، شۇ قورۇق-قا بېرىش لازىم ئىدى. ئەسلىمىلەرگە تولغان شۇ قورۇققا...

جىھات بىر - ئىككى كۈنلۈك تەرەددۇتتىن كېيىن، ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، بىركۈنى ئەتىگەندىلا ماشىنا بىلەن قورۇققا يېتىپ كەلدى. ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ يەرلەر بەك ئۆزگىرىپ كەت-كەنىدى. گېنېرالنىڭ ئىشلارنى ئۆز قولىغا ئالغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

ياشانغان ئادەم جىھاتنى ئاجايىپ قىزغىن قارشى ئالدى:

— كەل جېنىم ئوغلۇم. سەن يەنە بىر جاھانكەزدى ئەۋلىيا بوپسەن. دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىپسەن. قېنى ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بەرگىنە، ئاۋۋال باغداد ھەققىدە خەۋەر بەرگىن. ئائىلەڭدىكىلەر ساق - سالامەت تۇرۇۋېتىمۇ؟

— خۇداغا مىڭ شۈكۈر، ھەممەيلەن ياخشى تۇرۇۋېتۇ تاغا، لې-كىن سىزگە نېمە بولدى ئەمدى؟ بىنالارنى تاشلاپ قويۇپ قورۇق-قا كۆچۈپ كېلىۋاپسىز.

— شۇنداق بولدى، ئادەم قېرىغانسېرى تۇپراققا يېقىنلىشى-دۇ. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. مەنمۇ بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بىچارە سايىم بەيىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن چالا قالغان ئىشلارنى تۈزەشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن بىرئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. قورۇقنىڭ ھاۋاسى ھەممىمىزگە شۇنچىلىك ياراشتىكى، دەرھال ئۆي - جاي سالغۇزدۇق - دە، بۇ يەرگە كۆ-چۈۋالدۇق. مانا ئەمدى قىش - ياز مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمىز. ئا-ساسلىقى باللار توي قىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەڭگەڭ بىكارچى بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە ئۆزىگە مەلەك تېپىپ، ۋاق-تىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

— نېمىدېگەن ياخشى!... كۆز تەگمىسۇن! — سىزمۇ ناھايى-تى ساغلام تۇرۇپسىز. يەڭگەممۇ شۇنداق تۇرغان بولسا، بەك جا-يىدا قىلىنغان قارار بوپتۇ بۇ.

— ئەمدى سەن دەپ باققىنە. قانداقراق تۇردۇڭ، لېكىن

سەندىن ئاۋۋال مەن شۇنى دەۋالاي، زەررىننى بەك خاپا قىلىپ قويغان ئوخشايمەن. بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە بىزدىن بىرەر قېتىممۇ ئەھۋال سوراپ قويمىدى. قانچە قېتىم يەڭگەڭ تېلېفون قىلدى. ھەتتا كۆچۈشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيۈڭلەرگە بېرىپمۇ تاپالماپتۇ. خىزمەتكارلار ھەر قېتىمقىسىدا خانىمنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق تۇ-رۇپمۇ ئۇ نە جاۋابەن ئۆيىمىزگە كېلىپمۇ قويمىدى، نە تېلېفون بىلەن بولسىمۇ ئۇزىتىپ قويمىدى. سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ ئەزىز دوستۇم سايىم بەينىڭ قىزى بولغانلىد-قى ئۈچۈن بەك ياخشى كۆرەتتىم ئۇنى.

بۇ كىنايە يامغۇرلىرى ئاستىدا جىھات بىر ئاز ھودۇقۇپ قال-دى. ئۇ بەدرى پاشادىن زەررىن توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلاش ئۈمىدى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمما ئۇنىڭ بىرەر ئىشتىن خەۋىرى بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىگە دەرد تۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان، شۇڭا رەسمىيەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىرنەرسە دەپ قويۇش نىيىتى بىلەن:

— ئۇنى كەچۈرۈڭ، ياش ئەمەسمۇ؟ يادىدىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

لېكىن گېنېرال گەپنى بىر باشلىۋالغان پېتى ھېچ توختاي-دىغاندەك ئەمەس ئىدى:

— ئازراق بولسىمۇ گۇناھ سەندە جىھات. زەررىندەك بىر خو-تۇنى بولغان ئادەم تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئۈچۈن ئۇنى ئىستانبۇلدا ئۈچ يىل يالغۇز تاشلىۋەتكەن بارمۇ؟ بىچارە قىزىمنىڭ نېرۋىلد-رىنىمۇ كاردىن چىقارغانسەن ھەقىچان.

جىھات بەرگۈدەك جاۋاب تاپالمىدى. بۇنى غەنىيمەت بىلگەن بەدرى پاشا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

— شۇنداق. نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ بالامنىڭ... بول-مىسا قورۇققا كەلگەن ئادەم مېنى يوقلاپ قويماستىن قايتىپ كېتەرمىدى؟

بۇ سۆزلەر ياش يىگىت ئۈچۈن بومبا پارتلىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ـ دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، گېنېرالغا يېقىن كەلدى:

— نېمە؟ زەررىن بۇ يەرگە كەپتىمۇ؟ قاچان؟ قاچان؟

گېنېرال ئۇنىڭ مۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى خوتۇنغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكىنىڭ بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن بولغان تېنەش ـ تەمتىرەش دەپ چۈشىنىپ قالدى ـ دە، كۈلۈپ كەتتى:

— توختىغىنە، نېمانچە جىددىيلىشىپ كېتىسەن؟ مەن دەپ بېرىمەن. خەمىدە ئانىنىڭ ئۆلۈمىدىن بىرقانچە ھەپتە كېيىنغۇ دەيمەن. بىركۈنى ئەتىگەندە ماشىنا بىلەن كەلگەنىكەن. ئۇنى سوراپتۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇدۇل قەبرىستانلىققا بېرىپتۇ، ھەم دادىسىنىڭ، ھەم تەربىيەچىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىپتۇ... ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان ئوسمان ئۇ يەردە زەررىننىڭ بەك كۆپ يىغلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىدىن قورۇققا كەلمەستىنلا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ... راستىنى دېسەم، بۇنى ماڭا دەپ بەرگەن چاغدا كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغانىدى. چۈنكى زەررىنگە تەربىيەچىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى مەن بەرگەن بولسام ئىدىم، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللىي بېرىشكە تىرىشقان بولاتتىم.

جىھات خىيالغا پاتقان ھالدا:

— ھەئە، سىزنى كۆرۈشكە كېلىشى كېرەك ئىدى، — دېدى.

ئۇ ئاغزىدا مۇنداق دېگەن بىلەن ئىچىدە «بىچارە قىز، قانداقمۇ كېلەلەيتتى؟ بولغان ئەھۋاللارنى قانداق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى؟ ئازابلانغاندۇ، خىجىل بولغاندۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تارتقاندۇ، پاشايىم بىلەن ئۇچراشسا مېنىڭ گېپىمنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ بۇنى خالىمىدى ـ دە، توغرا ئەمەسمۇ؟ بەك ئىنچىكە ئويلايدىغان نازۇك قىز ئۇ. ئاھ، مېنىڭ غورۇرى ئۈستۈن سۆيۈملۈكۈم...» دەپ ئويلىدى.

گېنېرالنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى:

— كۆردۈڭغۇ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشىم توغرا ئەمەسمىكەن؟

جىھات ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن، دەرھاللا خوتۇنىنى ئاقلاشقا باشلىدى:

— ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ تاغا. ئۇ تېخى كىچىك، دۇنيادا يەككە ـ يېگانىلا قالغانىدى. ياخشى كۆرگەن بارلىق كىشىلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كەتتى. دادىسىنىڭ ۋاپاتى بەك تۇيۇقسىز بولدى. بۇنى كۈتمىگەنىدى، كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت شۇم خەۋەر ئالغاندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپ قالغاندۇ، كېيىن كۆپ يىغلىغاندۇ... بەلكى كۆز ياشلىرىنى سىزگە كۆرسىتىشتىن خىجىل بولغاندۇ. زەررىن بەك سەگەك ۋە ھەممە نېمىنى ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئايال.

— نېمىشقا؟ ياخشى كۆرگەن بىر دادىغا ۋە ئانا ئورنىدىكى تەربىيەچىسىگە يىغلاش بەك نورمال ئىشقۇ؟ ئۇنىڭ ئەكسىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن. بۇنىڭدىن باشقا، زەررىن مېنىڭ دادىسىغا بولغان ھۆرمىتىمنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى بېشىدا مەنمۇ يىغلىدىم. شۇنداقلا ھازىرمۇ پات ـ پات تۇپراق بېشىغا چىقىپ تۇرۇۋاتىمەن.

جىھات يەنە خىيالغا پاتقان ھالدا:

— شۇنداق... شۇبھىسىز، ... — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ بىقارار ھالىغا تامامەن باشقا بىر مەنە بەرگەن گېنېرال گېپىنى بىرئاز باشقا تەرەپكە يۆتكىۋەتتى:

— بولدىلا، گەپنى ئۇزارتمايلى جانىم. ئاغرىنىدىم دېسەم راستىمكىن دەپ قالمىغىن جىھات. زەررىننى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ، ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى. گەپنىڭ ئاساسي نېگىزى بۇ. شۇنداقلا بۇگۈنمۇ بۇ يەرگە سېنىڭ بىلەن بىللە كېلەلەيتتىغۇ ئۇ...

ياشانغان گېنېرالنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان بۇ تۇيغۇلىرى ئالدىدا، جىھاتتا ئۇشتۇمتۇت بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى، يىللارچە ئىچىگە كۆمۈۋەتكەن سىرىنى ئۇنىڭغا ئاچقۇسى كېلىپ

قالدى. ئىستانبۇلدىن يىراقتا بولسىمۇ، ئۇمۇ ئەڭ يېقىن بىر-قانچە تۇغقانلىرىدەك، ھەقىقىي ئەھۋالنى قانداقلا بولمىسۇن بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى بىلىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ سەممىي ئادەمگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشمۇ بىر ۋىجدان بۇرۇچى ھېسابلىناتتى. ئۇ ئەنە شۇ خىل ھېسسىياتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن گەپنى:

— سىزگە بەك مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن، تاغا... — دەپ باشلاپ، ھاياتىنىڭ بارلىق دىراماتىك كۆرۈنۈشلىرىنى ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ھەيران - ھەس قالغان گېنېرال شۇ تاپتا بەرگۈدەك جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى. شۇڭا جىھات سۆزىنى تۈگىتىشىگىلا:

— ۋاي جېنىم بالىمەي، ئۇنى ئەمدى نەدىن، قانداق تاپقۇلۇق؟ — دەۋەتتى.

بۇ قىسقا جۈملىلەر، پاشانىغان ھەربىينىڭ جىھاتقا ئۆزى ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتىپ ئاشقانىدى. شۇڭلاشقا بۇ گەپنىڭ ئۇستىدىلا توختىلىپ تۇرماستىن يەنە گەپ باشلاپ كەتتى:

— ئەمدى سىز مېنى يەنە بىرئاز تەپسىلات بىلەن تەمىنلىگەن بولسىڭىز، تاغا. خەمىدە ئانا قاچان تۇگەپ كەتكەنىدى؟

— بىر يېرىم يىل ئاۋۋال.

— زەررىن بۇ يەردىكىلەرگە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ياكى نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتىمۇ؟

— ياق.

— تۇرقىدا بىرەر ئۆزگىرىش بارمىكەندۇق؟

— ۋاي تاڭەي، ئۇنداق بولسا ماڭا دېگەن بولاتتى.

— ماشىنا بىلەن كەپتىكەن، دېدىڭىز - ھە؟

— ھەئە، ماشىنىنى ساقلىتىپ قويۇپتىكەن. يەنە شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېتىپتۇ. ھە... كەتكەن چېغىدا قولىدا ئېمىكئانىسىغا ئېلىپ كەلگەن بىر بولاق نەرسە بارمىشكەن. كۆڭلەك، ئىچ

كىيىم ۋە باشقىلار... بۇلارنى ئوسمانغا خوتۇنغا ئاپىرىپ بېرىش-
نى تاپىلاپ بېرىپ قويۇپتۇمىش. ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرى ئوسماننى
ئاجايىپ خۇش قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ بۇلارنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ ما-
ڭا: «بىزنىڭ كىچىك خانىم ھېچ ئۆزگەرمەپتۇ. ئۆيلۈك - ئوچاق-
لىق بولدى، يەنىلا شۇنچە كەمتەر ۋە مېھرىبان» دېدى.
بۇ ساددا سۆزلەردىن جىھاتنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.
— ئوسمان بىلەن كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟ بەلكى يىپ ئۇچى
بولغۇدەك بىرنەرسە دەپ بېرەر.
— بولىدۇ. ھازىر ئەھۋالنىڭ ئۆزگەرگىنىدىن قارىغاندا، ئۇ-
نىڭدىن باشقا سوئاللارنىمۇ سوراپ باقارمىز.
— لېكىن ئەتىسى ئوسماندىن سورالغان پۈتكۈل سوئاللار
ئۇنىڭغا يېڭى بىرنەرسە چىقىرىپ بېرەلمىدى. بۇ خىل شارائىتتا
ئەمدى قورۇقتا ئارتۇق تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. جىھات
كىچىككىنە بىر خەۋەر بولسىمۇ بىر - بىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ
تۇرۇش ۋەدىسى بىلەن گېنېرال بىلەن خوشلاشتى. ھەر ئىككىسى
ئاجايىپ تەشۋىشكە چۆمگەنىدى.
شۇنداق بولسىمۇ ياش يىگىت بۇ قورۇققا كەلگىنىدىن مەم-
نۇن ئىدى. چۈنكى پەقەتلا مۇشۇ يەردىن خوتۇنىنىڭ بىر يېرىم
يىل ئاۋۋالغىچە ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى ئۇققانىدى. بۇمۇ
بىر بايلىق، مەنىۋى بايلىق ئىدى.
«ئۇ ئۆلۈپ كەتمەپتۇ، ھايات ئىكەن. كۆپ شۈكۈر، يارەب-
بىم!!!»
بىراق بۇ ئۇچۇر بىلەن كۆپايىلىنىپ قېلىشقا بولمايتتى. بۇ
ئۇچۇر ھېچنېمىدىن دېرەك بېرەلمەيتتى. ئۇ خوتۇنىنى ئىزدەشنى
داۋام قىلاتتى. قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تاپ-
ماقچى بولغانىدى. چۈنكى ئايلار، يىللار ئۆتكەنسېرى ھاياتىدىكى
بوشلۇقنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ۋە ئۇنىڭغا بولغان
ئېھتىياجى ئارتماقتا ئىدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە سەپرا، ئاچچىقى يا-
مان، تېخىمۇ زىل بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھېچكىم، ھېچنېمە ئۇنىڭ

زوقىنى قوزغىتالمايتتى. بىرقانچە يىلدىن بېرى ئايرىلماي ئۆتۆۋاتقان دوستلىرىنى ئەمدى بولسا كۆرۈشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇلار بىلەن ئۇچراشقىنىدا كۆڭلىدە قىلچە ھاياجان ھېس قىلمايتتى. چويلا توپ، قارتا ئويناشلارنى تاشلىۋەتكەنىدى. ئۆزىنى پەقەت ئالدىراش ئىشلەشكە، تەتقىقاتلارغىلا ئاتىۋەتكەنىدى. ئۇ بۇ ساھەدە ئالغا باسماقتا، ئىلگىرىلىمەكتە، ئېلان قىلدۇرغان ماقالىلىرى ۋە نەشردىن چىققان كىتابلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقتا ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، پەقەت مۇشۇ ئىشلار ئۇنى خۇشال قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىيۇ، كېيىن شان ـ شۆھرەتنىڭ، پۇل ـ بايلىقنىڭ ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولاتتى؟

*            *            *

جىھات دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن ئاخشىمى ھاشمەت بەيگە تېلېفون قىلىپ ئاخىرقى ئېرىشكەن مەلۇماتلىرىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى. بۇنىڭ تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئىشىغا ھېچقانداق يېڭىلىق قوشالمايدىغانلىقىنى كېيىپ ئېيتقان رازۋېدكىچى تېلېفوننى قويۇۋېتىشتىن ئاۋۋال بىرقانچە كۈن ئىلگىرى دېيىشكەن سۆزلىرىنى ئېسىگە سېلىپ قويماقچى بولدى:

— ئاخىرقى تەكلىپىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ بەي ئەپەندى، — دېدى.

— قايسىنى؟

— بالىڭىزنى يېنىڭىزغا ئەكىلىۋېلىشىڭىزنى ۋە كوچىلارغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلغانتىمغۇ.

جىھات قوشۇمىسىنى تۈردى. ئۇ بۇ تەكلىپنى ئەسلا ياقتۇرمىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا يۈرىكىدە بىر خىل ئازابمۇ ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا، ئۆز پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ زەررىنى بالىسىدىن ئايرىۋەتكەن، بۇ ئارقىلىق ئۇنى تۈرلۈك ـ

تۇمەن ئازابلارغا گىرىپتار قىلىغانىدى. ھەتتا بۇگۇنكى ۋەزىيەتنى
پەيدا قىلىغانىدى. مانا ئەمدى بولسا ئۆزى بۇ پىرىنسىپلىرىنىڭ
سىرتىغا چىقىپ ئوغلىنى ئەكىلىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ ھەم
ئازابلىق، ھەم زالىملارچە بىر تەدبىر بولماسمۇ؟ بىچارە خوتۇننى
ئوغلىدىن ئايرىۋەتكەنلىكى يەتمىگەندەك، ئەمدى ئۇنى قولىدىن
يېتىلەپ كوچىلارغا چىقسۇنمۇ؟ كىم بىلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا بالا ئا-
نىسى بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ قالار. ئۇ چاغدا زەررىن تېخىمۇ بەك
ئازابلىنىپ كەتمەسمۇ؟

قايسى ئۇسۇل قوللىنىلمىسۇن، زەررىننى ئازابلاش، قايغۇ -
ھەسرەتكە سېلىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايتتى. شۇڭا بۇنداق ئۇ-
سۇلنىڭ نېمە كېرىكى!

قولىدا تۇرۇپكىنى تۇتۇپ جىمىتتىن جاۋاب كۇتۇۋاتقان ھاش-
مەت ئۇنىڭ ئۇن چىقارماي تۇرغانلىقىغا قارىتا:

— ۋەي! — دېدى.

بۇ بىر ئېغىزلا سۆز ئاگاھلاندۇرۇش رولىدا ياش يىگىتكە يە-
نە بىر سىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېسىگە سېلىپ قويدى.

— ھە، ھەئە ھاشمەت بەي، نېمە دەۋاتاتتۇق. پەرەز قىلىپ
باقايلى، مەن ئوغلۇمنى قولىدىن يېتىلەپ كوچىغا ئېلىپ چىق-
تىممۇ دەيلى، شۇنداق بولغاندا، مۇبادا خوتۇنۇم يالغۇز ئوغلىنىلا
كۆرۈش، ئۆزىنى ماڭا كۆرسەتمەسلىك نىيىتىدە بولسا، ئادەم جىق
يەرلەردە بىر يەرگە مۇكۇنۇپ تۇرۇپ سۇئاتنى كۆرۈۋېلىشى مۇم-
كىن. يەنى ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمما بىزگە ئۆزىنى كۆر-
سەتمەيدۇ. چۈشىنىۋاتامسىز؟

ھاشمەتنىڭ يەڭگىل كۇلۇۋاتقىنى ئاڭلاندى ۋە:

— شۇنداق ئىشمۇ بولارمۇ ئەپەندىم؟ سىز قايسى كوچىغا
چىقسىڭىز، مەنمۇ خىزمەتداشلىرىم بىلەن يىراقتىن، ئەتراپنى
يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرىمىز. ھەممىمىزدە زەررىن خانىمنىڭ
سۇرىتى بار. كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ياش بىر خانىمنىڭ سى-
لەرگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن كۆز تىككىنىنى كۆرگەن ھامان

ئەھۋالنى ئېنىقلايمىز. سىز بۇنىڭ كەسپكە ئائىت قىسمىنى بىزگە قويۇپ بېرىڭ ئەپەندى. بولۇپمۇ شۇنداق بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىمىزدە، بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىدىغىنىمىزنى ئوبدان بىلىمىز. سىز پەقەت بىزگە ياردەملەشسىڭىزلا كۇپايە.

جىھات ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغۇسى كېلىۋاتقاندەك مۈردىلىرىنى سىقتى ۋە ئاچچىقلانغان بىر ئاۋازى بىلەن:

— بوپتۇ ئەمىسە، خالىغىنىڭىز بويىچە قىلاي. بىر كۈندىن كېيىن سىزنى ئىزدەيمەن، — دېدى.

ئۇ بۇ ئاخىرقى پىلاننى ھېچقانچە ئىشەنچىسى بولمىسىمۇ، ئامالسىز قالغاندا كىچىككىنە بىر ئۈمىد ئۇچقۇنىنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتكۈسى كەلمىگەنلىكتىن نائىلاج قوبۇل قىلغانىدى.

دەل شۇ ئاخشىمى دوستى ئىززەت بەيگە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئەسماغا تەييارلىنىپ تۇرۇشى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويۇشىنى، بىرقانچە كۈن ئىچىدە ماشىنا ئەۋەتىپ، ئوغلىنى نىشانتاشقا ئەكەلدۈرۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقلا بۇ توغرۇلۇق شوپۇرىغىمۇ كېرەكلىك تەلىماتلارنى بەردى.

# 4

ئۇ كۆنى چۈشتە جىھات ئۆيگە كەلگىنىدە، دەرۋازىنى ئاچقان
خىزمەتكار كىچىك بەينىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.
بۇ «كىچىك بەي» ئاتالغۇسىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن جى-
ھات ھاڭ - تاڭ بولۇپ:

— كىچىك بەي دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، شۇ، ئەپەندىم چاملىجادىن ئېمىكئانىسى بىلەن بىللە
كەلگەنچۇ...

ئۇ چاغدا ياش يىگىت ئوغلى ھەققىدە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى
چۈشەندى. ئەمما بۇ خەۋەرنىڭ ئۇنىڭغا پەيدا قىلغان تۇنجى تە-
سىرى غەلىتە بىر خىل ئىچى سىقىلىشتىن ئىبارەت بولدى.
خىجىل بولمىغان بولسا «نېمىدېگەن تېز - ھە؟» دەۋەتكەن
بولاتتى.

دەرۋەقە، ئۇ شۇ مەقسەت بىلەن شوپۇرىنى ئەۋەتكەنىدى. ئەم-
ما كېيىن مۇنداق بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.
«ئۆيدە بىر كىچىك بالىنىڭ غەلۋىسى، ... يەنە تېخى ئېمىكئانا،
نېمىدېگەن پاراكەندىچىلىك بۇ!... بۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدە بى-
رىنچىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئادەتلىنەلمەي تۇرغاندا، ئۆز ۋاقتىدا
نېملا بولمىسۇن گېپىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان ۋە ھۆرمەتكە سا-
زاۋەر بىر قېرى خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە، بىرلىكتە ياشاش ئانچە
كۆڭۈللۈك بىر ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ،
يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ بۇ خىل چۈشەنچىلى-
رىگە كۆنۈشكە تىرىشاتتى. ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قەدەم باسماقتا،
سۈكۈنات ئىچىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى. «بىنا كەڭتاشا، ئار-
قا تەرەپلەر قوپقۇرۇق... بىر ئۆينى ئۇلارغا ياتاق قىلىپ بېرەر-

مەن. يەنە بىرسىدە كۈندۈزلىرى پائالىيەت قىلار، ئويىنار. قىس-
قىسى ئۆيىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئانچە تەسىر يەتكۈزمەس. يەنە كېلىپ
ئارىلىقتىكى كارىدورنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋەتسەكلا ۋارقىراپ -
جارقىراشسىمۇ ئاۋازى بۇ تەرەپكە ئاڭلىنىپ كەتمەس. توغرا،
شۇنداق قىلىش كېرەك... سۇئالنى پەقەت تاماق ۋاقتىدا كۆرەر-
مەن... ھەر دائىملا ئەمەس... ئۇلار تاماقنى ئايرىم ئولتۇرۇپ يې-
يىشسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار. زۆرۈر تېپىلمىسا ئۇنىڭ ھەرىكەت-
لىرىگە ئاچچىقلىنىپمۇ يۈرمەسمەن ئەمدى. قېنى بالىنى بىر
كۆرۈپ باقايچۇ»
كۈنلەرنىڭ بىرىدە چامىلىجانىڭ سىرتىدىكى بىر ئۆيگە ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ قويغان بالىسىنىڭ بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە قانچىلىك
ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. ئۇنى پات - پات
كۆرۈپ تۇرۇشى لازىملىقىنى ھېسمۇ قىلمىغانىدى... ئۇنى سې-
غىنمىغانىدى. چۈنكى قەلبىدە دادىلىق تۇيغۇسى تېخىچە ئويغان-
مىغانىدى. شۇڭا ئۇنى خوتۇنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەبچى دەپ قارايتتى.
شۇنداق بولغاچقا مەسئۇلىيەتنى تۆت ياشتىكى بالىسىنىڭ كى-
چىككىنە بويىنىغا يۈكلەپ قويغانىدى.
شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرقى قارارغا كەلگەندىن كېيىن قوڭ-
غۇراقنى باستى. خىزمەتكارنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ھۇجرىلارنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىكى ئەمىرلىرىنى بەردى ھەمدە ئۇ
ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرغىنىدا ئارقىسىدىن يەنە:
— ئېمىلىئانىسىغا دېگىن، بالىنى تاماقخانىغا چىقارتىپ
بەرسۇن. مەن ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇراي، لېكىن ئېمىلىئانىسى
ئۆزى كەلمىسۇن، ئوغلۇم بىلەن يالغۇز قالماقچىمەن. ئۇق-
تۇڭمۇ؟ — دېدى.
— ماقۇل ئەپەندىم.
جىھات ھارغىن قەدەملىرى بىلەن تاماقخانىغا قاراپ ماڭدى.
بۇ ئىشلار ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن شۇنچىلىك چىرمىۋالغان ئى-

دىكى، ھەممە نېمىدىن زېرىككەن، بىزار بولغانىدى. بۇلار ئاز كەلگەندەك، ئەمدى كىچىك بالىسى بىلەن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇچراشماقچى بولۇۋاتقان بۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ زەررىنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاجرىلىپ چىققانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتى. ئاتىلىق ھېس ـ تۇيغۇ دېگەنلەردىن يىراق، ناھايىتى يىراق ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ھېس ـ تۇيغۇلار يازغۇچىلار ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئادەملەرگە سىڭدۈرمەكچى بولغان غەلىتە ھېس ـ تۇيغۇلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئىسپاتىمۇ ئېنىق ئىدى: ئۆز ئوغلى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتقىنىدا، قەلبىدە زەررىچە بىر ھاياجان قوزغالمايۋاتاتتى. ئەكسىچە، يۈرىكىنىڭ سۈسىز قۇدۇقتەك قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى سەزمەكتە ئىدى ۋە «بۇلار قېرىغانلىقىنىڭ ئالامىتىمىدۇ ـ ھە؟ ياكى بولمىسا تەركىدۇنيا بولۇپ كەتتىممۇ؟» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ئۇ بۇ خىل ئويلىرى ئۈچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ مۈرىسىنى سىلكىدى ۋە ئۇدۇلىدا تۇرغان ئەينەكتىن ئۆزىگە سەپسالدى: ئېگىز بويلۇق، غەمكىن يۈزلۈك، ئورۇق بىر يىگىت... «ياق، قېرىشقا تېخى كۆپ ئەتىگەن...» جىھات مۇشۇنداق ئۆز ئالىمىدە خىيال قىلىۋاتقاندا، بىر بالا ئىشىكنى ئېچىپ بىر كىچىك بالىنى كىرگۈزۈپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

چوڭ ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا جىھات، يەنە بىر تەرىپىدە كىچىككىنە سۇئات تۇراتتى، ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان قىلىپ تىزىپ قويۇلغان نەرسە ـ كېرەكلەر بار ئىدى. شۇ ھالدا ئىككىسى ئۆز جايىغا مىخلىنىپ قالغاندەك بىرقانچە مىنۇت تۇرۇپلا قېلىشتى ۋە يىراقتىن بىر ـ بىرىگە تۇنجى قېتىم تىكىلىپ قارىدى. بالىنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت نۇرلىرى چېقىنداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېشىغا قارىغاندا بويى بەكلا ئېگىز

ئىدى. بۇ ھالى بىلەن ئۇ جىھاتقا تېخىمۇ يات كۆرۈنۈۋاتاتتى. كىيىملىرىمۇ ياخشى تىكىلمىگەن، تولىمۇ كەڭ كېلىپ قالغان بىر كۆڭلەك كىيىۋالغان بولسىمۇ، پاكىزلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بەك سۆيۈملۈك ۋە ئوماق ئىدى.

جىھات ئۇن - تىن چىقارماي ئۇنىڭغا سەپسېلىپ تۇراتتى. بۇ تۇرقى بىلەن ئۇدۇلىدىكى بالىسىنى گويا نەزەربەند قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بارغانسېرى يېتىرقاپ كېتىۋاتقان بالىغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئەقلىغىمۇ كەلمەيۋاتاتتى.

دادا - بالا تۇنجى پاربىڭىنى بەك غەلىتە بىر شەكىلدە باشلىدى. جىھاتنىڭ بۇ خىل جىمجىتلىقتا ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى سائەتلەرچە مۇنداق بىر - بىرىگە قاراپ مىدىرلىماي تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. شۇڭا نېمىلا بولمىسۇن بىرنېمە دېيىشى كېرەك ئىدى. ئۇزاق ۋاقىت ئۇن چىقارمىغان كىشىلەردە بولىدىغان بوغۇق ۋە خىر - خىر بىر ئاۋازدا يەڭگىل يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن:

— سۇئات! — دېدى.

بالا تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋەردى. جىھات بۇ قېتىم ئاۋازىنى يېقىملىق چىقىرىشقا تىرىشىپ قايتىدىن:

— سۇئات، بۇ يەرگە كەل، — دېدى.

سۇئات ھۇجرىنىڭ ئۇ بېشىدىن جاراڭلىق، لېكىن جاھىلانە بىر ئاۋازى بىلەن جاۋاب بەردى:

— ياق!

— گېپىمنى ئاڭلا، بۇ يەرگە كەل بالام.

جىھات زورلاشلىرىنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىچە قىمىرلىماي تۇرغان سۇئاتقا قاراپ بىرقانچە قەدەم ئىلگىرىلىدى ۋە ئۇنىڭغا جاسارەت بېغىشلاش ئۈچۈن قوللىرىنى ئالدىغا ئۇزىتىپ:

— كەلگىنە ئوغلۇم! — دېدى.

بالا بۇ سۆزلەرنى ياخشى چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دادىسىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېقىنلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئارقىسىغا داجىشقا باشلىدى ۋە يېتىمرىقىغان بىر ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەن سىزنى تونۇمايمەن.

جىھات ئۆزىمۇ ھەيران قالغان ھالدا سەۋر ـ تاقەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— توغرا دەيسەن. سەن مېنى تونۇمايسەن، ئېسىڭگە ئالالـ ماسلىقىڭمۇ مۇمكىن. لېكىن مەن سېنىڭ داداڭ... ئۇقتۇڭمۇ؟ سېنىڭ داداڭ.

بالا بولسا يەنىلا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى.

— مەن سېنىڭ داداڭ. ئېمىكئاناڭ ساڭا داداڭنى كۆرىدىغانـ لىقىڭنى ئېيتمىغانمىدى؟

— بالا ئۇنىنى چىقارماي بېشىنى ئەگدى. بۇنىڭ بىلەن «ھەئە» دېمەكچىدى. جىھات زورلاپ تۇرۇپ:

— مەن بىلەن كۆرۈشكىنىڭگە خۇش بولدۇڭمۇ، سۇئات؟ — دېدى.

بالا ئۈندىمىدى. چوڭقۇر ۋە جاھىللارچە سۈكۈت داۋام قىلاتـ تى. جىھات بۇ خىل مۇڭدىشىشنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلـ مەيۋاتاتتى. بالىنىڭ قورقۇۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى، لەۋلىرى تىترىمەكتە، كۆزلىرى ئەندىشىگە تولغان، پۈتۈن تۇرقى بۇ يەردىن قاچقۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ياش دادا بىردىنلا ئوغلىنى قۇچاقلاپ قويۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنى سىلاپ، سۆيۈپ قويسا بەلكى بۇ يېتىمرىقىشى يوقاپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— كېلىپ داداڭنى سۆيۈپ قويغىنە ئوغلۇم.

— سۆيگۈم يوق.

بۇ قېتىم جاۋاب كىچىكمىگەنىدى ۋە قەتئىي ئىدى. شۇنچە-لىك قەتئىي ئىدىكى، جىھات ئىختىيارسىز كۇلۇپ كەتتى.
— ئۇنداق بولسا مەن سىنى سۆيۈپ قوياي.
— ياق.
— نىمىشقا؟
— سۇئات ھېچكىمنى سۆيمەيدۇ.
بالىسىنىڭ بۇ تۈرقى جىھاتقا ئويۇن بولۇپ بەردى:
— نىمىشقا سۆيمەيسەن؟ دەپ باققىنە قېنى.
— جىھات بەي يول قويمايدۇ.
ياش يىگىت بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.
— نىمە؟ نىمە دىدىڭ؟... سەن جىھات بەينى تونۇمسەن؟
بالا يەنە جىم بولۇپ قالدى. تۆت ياشلىق بىر بالىنىڭ كى-چىككىنە كاللىسىدا نىمىلەر باردۇر؟ بۇنى كىم بىلىدۇ؟ جىھات ئۆز - ئۆزىدىن سوراشقا باشلىدى: «ئەجەبا مەن بىلەن، يەنى دا-دىسى بىلەن بۇ جىھات بەي دىگەن كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-ناسىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلالامدىغاندۇ؟...» تەييارلىق ئىچىدىكى بۇ سۇكۇت ئالدىدا جىھاتنىڭ ئاستا - ئاستا سەۋرى قاچىسى تو-شۇشقا باشلىدى. بىر جاۋاب ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا سوراپ باقماقچى بولدى:
— جىھات بەي سىنىڭ سۆيۈشلىرىڭگە نىمىشقا ئۇنىمايدىكە-نە ئەجەبا؟
— جىھات بەي خالىمايدۇ شۇ... خۇش پېئىل بولۇپ قالمى-سۇن... خوتۇن كىشىدەك بولۇپ قالمىسۇن دەيمىش.
سۇئات بۇ سۆزلەرنى خۇددى دەرس يادلاۋاتقاندەك ۋە ياكى ياد-لىۋالغان بىر دەرسنى تەكرارلاۋاتقاندەك قىلىپ سۆزلەيتتى. ھەت-تا جۈملىلەرنى ئېسىگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئارىلىقتا بىر توخ-تاپمۇ ئالاتتى. بارماقچىلىك بىر بالا بۇلارنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟
— نىمە دىدىڭ؟ نىمە دەۋاتىسىنا سەن؟
سۇئات يادلىۋالغان بىر شېئىرنى مەنىسىنى بىلمەي تەك-

ـرارلاۋاتقاندەك بىر خىل ئەلپازدا داۋام قىلدى:
— جىھات بەي ئەسكى ئادەم... شۇنداق، بەك يامان ئادەم... ئۇنىڭدا بىر تاش بار...
— تاش دېدىڭما؟
— ھەئە، شۇ يېرىدە بىر تاش بار.
سۇئات قولى بىلەن كۆكسىنى كۆرسەتتى. چوقۇم ئۇنىڭغا «يۈرىكىدە بىر پارچە تاش بار» دېگەن گەپ.
— جىھات بەي سۇئاتنىڭ شۇ يېرىدە بىر پارچە تاش بولسۇن، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش، ... سۇئاتنى ھېچكىم سۆيمىسۇن، دەيمىش.
— بۇلارنى كىم دېدى ساڭا؟
— جىھات بەي.
— يالغان.
— ياق، يالغان ئەمەس. ئېمىكئانام شۇنداق دېدى.
جىھات ئاچچىقىدىن تاتىرىپ، لاغىلداپ تىترىمەكتە ئىدى. شۇ ھامان سىرتقا چىقىپ، بۇ تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئېمىكئانىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى. لېكىن بىردىنلا توختاپ بېشىنى ئەگدى. كۆكسىنىڭ ئۈستىگىلا ئۇرۇلغان بىر مۇشت بىلەن دەلدۈگىنىپ كەتكەندى. بۇ مۇشت ئۇنىڭغا بىرقانچە يىل ئاۋۋالقى مۇدھىش كۈندە، بالىسىنى چاملىجادىكى چاھارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقىنىدا ئېمىكئانىسىغا ئېيتقان ھېلىقى سۆزلىرىنى ئېسىگە سالدى:
«سۆزۈمگە قۇلاق سال... ئوغلۇم كەم ـ كوتىسىز بىر ئەركەك بولۇشى كېرەك... بۇ ھەقتە مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلمىساڭ، ھەم سېنىڭ، ھەم قىزىڭنىڭ شۇنداقلا بۇ بالىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. بولۇپمۇ سەن مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى، نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى، بىكاردىن ـ بىكارغا تەھدىت قىلىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىمنى ياخشى بىلىسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟ سۇئاتنى بىر ھەربىيچە تەلىم ـ تەربىيە بىلەن چوڭ قىلىسەن.

ئۇنداق سۆيۈش ــ پۇراشلارنى، جىنىم، باغرىم دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتىشلەرنى، قىسقىسى بالىنى ئەركە ــ نايناق قىلىپ قويىدىغان ھەرقانداق گەپلەرنى، ھەرقانداق قىلىقلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيمەن! ئۇ ئاپىسىغا ئەمەس، دادىسىغا ئوخشىشى كېرەك!.. مۇبادا يەنە بىر قېتىم كەلگىنىمدە ئۇنى مەن تەلەپ قىلغاندەك خۇي ــ مىجەزدە كۆرمىسەم، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن جۇمۇ! ئاڭلىدىڭمۇ ئەسما كالفا؟»

جىھات بەك جىددىي ئەھۋاللاردا بۇيرۇق بېرىش زۆرۈر بولغاندا، قولىدا چوڭ بولغان ئېمىكئانىسىنى ئاشۇنداق «ئەسما كالفا» دەپ ئاتايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقى ئايدىڭلىشاتتى.

ــ بولىدۇ ئەپەندىم. خالىغىنىڭىزچە بولسۇن.

ــ سۆيۈشۈش، قۇچاقلىشىشقا بولمايدۇ... بالىنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ... بۇنى يېمەيمەن، ئۇنى كىيمەيمەن، دېيىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ... ئۇنى ياخشى كۆرمەن، بۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، دېيىشكە بولمايدۇ.

ــ ماقۇل ئوغلۇم.

ئېمىكئانىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتۈلگەن بۇ پاراڭلارنى شۇ تاپتا جىھات تولۇق ئېسىگە ئالغانىدى. ياشىنىپ قالغان ۋە نادان خوتۇن بۇ بۇيرۇقلارنى كىم بىلىدۇ قانچە قېتىملاپ بالىنىڭ ئالدىدا تەكرارلىغاندۇ؟ ئەمدى بالا بۇلارنى دادىسىغا سۆزلىمەكتە ئىدى.

جىھات زەررىنىڭ تەسىرىدىن قاتتىق چۆچۈگەندەك بولدى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بالىغا قارىدى. خۇددى بىر چۇمۇلىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر پىل...

«بۇنى مەن تەلەپ قىلغانىدىم... بۇ مېنىڭ مەھسۇلۇم. بۇ بالىنىڭ روھىنىڭ قۇپقۇرۇق، ھېس ــ تۇيغۇسىنىڭ قۇپقۇرۇق بولۇشىغا مەن بۇيرۇق بەرگەنىدىم. مانا ئەمدى ئالدىمدا جانسىز، سوغۇق، سۆيۈمسىز بىر مەخلۇق تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن خاپا بولۇشقا

هەققىم يوق.»

جىھات ئۆزىنىڭ بۇ رەزىل ئويلىرىدىن ئۆزى قورقۇپ كېتىپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى قامالىدى ۋە بىر قەدەم كەينىگە داجىدى. ئەمدى ئۇنى كۆرۈشكە رايى قالمىغانىدى... ئۇ ۋىجدان ئازابىنىڭ جانلىق بىر مىسالى سۈپىتىدە جىھاتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇنىڭغا تاقەت قىلغۇدەك مادارى قالمىدى، ياق! بۇ بالىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىشى كېرەك.

جىھات تەلۋىلەرچە بىر ھەرىكەت بىلەن قوڭغۇراقنى باستى. لېكىن بىرسى كەلگەندە ئۇنىڭغا بالىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار دېيىشنى ساقلاپ تۇرمايلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. سۇئات كەڭرى بىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇزلا قالدى.

قېرى خىزمەتكار كىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— كەل ئوغلۇم، سېنى ئېمىكئاناڭغا ئاچىقىپ بېرەي، — دېدى.

بالا بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن قولىنى ياشانغان ئادەمنىڭ يىرىك ۋە قورۇلۇپ كەتكەن قوللىرى ئىچىگە تاشلىدى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ، قاراڭغۇ كارىدوردىن ئۆتۈۋاتقىنىدا، خىزمەتكار بالىنىڭ كىچىككىنە بارماقلىرىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى - دە:

— نېمە بولدۇڭ ئوغلۇم؟ قورقۇۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

بالا راستتىنلا قورقۇۋاتاتتى. شۇڭا دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ:

— گەپ قىلما! — دېدى. چۈنكى بىر بۇلۇڭدا جىھات بەي مۆكۈنۈپ تۇراتتى. خىزمەتكار كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېگىشتى:

— جىھات بەي ئەسكى ئادەم ئەمەس، ئوغلۇم. ئۇنىڭدىن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ.

لېكىن ئۇ تەرسالىق بىلەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— كەپسىز بالىلارنى ئۇرىدىغان، گەپ ئاڭلىمىغانلارنى يەۋېتىدىغان... ئالۋاستى ئۇ، — دېدى ۋە بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، ئەنسىزلىك بىلەن كەينىگە قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئالۋاستى

بىزنى تۇتۇۋالمىسۇن، قاچايلى، قېچىپ كېتەيلىچۇ.

ئۈچ يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق دادا ـ بالا ئۇچرىشىشى مانا مۇشۇنداق ئۆتتى. بۇ ئۇچرىشىش ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوخشىمىغان مەنىدە رەنجىتكەنىدى.

## 5

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە جىھات ئوغلىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. ئۆيدىن مۇمكىنقەدەر يىراقراق تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئوغلى بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولغانىدى. ياش يىگىت تېخىچە ئۇ مۇدھىش ھاياجانىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. سۇئاتنى قايتىدىن يېنىغا چاقىرسا، يەنە ئۇ بىرقانچە كۈن ئالدىدىكى قوپال ۋە كۆڭۈلنى زېدە قىلىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

قىزىق ئىش، جىھات ئوغلىغا نىسبەتەن ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمىغانلىقىنى ئۆزىچە بەك نورمال بىر ئىش دەپ ھېس قىلغان تۇرۇقلۇق، ئوغلىنىڭ بۇنداق قارشى ئېلىشى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنىدى. ئۇ ئۆزى ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، بالىسىدىن مېھرىبان، دوستلارچە، سۆيۈملۈك بىر دادىغا قىلىشقا تېگىشلىك مۇئامىلىنى كۆرۈشى مۇمكىنمىدى؟ بەلكى... ھەرھالدا بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدىن زادى نېمە كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت، بەك كۈچلۈك ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ بولدى دەپ قارىغان بەزى پرىنسىپلىرىنىڭ بىردىنلا بىتچىت بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى.

جىھات بىركۈنى قەرەلسىز بىر سائەتتە، بىر كىتابنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كەلگەنىدى. ئىشىكنى ئەسما ئاچتى ۋە ھېچنېمە دېمەستىن قېچىشقا ئۇرۇندى، ئەمما جىھاتمۇ دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشماقچى بولدى ـ دە، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سورىدى:

— سەن بىلەن تېخى كۆرۈشۈپ بولالمىدىم، ئېمىكئانا. قانداقراق ئەھۋالىڭ؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ ئۈچ يىلدىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرمەپسەن.

كۈتمىگەن بۇ ئىلتىپاتتىن ياشانغان خوتۇن بەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۆز قولى بىلەن چوڭ قىلغان ۋە پۈتكۈل نۇقسانلىرىغا قارىماي يەنىلا بەك ياخشى كۆرىدىغان خوجايىنىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن پاشايىم، سىزنىڭ سايىڭىزدە بەك ياخشى تۇرۇۋاتىمەن.

— سۇئات قانداقراق؟ بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدىمۇ؟

ئېمىكئانىنىڭ يۈزلىرىدىكى تەبەسسۇم بىردىنلا غايىب بولدى. شۇنداقتىمۇ سەل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ دېدى:

— ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ قېلىۋاتىدۇ.

— يۈر، مەن بىلەن بۇ يەرگە كەلگىنە.

ئېمىكئانا ئەنسىرەپ ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى. كۆرۈنمىگەن بىرسىگە «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۈنىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خوجايىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكىنىچە كۈتۈپخانىغا كىردى. جىھات ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايلا كەسكىن بىر تەلەپپۇز بىلەن سورىدى:

— ئېمىكئانا، سۇئات قانداقلارچە بۇ ياشتا چوڭلارنىڭ گەپلىرىنى قىلىدۇ؟

— قانداق گەپلەرنى دەيسىز پاشايىم؟

— مەسىلەن، «جىھات بەي خالىمايدۇ... بالا كەم - كوتسىز بىر ئەركەك بولۇشى كېرەك... خوتۇن كىشىدەك بولۇپ قالسا بولمايدۇ... قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈشكە بولمايدۇ... ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، بۇنى ياخشى كۆرمەيمەن دېيىشكە بولمايدۇ...» دېگەندەك سۆزلەرنى. يا پەرۋەردىگارا، بۇلارنى تېخى بىر دەرس ئۆتۈۋاتقاندەكلا، ھېچ دۇدۇقلىماي، ئويلاپمۇ قويماي يادقا سۆزلەۋاتامدۇ؟

تۆت ياشتىكى بىر بالا بۇلارنى نەدىن ۋە قانداق ئۆگەندى؟ مۇشۇن-داق پەلىپەتىش سۆزلەرنى ئۇنىڭغا كىم ئۆگەتتى؟

جىھات بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا، ئېمىكئانا ئاللىبۇرۇن ھودۇ-قۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپلا قالغان، ئاندىن ئۇنى ئىد-چىگە چۇشۇپ كەتكەنىدى. ئاخىردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ناھايىتى تەستە تۇرگۇن بىر ئاۋازى بىلەن:

— بالىغا ھېچكىم بىرنەرسە ئۆگەتمىدى. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ. پەقەت سىزنىڭ ماڭا بەرگەن كەسكىن تەلىماتلىرىڭىزنى مۇنەۋۋەرگە ۋە ئەتراپىمدىكىلەرگە قايتىدىن تاپىلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم. چۈنكى، بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر سۇئات بەينى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كەتكىلى تۇردى. ئۇنى پەقەت سىزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىڭىزنى، ھەتتا قىلغان تەھدىتلىرىڭىزنى ئەسكەرتىپ تۇرۇپلا تىزگىنلىيەلەيتتىم. بۇلارنى دەۋاتقىنىمدا يېنىمدا تۇرغان كىچىككىنە بىر بالىنىڭ دېگەنلىرىمنى ئۆز ئەينى تۇتۇۋالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟... ھالبۇكى، ئادەتتە ھېچقاچان مۇنداق گەپلەرنى قىلمايتتى. بولۇپمۇ... سىزنىڭ ھازىر دەۋاتقان جۈملىلەرنىڭ بىرىنىمۇ... ئەكسىچە بالىنىڭ ھەممە نېمىنى ئاڭلاپ يادلىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. ئەپەندىم مەنمۇ سەۋەبسىز مۇنداق قىلمىدىم، سىزنىڭ ئەمىرلىرىڭىزنى بەجا كەلتۈرمەكچى بولغانىدىم. بۇنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، — دېدى.

جىھات بىر خوتۇننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەرگە جاۋاب بەرگۈدەك سۆز تاپالماي قالدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى يوللۇق ئىدى. ئۇنىڭغا بۇيرۇقنى ئۆزى بەرگەنىدى، بۇ سۆزلەرنى ئۆزى قوللانغانىدى. ئۇنىڭ ئۇ بۇيرۇقلىرىنى ياشانغان بىر ئايال ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە تەتبىق قىلغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ گۇناھى بولامتى؟

جىھات ئۆزى چۈشۈپ قالغان بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئارتۇقچە توختالماسلىقنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، گەپنى باشقا ياققا يۆتكىۋەتتى:

— ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى تەكىتلەپ ئولتۇرمايلى. ئۇ چاغدا مەن شۇنداق تەلەپ قىلغان، شۇنداق سۆزلىگەنىدىم. بىراق ئەمدى سەن ئۇنىڭغا مېنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىمنى، مېنى ياخشى كۆرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتىشىڭ لازىم.

— ئەلۋەتتە، ھەممىشەم ئېيتىپ تۇرۇۋاتىمەن.

— يەنىمۇ قاتتىقراق تاپىلاپ تۇرغىن.

— ماقۇل پاشايىم، ئەنسىرىمەڭ.

— بۇ ئاخشام ئۆيگە كېلىشىم بىلەن تەڭلا سۇئاتنى ھۇجرامغا ئېلىپ كىرگىن.

— باش ئۈستىگە.

— لېكىن يېنىدا سەنمۇ بىللە بولغىن، ئۆتكەن كۈندىكىدەك ياۋايىلىق قىلىپ كەتمىسۇن يەنە.

— خالىغىنىڭىزدەك قىلىمەن.

— ئۇنى ئاخشاملىرى سائەت قانچىدە ياتقۇزىسەن؟

— يەتتە يېرىم - سەككىزلەردە.

ئۇ كۈنى سائەت ئالتە يېرىمدە سۇئات ئېمىكئانا بىلەن بىللە تاماقخانىغا كىرىپ كەلدى. ئەيمىنىپ، ئۈركۈپ تۇرغان بالا ئۆگىتىلگەن دەرسنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئىتائەتمەن ئوقۇغۇچىدەك قوپال قەدەمدە مېڭىپ دادىسىغا يېقىن كەلدى، ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى ۋە كىچىككىنە پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئېگىزلەپ، دادىسىنىڭ سۆيۈشى ئۈچۈن پېشانىسىنى تۇتۇپ بەردى. شۇنداقتىمۇ ئاغزىلىرىنى ئۈمچەيتىپ، نېمىگىدۇر ئىككىلىنىپلا تۇراتتى. ئەمما بۇنىڭغا نىسبەتەن جىھات بەك خۇشال كۆرۈنەتتى. مېھىر - شەپقەت ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئاۋازى بىلەن خىتاب قىلدى:

— كەل قوزام، كەل شېكىرىم، مېنىڭ يۈزۈمگە قارىغىنە.

لېكىن سۈئاتنىڭ دەرسى شۇ يەرگىچە ئىدى. ئەمدى تېخىمۇ ئارتۇق غەيرەت قىلغۇچىلىكى قالمىغانىدى. بېشىنى ئېگىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ تۇرغان ھالدا:

— قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

بۇ قېتىم ياش يىگىت ئىچىنى ئۆرتەپ تۇرغان بىر ئازاب ۋە ئىزتىراپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— نېمىشقا قورقىسەن ئوغلۇم؟ كىمدىن قورقۇپ كېتىۋاتىسەن؟ ئېيتقىنا، نېمىشقا قورقىسەن؟

سۈئاتنىڭ كالپۇكلىرى تېخىمۇ تىترەپ كەتتى. يىغلاپ تاشلايدىغاندەكلا تۇراتتى:

— مەن ئەسكىلىك قىلمىدىم... مەن دېگەن ياۋاش بىر قۇرت تۇرسام... — دېدى تىترەك بىر ئاۋازى بىلەن.

جىھات ئۇنىڭ چاچلىرىنى ۋە يۈزلىرىنى سىيلاپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە ياۋاشسەن. ئوماق بىر قۇرتسەن. ئەسكىلىك قىلساڭمۇ نېمە بوپتۇ؟

بالىنىڭ جاۋاب بېرىشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئېمىكئانىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋىدى، جىھات قولىنى سىلكىپ ئىشارەت قىلىپ ئۇنى توسۇپ قالدى.

— دېگىنە ئوغلۇم، ئەسكىلىك قىلساڭ نېمە بولىدىكەن؟ — سۈئات تىپىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن دادىسىغا قارىشىغىلا كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى.

— مېنى ئۇرماڭ جۇمۇ... مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم.

بالىنىڭ بۇ ئاۋازىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان قورقۇش، پەرىشانلىق ۋە شىكايەتلىك ئىزگۇ ئاھاڭ ياش يىگىتنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

— ئۇرماڭ دەمسەن؟ سېنى كىم ئۇرالايدىكەن ئوغلۇم.

— جىھات بەي.

— مەن... مەنمۇ؟

— ھەئە، ئېمىكئانام شۇنداق دېگەنتى.

ئەمدى جىھاتنىڭ تاقىتى قالمىدى. ئاچچىقىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاچچىقى بالىغا ئەمەس، مۇنداق قاملاشمىغان ئىدىيەنى سىڭدۈرگەن قېرى ئايالغا ئىدى. شۇڭا غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇئات بۇنى ئانا ئورنىدا ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزى باغلىنىپ قالغان ئۇ خوتۇنغا قارشى باشلانغان بىر ھۇجۇم دەپ ئويلاپ قالدى ـ دە، دادىسىنىڭ ئېي-مىكئانىسىنى ئۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەنلا بەك ئاجايىپ ۋە پەۋقۇلئاددە بىر ئىش يۈز بەردى. بىر مىنۇت ئاۋۋالقى قورقۇنچتىن تىترەپ تۇرغان بالا بىردىنلا ئۆزگەردى: ئېمىكئانىسىنى كۈچلۈك بىر ئادەمدەك مۇداپىئە قىلماقچى بول-دى. قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، چاتلىرىنى كېرىپ، خۇددى بىر ھەيكەلدەك ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتى؛ كۆزلىرىنى دادىسىغا مىختەك تىككەندى. شۇ تاپتا ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك بىر مەنزىرە پەيدا بولغانىدى. چۈنكى تۆت ياشلىق بىر بالا ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى مۇداپىئە قىلىشقا تەييار بولغانىدى. كىمگە قارشى؟ كىمدىن؟ دۇنيادا ئەڭ قاتتىق قورقىدىغان، بىر ئالۋاستى دەپ تونۇغان دادىسىغا قارشى، ئۆز دادىسىدىن...

ئۇ كۆزلىرىنى «مىت» قىلماي دادىسىغا تىكىلىپ تۇراتتى. شۇ ئەلپازىدا: «كەلگىنە قېنى... ئېمىكئانامنى چېكىپ باققىنىڭ-نى بىر كۆرەي، قورقمىساڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ باقمامسەن؟ ئالدىڭدا مەن بار جۇمۇ!...» دېمەكچى بولۇۋاتاتتى.

جىھات بالىسىنىڭ ئوت چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىدا بىردىنلا ئىرادىسىنى يوقىتىپ، جايىغىلا مىخلىنىپ قالدى. نە بىر ئېغىز گەپ قىلالمىدى، نە بىرەر ھەرىكەت...

كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ قارشىسىدىكى بۇ جاسارەت، ئۇنىڭغا تى-كىلگەن بۇ قاراشلار... بۇ كۆزلەر... ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن پەرەۋەر-دىگارا! چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندىمەن ـ ھە؟ ئەقلىمدىن ئېزىپ قې-لىۋاتىمەنمۇ ـ يا؟ بۇلار... ھەئە، شۇنداق... بۇ دەل زەررىنىنىڭ

قاراشلىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل يۇ-رۇش – تۇرۇش، بۇنداق قارشى چىقىش... خۇددى ئاخىرقى كېـ-چىدىكى كۇچلۇك، قۇدرەتلىك ئېرىگە قارشى چىقىپ ئىسيان كۆ-تۈرگەن، ئۇنىڭ ماددىي كۈچ – قۇدرىتىنى قىلچە كۆزگە ئىلمىـ-غان زەررىنىگە ئوخشاشلا... ئۆزۈڭ ساقلا خۇدايىم.

پەرىشان بىر هالغا چۈشۈپ قالغان جىهات قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى ئېتىۋالدى. يەنە مەغلۇپ بولغانىدى. سۆيگۈسى يەنە غۇرۇرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى.

— سۆيگۈم... غۇرۇرۇم... — دەپ پىچىرلىدى. بىر ئازدىن كېيىن مەيۈس بىر هالدا ئەسماغا قارىدى:

— سەن بىردەم سىرتقا چىقىپ تۇرغىنە، ئېمىكئانا.

جىهات ئوغلى بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن، خۇددى چۈ-شىدىكىدەكلا ئېغىر ۋە ئاۋازسىز قەدەملىرى بىلەن ئۇنىڭغا يېـ-قىنلاشتى. بالىسىنىڭ قايتىدىن تىترەشكە باشلىغانلىقىغا پەرۋا-مۇ قىلماستىن، ئۇنى تېخىمۇ قورقىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماستىن، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. باغرىغا چىڭ باسقان هالدا كۆتۈرۈپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر ئو-رۇندۇققا ئولتۇردى. يورۇقراق يەردە، ئۇنى تېخىمۇ ياخشىراق كۆرۈۋالماقچىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە — بالىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، قاراشلىرىدىن ئانىسىنى ئىزدىدى؛ ياخشى كۆرگەن، تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرگەن خوتۇنىنى... ئۈچ يىللىق ئايرىلىشنىڭ مابەينىدىمۇ تاكى هازىرغىچە تومۇرلىرىدىكى قان – قېنىغا سىڭىپ كەتكەن زەررىنىنى ئىزدىدى.

قوللىرىنى ئۈزۈپ بالىنىڭ كۆكسىگە قويدى.

«مېنىڭ زەررىنىم... گۈزەل خوتۇنۇم... ئوغلۇم... كىچىك سۇئاتىم» دەيتتى ئىچىدە.

بالا ئاپىسىغا نېمىدېگەن ئوخشايتتى – هە. ئاپىسىنىڭكىگە

ئۇپمۇ ئوخشاش سېرىق چاچلىرى، كەڭ پېشانىلىرى، پەقەت بۇرنىلا سەل يۇمىلاق ئىدى... لېكىن كۆزلىرى... قاراشلىرى... بۇ تاتلىققىنە، تىكىلىپ تۇرۇپ قاراشلىرى، يىغلاۋاتسىمۇ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ كۆزلىرى ئۆز ئەينى ئۇ...

— مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، قوزام، مېنىڭ زەررىنىم...

ئۇ شۇ تاپتا كىمنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى، قايسىسىنى بەكرەك ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى ئىككىلا سۆيگۈ قايناپ، ئارىلىشىپ، يوغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئىككى تەن ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، پۈتكۈل دۇنياسى ئىدى. ئىككىلىسىمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى... شۇڭلاشقا ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇشالىسىلا، ئۇ چاغدا جىھات بىر پۈتۈن ئىنسان بولالايتتى، ئۈچى بىرلىكتە... بىرلا تەن، بىرلا ۋۇجۇد، بىرلا روھ بولالايتتى. ئۇ ئىسسىق لەۋلىرى بىلەن سەۋدالارچە ئوغلىنىڭ چاچلىرىغا، يۈزلىرىگە، مەڭزلىرىگە، بويۇنلىرىغا، قۇلاقلىرىغا سۆيمەكتە ئىدى ھەمدە ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ توختىماستىن:

«ئوغلۇم... قوزام... سۇئاتىم...» دەيتتى. پەريادقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ سۆزلەرنىڭ، كىرىزىسقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خىل قۇچاقلاشلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئۇنى — زەررىنىنى ئىزدەيتتى، ئۇنى چاقىراتتى.

— سەنمۇ كەل زەررىنىم... ئۈچىمىز بىر يەردە بەختلىك بولايلى. ئاھ، ئۇ چاغدا نېمىشقا چۈشەنمىگەندىمەن... نېمىشقا ساڭا ئىشەنمىگەندىمەن... سۆيۈملۈكۈم. بەخت - سائادەت ئەسلىدە ئەنە شۇنىڭدا ئىكەن ئەمەسمۇ؟... مەن بولسام... ئاھ، مەن بولسام نېمىلەرنى قىلدىم. ھەممىمىزنى قانچىلىك بەختسىز قىلدىم. سېنىمۇ... سۇئاتىنىمۇ...، ئۆزۈمنىمۇ... جىھات بۇنداق سەۋدايىلارچە ۋە بىچارىلەرچە خىيال سۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بالىسىنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەستىن، بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى. بۇ

كىچىككىنە مورىگە سىغىنىپ ئۆنىڭدىن مەدەت ئالماقچى بولۇۋاتاتتى.

ئۇ ئوغلىدىن خوتۇنىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا زەررىن بەك يىراق بىر يەرلەردە ئىدى. زادى قەيەردىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، سۇئاتقا كەلسەك، ئۇ دادىسىنى ئەسلا ياخشى كۆرمەيتتى.

بۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئۆز خىياللىرى بىردىنلا شۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلدىكى، جىھات ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۈن سېلىپ يىغلىشى ئىدى. كۆز ياشلىرى سۇئاتنىڭ مورە ـ باشلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. كۆيىنىكىنىڭ پەشلىرىدە ھاسىل بولۇۋاتقان داغلار بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ كۆز ياشلىرى يىللاردىن بېرى ئىچىگە سىڭىپ كەلگەن، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولغان چوڭقۇر ئىزتىراپلارنىڭ يامراپ چىقىشى ئىدى. ئەنە ئاشۇنداق يىغلاۋاتقىنى بىر دادا ئىدى، بىر ئەركەك ئىدى... پۈتكۈل ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى، سۆيگۈ ـ مۇھەببە-تىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى چۈشەنگەن بىر ئەركەك ئىدى، سۆ-يۈملۈك جۈپتىنى چاقىرىۋاتقان بىر ئەركەك ئىدى... ئۆز خاتا-لىقلىرىنى ھەقىقىي تونۇغان بىر ئەركەك ئىدى...

جىھات ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۆت ياشلىق ئوغلىنىڭ مورىسىگە پېشانىسىنى قويۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. چوپچوڭ، قورقۇنچلۇق بۇ ئادەمنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۇ كىچىككىنە بالا باشتا ھەيران قالدى، كېيىنرەك قورقۇپ كەتتى. نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ نېمە تەلەپ قىلىدىغاندۇ؟ ھالبۇكى، ئۇمۇ مۇشۇنداق يىغلاپ تۇرۇۋالسا ياكى يالۋۇرسا، ئىمكانىسى ئۇنىڭغا دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى.

ئەجەبا بۇ بىچارە ئادەم نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟ ھە، سۇئاتنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇدرۇق قوللىرىنى ئاستا

ئۆزىتىپ ئۇنىڭ بوينىغا سالدى ۋە يېقىملىق بىر ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:
— يىغلىمىغىنە دادا! مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، بولدى قىل، يىغلىما ئەمدى.

# 6

جىھات ئاسانلىقچە ھاياجىنىغا ۋە ھېس - تۇيغۇسىغا مەغلۇپ بولىدىغان، غەم - قايغۇلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ شۇنداق ئىدى. ئەڭ چوڭ ھادىسىلەرنى، ئەڭ پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ھېسسىياتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز مەنتىقىسى ۋە ئەقىل - ئىدراكى بىلەن مۇھاكىمە قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن گوياكى بىر غۇرۇر ۋە ئىززەت - ئىناۋەت مەسىلىسى دەپ قارايتتى. باغدادتا تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالسا، بىرەر ئىشقا دو تىكىشىپ ئۇتتۇرۇپ قويسا يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كېتەتتىيۇ، ئوخشاشلا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرەتتى، ئىچىدىكى ئەلەملىرىنى باشقىلارغا سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلاتتى.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشقا شۇنچىلىك ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىكى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ ھال ئۇنىڭدا ھەددىدىن ئارتۇق ئېھتىياتچان خاراكتېر شەكىللەندۈرۈپ قويغانىدى. ھەتتا ھېچقانداق ئىشتىن ئوڭايلىقچە تەسىرلىنىپ كەتمەيتتى.

سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى، قايغۇ - ھەسرىتىنى، مېھىر - شەپقىتىنى، ئىچكى دۇنياسىدىن ئۇرغۇپ چىققان دەرد - ئەلەملىرىنى باشقىلارغا تۇيدۇرۇپ قويۇش، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىۋاستە ئىناۋىتىنى چۈشۈرگەنلىك ۋە غۇرۇرىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى. خېلى چوڭ پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىپ بولسىمۇ، ئۇنداق بولۇپ قالماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى.

شۇنداقلا بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانمايمۇ قالمىغانىدى.
ۋاھالەنكى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى ھەتتا ئۆزى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرگەن خوتۇنى ئۇستىدىنمۇ قازانغانىدى ـ يۇ، ئەپسۇسكى ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى پۇ-تۇنلەي يوققا چىقىرىپ، شۇ تاپتا ئۇنى ھودۇقتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى، نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلەل-مەيلا قالغانىدى. ئەينەككە قارىسىلا كۆڭلى شۇقەدەر يېرىم بولات-تى. چۈنكى ئەينەكتە ئۇ ناھايىتى ئاجىز بىر ئادەم بولۇپ كۆرۈ-نەتتى، ئۇنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتى بىر ھەپتە داۋام قىلدى. بۇ ئارىلىقتا سۇئاتنى كۆرۈشنى خالىمىدى، ئۇنىڭدىن قېچىپلا يۈر-دى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. زەررىن ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدە زاھىر بولۇپ ئېرىنى ئەيىبلەۋاتاتتى. زەررىننىڭ ھۆ-كۈملىرىنى سۇئات ئەنە شۇ كۆزلىرىدە ئېلىپ يۈرەتتى. بۇ ھۆ-كۈمنى جىھاتقا شەرھلەۋاتاتتى.
بىركۈنى ئەتىگەنلىكى جىھات بۇ خىل مۈرەككەپ تۇيغۇلارنى پەيدا قىلغان ھارغىنلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا، كۆڭلىدە غەلىتە بىر تۇرغۇنلۇقنى ھېس قىلدى. ئۇ كۈرەش قىلىشتىن، دەرد ـ ھەسرەت چېكىشتىن چارچىغان، زېرىككەنىدى. ئۆزىنى ئۆزى ئالداشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئەينى چاغلاردا زەررىنگە بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئۇنىڭغا سەمىمىي ئىپادىلىمىگەن-لىكى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويغان-دى. ئەمدى دەل شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئويۇننى ئوغلىغا ئوينى-ماقچىمۇ؟ ئۇنىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويسۇنمۇ؟ ياق! بۇنىڭ ئەك-سىچە، جىھات بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈشكە ھەرقاچانقىدىن زىيادە موھتاج بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆزلەردىن زەررىننىڭ نى-گاھلىرىنى تاپالايتتى.
جىھات ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغان بۇ قارارى بىلەن ئورنى-دىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدىراپ ـ سالدىراپ كىيىندى ۋە ماشىنىنى

تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ بەي ئوغلىدىكى بىر ئويۇنچۇق ساتىدىغان ماگىزىنغا قاراپ يول ئالدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ھەرقانداق بىر كىچىك بالىنىڭ قەلبىنى دەرھال ئۇۋلىيالىغۇدەك، ئاجايىپ جەلپ قىلارلىق ئويۇنچۇقلار بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. بۇلارنى يېزىقچىلىق ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇشنى شوپۇرغا تاپىلىۋېتىپ، خىزمەتكار قىزدىن سۇئاتنى سورىدى. ئۇنىڭ ئېمىكئانىسى بىلەن بىللە كوچىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، جىھاتنىڭ ئىچى پۇشتى. پىلانلىرىنى دەرھال تەتبىقلاپ باققۇسى بار ئىدى. ئەپ-سۇسكى، ئامالسىزلىقتىن كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بولاقلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاچتى. ئويۇنچۇقلارنى سۇئاتنىڭ بىردىنلا كۆزى چۈشكۇدەك يەرلەرگە تىزىپ قويدى. ئۆزىمۇ دىۋانغا ئولتۇرۇپ، سەۋر - تاقەت بىلەن ئۇنى كۈتۈشكە باشلىدى. بالىسىنىڭ قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەنلا سىرتقا يۈگۈردى، ئېمىكئانىسىنىڭ سۇئاتنىڭ شەپكىسى بىلەن پەلتۇسىنى سالدۇ-رۇۋېتىشىگىمۇ پۇرسەت بەرمەستىن:

— سۇئات، بۇ يەرگە كەل ئوغلۇم، — دېدى ۋە ئۇنى قولىدىن تۇتقان پېتى كۈتۈپخانىسىغا ئېلىپ كىردى.

بالا دەسلەپتە يېتىرقىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى دادىسىنى كۆرمىگەنلىكتىن، ئاخىرقى ئۇچراشقان كۈندىكى ھېس - تۇيغۇ-لىرى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى. لېكىن جىھات ئۇنى مېھىر ۋە سۆيگۈسى بىلەن قۇچاقلىدى. ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يېشىن-دۇردى. ئاندىن:

— قارا، دادىڭ ساڭا نېمىلەرنى ئاپتۇ، سۇئات... — دېدى ۋە بىر يانغىراق ئۆتۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلارنى ئۆزى بىۋاسى-تە تەكشۈرۈپ چىقىشىنى كۈتتى.

كۆپ ئۆتمەيلا بالىنىڭ زېرەك كۆزلىرى ئوچۇق رەڭلىك بىر ئاتقا چۈشتى. يۈزلىرىگە خۇشاللىق يۈگۈردى. قوللىرىنى ئۇزد-

تىپ ئويۇنچۇققا يۆگۆردى. لېكىن دەل شۇئاندا يەنە بىر ماشىنىنى، بىر زەمبىرەكنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، خۇشلۇقىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن دادىسىغا قاراپ تاتلىقىنە:

— سۇئاتنىڭ ئويۇنغۇسى كېلىۋاتىدۇ، دادا — دېدى.

ئوغلىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققان بۇ «دادا» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىملىق بىر مۇزىكىدىنمۇ ئەلا تۇيۇلدى.

— كەل، بىللە ئوينايلى ئوغلۇم. ئەمما قارىغىنە، بۇ يەردە تېخى ئېچىلمىغان بولاقلار بار، ئۇلارنى ئېچىپ باقايلىمۇ؟

— ماقۇل، ماقۇل.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ياردەملەشكىن.

ئىككىسى كۈلۈشۈپ، ئوينىشىپ تۇرۇپ بولاقلارنى، قۇتىلارنى ئېچىشتى. پويىزلار، ماشىنىلار، ھايۋانلار، توپ ـ زەمبىرەكلەر، شۇنداقلا بالىلار دۇنياسىنى خۇشاللىققا تولدۇرۇۋېتىدىغان بىرمۇنچە ئويۇنچۇقلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنى كۆرۈپ بالا خۇشاللىقىدىن گاھ ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، گاھ ئويۇنچۇقلارنىڭ بىرىنى تاشلاپ يەنە بىرىنى قولىغا ئالاتتى، ئاندىن قايتىدىن ئاۋۋالقىلىرىنى سېغىنىپ، يەنە ئۇنى ئويناپ باقاتتى... ئاتتىن ماشىنىغىچە، ماشىنىدىن ئىنشائات سايمانلىرىغىچە بىرقانچە قېتىم يۈگۈرۈپ ئويناپ بولۇپ، ئورۇندۇق ئۈستىدىكى تېخى ئېچىلمىغان بىر بولاقنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇنىڭدا نېمە بار؟

— ئۇنىڭدا بىر مىلتىق بار ئوغلۇم. مىلتىق دېگەن نېمە، بىلەمسەن؟ ھېلىقى ئەسكەرلەر كۆتۈرۈۋالىدىغان نېمىچۇ...

ئۇ دادىسىنىڭ ئىزاھات بېرىشىنى ھاجەتسىز دەپ بىلگەندەك، گەپكە قۇلاقمۇ سالماي دەرھال قەغەزلەرنى يىرتىشقا باشلىدى.

— بىلىمەن، ئەلىنىڭمۇ مىلتىقى بار.

— قايسى ئەلى ئۇ.

— باغۋەن ئەلىچۇ... سەن ئۇنى تونۇمسەن؟

— تونۇماسمەنمۇ؟ بىردىنلا ئېسىمگە ئالالمىدىم.
— ئەلى ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىدۇ. قۇشلارنى، توشقانلارنى ئوۋلايدۇ.
ئۇ مىلتىقنى مەيدىسىگە تېڭىپ، ئەسكەرلەردەك قەدەم تاشلاپ ئۆينىڭ ئىچىنى ئايلىنىشقا باشلىدى ۋە:
— مەنمۇ ئوۋغا چىقىمەن، — دېدى.
— توختاپ تۇرغىن. ئۇنداق بولسا مىلتىقنى مۈرەڭگە ئېسىپ قوياي.
جىھات مىلتىق كەمىرىنى ئۇنىڭ كىچىككىنە مۈرىسىگە ئې-سىپ قويدى. بۇ تۇرقى بىلەن ئۇ شۇنچىلىك كۈلكىلىك كۆرۈنۈپ كەتتىكى، جىھات كۈلۈشتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. بىردىنلا بالىنىڭ چىرايى باشقىچە تۇس ئالدى. مىلتىقنى يەردە تۇرغان ئىتقا تەڭلەپ تۇرۇپ كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈردى:
— گۇم... گۇم... ئۆلدى.
جىھات بۇ كىچىك ئوۋچىنىڭ تۇرقىغا قاراپ تېخىچە قاقاھلاپ كۈلمەكتە ئىدى.
— كىم ئۆلدى، سۇئات؟
— قارا باش.
— قارا باش دېگەن كىم؟
— بىزنىڭ باغدىكى قېرى ئىت... ئەنە شۇنى ئۆلتۈردۈم. گۇم... گۇم...
— ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسەن بالام؟
— قېرىپ كەتتى. ئىشقا يارىمايدۇ، ئەلى ئەمدى ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ.
ئويۇنچۇق ئىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ تېخىچە تۆت پۇتى بىلەن ئۆرە تۇر-غىنىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلگەندى.
— مېنىڭ مىلتىقىم راست ئەمەسكەن. ئەلى قارا باشنى ئۆلتۈرگىنىدە ئۇ يەردە يېتىپ قالغانىدى، بۇ ياتمايدىكەن. ماڭا

راست مىلتىق ئېلىپ بەر دادا...

— نېمە قىلىسەن؟

— قېرى ئىتلارنى ئۆلتۈرىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئەلى قارا باشنى ئاتقان چاغدا سەن شۇ يەردە ئىدىڭ؟

— باغدا ئىدىم... كۆردۈم. مانا مۇنداق قىلدى، گۇم... ئىتتىن قانلار ئېقىشقا باشلىدى.

سۇئات ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقىدا يەرگە يېتىۋېلىپ، قول ـ پۇتلىرى بىلەن تىپىرلاپ تۇرۇپ، كۆكسىدىن غەلىتە ۋە ئېچىنىشلىق بىر ئاۋازلارنى چىقىرىپ، هايۋاننىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى دوراپ بېرىۋاتاتتى.

جىهات كۆزلىرىنى هەيرانلىق ئىچىدە چەكچەيتكىنىچە بۇ ئېچىنىشلىق ۋە غەلىتە مەنزىرىگە قاراپ تۇراتتى. بۇ بالىغا ئۇلار نېمىلەرنى كۆرسەتكەن، نېمىلەرنى ئۆگەتكەن ـ هە، پەرۋەردىگارىم. تۆت ياشلىق بىر بالىنى مۇنداق بىر پاجىئەلىك ۋەقەلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش نېمىدېگەن زالىملىق ۋە نادانلىق!

كىچىك سۇئات دادىسىنى خۇش قىلىۋەتتىمغۇ دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، هەر خىل هەرىكەتلەر ۋە سۆزلەر بىلەن بۇ ۋەقەنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىۋىدى، نىهايەت جىهات تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— بولدى ئوغلۇم، بولدى قىل ئەمدى، — دېدى.

لېكىن بالا بولسا دادىسى بىلەن قىرىشقاندەك ئويۇننى داۋام قىلماقتا ئىدى.

— بولدى قىل سۇئات، كىچىك بالا دېگەن مۇنداق گەپلەرنى قىلمايدۇ.

— قىلىدۇ دادا، مەن ئەلىنىڭ باشقا هايۋانلارنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ساڭا دەپ بېرەيمۇ؟

— ياق، ئاڭلىغۇم يوق.

— قارا، قۇلاق سال... بىر مۈشۈك مۇنداق يىقىلىپ

ئۆلدى...

— سىنىڭ يېشىڭدىكى بىر بالا ئۆلۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى-
نى بىلمەيدۇ.

— مەن بىلىمەن، ئۆلگەن ھايۋانلار يىقىلىپ يېتىپ قالىدۇ.
ئاندىن كېيىن يىغلايدۇ، چىقىرايدۇ. جىھات بەيمۇ ئاپامنى ئۆل-
تۈرگەنىكەن، ئۇمۇ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. قارا، مانا مۇنداق... پاق-
قىدە يىقىلىپتۇ. بىر پارچە خەت بىلەن تەڭلا.

جىھات بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆز-
لىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. يەرگە يېتىۋېلىپ ئۆلۈكنى دورا-
ۋاتقان بالىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— بولدى قىل! بولدى! نېمە دەۋاتىسەن؟ دەرھال ئورنۇڭدىن
تۇرۇپ كەت! مۇنداق ياتما! تېز!

— ئاپام مۇشۇنداق ئۆلدى. جىھات بەي بىر خەت بەردى، ئاپام
گۇپ قىلىپ يىقىلدى.

جىھات قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا ئوغ-
لىغا ھاڭۋاقتىلارچە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلى-
قىنى ئاران - ئاران ئاڭلىيالايتتى. مۇشتۇمىنى مەھكەم تۈگۈپ
ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى.

جىھاتنىڭ بۇ مۇدھىش سۆزلەرنى قىلىۋاتقان كىچىككىنە
ئېغىزنى بىرنى تېپىپ جىمىقتۇرغۇسى كەلدى. ئۇ ئەقلىدىن
ئېزىپ قالاي دەۋاتاتتى. كۆتمىگەندە ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرۈپ قال-
دى. ئۇ شۇ تاپتا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان
بىر ساراڭغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بۇ تۈرقىنى كۆرۈپ قورقۇپ
كەتتى. تۇرغان يېرىدە ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللاپ،
زېھنىنى يىغىشقا تىرىشتى.

«ياق! ياق! مۇنداق قىلالمايمەن... بالا نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆ-
زى بىلمەيدۇ... ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا گۇناھ يوق.
بۇنىڭدىمۇ يەنىلا مەن ئەيىبلىك. ئۇنى خىزمەتكارلار ۋە خىزمەت-
كار بالىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمەسلىكىم كېرەك ئىدى.» ئۇ

بۇ خىل ئەيىبلەشلەر بىلەن ئاچچىقىنى يېڭىشكە مۇۋەپپەق بولغا-
نىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئېگىشتى:
— تۇر ئوغلۇم. بۇ ئويۇنۇڭ كۆڭلۈمگە ياقمىدى. ئەمدى بۇن-
داق دورامچىلىقلارنى قىلما! بۇ سۆزلەرنى قەتئىي دېمە! ئۇقتۇڭ-
مۇ؟ دەيدىغان بولساڭ مەن خاپا بولىمەن. شۇنىڭ بىلەن ساڭا ئو-
يۇنچۇق ئېلىپ بەرمەيمەن. شاكىلاتمۇ... ئۇقۇۋاتامسەن؟ جاۋاب
بەرگىن ماڭا.
— ماقۇل.
— ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سال ۋە دېگەنلىرىمنى ئۇنۇتما!
سېنىڭ ئاپاڭ ئۆلۈپ كەتمىدى، ئۇ ھايات.
— ياق، ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەن بىلىمەن.
— ئۇنداق دېمە دەۋاتىمەن ساڭا...
— مۇنەۋۋەر شۇنداق دېدىغۇ، ئۇنى جىھات بەي...
— بۇنى يەنە بىر قېتىم سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئاڭلىماي. مۇ-
نەۋۋەر يالغان دەپتۇ، جىھات بەي نە ئاپاڭنى، نە باشقا ھېچكىمنى
ئۆلتۈرمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما، يالغان.
— مۇنەۋۋەر يالغان گەپ قىلمايدۇ... مەنمۇ يالغان گەپ قىل-
مايمەن. يالغان گەپ قىلسا يامان بولىدۇ.
— ئۇنداقتا مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالغىن، ئاپاڭ ھايات.
ئۇ بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى بۇ يەرگە كېلىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟
بالا ئۆز يېشىغا ماس بولمىغان بىر خىل جاھىللىق بىلەن
يەنە تەكرارلىدى.
— مۇنەۋۋەر شۇنداق دېدى، بۇنىڭدا مېنىڭ گۇناھىم يوق. ئا-
پام يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ... بىر پارچە خەت ئۇنى ئۆلتۈرۈپ
قويۇپتۇ، راست دەۋاتىمەن... مۇنەۋۋەر شۇنداق دېگەن.
— بۇنداق دېمە دەۋاتىمەن ساڭا!
جىھاتنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالغانىدى. بالا بىردىنلا
قورقۇپ كەتتى. كالپۇكلىرىنى ئۈمچەيتىپ يىغلاشقا باشلىدى.
مانا مۇشۇنداق كالپۇكلىرىنى ئۈمچەيتىشى، مانا مۇشۇنداق

يىغلاشلىرىمۇ ئۆز ئەينى ئانىسى ئىدى.
نىمىدىگەن مۇدھىش خاتىرىلەر، پەرۋەردىگارىم! بۇ قورقۇنچاق ۋە مىسكىن بالىنىڭ چىرايىدىن باشقا بىرسىنى كۆرۈش ۋە ئۇنى ئەسلەش نىمىدىگەن ئېغىر ـ ھە؟ ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى. قوللىرىنى زەررىنىنىڭ مورىلىرىدە تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى... ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنىنى قانداقلارچە قۇچاقلىغۇالدىكىنە؟ نىمىشقا شۇنداق قىلدىكىنە؟ قانداق جاسارەت بىلەن؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.
— بولدى. سىرتقا چىقىپ كەت. ئىمىكئاناڭنىڭ قېشىغا چىققىن سۇئات، — دېدى ئاخىر.
جىھات بۇلارنى دەۋاتقىنىدا ئاۋازى بوغۇزىغا قاپلىشىپ، بىر ئۆكسۇش بىلەن بوغۇلۇپ قالغاندى. بېشىنى ئۇستەلگە تىرىۋېلىپ، مۇشتۇملىرىنى چېكىگىدە تۇگۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەجھۇل دۇشمەنلىرىگە خىتاب قىلىۋاتقاندەك ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:
— بۇ مۇمكىن ئەمەس!... مۇمكىن ئەمەس! — دېدى، — ئۇلار ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ. زەررىن ئۆلمىدى، ئۇ تېخى ھايات. بۇ سۆز قەتئىي يالغان! قانداقلارچە ئۇنداق بولىدۇ؟ ياق! ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم. زەررىن، سۆيۈملۈكۈم، قوزام، جېنىم، يۈرىكىم... مۇنەۋۋەر يالغان دەيدۇ. شۇنداققۇ؟ سەن ئۆلمىدىڭ، ياشاۋاتىسەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ گەپ قىلساڭچۇ... ماڭا جاۋاب بەرگىنە... بولمىسا ساراڭ بولۇپ قالىمەن.
سىرتتا ھاۋا تۇتۇلۇپ قالغان بولۇپ، بۇلۇتلار تۆۋەنلەپ كېلىۋاتاتتى. يامغۇر تامچىلىرى دېرىزە ئەينەكلىرىگە تارسىلداپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ھۇجرىنىڭ تاملىرىدىكى خىلمۇخىل كىتابلار ئۇستىگە گۇگۇم يوپۇقى يېپىلىشقا باشلىدى. گېلەم ئۇستىدە چېچىلىپ ياتقان ئويۇنچۇقلار بارا ـ بارا گۇگۇم ئاستىدا قېلىۋاتاتتى.
جىھات كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ نەرسىلەرنى تونۇيالمايۋاتقاندەك ئەتراپىغا ھەيرانلىق بىلەن ئۇزاق زەن سېلىپ ئولتۇ-

رۇپ كەتتى. ئاندىن ھارغىنلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تاشقىرىغا چىقتى. ئۆينىڭ پۈتكۈل جابدۇقلىرى چۆرگىلەۋاتقان- دەك، يەر پۇتلىرىنىڭ ئاستىدىن قېيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

# 7

يەنە بىرقانچە كۈنگىچە جىھاتنىڭ ئوغلىنى كۆرگۈسى كەلمىدى. ئۇنىڭدىن قېچىپلا يۈردى. ئۇنىڭ كىچىككىنە بەدىنى بىلەن سوزۇلۇپ يېتىشلىرى، قوللىرىنى، ئاياغلىرىنى تىپىرلىتىپ تۈرۈپ ئىتتىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى دوراشلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇ قاباھەتلىك بىر چۈش قوينىدا ياشىماقتا ئىدى. بۇ قورقۇنچلىرىغا يەنە ۋىجدان ئازابى، ھەسرەت ـ نادامەت ۋە ئېچىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل روھىي ھالىتىمۇ سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئازابلىق تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ؟ تۆت ياشلىق بالىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنى، يوشۇرۇن مەقسەت بىلەن دارىتمىلىغان بولماستىن پارالى ئارىسىدا مۇنداقلا قىلىپ قويغان قىلىقلىرى، مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزلىرىدىن نېمىشقا تۇيۇقسىز مۇنداق روھىي كىرىزىسكە دۇچار بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بۇ دەرىجىدە گۇناھكار ھېس قىلىدۇ؟

بۇنىڭدىن باشقا، بالىنىڭ ئاپىسىغا بۇنچىۋالا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىمۇ ئۇنى ساراسىمگە سېلىۋەتكەنىدى. ئۇ زەررىنىنى خۇددى بىردىنلا بالىلىقىغا قايتىپ، ئەينى كۆزلىرى، ئەينى ئاۋازى، ئەينى قىلىقلىرى بىلەن گويا بىر سودىيەگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى.

كۈلكە ـ تەبەسسۇملىرى، يېقىملىق ئاۋازلىرى، بەزى تەرسالىقلىرى، ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ يىغلاشلىرى پۈتۈنلەي ئاپىسىغا ئوخشايدىغان، شۇنداقلا ئۆز قېنىدىن ئاپىرىدە بولغان بۇ بالىنى نېمە ئۈچۈن خەقلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، نادان ئېمىكئانىلارنىڭ، ئەر خىزمەتكارلارنىڭ تەربىيەسى بىلەن چوڭ قىلغاند-

دى؟ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈلگەن كىيىملەرمۇ جىھات باغدادلىقنىڭ ئوغلىغا لايىق ئەمەس ئىدى. پەقەت ئىستانبۇلدىن باشقا بىر يەرلەرنىڭ خەلقلىرىلا بالىلىرىنى ئاشۇنداق كىيىندۈرەتتى.

شۇنداقتىمۇ بۇلارنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇ نادان ئىمكىئانىغا ئۆزى تېخى نېمە دېگەنىدى؟ «ئوغلۇمنى بىر قىز بالىدەك ئەمەس، كەم ـ كوتىسىز بىر ئەركەك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىسەن. قورقماس، جاسارەتلىك بولسۇن... بىھۇدە ئورۇنسىز يىغلاپ ـ قاقشاشلارنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئەسكىلىك قىلسا قورسىقىنى ئاچ قويىسەن. يىغلىسا يالغۇز ئۆيگە سولاپ قويىسەن. قورقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسۇن. نە مىس ـ مىس، نە بەك سەزگۈر، نە بەك ھېسسىياتچان بولۇپ قالمىسۇن. چۈشەندىڭمۇ؟»

بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈنلەمچى بىر ئەرنىڭ خوتۇنىغا بولغان غەزەپ ـ ئاداۋىتى تۈپەيلىدىن بىكاردىن ـ بىكار بالىسىنى ئۇرغانلىق بولماي نېمە؟ ئۇ چاغدا جىھات بۇنى قانداقلارچە چۈشىنەلمىگەندۇ؟ ئۇنىڭ پۈتكۈل قىلغان ـ ئەتكەنلىرى كۈنلەمچىلىكتىن باشقا يەنە نېمە بولسۇن؟ ئۇ كۆڭلەك مەسىلىسى، ئۇ كۆز ـ كۆز قىلىشلار، كىشىلەردىن قاچۇرۇپ يۈرۈشلىرى... ھەممە ـ ھەممىسىلا غۇرۇر ۋە ئاڭسىز كۈنلەمچىلىك... ھەتتا ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى ئىشلەتكەن قوراللارنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا تەڭلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى... ئۇ چاغلاردا ئۇ دۆت، كور ۋە پاڭ بولۇپ قالغانىدى... كۆزىنى ئاداۋەت ۋە خىرىس توسۇۋالغانىدى.

ھالبۇكى، بۇلارنى پۈتۈنلەي باشقا بىر يول بىلەنمۇ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولاتتى. ئۇ شىرىن سۆزلۈك، مۇلايىم قىز زەررىنىنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئالغانلىقىغا قانائەت قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇنى ئاسراشنىڭ، كۆيۈنۈشنىڭ ئورنىغا، ئاجايىپ تۈترۇقسىز سەۋەبلەر ۋە ئاللىقانداق شەرتلەر بىلەن ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويغانىدى. نەتىجىسى قانداق بولدى؟ نەتىجىدە ئۇۋۇسى بۇزۇلغان، خوتۇنى غايىب بولغان، بالىسىمۇ ئاشۇنداق غەلىتە تەر-

ببيه بىلەن چوڭ بولۇشقا باشلىغانىدى. ئەتە بەلكى، بۇ بالا كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى قىزارتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەربىيە تۈپەيلى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان كىشىمۇ دەل ئۆزى بولاتتى، بۈگۈن خوتۇنىغا قىلغىنى ئۈچۈن تارتىۋاتقان ۋىجدان ئازابىنىڭ يەنە بىر خىل دەردىنى ئەتە ئوغلىغا قىلغانلىرى ئۈچۈنمۇ تارتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئىككىنچى قېتىملىق پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى.

سۇئاتنى كۆرمىگەن بۇ كۆنلەردە جىھات بۇ ئازابلىق ھېسلىرىنىڭ چاڭگىلىدا جان تالاشماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېسلار ئاخىر ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قورۇۋاتقان ئاداۋەت، غۇرۇر ۋە خىرىسنى يەڭدى. بىركۈنى ئەتىگىنى ئويغانغىنىدا، جىھات ئىچ - ئىچىدىن بىر راھەتلىك، بىر خىل خۇشاللىق ھېس قىلىپ قالدى. ئاڭ - ئىدراكىنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىر خىل كۈچ - قۇدرەت ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

قوڭغۇراقنى بېسىپ ئېمىكئانىسىنى چاقىردى. ئاندىن ئارىلىرىدا مۇنداق بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى.

ئەلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئۇ ئىتنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەلەرسەنمۇ؟

— قارا باشنىڭكىنى دەۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— بىچارە ھايۋان كۆزى كۆرمەيدىغان، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى ئىچى ئاغرىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

— شۇنداقمۇ؟ ھىم... مۈشۈكلەرنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتتى؟

— بىر مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنى ئېسىمدە. ئۇنى غالجىر بولۇپ قاپتۇ، دېيىشىۋاتاتتى، باشقا ھايۋانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى.

— ئۇنداقتا بۇلار نېمە ئۈچۈن تۆت ياشلىق بىر بالىنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىندى؟

ئېمىكئانا جاۋاب بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ دۇدۇقلىدىغان بولۇۋالدى. لېكىن جىهات قىستاپ تۇرۇۋالدى:

— ئېيتقىنە، بۇنى نېمىشقا شۇنداق قىلىشتىڭ؟ بىلەتتىڭغۇ، ئوغلۇمنى ساڭا ئامانەت قىلغانىدىم.

— سىزنى مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى خالايدىغۇ، دەپ پەرەز قىلىپ قاپتىمەن بىگىم. چۈنكى سىز ماڭا مۇنداق بىر گەپنى قىلغانىدىڭىز...

— يەنە ئالجوقا سۆزلەشكە باشلىما. مېنىڭ دېگىنىم باشقا، سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار باشقا تۇرسا... بەيكوزغا بارا ـ بارماس ئەلىنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىمەن. جازاسىنى يېسۇن.

ئۇ بۇ گەپلەرنى ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا بىر ئۇ يانغا، بىر بۇيانغا مېڭىپ يۈرۈپ قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا ئېمىكئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى ـ دە، قوپال بىر ئاۋاز بىلەن دېدى:

— بالامنى بەك ئەسكى چوڭ قىپسەن ئېمىكئانا، بالىنىڭ مېڭىسىنى زەھەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىپسەن.

قېرى ئايال ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— شۇنداق، ئۇنى زەھەرلەپسەن، — دېدى تەكرارلاپ، — ئۇنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— نېمە دېدى؟

— جىهات بەي ئاپامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دېدى. مانا بۇ گەپلەرنى ئوغلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭغا بۇلارنى كىم ئۆگەتتى؟ كىم شۇنداق دېدى؟

ئېمىكئانا بەك ھودۇقۇپ كەتتى. شۇڭا قورقۇپ تۇرۇپ:

— مەن... مەن بىلمەيمەن... ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇنى سۇئات دېدىمۇ؟ — دەپ كېكەچلىدى.

— ھەئە، ئۇ بۇنى چوقۇم بىرسىدىن ئاڭلىدى، مۇنداق بىر

ئىشنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقىرالمايدۇ.
— ئويدۇرۇپ چىقاردى چوقۇم... ئەمما كىم؟ قانداقلارچە مۇنداق ئۆگىتىدۇ؟
— ھەر ھالدا ئۇنى سەن مەندىن ياخشىراق بىلىسەن. بالىنىڭ يېنىدا كىم مۇنداق بىر ئىش توغرۇلۇق بىرەر گەپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن
— ھېچكىم... مېنىڭغۇ ئۇنداق گەپ قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.
— ھالبۇكى، شۇنداق گەپلەر بولۇنۇپتۇ، ئەنە. لېكىن، ئالدى بىلەن شۇنى ئۇققۇم بار. نېمە سەۋەبتىن خانىمنى ئۆلۈپ كەتتى دېيىشتىڭلار؟ مېنىڭ مۇنداق ئىشتىن خەۋىرىم يوق... مەن ئۇنى ھايات دەپ تونۇيمەن. ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كىمدىن ۋە نەدىن ئاڭلاپتۇ؟ دەپ باقە قېنى، نېمە بىلسەڭ شۇنى سۆزلە، قورقما.
— خۇدا ھەققى، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن ئوغلۇم...
— ئۇنىڭدىن بىرەر خەۋەر ئالدىڭلارمۇ يا؟
— ھېچقانداق خەۋەر ئالمىدۇق.
— ئۇ توغرۇلۇق بىرەر پاراڭ قىلغانلار بولدىمۇ؟
— قەتئىي!
— ئۇنداق بولسا قانداقلارچە سۇئات ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە گەپ قىلىپ يۈرۈيدۇ؟
— ئۇنىڭغا مەنمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن.
— ھالبۇكى، ئۇ بۇنى خۇددى دەرستەك يادلىۋاپتۇ، تەكرارلاپ تۇرۇپتۇ.
قېرى ئايال شۇنچىلىك ھودۇقۇپ كەتكەنىدىكى، تىترەپ كېتىپ تامغا يۆلىنىۋالدى. قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى.
— ئۆتكەن كۈنى ئالدىمدا دوراپ بەردى. نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ «شۇ جىھات بەي ئاپامنى مانا مۇنداق ئۆلتۈردى. گۇم... گۇم... دەرھال يەرگە يىقىلدى، بىر پارچە خەت بىلەن...»

بۇ سۆزلەر يەتمىگەندەك ئۆزىنىمۇ يەرگە ئاتتى. كۆزلىرىنى يۇ-مۇپ، تىلىنى چىقاردى. شۇ ھالى بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە ئوخشى-ماقچى بولدى. بۇ ئۇنىڭ نىمە دېگىنى بىلەمسەن؟

— ئەمدى بىر ئاز چۈشەندىم، ئەپەندىم. بىر پارچە خەت دېدى-ڭىزما؟

— ھەئە، بۇنىڭدىن نىمىنى چۈشەندىڭ؟

— پەرىزىمچە، — دېدى ئۇ ۋە شاپپىدە توختىۋالدى - دە، ئىككىلىنىپ قېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— دەۋەرسەڭچۇ؟

— پەرەز قىلىشىمچە خانىم بەيكوزغا كەلگەن كۈنى... بىز چامىلىجاغا كېتىپ بولغاندىن كېيىن كەپتىكەن ئەمەسمۇ؟... ئەنە شۇ كۈنى مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغا سىز قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى بەرگە-نىكەن.

— بۇنىڭ بىلەن نىمە دېمەكچىسەن؟

— خانىم بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپتۇ-مىش... بۇنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر بەك قورقۇپ كېتىپ نىمە قىلا-رىنى بىلەلمەي قاپتۇ. بىلىسىزغۇ، ئۇمۇ ئۇ چاغدا كىچىك ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا سوغۇققانلىق بىلەن بىر ئىش قىلىشنى بىل-مەيتتى. خانىمنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا دوختۇر چاقىرتىپتۇ. شۇنىڭدەك يادىغا نىمە كەلسە شۇنى قى-لىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ. ئۇنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ ۋەقە ئۇنىڭغا بەك قاتتىق تەسىر قىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دائىم بۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلاتتى. سۇئاتمۇ بۇلار-نى ئاڭلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك بالا ئەمەسمۇ؟ ئۆز ئەقلى بويىچە ئىشنى چوڭايتىپ، ئۇنى شاخلىتىپ، ئۇنىڭغا شاخ - پۇتاق چىقىرىپ ئويناپ يۈرگەندۇ.

جىھات ئىمىكئانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ بىرقانچە كۈندىن بېرى مېڭىسىنى كوچىلاپ يەپ كېتىۋاتقان تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىۋالغاندەك بولدى. توغرا، ھەقىقىي ئەھۋال شۇنداق،

باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كاس - كاس قىز، كىچىككىنە بىر بالىنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىۋېلىپ ئۆز خىيالى بويىچە چوڭايتىۋېتىدىغىنىنى ئويلىماستىن، بەلكى بىرئاز مۇبالىغىمۇ قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن بولغىيدى.

خوجايىنىنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بولمىغان ئېمىكئانا ئۇنىڭ مۇنەۋۋەرنى ئەيىبلەپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئاقلاشقا تىرىشتى:

— مۇشتۇمچىلىك بىر بالىدا مۇنچىۋالا ئەقىلنىڭ بارلىقىنى ھېچقايسىمىز مۆلچەرلىيەلمەيمىز. شۇڭا ئۇنىڭ يېنىدا ھەرقانداق گەپنى خالىغانچە قىلىۋېرىپتۇق.

جىھات ئەلەم بىلەن ئاچچىق كۈلدى:

— خاتا قىلىشىپسىلەر. بالىلار بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ، ئېمىكئانا.

— توغرا دەيسىز، بىز بۇنى ئويلىماپتۇق. نادانلىقىمىزنى كەچۈرگەيسىز.

ئەمەلىيەتتە سۇئاتنىڭ سالامەتلىكىگە مۇنچىۋالا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، شۇنداقلا قانچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا ھەم ئاتىلىق، ھەم ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈۋاتقان بۇ پىداكار ئايالغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازار بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەيلى ئەسما بولسۇن، مەيلى مۇنەۋۋەر بولسۇن، ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلىنغان سۇئاتنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن چوڭ قىلىشقانىدى. بۇنىڭغا تەن بېرىش كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئېنىق بىر ھەقىقەت ئالدىدا جىھاتنىڭ ئاچچىقى ئاستا - ئاستا يېنىپ كەتتى.

— مۇنەۋۋەر بىلەن كۆرۈشكۈم كېلىۋاتىدۇ ئېمىكئانا، — دېدى ئاخىر، — بويىغا يەتكەن بىر قىز بولۇپ قالغاندۇ ھازىر - ھە؟

ياشىنىپ قالغان ئانىنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن ئېچىلىپلا كەتتى:

— سىز بۇ يەرلەردە يوق چېغىڭىزدا بىرسى بىلەن ئۇنىڭغا چاي ئىچكۈزۈپ قويدۇق. بۇ ھەقتە سىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئالمىغىنىمىز ئۈچۈن كەچۈرۈشىڭىزنى سورايمەن. سىزنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغىنىڭىزنى بىلەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن سىزنى ساقلىيالمىدۇق.

— شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭغا خۇش بولدۇم. كۈيئوغلۇم كىم بولدۇ؟

— بەيكوزدا چەرچىن مال ساتىدىغان بىرسى.

— مۇنداق دېگىن، ياخشى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈڭلارمۇ؟ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ھايا - ئىمانلىق بىرسىمىكەن؟

— ھەئە ئەپەندىم. بىرئاز پۇلىمۇ بار ئىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ ياخشىغۇ! تويىنى قاچان قىلماقچى؟

— بىرقانچە ئايدىن كېيىن. ئالدى بىلەن تەييارلىق ئىشلىرىمىزنى پۈتتۈرۈپ بولۇشىمىز كېرەك.

— مۇنەۋۋەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن. بىر مەزگىل بۇ يەردە تۇرسۇن. شەھەردە تۇرۇپ تەييارلىقىنى قىلسا تېخىمۇ ئوڭاي بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بەيكوزدىكى ئۆيلەرنىمۇ بىر رېمونت قىلدۇرۇپ قوياي. مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ئۇنى ساڭا بېرىۋەتمەكچىمەن. كۈيئوغۇلنىمۇ ئىچكۈيئوغۇل قىلىپ ئارامخۇدا ئولتۇرارسىلەر.

ياشانغان ئايالنىڭ كۆزلىرى مىننەتدارلىق ۋە خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن تولدى:

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن ئوغلۇم، خۇدا سېنى پەرزەنتنىڭ ئارقىلىق كۈلدۈرسۇن. ئاللاھ ساڭا خالىغىنىڭنى ئاتا قىلسۇن. ئاللاھ سېنى...

ئېمىكئانا ئاخىرقى جۈملىنى تۈگىتەلمىگەن بولسىمۇ، جىھات ئۇنىڭ ئەمدى زەررىن ھەققىدە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە، ھاياجانلىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئەسلى سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى:

— سەنمۇ قېرىپ قالدىڭ. دەم ئېلىشىڭ لازىم.

بۇ سۆزلەر مېھنەتكەش كالفاغا بەك قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، كۆڭلى يېرىم بولغان بىر ئاۋازى بىلەن:

— مېنى ئەمدى خالىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك سەممىي ئىدىكى، جىھات تەسىرلىنىپ كەتتى.

— خاتا چۈشىنىپ قالما، ئېمىكئانا. قارا، ساڭا شۇنى ئىنژاھلاپ قويای، سېنى ۋە مۇنەۋۋەرنى باغدادتىن بۇ يەرگە چاقىرتقان چېغىمدا، ئاساسەن سېنىڭ قېرىغىنىڭدا راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭنى ئويلىغان ۋە شۇنداق پىلانلىغانىدىم. ئەمدى باغدادقا قايتىپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ يەردە، ئاپامنىڭ يېنىدا بەك جىق ئادەم بار. بۇنىڭدىن باشقا، سەن ئاناتولىيەدىن ئۇ يەرگە كەتكەنىدىڭ. تۈركىيەدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ، تونۇش - بىلىشلىرىڭ بار. ئۇ قىزىڭنىمۇ شەك - شۈبھىسىز بۇ يەردە ئۆيلۈك - ئۇچاقلىق قىلارسەن. يەنە بىر گەپ، خۇدايىم ئاپامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئەمما مەن ئەمدى باغداد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئاستا - ئاستا ئۈزۈشكە تىرىشىۋاتىمەن. بىر تۈرك بالىسىنىڭ يېرى تۈركىيەدۇر. ئۇ يەر ئەمدى بىز ئۈچۈن ئانا ۋەتەن بولالمايدۇ. سۇئاتنىمۇ بۇ يەردە ئوقۇتىمەن. ئاخىرقى ساياھىتىمدە ئاپامغا بەك يالۋۇردۇم. ئەمدى بىر يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلىرىنى ئۆزىگە ئوبدان چۈشەندۈردۈم. ماڭا ۋاقتىنچە بولسىمۇ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. كەلسە ئۇنى ئەمدى ئۇ يەرگە ھەرگىز ئەۋەتمەيمەن. سۇئاتنى كۆرگەندىن كېيىن بەلكى ئۆزىمۇ قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلماس، دەپ ئويلايمەن. قىسقىسى، دادامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۈزۈپ چىققان لايىھەلىرىنى مەن ئەمدى ئاستا - ئاستا تەدبىقلاشقا تىرىشىمەن... مانا بۇ لايىھەنىڭ ئىچىدە ئېمىكئانامنىمۇ ئويلاپ قويۇش ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ؟ ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنلا ساڭا بەيكوزدىكى ئۆيىنى تەقدىم قىلماقچىمەن.

— كۆپ رەھمەت بېگىم. بىراق سۇئاتتىن ئايرىلىش ماڭا بەك قىيىن تۇيۇلۇۋاتىدۇ.
— توغرا ئېيتىسەن. ئۇنى كېلىپ كۆرۈپ تۇرارسەن. ئەمدى ئۇ بىرئاز تەربىيە كۆرۈشى، ئېمىكئانىسىدىن ئايرىلىشى لازىم. ئۇنىڭغا ماتمازەل (ماتمازەل — ياتلىق بولمىغان غەيرىي مۇسۇلـ. مان قىز) تاپىمەن... ھازىرچە... ئاپىسى كەلگۈچە سۇئات بىلەن ئۇ قىز مەشغۇل بولۇپ تۇرار...
بۇ سۆزلەر ئېمىكئانىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇ قاتتىق جاسارەت بىلەن سورىدى.
— ھە، ... شۇ... خانىم قايتىپ كېلەمدىكەن ؟
— ئەلۋەتتە، ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم شۇ.
ئىككىسىلا جىم بولۇپ قېلىشتى... قېرى ئايال ئۆز بالىسىـ. دەك ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ بۇنچىۋالا بەختسىز بولۇپ قالـ. غانلىقىنى ئۇنىڭ قېشىدا بىللە ئۆتكۈزگەن يېقىنقى بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندىكى، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەپ كەتتى. كۆڭلىنىڭ بەك يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالماي يىغلاپ تاشلىدى ۋە بوغۇق بىر ئاۋازى بىلەن:
— بىچارە قوزىچىقىم! — دەۋەتتى.
بۇ ئىكى كەلىمە سۆز — چىن يۈرەكتىن چىققان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ئىككى كەـ. لىمە سۆز جىھاتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىـ. لىۋېتىشكە يېتىپ ئاشقانىدى. ئۇ ئەلەم بىلەن كۈلۈپ قويدى ۋە يۈرەك دەردىنى ئەسماغا تۆكتى:
— ئاھ ئېمىكئانا، ئىنسانلار غۇرۇر ۋە كۈنداشلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا قانداق بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈۋالىدىغانلىقـ. لىرىنى، قاراپ تۇرۇپلا ئۆزلىرىنى قانچىلىك بەختسىز قىلىپ قويىدىغانلىقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزئارا ئاداـ. ۋەت تۇتۇشمىسا، خىرىس قىلىشمىسا، ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ

ئورنىغا كەلتۈرۈۋالغىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىشمىسا، باشقىلارنىڭمۇ غۇرۇرى، ئىززەت ـ نەپسى، شەخسىيىتى بارلىقىـ نى ئويلاپ قويسا، خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېسسىياتقا بېرىلـ مىسە، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويمىسىدى، قانچىلىك چوڭ بالاـ يىقازالارنىڭ ئالدىنى ئالالىغان بولاتتى ـ ھە؟ ھالبۇكى، بىز بۇنـ داق قىلالمايۋاتىمىز.

ئېمىكئانا بۇلارنى ئاڭلاۋېتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن:

— ۋاي بالام... ۋاي بالىمەي... — دېيىشتىن باشقا جاۋاب تاـ پالماي قالدى.

قايتىدىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. جىھات قىمىرلىماسـ تىن ئالدىغا قاراپ تۇراتتى. بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ، خۇددى مۇـ رىسىدىكى يۈكلەرنى تاشلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىچىدىكى قورقۇنچلىرىنىمۇ قوغلىۋەتـ مەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىر، جەسۇرانە ۋە كەسكىن بىر ئاۋازى بىلەن مۇنداق دېدى:

— يېقىندا بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ. ھەممە ئىش تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. تۇرمۇشىمىز ئۆز يولىغا كىرىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن بۇ يىللار قورقۇنچلۇق بىر چۈشنىڭ خاتىرىسىلا بولۇپ قالىدۇ... لېكىن ھازىرچە ئوغلۇمنى ئۆز يېنىمدا ئېلىپ قېلىشىم كېرەك. ئۇنىڭغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشۈم لازىم. ئۇ مېنى سۆيۈشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. چۈشەندىڭمۇ ئېمىكئانا؟ بۇنىڭ بىلەن ئۇنى سەندىن يىراقلاشتۇرماقچى ئەمەسمەن. سەن ئۇنداق ئويلاپ قالما، مەنمۇ سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالـ مايمەن. لېكىن، ئۇ ھەر ۋاقىت مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدۇ. مېـ نىڭ ھىمايەم ئاستىدا، سۆيگۈم بىلەن چوڭ بولىدۇ.

— قانداق قىلىشنى خالىساڭ، شۇنداق قىل ئوغلۇم.

قېرى ئايال ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ رومىلىنىڭ ئۇـ چى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتكەچ ئۆزى بىلەن ئۆزى پىچىرلاپ ماڭدى:

— بىرقانچە يىلدىن بىرى ئېمىدىگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ـ ھە؟ ماڭا قىلغان ئۇ قاتتىق گەپلىرى نەدە، بۇ قىلغانلىرى نەدە؟ مېنىڭچە، ئۇ جىھات كەتتى، ئورنىغا يىپەكتىن يۇمشاق باشقا بىرسى كەلدى. ئاھ، دادىلىق!

ئۆيدە بولسا ياش يىگىت مىسكىن بىر ھالدا ئۆزىنى دېۋانغا تاشلاپلىۋەتتى. ئۇ چارچاپ كەتكەنىدى، بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى چارچاش ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى، بىردىنلا كۆلكىدىن مەھرۇم، قورقۇنچلۇق ۋە يېقىملىققىنە بىر جۈپ كۆز بارلىق ئوي ـ خىياللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تىكىلىپ تۇراتتى، بۇ كۆزلەردە زەررىنىنىڭ مۇھەببەتلىك قاراشلىرى بىلەن سۇئاتنىڭ بالىلارچە زەن بىلەن قاراشلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ، ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. قوللىرىنى ئۆزىتىپ ئۇلارنى چاقىردى:

— خوتۇنۇم... ئوغلۇم!

# 8

ئېمىكئانا بەيكوزغا قايتىپ كەتكەن كۈنى بىر گېرمانىيەلىك ماتمازەل سۇئاتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ مېھرى ئىسسىق، خۇش چاقچاق، تۇركچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ۋە قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدىغان، تەجرىبىلىك بىر بالا تەربىيەلىگۈچى ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ تۇنجى دەقىقىلەردىلا سۇئاتنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغانىدى. كۆپ ئۆتمەيلا بالىنىڭ چىرايىدىمۇ بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ھەتتا ئۇنىڭ كىيىنىشلىرىدىمۇ يېڭىلىق بولدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئۆيگە كېلەر ـ كەلمەستىن جىھاتقا تۆت ياشلىق بالىغا مۇنداق غەلىتە كىيىم كىيدۈرۈشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بالىنى كىيىندۈرۈش ھەققىدە ئۆزىگە تولۇق بىر سالاھىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. بىر ھەپتىدىلا سۇئاتنىڭ چاچلىرى قىسقارتىلىپ، بۇرۇنقى پاسونسىز كىيىم ـ كېچەكلىرى يىغىشتۇرۇۋېتىلدى. ئاندىن بالىنىڭ چىرايلىقلىقىنى نامايان قىلالىغۇدەك بالىلار كىيىملىرى تاللاپ سېتىۋېلىندى. ئۇنىڭغىچە ئىككىنچى پىلانغا قويۇپ تۇرۇلغان مەسىلىلەر دەرھال بىرىنچى پىلانغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىركۈنى ئەتىگەندە جىھات ماتمازەل بىلەن سۇئاتنىڭ خۇشال ـ خۇرام ھالدا تالاغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تەربىيەچىنىڭ قولىدا بىر سومكا تۇراتتى.

— قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— تاكسىم باغچىسىگە، سۇئات ئۇ يەردە بالىلار بىلەن بىللە توپ ئوينايدۇ. تۆمۈر چەمبەر بىلەن مەشىق قىلىدۇ.

جىھات ئوغلىغا قارىدى. ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق ۋە ئوماق ئى-

دى. ئۇ مۇشۇنداق بىر بالىنىڭ دادىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجا-يىپ زوقلاندى ۋە پەخىرلەندى. دادا - بالا قۇچاقلىشىپ سۆ-يۈشتى.

— بوپتۇ، چىقىپ ئويىنىغىن شېكىرىم. قايتىپ كەلگىنىڭدە كۆرۈشەرمىز، — دېدى جىھات.

ئۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن ئاۋۋال ئوغلىنىڭ قولىدىن تـۇ-تۇپ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. تامدا زەررىنىنىڭ چوڭايتىلغان بىر پارچە سۈرىتى ئېسىقلىق ئىدى.

— قارا سۇئات، بۇ چىرايلىق رەسىمگە ئوبدان قارا ئوغلـۇم. ئاشۇ، ساڭا تاتلىقتىن كۈلـۈپ تىكىلىپ تۇرغان بۇ ياش ئايال سېنىڭ ئاپاڭ بولىدۇ.

بالىنىڭ كۆزلىرىدە ۋىللىدە شادلىق نۇرلىرى چاقنىدى. ئـۇ لام - جىم دېمەستىن، بۇ سۆيۈملۈك، مېھرىبان ئايالغا ئۇزاققىـ-چە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن دادىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن سو-رىدى:

— راستىنلا ئاپاممۇ؟

ئۇنى بـۇ پىكىرگە كۆندۈرمەكچى بولغان جىھات كەسكىن تۇردى ۋە جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە، راستىنلا سېنىڭ ئاپاڭ ئۇ، بالام. كۆرۈپ تـۇ-رۇپسەنغۇ، ئۇ ساڭا شۇنداق چىرايلىق كۈلۈپ قاراۋاتىدۇ.

— دېمەك، ئۇ ئۆلمىدى — ھە؟

— ياق، ئۇ تېخى ھايات. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سېنى بەك ياخ-شى كۆرىدۇ، سۇئات.

بالا خىيالغا چۆكتى. چىرايىدا ئىككىلىنىش ۋە ئەندىشە ئەكس ئەتتى. ئاخىر:

— شۇ، لېكىن... دېدى ئۇ، — ئوسمان بىلەن نۇرانىنىڭ ئا-پىلىرى مېڭىپ يۈرۈشىدۇ. پاراڭ قىلىشىدۇ، ئۇلارنى قۇچاقلى-رىغا ئالىدۇ.

بالىنىڭ بۇ خىل شۇبھىلىنىشلىرى ۋە بۇ گەپلىرى جىھات-

نىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلىۋەتكەندەك ئازابلىدى. ئەمما ئۇ غەيرەت ۋە جاسارىتىنى يوقىتىۋەتمىدى. نېمە بولسا بولسۇن، سۇئاتنى بۇنىڭغا ئىشەندۇرمەكچى بولدى.

— بۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭ ئۇنىڭ سۈرىتى قوزام. سېنىڭ ئاپاڭ هازىر يىراقراق بىر يەردە، بىركۈنى كېلىدۇ. سېنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ كېتىدۇ.

— ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېتەمدۇ؟

— ياق. ئۇنىڭدىن كېيىن دائىم بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۈچىمىز بىللە ياشايمىز.

— كېلىدۇ - هە...

— هەئە، سۇئات، ئۇمۇ ئوسمان بىلەن نۇرانىنىڭ ئاپىلىرىدەك مېڭىپ يۈرىدۇ. پاراڭ قىلىدۇ، كۈلىدۇ.

— قاچانلىققا؟ كەلسۇنا ئەمدى دادا. ئۇنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا گۈل سوۋغا قىلاي.

دەل شۇ چاغدىلا جىهات بالىسىنىڭ قولىدا بىرقانچە تال ياۋاگۈل تۇتۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇلارنى نەدىن تاپقانتىڭ ئوغلۇم؟

— ماتمازەل بىلەن شەهەر ئەتراپىغا چىققانىدۇق. ئۇ يەردە قىرلاردىن توپلىدۇق. بۇلارنى ئاپامغا بېرىمەن، نۇرانىمۇ ئاپىسىغا گۈل ئەكېلىپ بېرىدۇ.

ياش دادىنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى. گۈلنى ئوغلىنىڭ قولىدىن ئاستا ئېلىپ، زەررىنىنىڭ سۈرىتىنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— مانا سەنمۇ ئاپاڭغا بىر دەستە گۈل ئېلىپ كەلدىڭ، سۇئات. بۇنىڭدىن كېيىن هەركۈنى ئەتىگەندە ئۆز قولۇڭ بىلەن بۇ لوڭقىغا گۈل قويغىن بولامدۇ؟

بالا خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كەتتى:

— ماتمازەل ماڭا گۈل تېرىپ بېرىدۇ، مەن ئۇنى لوڭقىغا قويىمەن.

لېكىن بۇ خۇشاللىقى قانداقتۇر بىردىنلا غايىب بولدى.

— ئەمما، ئاپام ئۇنى كۆرمەيدۇ - دە، چۈنكى ئۇ قەغەزدىن ياسالغان تۇرسا...

جىھاتنىڭ كۆزلىرى قايتىدىن ياشقا تولدى. بالىنىڭ دېگىنى يوللۇق ئىدى. ئۇنىڭغا ئاران ئاپىسىنىڭ سۈرىتىنىلا كۆرسىتەلىگەنىدى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن... بىراق بۇ تېما ئۇستىدە ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق توختالغۇسى كەلمىدى - دە، بالىنى قايتىدىن تەربىيەچىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

تۆت ياشلىق بىر بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كىم بىلەلەيتتى؟ سۇئات ھەر كۈنى ئاپىسىنىڭ سۈرىتى ئالدىدىكى لوڭقىغا گۈل قويۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە بۇنىڭ بىھۇدە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىۋالغانىدى. شۇڭا دادىسىغا:

— قەغەزدىن ئاپامنىڭ چىقىشىنى ساقلىمايمەن، ماڭالايدىغان ئاپام كەلسۇن ئەمدى، — دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ بۇ تەلەپلىرىگە قارىتا جىھات ھەردائىم سەۋر - تاقەت بىلەن:

— يېقىندا كېلىدۇ، ئوغلۇم. مەنمۇ كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

دادا بىلەن ئوغۇل پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرۇش نەتىجىسىدە، بىر - بىرلىرىگە بولغان يېقىنچىلىق كۈندىن - كۈنگە ئاشماقتا، ئارىلىرىدىكى مۇزلار ئېرىمەكتە ئىدى. مانا ئەمدى سۇئات دادىسىنى يىراقتىن كۆرۈش بىلەنلا يۈگۈرۈپ بېرىپ بوينىغا ئېسىلىۋالاتتى.

بىركۈنى سۇئات دادىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە سۆيۈشكەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ سىرتقا قاراپ چاپتى ۋە يەنە دەرھال كەينىگە يېنىپ:

— مېنى يەنە ئىككى قېتىم سۆيۈپ قويغىنە دادا، — دېدى.

— نېمىشقا ئىككى قېتىم؟

— بىرسىنى ئاپام ئۇچۇن...

بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا سۆيۈشكە باشلىدى. ئاندىن بۇ قولىنى ئانىسىنىڭ سۈرد-تىگە قارىتىپ ئۇزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا سۆيگۈ يوللىدى ۋە:

— ئۇنى بىرەرسى سۆيۈپمۇ قويمايدىكىنە؟ — دېدى.

— سۈرەت سۆيۈلمەيدۇ، ئوغلۇم.

— مەنغۇ ئۇنى كېچىلىرى ئۇيقۇمدا سۆيۈپ قويۇۋاتىمەن.

ئۇنىڭ بۇ خىل ساپدىللىق بىلەن قىلىنغان گودەكلەرچە سۆزلىرى جىھاتنى يەنە بىر قېتىم ئاجايىپ ھاياجانغا سالغانىدى.

— دېمەك، ئۇنى چۈشۈڭدە كۆرۈۋېتىپسەن - دە.

— ھېچ بىلمىدىم دادا... كېچىلىرى ئاپام تامدىن پەسكە چۈشۈپ قېشىمغا كېلىدۇ. مېنى سۆيۈپ قويىدۇ، مەنمۇ سۆيۈپ كېتىمەن.

— شۇنداقمۇ ئوغلۇم.

— خالىساڭ سەنمۇ كۆزۈڭنى يۇمغىنە، ئاپام سېنىڭ قې-شىڭغىمۇ كېلىپ قالارمىكىن.

سۇئات دادىسىنىڭ بۇ گەپكە جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، قىستاپ سوراشقا باشلىدى:

— سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرامسەن دادا؟

— ياق ئوغلۇم.

بالىنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقىشقا باشلىدى:

— بۇ قانداق بولغىنى؟ بىر قېتىم ئىككىڭلار بىللە تۇرۇپ مېنىڭ چۈشۈمگە كىردىڭلارغۇ؟ ئاشۇ ئېسىڭدە بارمۇ دادا؟

— ياق ئوغلۇم.

— ئۇنتۇپ قاپسەن - ھە دادا. ئۇ كۈنى ئىككىڭلارلا كۈلۈپ تۇراتتىڭلار... ھەر ئىككىڭلار مېنى سۆيدۈڭلارغۇ؟ مەنمۇ ئىك-كىڭلارنى تەڭلا قۇچاقلىۋالدىم. ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟

جىھات يەنە زورلاپ سوراۋېرىدىغان بولسا بالىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى - دە، ئىلاجىسىز-

لىقتىن:

— ھەئە، — دېدى.

— ئەمما سەن يېنىمغا بىرلا قېتىم كەلدىڭ دادا. ئەمدى ھەر ئاخشام يېتىشتىن ئاۋۋال خۇدايىمغا يالۋۇرۇپ، ماڭا ئاپامنى تېز-رەك ئەكېلىپ بەرگىن، دەۋاتىمەن.

جىھات ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق چىداپ تۇرالمايتتى. يۈزلە-رىنى قاماللىغىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

# 9

مۇنەۋۋەرنى بىر مەزگىل سۇئاتنىڭ قېشىدا تۇرغۇزۇش ئۇ-
چۇن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش جىھاتنىڭ ئۆتكۈزۈپ باقماقچى
بولغان بىر مانېۋىرى ئىدى. چۈنكى جىھات ئۇ قىزنىڭ زەررىنى
ئاخىرقى قېتىم ھېلىقى ئەھۋالدا كۆرگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ
سۇئاتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇ ئارىلىقتا ئۇ-
نىڭ ئاغزىدىن يېڭى بىر سۆز چىقىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدى
بار ئىدى.

قىزنىڭ سۇئات بىلەن ئۇچرىشىشى ئاجايىپ غەلىتە بولدى.
ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنى تۇتالماي قۇچاقلىشىپ كەتتى. ھال-
بۇكى، جىھاتمۇ نەق مەيداندا ئىدى. مۇنەۋۋەر بالىنى سۆيۈشنىڭ
مەنئى قىلىنغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىردىنلا تۇرۇپ قالدى.
شۇنىڭ بىلەن ئارىغا چۈشكەن بىر سىكۇنتلۇق سوغۇقچىلىق ئا-
رىسىدا لاپپىدە جىھاتقا قارىدى. جىھات بولسا ئەھۋالنى چۈشەنگە-
نىدى، شۇڭا دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتقان بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى
كۆرمەسكە سېلىۋالدى. ئەنە شۇئاندا ئۆزىنىڭ بۇرۇن بەرگەن ئە-
مىر - پەرمانلىرىنىڭ قانچىلىك كۈلكىلىك ۋە مەنىسىز بولغاز-
لىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ھازىرقى ئەقلى ۋە مەنتىقىسى بىلەن
ئويلىغىنىدا، ئۇ چاغدا قانداقلارچە ئۇنچىۋالا ئەھمىيەتسىز قا-
رارلارنى چىقىرىپ قويغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى مىنۇتتىن كېيىن، ئەمدى سۆ-
يۈشۈش ئاخىرلاشتىغۇ، دەپ پەرەز قىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئار-
قىسىغا بۇرۇلۇشىغىلا، سۇئاتنىڭ بىر تال زەنجىرنى بوينىدىن
چىقىرىپ قىزغا كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. سۇئات دا-
دىسىنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، زەنجىرنى ئىتتىكلا

يەنە كۆينىكىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى. بۇ ھەرىكەتلەر، بۇ خىل ھولۇقۇشلار جىھاتنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قوتۇلالمىدى. دەرھال بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— نېمە ئۇ، كۆرۈپ باقايچۇ، — دېدى ۋە قولىنى بالىنىڭ كۆينەك ياقىسىنىڭ ئاستىغا سېلىپ زەنجىرنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئۇچىدا بىر ئالتۇن مېداليون تۇراتتى. مۇنەۋۋەرنىڭ ئەندىشىگە تولغان كۆزلىرىگە، بالىنىڭ قورقۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپمۇ قويماستىن مېداليوننى ئاچتى. ئىچىدە ئۈچ كىشىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى — پولكوۋنىك سايىم بەينىڭ، زەررىنىنىڭ ۋە جىھاتنىڭ...

دېمەك، زەررىن ئوغلىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ بۇ سۈرىتىنى بېرىپ قويۇپ كەتكەنىكەن - دە. جىھات ھاياجىنىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇنەۋۋەردىن سورىدى:

— بۇنى سۇئاتنىڭ بوينىغا كىم ئېسىپ قويغانىدى؟

قىزنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ قەتئىي ۋە كەسكىن تۈردە جاۋاب بەردى:

— خانىم.

— خوتۇنۇممۇ؟

— ھەئە، ئەپەندىم.

— سىلەر ئۇنى قاچان كۆرگەنىدىڭلار؟

— بىرقانچە يىل بولدى. سۇئات بەي ئاغرىپ قالغاندا ئۇنى كۆرگىلى كەلگەنىدى، ئەنە شۇ چاغدا...

جىھات بىرئاز قىزارغاندەك بولدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا خوتۇنىغا قىلغان كۇنداشلىقىنى ئېسىگە سېلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇنداق بولغانىكەن قىستاپ سوراشقا باشلىدى:

— شۇ چاغدا ئېسىپ قويغانلىقىغا جەزم قىلالامسەن؟

— شۇنداق ئەپەندىم. ھەتتا بەك ئېنىق ئېسىمدە، سۇئات بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ساقىيىپ قالغاندا، خانىم ئاپامغا:

«كۆردۇڭمۇ ئېمىكئانا، ئۇنىڭ بوينىغا بىر تىلسىم ئېسىپ قوي-دۇم. ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغان ئۇچ كىشى — دادام، مەن ۋە جىھات... ئۇچىمىز بىر بولۇپ ئۇنى ساقلايتتۇق» دېگەندى.

خوتۇننىڭ نازۇكلۇقىنى، شۇنداقلا سەمىمىيلىكىنى بۇ دە-رىجىدە يارقىن ئەسلەتكەن بۇ سۆزلەر ياش يىگىتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

— ئۇ كۈندىن كېيىن خانىمنى يەنە كۆردۇڭمۇ مۇنەۋۋەر؟

— سۇئات ساقىيىپ قالغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كەل-گەندى. سىزنىڭ بالىنى چاملىجاغا ئېلىپ كەتكەن كۈنىڭىز... ئۇ چاغدا مەن سىزگە دېگەنتىم. بەيكوزدا بىر كىچە قېلىپ، ئە-تىسى كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قايتا كۆرمىدىم.

— ساڭا بىرەر پارچە خەت يازمىدىمۇ؟

— ئەپسۇسكى، يازمىدى.

— شۇنداق، ھەقىقەتەن ئەپسۇسلانغۇدەك بىر ئىش. كاشكى ساڭا بولسىمۇ يازغان بولسا.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. ئۇلارنىڭ قىلىشقۇدەك گەپلىرى قالمىغانىدى. پەقەت جىھات بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاستاغىنە:

— ئۇۋال بولدى، — دېدى ئۇ، — ئەرزىمىگەن بىر ئىشتىكى چۈشىنىشمەسلىك تۈپەيلىدىن بىر چىرايلىق تۇرمۇشىمىز بۇزۇ-لۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرەلىسەم، ئىشەنچىم كامىلكى، پۈتكۈل مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

قىز ئۇنىڭ نېمىشقا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلە-لمىگەندەك، شۇنداقلا كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك جىم تۇرۇپ قالغانىدى، ئىچىدىكى ئۆچمەنلىكنى مەلۇم قىلماسلىق ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. كىم بىلىدۇ، بەل-كى بۇ ۋىجدانسىز ئادەمگە بېرىلگەن جازا — ئۇنىڭ ئىنتىقام ھېسسىياتىغا مەلھەم بولۇۋاتامدۇ تېخى. جىھات بۇنى چۈشەنگەن-مىدۇ؟ ھەر ھالدا قىزنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەرنى بەك ياقتۇرۇپ

كەتمىگەن جىھات يەنە ئۆز گېپىنى قىلىشقا باشلىدى:

— دېمەك، بۇ مېداليوننى ئوغلۇمنىڭ بويىنىغا ئاپىسى ئېسىپ قويۇپتىكەن ـ دە.

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ھە دەپ بالىسىنىڭ چاچلىرىنى، پېشانىلىرىنى سىلايتتى.

— شۇنداق ئەپەندىم.

— ئۇنىڭ ئىچىگە سۈرەتلەرنى كىم قويدى؟

— يەنە ئۆزى... سومكىسىدىن سۈرەتلەرنى چىقىرىپ، ئەترا-پىنى بىر قايچا بىلەن كەستى ـ دە، ئۆز قولى بىلەن مېداليوذ-ىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. شۇ چاغدىن باشلاپ ھېچكىم ئۇنىڭ-غا قول تەگكۈزمىدى.

جىھات كۆڭلى سەل يېرىم بولغان ھالدا زەنجىرنى يەنە سۇ-ئاتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى. بۇ ۋەقە ئۇنى شۇنچىلىك بىئارام قىلىۋەتكەنىدىكى، بىردەم بولسىمۇ ئۆزى يالغۇز قېلىشنى خالاپ قالدى.

— بولدى، سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ بىر ئاز ئىشىم بار ئىدى... — دەپ ئۇلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. بېشى ئېغىرلىشىپ، يۈزلىرى ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتاتتى. زەررىنىنى يوقىتىپ قويغان كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە قانچە مىڭ قېتىم ئۆزى بىلەن ئۆزى قىلغان ئوي-خىياللار، پىكىر ـ چۈشەنچىلەر ۋە گەپ ـ سۆزلەر ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئۆز زېھنىگە ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى.

ئۇ ئېسىنى يوقاتقان ھالدا تېلېفونغا ئېتىلدى. خۇسۇسىي رازۋېدكىچىنىڭ نومۇرىنى باستى. قاتتىق ۋە تەرسا تەلەپپۇزى بىلەن سورىدى:

— يېڭى خەۋەر بارمۇ، ھاشمەت بەي؟

— ھازىرچە بىر يېڭى گەپ يوق ئەپەندىم. سىز ئۆتكەندە گې-زىتلەردىكى سۈرەتلىرىڭىزنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق! كۆرسەم نېمە بولاتتى؟ قايسى گېزىتلەردە؟

— خېلى كۆپ گېزىتلەردە... ئاخىرقى ساياھىتىڭىز توغرىسىدا بىر مۇھەررىرگە بايانات ئېلان قىلغانىكەنسىز، بىزمۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىز بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىڭىزنى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گېزىتكە بېرىۋالدۇق.
— مېنىڭ سۇئات بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتىم يوق تۇرسا...
— بار، ئەپەندىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك ياخشى چىقىپتۇ. ئۆتكەندە، بىنا ئىشىكىدىن چىقىۋاتقىنىڭىزدا، ئوغلىڭىزمۇ ماتىمازەل بىلەن بىرلىكتە چىقىۋېتىپتىكەن. شۇ ئارىلىقتا سۈرىتىڭلارنى تارتىۋالغانىدۇق. ئەلۋەتتە دادا - بالا ئىككىڭلارنىلا... ئۇنىڭغا قانداقلارچە كۆزىڭىز چۈشمەي قالدىكىنە؟
— بۇ كۈنلەردە گېزىتلەرنى بەك كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ كەتمەيۋاتىمەن. تېپىپ كۆرۈپ باقاي. لېكىن بۇنىڭدىن نېمە نەتىجە چىقار؟ ئەنە شۇ نۇقتىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. مېنى گوللاۋاتىسىزغۇ دەيمەن.
— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، ئەكسىچە مەن ئەمدى بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرقى پەردىسىگە كەلگەنلىكىمىزگە ئىشىنىمەن. پەقەت سىزدىن قايتا - قايتا شۇنى ئۆتىنىمەنكى، بۇ كۈنلەردە بىرئاز ئاۋارىچىلىك ھېس قىلىسىڭىزمۇ، ئوغلىڭىز بىلەن بىللە كوچىلارغا كۆپرەك چىقىڭ.
— يەنە شۇ نەقراتنى تەكرارلاۋاتامسىز؟
— ۋەدە بەرگەنىدىڭىز ئەپەندىم. ئىشىمىزنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىشىڭىز لازىم.
جىھاتنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى، شۇڭا تەرسا بىر ئاۋاز بىلەن:
— ماقۇل... خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

# 10

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، جىھات خۇسۇسىي رازۋېدكىچىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلمايۋاتاتتى. بىركۈنى ئەتىگەنلىكى سائەت ئون بىرلەر ئەتراپىدا ماشىنا بىلەن تاكسىم باغچىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، شۇ ۋەدىسى بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ قالدى. شۇڭا شوپۇرغا ماشىنىنى توختاتقۇزۇپ، باغچىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. ئەمما دېلىغۇل بولۇپ تۇراتتى.

«ئەجەبا، بۇ ئەتىگەن سۇئات بۇ يەرگە كەلگەن بولغىيمىدى؟ مېنى كۆرسە قانداق ھەيران بولۇپ كېتەر ـ ھە؟»

بۇ ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان ۋە قىلىشنىمۇ خالىمايدىغان بىر ئىش ئىدى. جىھات باغدادلىق ئۇششاق باللار ئوينايدىغان بىر باغچىدا ئېمىكئانىلار ۋە ماتمازەللەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. نېمە ئۈچۈن؟ ھاشمەت بەينىڭ مەلۇم بىر پىروگراممىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن... ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر پىلانىنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىۋاتاتتى. «ئاخىر كۈلكىگە قالىدىغان بولدۇم ـ دە» دەپ ئويلاپ كۆڭلى ئېخىمۇ يېرىم بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھالبۇكى، مۇنچىۋالا ھولۇقۇپ كەتكۈدەك بىر ئىش ئەمەس ئىكەنغۇ بۇ. باللار بىر يەرگە توپلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ ئوينىشىۋاتقان بۇ باغچىدا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان ۋە بىر چەتتە تىزىلىشىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان ئېمىكئانىلار ۋە ئانىلارمۇ بار ئىدى. بۇ ھال ھېچقانچە بىنورمالدەك تۇرمايتتى، سەت كۆرۈنمەيتتى. جىھات ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ سۇئاتنى ئىزدەۋاتقىنىدا، يېنىدىلا كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى ۋە ئىككى قول ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلدى.

— دادا، جېنىم دادام.

سۇئات دادىسىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭداش بىرقانچە بالىمۇ بار بولۇپ، قوللىرىدا توپلاپ، چەمبەرلەرنى كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى. ئوغلىنىڭ دوستلىرى بىلەن مۇنداق سەكرىشىپ ئويناۋاتقانلىقى ياش دادىنى بەك خۇش قىلىۋەتتى. ئويلاپمۇ ئولتۇرماي ئېڭىشىپ ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ۋە مەڭزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

— ياخشى ئويناۋاتامسىلەر بالام؟

— قۇملاردا ئوينىدىم، دادا... قارا، ئاۋۇ مېنىڭ دوستۇم ئەھمەت، كۆردۈڭمۇ؟

جىھات ئۇ تەرەپكە قاراۋېتىپ بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالدى. ئۆزىدىن سەل نېرىدىلا ھاشمەت ياش بىر ئادەم بىلەن بىللە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ياش ئادەمنىڭ قولىدا فوتو ئاپپاراتى بار ئىدى. جىھات ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ، سەپرايى ئۆرلىدى. ئەمدى بۇ يەردە ئارتۇق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تەربىيەچىسىگە سۇئاتنى يېنىغا چاقىرىۋېلىشىنى ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ باغچىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسىدىكى گېزىتلەردە تاكسىم باغچىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆرسەتكەن بىر سۈرەت ۋە ئۇنىڭ ئاستىدا مۇنداق خەتلەر بار ئىدى:

«تۇنۇگۈن ھاۋا شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، بالىلار قۇياش نۇرىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن باغچىلارغا تۆكۈلگەنىدى... سۈرەتتە تاكسىم باغچىسىدە ئويناۋاتقان بالىلار»

جىھات بۇ سۈرەتتىن ئۆزىنى ۋە سۇئاتنى ئوڭايلا تونۇۋالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپ بەك ئاچچىقى كەلدى. ھەتتا ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي ھاشمەتكە تېلېفون بېرىپ، ئۇنى بىر ئازارلاپ قويۇشنىمۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. غەزىپىنى يېڭىپ ئۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىگە دەخلى قىلماسلىق نىيە-

تىگە كەلدى. رازۋېدكىچى ئۆزىچە بىر پىلان قۇرغانىكەن، ئۇنداقتا ئاخىرقى ئۈمىدنىڭ ئۇچقۇنى ھېسابىدا بۇنى تەتبىقلاپ بېقىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ خىل مۇۋاپىق سەزگۈلەرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بىرقانچە كۈن ئارقا ـ ئارقىدىن سۇئاتنى ئېلىپ تالا ـ تۈزنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. گاھ ماشىنا بىلەن بىللە بېرىشتى، گاھ جىھات ئۇنى يەنە باغچىدىن تېپىۋالاتتى. يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايتتى. بەزىدە گېزىت ياكى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، بەرگەن ۋەدىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشتى.

كېيىنرەك، كۆتۈلمىگەن بىر كۈندە ئۇنىڭ قەلبىنى پەۋقۇلئاددە بىر ئۈمىد نۇرى يورۇتۇۋەتتى. بۇ نۇر سۇئاتنىڭ غەمكىن ئولتۇرۇپ دەپ تاشلىغان سۆزلىرىدىن چاقنىغانىدى.

شۇ كۈنى سۇئات يەنە دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغىچە بىللە ئوينىغانىدى. چىقىپ كېتىشتىن ئاۋۋال يەنە ھەرقاچانقىدەك ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. جىھات ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. پاكىز، قاتۇرۇپ دەزماللانغان شىمىنىڭ يانچۇقلىرىغا قوللىرىنى سېلىۋالغان، پۇتلىرىنى سەل كېرىۋالغان بولۇپ، چوڭ ئادەملەردەك سۈرەتكە سەپسېلىۋاتاتتى. دادىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلمايۋاتقانلىقىنى سىزىۋېلىپ، قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. شۇنداقلا دادىسىغا بۇرۇلۇپ:

— بىلەمسەن دادا؟ ئانام بۇ سۈرەتتىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىدىكەن، — دېدى.

دەسلەپتە جىھات بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي قالدى. چوقۇم بالا يەنە بىر چۈش كۆرگەن گەپ، دەپ ئويلىدى ۋە شۇ ئوي بىلەن سورىدى:

— كېچىلىرى ئۇخلاۋېتىپ كۆرگەن ئاناڭنى دەمسەن، سۇئات؟

ۋاھالەنكى، بالا بولسا ئۆز يېشىدىن ھالقىپ كەتكەن ۋە پىشىپ يېتىلگەن بىر خىل ئەلپاز بىلەن بېشىنى چايقىدى.

— ياق، يەنە بىرسى.

— يەنە بىرسى كىم؟

بۇ سۆزلەر جىھاتقا خۇددى بىر بومبا پارتلىغاندەك تەسىر بەردى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— راست ئانام.

— راست ئاناڭمۇ؟ نېمە دەۋاتىسەن، ئوغلۇم؟

— ھەئە، ئۇ يەردە كۆردۇم.

— ئۇ يەر دېگەن قەيەر؟

جىھات شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىكى، سۇئاتنى بىردىنلا قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنى ئاخىرغىچە دېگۈزۈش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. كىم بىلىدۇ، بەلكى ھەقىقەت بۇ تۆت ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان يېرىم ـ يارتا سۆزلەردىمۇ تېخى.

— ئاناڭنى قاچان كۆردۇڭ ئوغلۇم؟

— بىر ئاز ئاۋۋال...

— سەن بۇگۈن تالاغا چىقمىغانىدىڭغۇ؟ تۈنۈگۈن كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن.

— ھەئە، تۈنۈگۈن كۆردۇم، راست.

— راستتىنلا ئاناڭنى كۆردۇڭمۇ؟

— ھەئە، دادا.

بۇ سۆزلەردىن ھېچقانچە مەنە چىقىرالمىغان جىھات دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. بالىنىمۇ قۇچىقىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ چاچلىرىنى، يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئەمدى داداڭغا ھەممىنى دەپ بەرگىن ئوغلۇم. سەن ئاناڭنى كۆردۇڭمۇ؟ راست ئاناڭنى؟

— ھەئە، قەغەزدىكىسىنى ئەمەس، جېنى بار ئانامنى كۆردۇم.

— قوللىرى، پۇتلىرى بولغان، ... ماڭىدىغان... بالىسىنى سۆيىدىغان ئانىنى ـ ھە؟... سېنى سۆيىدىمۇ سۇئات؟

سۇئات كىچىككىنە كالپۇكلىرىنى ئۈمچەيتىشكە باشلىدى.

ئىنچىكە ئاۋازىمۇ مىسكىنلىشىپ كەتتى.

— ياق، مېنى سۆيۈپ قويمىدى.

— سەن بىلەن گەپلەشتىمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە قانداق قىلدى؟

— پەقەتلا كۈلۈپ قويدى.

— كۈلدىمۇ؟

— ھەئە، ماڭا قاراپ كۈلدى.

بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ بالىنىڭ چىرايى يەنە جانلاندى. تامىدىكى سۈرەتكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— مېنىڭ ئانام نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە؟

— ھەئە بەك چىرايلىق، سۇئات.

— ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى... كەمپۈت يېگەن ۋاقتىمدا قانداق سۆيۈنۈپ كەتكەن بولسام، ئۇ كۈلگەن چاغدىمۇ شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىم.

جىھاتنىڭ بوغۇزىدا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەكلا بولۇپ، دېمى سىقىلدى. ياق! بۇ گەپلەر توقۇپ چىقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سۇئات ئاپىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ — زەررىن، ئۇنىڭغا يېقىملىققىنا بىر كۈلۈمسىرەپتۇ. بۇ چوقۇم...

— سۇئات، كۈلگەن خوتۇننىڭ ئاناڭ ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلدىڭ، بالام؟

— مەن بىلىمەن.

— قانداق بىلىسەن؟ ساڭا قاراپ كۈلۈپ قويغىنى ئۈچۈنمۇ؟

سۇئات مەغرۇر ھالدا بېشىنى كۆتۈردى. گوياكى دادىسىنىڭ بۇ ھالىنى مازاق قىلىۋاتقاندەك...

— ياق... ئۇ ئايال مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭدىن بۆلەك كۈلگەنلەرمۇ بار. ئەمما ئانام ئەمەستى ئۇلار.

ئۇ «مۇشۇ ئىدى» دەۋېتىپ كىچىككىنە بارماقلىرى بىلەن تامدىكى سۈرەتنى كۆرسەتتى. جىھات بالىنى بۇ خىيال قوينىدىن

تارتىپ چىقىرىش ئۇچۇن سۆزىنى داۋام قىلدى.

— توغرا دەيسەن بالام. ئۇلار يات ئايالىلار...

— ئۇ يات ئەمەس، ئانام.

— ئۇنى باشقا چاغدىمۇ كۆرگەنمىدىڭ سۇئات؟

— ھەئە، بىرقانچە قېتىم كۆرگەنىدىم.

ياش يىگىتنىڭ نەپسى توختاپ قالىدىغاندەك بولدى. بۇ سۆز-لەردىن نىمە مەنە چىقاتتى؟ ھەقىقىي ئەھۋالنى قانداق چۈشىنە-لەيتتى؟

— گېپىمگە قۇلاق سال، ئوغلۇم. مۇبادا ئاپاڭنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرسەڭ، ساڭا ئېسىل بىر ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىمەن.

— بىر ئېغىز گارمۇنى ئېلىپ بېرەمسەن دادا؟

— ئېلىپ بېرىمەن بالام. بىردەمدىن كېيىن ئىككىمىز بىل-لە بېرىپ ئېلىپ كېلەيلى. ئەمدى دەپ باققىنە قېنى، ئاناڭنى نە-دە كۆردۇڭ؟

— گارمۇنىنىڭ ئۇچىدا قىزىل پۆپۈكى بولسۇن جۇمۇ.

— ماقۇل.

— تاكسىم باغچىسىدا كۆردۇم.

— ئۇ چاغدا مەنمۇ شۇ يەردىمىدىم؟

— ھەئە، كىتاب ئوقۇۋاتاتتىڭ. يەنە بىر قېتىمقىسىدىچۇ، مۇنەۋۋەر بىلەن ئۇچىمىز بىللە بارغانىدۇق.

— ھە، تەربىيەچىڭ ئاغرىپ قالغان كۈنىمۇ؟

— ھەئە.

— مۇنەۋۋەر ئاناڭنى كۆردىمۇ؟

— ياق، ئۇ بىرنىمە توقۇۋاتاتتى. سەنمۇ كىتاب ئوقۇپ ئول-تۇراتتىڭ. مەن بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتىم.

— نىمىشقا دەرھال كېلىپ ماڭا دېمىدىڭ؟ بىرلىكتە ئۇنىڭ يېنىغا باراتتۇق - دە، ئۇنى ئۆيگە ئەكېلەتتۇق.

— كەلمەيدۇ...

— نېمىشقا؟ سەن قانداق بىلىسەن؟
— ئۇنىڭ باشقا بالىلىرى بار.
جىھات ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ كەتتى. مۇدھىش بىر گۇمان يۈرىكىنى كۆيدۈرگەنىدى.
— نېمە دەۋاتىسەن؟ قۇچىقىدا بالا بارمىدى؟
لېكىن جىھات گۇمان قىلىشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىپ يەتتى. ئۆزىنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ، زەررىن باشقا بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— ئاناڭنىڭ قېشىدا قانچە بالا بار ئىدى سۇئات؟
— بىرسى مېنىڭچىلىك، يەنە بىرسى چوڭلا بالا.
— ئۇنداقتا سەن خاتا ئويلاپ قاپسەن شېكىرىم. ئۇ ئايال سېنىڭ ئاپاڭ ئەمەس.
— ئاپام ئىدى، دادا.
سۇئات تەرسالىق بىلەن مۇشتۇمىنى تۇگۇپ، غەزەپ بىلەن دادىسىغا تىكىلگەنىدى.
— سېنىڭ ئاپاڭنىڭ باشقا بالىسى يوق، جېنىم سۇئات.
دادىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن بالا بىردىنلا ئۇنىڭ قۇچىقىدىن سەكرەپ چۈشۈپ نېرى كەتتى. جىھات بۇنى بىلمىگەنگە سېلىۋېلىپ ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇ قانداق تېپىشماق؟ قاچانغىچە ئۆمرىنى تېپىشماق تېپىش بىلەنلا ئۆتكۈزىدۇ؟ كىچىك بىر بالىنىڭ سۆزلىرىدىكى ھەقىقىي مەنە نېمىدىن بېشارەت بېرىدۇ؟
سۇئات گىلەمنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىر ماشىنىنىڭ بېشىنى تاماشا قىلغاچ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دادىسىغا قاراپ قوياتتى. ئۇنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:
— دادا، — دېدى ئۇ، — ئۇلار ئاپامنىڭ بالىلىرى ئەمەس... ئۇلارغا كۈلمىدى، ھەم ئۇلارنى سۆيمىدى.
— سېنى سۆيدىمۇ؟

— لەۋلىرىنى ئويىنىتىپ، قولى بىلەن ماڭا سوۋيوش يوللىدى. مەن كۆردۈم... پەقەت مېنىلا سۆيدى. ئۇ مېنىڭ ئانام دادا. مەن بىلىمەن.

بالىنىڭ سۆزلىرى قەتئىي، خىيالى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا؟ ئۇنداقتا، بۇ نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىش ـ ھە. زەررىن... زەررىن ئۇلارغا يېقىن يەردە تۇرۇۋاتاتتى... زەررىن ئۇلارنى كۆرۈۋاتاتتى... زەررىن يىراقلاردا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەينى ھاۋادىن نەپەس ئالماقتا ئىدى. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولاتتى.

— خوتۇنۇمنى تاپالايمەن... ئۇ قايتىدىن بۇ يەرگە كېلىدۇ... بىللە بولىمىز...

جىھات خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەكلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، كۇتۇپخانىسىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ھاشىمەتكە تېلېفون قىلىپ، بۇ ۋەقەنىڭ پۈتكۈل تەپسىلاتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاجايىپ ئىش! رازۋېدكىچى پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. جىھات گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھېچ ھودۇقماستىن:

— بولىدۇ، ئەپەندىم، — دېدى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر سوئالنى سوراشقا باشلىدى:

— جىھات بەي، سىز رۇم ئەلچىسى رىشات دوغاننى تونۇمسىز؟ كەچۈرۈڭ، ھازىر ئۇ ئەلچى ئەمەس. پېنسىيەگە چىقىۋالدى.

— تونۇمايتتىممۇ؟ رىشات بەي پېنسىيەگە چىقتىمۇ؟

— ھەئە، ئەپەندىم. بەلكى ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش پوچتا ماركىسى ھەۋەسكارى ئىدى.

— ياخشى بىلىدىكەنسىز، ھاشىمەت بەي...

— ئۇنىڭ بىلەن سىز ياخشى دوستلاردىنغۇ دەيمەن.

— ياق، پەقەتلا تونۇشىمىز.

— بىر - بىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردى - كەلدى قىلىشامسىلەر؟

— ياق، ئەپەندىم. بىزنىڭ پەقەتلا كۆلۈپ دوستلۇقىمىز بار...

— ئۇنداقتا بەي ئەپەندى. سىزدىن شەخسىي بىر ئىلتىما-سىم بار: رىشات بەينىڭ ناھايىتى قىممەتلىك ھېسابلىنىدىغان بىر پوچتا ماركىسى توپلىمىنى كۆرۈش باھانىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كېلەمسىز؟ مۇنداق قىلىش بىلەن شەخسەن ماڭا چوڭ بىر ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولىسىز.

— نېمە دەۋاتىسىز ھاشمەت بەي؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي بەي ئەپەندىم. ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەشھۇر ماركا توپلىمىنى كۆرۈش كۆرسەتكەن پىداكارلىقىڭىزغا ئەرزىيدۇ.

— شۇنداق؟

— ئاجايىپ ئاز ئۇچرايدىغان پوچتا ماركىلىرى بار ئۇ كىشىدە.

جىھاتنىڭ پوچتا ماركىسى توپلاشقا بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ ئاشماقتا، تومۇرلىرى تېز ـ تېز سوقماقتا ئىدى. شۇڭا دەرھال سورىدى:

— ئۆيى قەيەردىرەك؟

— ھازىرچە تاكسىمدىكى سىڭلىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما بىر ـ ئىككى كۈنگىچە قىزىل تۇپراقتىكى چاھار بېغىغا كۆچۈپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا قىزىل تۇپراققا بېرىشىم كېرەك.

— بۇنى سىزدىن ئالاھىدە ئۆتۈنىمەن.

— ھازىرچە بىر كېچىلىك كۈلۈپقا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆ-رۈشسەم ۋە سىزنىڭ ئۇ ئىشىڭىزنى ئۇ يەردە قىلسام بولماسمۇ؟

— قەتئىي بولمايدۇ. سىز رىشات بەي بىلەن كۈلۈپتا كۆرۈ-شۈڭ، ئۇنىڭ بىلەن مەشھۇر پوچتا ماركىسى توپلىمى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ پوچتا ماركىلىرىنى كۆرگۈڭىز بارلىقىنى ئېيتىڭ.

— شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە چاقىرتقۇ-زىدىكەنمەن ـ دە.

— شۇنداق. ئۆتۈنۈشۈم شۇ ئىدى سىزدىن.

— ماقۇل، ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ يەنى سىزنىڭ تەلىپىڭىز نېمە؟

— هازىرچە ھېچنېمە، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىن دوست بولۇشىڭىز ۋە ئۆيىگە بېرىشىڭىز كېرەك.

— جېنىم، بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە زورمۇزور بارسا قانداق بولىدۇ؟

جىهات ئاچچىقىنى بىلدۇرمەسلىك ئۈچۈن قاتتىق تىرىشۋاتاتتى. بۇ ھاشمەت بەي ئاجايىپ بىر ئادەم ـ دە!

— ئۆزىڭىز بىر يولىنى تاپارسىز، بەي ئەپەندى. زورمۇزور بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ سىزدىن بۇ ئىلتىپاتنى تەلەپ قىلىپ قالار.

— قولىڭىزدىن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ.

— ھەر ئىككىڭلار مەدەنىيەتلىك، ياۋروپانى ئايلىنىپ چىققان، گۈزەل سەنئەتنى چۈشىنىدىغان، ئاسما رەسىم، گىلەم، پوچتا ماركىسى قاتارلىقلارغا ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەر سىلەر. پاراڭلىرىڭلارنىڭ تېمىسىدا چەك ـ چېگرا بولمايدۇ.

— چۈشەندىم ھاشمەت بەي. ماڭا قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدۇرۇۋاتىسىز. مەن مۇنداق ئىشلارنى ئانچە ياخشى بېجىرەلمەيتتىم، ئەمما سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ بۇنى قوبۇل قىلاي، ئۆيى قىزىل تۇپراقنىڭ قەيىرىدىرەك؟

— ۋوگزال تەرەپتە. مۇمتاز پاشانىڭ چاھاربېغى قايسى دەپ سورىسىڭىز، ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىلىسىزغۇ، رىشات بەينىڭ دادىسى پاشا ئىدى.

— ھەئە، قېنى ئەمىسە، سىزمۇ ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈڭ، دېگەنلىرىمنى ئۇنۇتماڭ.

— نېمە دەۋاتىدىغانسىز؟ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن خاتىرىلىۋالدىم. بۇگۈن سىزگە نىسبەتەن ئۇيۇقتا ئۇمىد جىلۋە قىلىدۇ، دەپ ئېيتالايمەن.

ياش يىگىتنىڭ قەلبى خۇددى توپتەك بىردىنلا سەكرەپ

كەتتى.

ــــ شۇنداقمۇ؟

ــــ شۇنداق بەي ئەپەندى. ئۈمىد بىلەن كۈتسىڭىز بولىدۇ.

ــــ ئەمدى سەۋر ـ تاقىتىم تۈگەپ كېتىۋاتاتتى.

ــــ يەنە بىر ئاز غەيرەت قىلىڭ ئەپەندىم. ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

ــــ ئىنشائاللاھ، خۇدايىمغا ئامانەت ھاشمەت بەي...

ــــ ئۆتۈنۈشۈمنى ئۇنتۇپ قالماڭ بەي ئەپەندىم.

# 11

جىھاتنىڭ ئۆزىنى رىشات بەيگە تەكلىپ قىلدۇرۇشى ھېچقانچە ئەسكە چۇشمىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۇلۇبتا تۇنجى قېتىم پاراڭلاشقان ئاخشامدا، ئىككىسى ئوخشاشلا پوچتا ماركىسى ھەققىدە ئېغىز ئاچتى. رىشات بەي جىھاتنىڭ توپلىمىنى كۆرۇش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسىلا نىشانتاشتىكى بىناسىغا كەلدى. ئىككى كۇندىن كېيىن يەنە ئۇچرىشىشنى بېكىتتى. رىشات بەي:

— بىز تېخى ئورۇنلىشىپ بولالمىدۇق، ئەشيالارنى يەشمىدۇق. لېكىن شەنبە كۇنى سىزنى چوقۇم قىزىل تۇپراقتىكى ئۆيدە ساقلايمەن، ئۇنىڭغىچە سىزنى قوبۇل قىلغۇدەك ئەھۋالغا كېلىدىغانلىقىمىزنى ئۇمىد قىلىمەن، — دېدى.

— ئاۋارىچىلىك بولۇپ قالمىسۇن ئەپەندىم، باشقا بىر كۇنى كېلەرمەن.

— يوقسۇ - يوقسۇ، سىزگە كۆرسىتىدىغان كۆپ نەرسىلىرىم بار، ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن. بۇلار توغرۇلۇق پىكىرلىرىڭىزنى ئېلىشنى خالايمەن. شۇنىڭ ئۇچۇن بەك كېچىكىپ كەتمەيلى، چۇنكى ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ ئاخىرى مەن ئەنقەرەگە كېتىمەن.

— ئۇنداق بولسا باراي، سىز دېگەن ئۇ پوچتا ماركىلىرى راستىنلا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدىغىنىغا ئىشىنىمەن.

— سىزگە ئوخشاش ئەقىل - پاراسەتلىك بىر ياش بىلەن كۆرۇشۇش مەن ئۇچۇن چوڭ بىر زوق، جىھات بەي.

— ئۇ زوق ماڭا ئائىت ئەپەندى، سۆزلىرىڭىزدىن ۋە پىكىرلىرىڭىزدىن خېلى پايدىلىنىۋاتىمەن.

مانا بۇ ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇق ئىچىدە ھاشىمەتنىڭ ھازىرلىغان پىلانى تامامەن ئەمەلىيلىشىش ئالدىدا تۇراتتى ۋە بۇ - نى ئىجرا قىلىشتىن جىھات ئەمدى ئۆزىنى قاچۇرمايتتى. چۈنكى رىشات بەينى ھەر جەھەتتىن ئاجايىپ بىر ئادەم ئىكەن دەپ بىلـ - گەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدىن ھەقىقىي زوق ئالماقتا ئىدى.

لېكىن جۈمە كۈنى ئاخشىمى، ئەتىسى قىلىدىغان زىيارەت ھەققىدە ئويلاۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇتلا ئىچىگە غەلىتە بىر ۋەھىمە كىرىۋالدى.

«ھاشىمەت بۇنىڭدىن نىمە مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى؟» — بۇ ۋەھىمىنىڭ ئارقىسىدىنلا كۆڭلىدە يەنە بىر گۇمان پەيدا بول - دى، — ياكى مېنى ئۆزئارا بىر ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ پايدىلانـ - ماقچى بولۇۋاتامدۇ - يە؟

شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى كېلىپ جىلە بولۇشقا باشلىدى: «ھاشىمەت ئاخىرقى كۈنلەردە ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالدى، ھالبۇكى، سۇئاتنىڭ سۆزلىرىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلـ - غانىدىم... بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. تاكسىم باغچىسىغا مەن ھەر كۈنى بېرىۋاتىمەن - يۇ، لېكىن ئۇ بىرەر ئىش قىلمىدى. پۇتكۇل يۈكنى ئاساسەن سۇئات بىلەن ماڭا ئارتىپ قويۇپ يوقاپ كەتتى. مۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟ سۇئات بالام ئەمدى ئانىسى دەپ پەرەز قىلغان ئۇ چىرايلىق ئايالنى كۆرەلمەيۋاتقىنى ئۈچۈن تەر - سالىق قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بولسام ئەتراپىمغا قاراپ يۈرۈش، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان خوتۇن شۇ بولمىسۇن دەپ ئاياللارنى كۆزىتىش بىلەن بولۇپ چارچاپ كەتـ - تىم. نەتىجىسىز بىر كۈتۈش بولدى بۇ... ھەقىقىي بىر رازۋېدكـ - چى باشقىچە بىر ئىش قىلغان بولاتتى. بۇ مەسىلىنى ئەھمىيەتسىز دەپ قاراپ، تاكسىم باغچىسىغا كەلمىگەنلىكى خاتا بولدى».

جىھات شەنبە كۈنى قىزىل تۇپراقتا رىشات بەينىڭ چاھار

بېغىغا كېتىۋاتقاندىمۇ يەنە تۈنۈگۈن ئاخشامقى روھىي ھالىتى بىلەن ئىككىلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلىدە غەلىتە بىر تىت ـ تىتلىق، بىر ھاياجان بار ئىدى. نېمىگىدۇر تېنەپ ـ تەمتىرەپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپمۇ قويمايتتى. ھالبۇكى، تەبىئەتنى بەك ياخشى كۆرگەن بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، باھار كۈنلىرىدىكى يېشىللىق ۋە گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈشتىن ئارتۇق كەيپلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمىدى؟

رىشات بەي مېھمىنىنى باغچىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. يىراقتىن كۆرۈپلا:

— بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق كۈن، شۇنداق ئەمەسمۇ ئەپەندىم؟ خالىسىڭىز باغچىدا بىرئاز ئولتۇرايلى، — دېدى.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ئەپەندىم.

— قېنى مەرھەمەت.

جىھات كۆڭلىدىكى سەۋەبسىز ھاياجىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن:

— چاھار بېغىڭىز ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىكەن، — دېدى.

— ئىچىمۇ يامان ئەمەس. ئارقىسىدا چوڭ بىر دەرەخزارلىق بار، بولمىسا بىز شۇ يەردە ئولتۇرايلى، بالىلار بىزنى ئاۋارە قىلمايدۇ.

قەھۋەلەر ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار دەرھاللا ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىغا كىرىپ، پوچتا ماركىسى ھەققىدە گەپ ئېچىشتى. شۇنىڭ بىلەن سائەتلەرچە كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

ئۇشتۇمتۇت بىر كىچىك بالىنىڭ پەريادى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى. رىشات بەي كۇلۇپ قويۇپ، ئالبومنى ئۈستەلگە قويدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بالىلار يەنە جېدەل قىلغىلى تۇرغان ئوخشايدۇ. چوڭلىرى

بەك شوخلىشىپ كەتتى، كىچىكلىرىگە ئاراملىق بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تېرىسىگە سىغماي قېلىشتى. ئىجازىتىڭىز بىلەن بىر قاراپ باقاي.

شوخلۇقلار داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۆي ئىگىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئارقا باغچىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. جىھات ئۇنىڭ كىمنىدۇر ئەيىبلەۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردى.

— نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ يەنە نېمە بولدى؟

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە رىشات بەي كەتكەن تەرەپنىڭ قارىمۇقارشىسىدىن كىچىك بالىلارنىڭ ئايىغىدىن چىقىۋاتقان ئۇپۇر ـ تۇپۇر ئاۋازلار ئاڭلاندى ۋە بىرى سەككىز يەنە بىرى يەتتە ياشلاردىكى ئىككى ئوغۇل بالا جىھاتنىڭ ئالدىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى. جىھات ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ـ يۇ، تەبەسسۇمى لەۋلىرىدە قېتىپلا قالدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ناھايىتى تونۇش بىر ئايالنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ قالغانىدى:

— مەتىن... فاتىخ، بۇ يەرگە كېلىڭلار، تېز!...

بالىلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ۋە قورقۇپ تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قېلىشتى. ئايال ئۇلارغا يېقىنلاشقانسېرى، جىھات چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇدۇلىدا زەررىن تۇراتتى. شۇنداق، زەررىن... خوتۇنى زەررىن... ئۇمۇ جىھاتنى كۆرگەنىدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىر مىنۇت جانسىز، خۇددى ھەيكەلدەك ھەرىكەتسىز تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتا ۋە دەھشەت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قادىلىپ قالغانىدى. نە زەررىنىنىڭ، نە جىھاتنىڭ كالپۇكلىرى قىمىرلىمايتتى. گوياكى نەپەسلىرى توختاپ قالغانىدى... كېيىن جىھات بۇ بىرقانچە مىنۇت ئىچىدە نېمە ئۈچۈن يۈگۈرۈپ بېرىپ خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ئېلىپ كەلمىگىنىنى ئويلىدى ـ دە، ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىگە بەك ئاچچىقى كەلدى. ئەمما بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغانىدى. ئەمدى بىرىنچى بولۇپ ئېسىنى يىغىۋالغان يەنە زەررىن بولدى، ئۇدۇلدىكى ئادەمنى تونۇمايدىغاندەك قىلىپ،

پەرۋا قىلمىغان ھالدا بالىلارغا گەپ قىلىشقا باشلىدى.
— تېز بۇ تەرەپكە كېلىڭلار!
پۈتكۈل ئىشلار بىرقانچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا بولۇپ ئۆتتى، ياق! بۇ خىيال ئەمەس ئىدى. جىھات خوتۇننى كۆردى ۋە شۇ زامات يوقىتىپ قويدى. ئۇنىڭدا ھازىر پەقەت بىر ھودۇقۇشلا بار ئىدى. بۇ ئاسماندىن ئىزدەپ يۈرگەن نەرسىسىنى كۆز ئالدىدا تېپىۋېلىشتىن كەلگەن بىر ھودۇقۇش ئىدى...
زەررىنگە كەلسەك، غايەت زور غەيرەت ۋە كۈچ سەرپ قىلىپ ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر تۈپ دەرەخكە يۆلىنىۋالدى.
— جىھات! جىھات، — دەپ پىچىرلايتتى. قۇلاقلىرى غوڭۇلدىماقتا، يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقماقتا ئىدى.
— جىھاتنى كۆردۈم... ئېرىمنى... ئۇنى كۆردۈم.
لېكىن بۇ خىل ھاياجانلىرى ئۇشتۇمتۇت باشقىچە بىر تۇس ئالدى. ياش ئايالنىڭ كۆزلىرى قورقۇش ۋە ئەندىشىگە تولدى:
— ئەمدى نېمە ئىش بولار؟ ئۆزۈڭ ساقلا پەرۋەردىگار! مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟!
ئۇ ۋەھشىي بىر دۈشمىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك تۇيۇقسىز ئەسىر بولدى. بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ئۇ تېخىمۇ پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن ئىدى.
بۇنچىۋالا دەرد ـ ئازابلارنى تارتقان تۇرۇقلۇق يەنە كۆز ياش تۆكەرمۇ؟ ياق... ياق...
ئۇ تەرەپتە بولسا بىر قەدەم تاشلاشقىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىغان جىھات يەنە رىشات بەي بىلەن سۆھبىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۆي ئىگىسى بىر تەرەپتىن ئالبومدىكى پوچتا ماركىلىرىنى كۆرسەتكەچ، زېھنىنى ئىشغال قىلىۋالغان يەنە بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
— بۇ سۆسۈن ماركىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۆتكەن يىلى سىتراسبۇركتا بىر ماركىچىدىن ئالغانىدىم... بالىلارنى باشقۇرۇش

بەك تەس جۇمۇ ئەپەندىم... چوڭ بولغانسېرى كەپسىز بولۇپ كېتىدىكەن... بولۇپمۇ ئەڭ كىچىكى بەك يامان. ئۇنى ئارتۇقچە ئەركىلىتىۋەتتۇقمۇ دەيمەن... سىز بۇ ھىندىستاننىڭ پوچتا ماركىسىنى كۆردىڭىزمۇ؟ دىققەت بىلەن قاراڭ... شۇنداق، بەك ئەركىلىتىۋەتتۇق ئۇنى، ئەمما باشقا چارە يوق.

رىشات بەي سۆزلەۋاتقاندا، جىھات ئۇنىڭغا تاققا ـ تۇققا جاۋاب بېرەتتى. دىققىتى باشقا يەردە ئىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن شۇنداق دېمەكتە ئىدى:

«زەررىن بۇ يەردە... ئىككى قەدەم نېرىدا. ئۇنى چاقىرسام بولارمۇ؟ بىراق، بۇ قەيەر؟ زەررىن ئەجەبا بۇ ئادەمنىڭ خوتۇنىمىدۇ؟ ئۇنداق بولسا ماڭا ھېساب بېرىشكە مەجبۇر، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلىشىشىم كېرەك. مەندىن قاچالمايدۇ، چوقۇم جاۋاب بېرىدۇ. بولمىسا جاۋابكار بولۇپ قالىدۇ. ھېلىقى ئەڭ كىچىك ئەركە بالا ئۇنىڭمىدۇ؟ دېمەك، سۇئات ئۇنى كۆرۈپتىكەن ـ دە... ئۇنداقتا ھاشمەت مېنى راسا ئوبدان مازاق قىپتۇ. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپتىكەن ئەمەسمۇ؟ شەخسىي خىزمەت ئىزدەيتتىم دېگىنى يالغانىكەن... مېنى ھىيلە ئىشلىتىپ بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ. زەررىن بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىمنى چوقۇم مۆلچەرلىگەن گەپ. توغرا ئويلاپتىكەن، بۇ ھاۋادا ئۇنىڭ ئۆيگە سولىنىپ قېلىشىمۇ تەس ئىدى. ماقۇل، ئەمما، ھازىر نېمە ئىشلار بولىدۇ؟ زەررىننى يەنە قانداق كۆرەلەيمەن؟

ئۆي ئىگىسى توختىماي سۆزلەيتتى:

— مانا بۇ ئەڭ ئاز كۆرۈلىدىغان ئىسپانىيە پوچتا ماركىلىرىدىن بىرى... سىزدە يوققۇ دەيمەن؟

— يوق.

— بۇ ھەقتىكى سەرگۈزەشتەمنى سۆزلەپ بەرسەم ھەيران قالىسىز.

بىراق ئۇ سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلىمەي تۇرۇپلا قوشۇمىسىنى تۈردى. يىراقتىن ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ قالغانىدى.

— ئۇزاق ۋاقىت ئۆيگە سولىنىپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بالىلار ئوچۇق ھاۋادا مەستخۇش بولۇشۇپ كەتكەن گەپ.

جىھات بۇ سۆزنى پۇرسەت بىلىپ سورىۋالدى.

— يانلىرىدىكى ئايالدىن خېلى قورقىدىكەن جۇمۇ، ئۇ ئانىسىمۇ؟

— يوقسۇ ئەپەندىم، تەربىيەچىسى.

— شۇنداقمۇ؟...

جىھات ئەركىن نەپەس ئالدى. بىراق بۇ راھەتلىكى بىردەمدىلا بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەسرەت بىلەن خىيال سۈرمەكتە ئىدى:

«مېنىڭ خوتۇنۇم... جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇنى بالا باققۇچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. بۇ ئەجەبا غۇرۇرنىڭ جازاسىمىدۇ؟»

ئۆي ئىگىسى سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەمدى نېمە دېگەنىبىلەن ئېسىل بىر تەربىيەچى دەڭە... بىراق بىزنىڭ شاكىچىكلەر بەك كەپسىز.

ياش يىگىت مۇنداقلا بىر گەپ قىلىپ قويۇش ئۈچۈن:

— كىچىك بالا ئەمەسمۇ، — دېدى.

ئۆي ئىگىسى كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنى ئېيىتمايمۇ تۇرالمىدى:

— توغرا دەيسىز ئەپەندىم. لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ئىنساننىڭ سەۋر - تاقىتىنىڭمۇ بىر چېكى بولىدۇ. ئۈچ بالىنى باشقۇرۇش ئېغىرىزدا ئوڭاي، بولۇپمۇ ئانىلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن...

— ۋاھ! ۋاھ!

جىھات خۇددى بىر ماشىنىغا ئوخشاش ئويلانماستىن سۆزلەۋېرەتتى. مەقسىتى ئۇنى خوتۇنى ھەققىدە گەپ قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

— زەررىن خېنىم بولمىسىدى، مەن نېمە قىلالايتتىمكىن تاڭ.

— ئىسمى زەررىنمۇ؟

— ھەئە.
— ياخشى بىر ئائىلىنىڭ قىزىغا ئوخشاپ تۇرىدۇ.
— ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل ئەزىزىم. چىرايىغا ئوخشاش مىجەزىمۇ گۈزەل ۋە شېرىن... يەنە تېخى ئاجايىپ مېھىر - شەپ-قەتلىك، نىھال ئۇنى ئۆز ئانىسىدەكلا ياخشى كۆرىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟!...
— كۆپتىن - كۆپ رەھمەت زەررىن خېنىمغا. ئۇنى بىزگە خۇدايىم بەردى.
— بۇ زاماندا ياخشى بىر تەربىيەچى تېپىش ھەقىقەتەن بەك تەس، ئۇنى نەدىن تاپتىڭىز؟
— خوتۇنۇمنىڭ بىر دوستىنىڭ ئىكەندۇق. شۇ بىز-گە تەۋسىيە قىلغانىدى.
— ئۇچ يىل ئاۋۋالمۇ؟
— شۇنچىلىك بولغاندۇ.
— ئۇنداقتا سىز بىلەن بىللە رۇمغىمۇ بارغان بولغىيتتى؟
— ئەلۋەتتە، چەت ئەل تىلى بىلىدىغانلىقى بىزگە بىر نېمەت بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى تەربىيەچىدىن زىيادە ئوقۇتقۇچى دېيىش لازىم. چوڭلارغا راۋرۇس دەرس ئۆتىدۇ. باللارنى ياشلىرىغا قاراپ ئۇيغۇن مەكتەپلەرگە ھازىرلىق قىلغۇزىدۇ. كىچىككىمۇ ئانىلىق مېھىر بېرىۋاتىدۇ. ئېيتتىمغۇ، ھەر جەھەتتىن پەۋقۇلئاددە بىر ئىنسان. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!
جىھات تېخىمۇ ئارتۇق قۇلاق سالالمىدى. يۈرىكىدە بىر ئىس-يان ئۇتى يېلىنجىماقتا ئىدى. زەررىننى تېپىپ ئۇنىڭغا شۇلارنى دېگۈسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى:
«سەن باشقا بىر بالىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىڭنى قانداقلارچە ئۇنتۇپ قالدىڭ زەررىن؟ ئۆز بالاڭنى بېقىپ چوڭ قىلىشنىڭ، پۈتكۈل مېھىر - شەپقەت ۋە سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭنى ئۇنىڭغا بېغىشلاشنىڭ ئورنىغا، يات ئادەمنىڭ بالىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ساڭا يارىشامدۇ؟ قېنى يۈر، ئۆز ئۆيۈڭگە كەت... ئوغلۇڭ

سىنى كۈتمەكتە... ئوغلۇڭ ۋە ئىرىڭ... بىلسەڭ ئىدى، سەنسىز ئۆتكەن بۇ يىللار ئىچىدە قانچىلىك ئازابلارنى تارتتىم! ئەمدى كەل زەررىن! كەلگىن، بەختلىك بولايلى، ئۆز ئۇۋاڭنى بىكارلاپ قويۇپ، باشقا ئۇۋىنى سەن بىلەن تولدۇرۇش ھەقسىزلىك بولـ-ماسمۇ؟»

ئەسلىدە چوڭ ھەقسىزلىكنى ئەينى زاماندا ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغانلىقىنى ئۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھەممە ئىشنى ئۇنتۇغانىدى. پەقەت قەلبىدە چوڭ بىر راھەتلىك ۋە سۆ-يۈنۈش ھۆكۈم سۈرەتتى. چۈنكى ئۇ زەررىنىنى كۆرگەنىدى. سۆيۈ-نۈش، خۇشاللىق بەخش ئەتكەن بۇ ھاياجانغا ئىخمۇ ئارتۇق چىد-دالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆي ئىگىسى بىلەن خوش-لىشىپ چاھار باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىگە يېڭى ۋە چوڭ بىر نىيەتنى پۈككەنىدى.

## 12

جىھات زەررىننى بىرقانچە مىنۇت بولسىمۇ، يالغۇز يەردە كۆرۈۋېلىش ئۈمىدى بىلەن چاھار باغدىن چىققاندىن كېيىن، سائەتلەرچە شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردى. كۆزىنى باغچىنىڭ دەرۋازىسىدىن ھېچ ئۈزمىدى. بىراق ئۇ يەردە تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە تۇرغان بولسىمۇ، زەررىن سىرتقا چىقمىدى. ئەتە ئەتىگەندە يەنە شۇ نىيەت بىلەن باشقىدىن كەلمەكچى بولۇپ ئۆيگە قايتتى. شۇ تاپتا ئۇ شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىكى، بۇ خۇش خەۋەرنى ئەڭ بۇرۇن سۇئاتقا يەتكۈزمەكچى بولدى. ھالبۇكى، بالا ئۇخلاپ قالغانىدى. تېلېفوندا ھاشمەت بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى - يۇ، بۇنىڭدىن يالتىيىپ قالدى. چۈنكى ئەمدى خوتۇنىنىڭ ئىز - دېرىكىنى تېپىپ بولغاچقا، رازۋېدكىچىغا ئېھتىياجى قالمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىچە ئىشەنچلىك بىر نەتىجىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ خۇشاللىقىنى ئۇنىڭ - بۇنىڭغا يېيىپ يۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

شۇ كېچە، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالماي، مىڭبىر ئوي - خىيال ئىچىدە تولغىنىپ چىقتى. ئۇنداق ئويلايتتى، مۇنداق پىلانلايتتى. خوتۇنى بىلەن بولىدىغان كەلگۈسى ھاياتىنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقاتتى. كۆز ئالدىدىن بەختلىك كۈنلىرى ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمدى زەررىن بۇرۇنقى ئۇ جىھات بىلەن ئەمەس، تامامەن يېڭىلانغان، ئىلغار پىكىرلىك بىر ئادەم بىلەن بىرلىكتە ياشايتتى.

جىھات تاڭ سەھەردىلا ماشىنا توشۇيدىغان چوڭ پاراخوت بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتتى ۋە ماشىنىسىنى بىر دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى رىشات بەينىڭ چاھار بېغىنى

كۆرەلىگۈدەك بىر يەرگە ئورۇنلاشتى. زەررىن دەرۋازىدىن چىقـ-
سىلا، ئۇنى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سائەتتىكە قا-
رىۋىدى، توققۇز يېرىم بولغانىدى. ئۇنىڭدىن بالدۇرمۇ باللارنى
سىرتقا ئېلىپ چىقمايتتى... ئىچ - ئىچىگە سىغمايۋاتقان تەش-
ۋىش، ھاياجان بىلەن يەنە كۈتۈشكە باشلىدى. كۈتتى، كۈتتى. ۋا-
قىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. بىراق زەررىن سىرتقا چىق-
مايۋاتاتتى، شۇڭا جىھاتنىڭ ھاياجىنى بىرئاز پەسەيدى، كۆڭلىگە
بىر ئەندىشە چۈشتى.

«ئەجەبا ئۇنى كۆرەلمەسمەنمۇ؟ كاشكى ئۇدۇللا ئىشىكنى چېـ-
كىپ ئۇنى سورىغان بولسام - ھە! تېخى ۋاقىت بار. شۇنداق
قىلايمۇ - يە، ياق ئۇنداق قىلسام زەررىن خاپا بولۇپ كېتەر...
ئۇنىڭ ئۈستىگە رىشات بەي نېمە دەپ قالىدۇ؟ نېمىلەرنى ئويلاپ
كېتىدۇ؟ ئەمىسە بۇ ئەتراپتىن تېلېفون قىلىدىغان بىر يەر تې-
پىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلساممىكىن؟ چاھار باغدا تېلېفون بار-
لىقىنى تۈنۈگۈن رىشات بەي ئېيتقان ئەمەسمىدى. بۇ تۈنۈگۈن
ئاخشام ئېسىمگە كەلگەن بولسىچۇ؟ ئەقلىمنى يوقىتىپ قويغان
ئوخشايمەن. سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىشىم كېرەك ئىدى. ھازىر
سائەت ئون يېرىم بولدى. تاماق ۋاقتىدا ئۇ تالاغا چىقمايدىغۇ دەي-
مەن. ئەڭ ياخشىسى كېتىپ تېلېفون قىلايمۇ ئەمىسە. مەنمۇ شۇ
باھانە بىلەن بىر ئاشپۇزۇلدا ئولتۇرۇپ تاماقمۇ يەۋالارمەن. زۆ-
رۈر تېپىلسا يەنە ساقلارمەن.»

ئۇ بۇ نىيەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى. پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ
كەتكەنىدى. تويلىرىنى قېقىۋېتىشىنىمۇ ئويلاپ باقماي مېڭىپ
كەتتى. شۇ ئەتراپتىكى بىر يېمەك - ئىچمەك دۇكىنىغا كىردى
ۋە ئوڭايلا رىشات بەينىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپتى.

جاۋابىنى بىر خىزمەتكار بەردى:

— كىمنى ئىزدەيسىز ئەپەندىم؟

— زەررىن خانىم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم.

— ئۇ ئۆيدە يوق.

— سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدى؟
— كېتىپ قالدى.
— چۈشىنەلمىدىم، نېمە دېدىڭىز؟
— زەررىن خانىم كەتتى دەۋاتىمەن.
— قەيەرگە؟
— بىلمەيمەن.
— قاچان كەتتى؟

بۇ ئاخىرقى سوئالغا جاۋاب كەلمىدى. خىزمەتكار بىزار بولۇپ تېلېفوننى قويۇۋەتكەنىدى. جىھات تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. زەررىن نەگە كەتكەندۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ مىڭبىر خىل سوئال مېڭىسىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. ياكى يەنە قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنداقتا جىھاتنى كۆرگەنلىكىگە خۇش بولمىغانىكەن ـ دە! «ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپتۇ. شۇنداقمۇ؟ تېخىچە ئەپۇ قىلمىغانىكەن ـ دە؟

بۇ سوئاللارغا بىراقلا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ دۇكاندىن چىقتى. زېھنىنى يىغىپ، تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەشكە تىرىشتى. كېتىۋېتىپ بۇ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى، ھېساب دەرسىدە كۆنۈكمە ئىشلىگەندەك مۇھاكىمە قىلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئۇ دۈلدىكى بىرسىگە ئەھۋالنى ئىزاھلاپ بەرمەكچى بولۇۋاتقاندەك، تەھلىل قىلىشقا باشلىدى.

«مېنىڭ ئۆزىنى ئىزدەيدىغانلىقىمنى پەرەز قىلىپ يەنە يوقاپ كەتتى. ئۇنداق بولغاندا مېنى كۆرۈشنى قەتئىي خالىمايدىكەن. قېچىپلا يۈرىدىكەن. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنچىۋالا نەپرەتلىنىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، بولۇپمۇ دەسلەپكى كۈنلەردىكىلەرنىمۇ بۇنچىۋالا كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. شۇنداق، مېنىڭ خاتالىقلىرىم بار ھەمدە بەك چوڭ. ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتمەي قالمىدى. بىر ئانا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بولسىمۇ، تېخىمۇ سەۋرچان بولۇشى كېرەك ئىدى. بالىسىغا نىسبەتەن ئانىلىق بۇرچى-

نىڭ بارلىقىنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدۇ؟»
ئۇ مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ يۈرمەكتە ئىدى. نەگە كېتىد-
ۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆزىنى بىردىنلا يەنە شۇ رىشات بەينىڭ
چاھار بېغى ئەتراپىدا كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ھېس - تۇيغۇسىد-
نىڭ قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچى ئۇنى ئىختىيارسىز بۇ يەرگە ئې-
لىپ كەلگەنىدى.
«ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ئاھ، مەن نېمىدېگەن دۆت -
ھە! نېمانچە تارتىنچاق بىر ئادەممەن. تۈنۈگۈن خوتۇنۇمنى قو-
لۇمغا چۈشۈرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنى نېمىشقا قولىدىن يېتىلەپ
ئۆيگە ئەكىتەلمىدىم. بۇنچىلىك جاسارەت ۋە كۈچ - قۇدرەتنى
ئۆزۈمدىن تاپالمىغىنىم ئۈچۈن، مانا بۈگۈن بۇ جازانى تارتىۋاتىد-
مەن. كىم بىلىدۇ، بەلكى ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئەقلىمدىن
ئېزىپ، نەشتەردەك تىكىلىۋېلىپ ئۇنى قورقىتىۋەتكەندىمەن.
مېنىڭ تۇيغۇلىرىم ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشۈم غەلىتە بىلىنگەندۇ،
بەلكى ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يەنە مېنىڭ ئاخىرقى مىس -
مىسلىقىم سەۋەب بولغاندۇ؟ راستىقۇ، شۇنچە يىللاردىن كېيىن
ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا، ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىشىنىڭ ئور-
نىغا، ئۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تۇرغان
يېرىمگە مىخلىنىپ قالدىم. شۇ دەقىقىلەردە خوتۇنۇمنى ئويلاش-
نىڭ ئورنىغا، رىشات بەينىڭ مەن ھەققىمدە نېمىلەرنى دەپ قا-
لىدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتىم - دە، بۇ ھال گويا زەنجىر بولۇپ
مېنى باغلىۋالدى. دېمەك، ئىچىمدە تېخىچە بۇرۇنقى جىھات ياشا-
ۋېتىپتۇ... مۇنداق بولمىغان بولسا، مەن دەسلەپتىلا ئېتىلىپ
بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتارىدىم. ئۇ چاغدا... بەلكى زەررىن
مېنىڭ سەمىمىيلىكىمگە ئىشەنگەن بولاتتى. ھالبۇكى، مېنى ئۆ-
زىنىڭ ئۇدۇلىدا تاشتەك ھەرىكەتسىز، مۇزدەك سوغۇق ھالەتتە
كۆرۈپ، مېنى ئۈچ يىلنىڭ قانداق ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بىل-
مىگەنلىكى ئۈچۈن، مېنى شۇ بۇرۇنقى جىھات دەپ بىلدى -
دە، قاچتى. بۇ چوقۇم شۇنداق بولدى. ئەمدى قانداق قىلىشىم

كېرەك؟»

ئۇ باغچىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى، يا ئىچىگە كىرمەيتتى، يا بىر ھەرىكەت قىلمايتتى. چۈنكى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا سارايىنىڭ مەرمەر پەلەمپەيلىرىدىن بىر قىزنىڭ يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇنى پۇرسەت دەپ قاراپ، دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى. نېمە قىلىشنى تېخى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئەمما مۇمكىن بولسا رىشات بەي بىلەنمۇ كۆرۈشمەكچىدى.

— قىزىم، بەي ئەپەندى ئۆيدىمۇ؟

بىر كۈن ئاۋۋال كەلگەن مېھماننى تونۇغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتكار دەرھال جىھاتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ياق ئەپەندىم، ھېلىراق چىقىپ كەتتى.

— ئىستانبۇلغا كەتتىمۇ؟

— ھەئە ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا ماڭا تەربىيەچى زەررىن خانىمنى چاقىرىپ بېرەرسىزمۇ؟ بەي ئەپەندى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېمەكچىدىم.

— زەررىن خانىممۇ بۇ يەردە ئەمەس، ئاخشام ئالدىراپ كېتىپ قالدى. كېسەل بولۇپ قالغان بىرسى بار ئىكەنتۇق، ئۇ چاقىرتقانىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ كېسەل كىشى نەدە ئىكەن؟ بۇ ھەقتە بىر نېمە دېمىدىمۇ؟

— ياق، يىغلاپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

خىزمەتكار قىزدىن بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر تەپسىلات ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن جىھات دەرھال ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. بېشىنىڭ ئىچىدە بىر بولقا توختىماي ئۇرۇلاتتى ۋە ئوخشاش بىر جۈملە ئارقا - ئارقىدىن تەكرارلىناتتى:

— زەررىننى تاپىمەن... زەررىننى تاپىمەن...

بۇنداق ئويلاش ۋە بۇنداق ئۈمىد قىلىش ئوڭاي ئىدى. بىراق زەررىن ئۇنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانىدى. بارلىق دەرد ـ ئەلەملەر، ئىزدەشلەر، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكلەر، ھاياجان ۋە ئىزتىراپلار قايتىدىن باشلىنىپ كېتەرمۇ ئەمدى؟ قاچانغىچە داۋام قىلار؟

«ئۇنى قايتىدىن يوقىتىپ قويۇش ئۈچۈن تاپقانمىدىم؟ ساراڭ بولۇپ قالىدىغان بولدۇم، پەرۋەردىگارىم!»

ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، تۇرۇپلا ئۆ- لۈۋېلىشنىمۇ ئويلاپ كەتتى.

«ئۆلۈم خەۋىرىمنى گېزىتتىن ئوقۇغىنىدا، زەررىن راھەت بىر نەپەس ئالار. مەن شۈكۈر، قۇتۇلۇپتىمەن دەر ۋە ئۇ چاغدا سۆئاتنىڭ قېشىغا كېلەر.»

بۇ قېتىم بۇ ئۆلۈم ھەققىدىكى پىكرى مېڭىسىگە كىرىۋې- لىپ، ئۇ ھەقتە يېپيېڭىدىن ـ يىڭنىسىگىچە تەپسىلىي ئويلاپ كەت- تى ۋە بۇ ئويلىرىغا ئۆزىنىڭ مەسلىكى كەلگەندەك بولدى.

«شۇ چاغدىلا مېنى چۈشىنىدۇ. ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا پۇشاي- مان قىلىدۇ ۋە ئارقامدىن يىغلاپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا قالدۇ- رۇپ كېتىدىغان مەكتۇپىمدىن پۈتكۈل ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن، ھەسرەتتە قالىدۇ. چۈنكى زەررىن ئاق كۆڭۈل، چىچەن بىر ئايال. مېنىڭ ئۆزىنى توختىماستىن ئۈچ يىل قانداق ئىزدەپ تۇرغىنىمنى ۋە قانداق دەردلەرنى تارتقىنىمنى بىلگىنىدە، ماڭا نىسبەتەن توغرا مۇئامىلە قىلمىغىنىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆڭلىدە مېنى ئەسلەپ ياشايدۇ. ئوغلى ۋە ئېرى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكەن باياشات ۋە بەختلىك ھاياتىدىن قالغان مال ـ دۇنيارىمنىڭ راھىتى ئىچىدە ياش بىر تۇل ئايال بولۇپ ياشايدۇ. لېكىن، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىسچۇ!»

بۇ خىيال قەلبىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، ياش يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قارارىنى بىردىنلا ئوڭتەي ـ توڭتەي قى- لىۋەتتى.

«ياق، ئۇنى چوقۇم، چوقۇم تېپىشىم كېرەك.»

ئۆيگە كېلەر ـ كەلمەي ھاشىمەتكە تېلېفون قىلدى. ئۇنىڭغا ھېچبىر تەپسىلاتلارنى سۆزلىمەستىن:

— ھاشىمەت بەي، دەرھال بىر ماشىنا بىلەن بۇ يەرگە كېلىڭ. يەنە بىر ئاز يالغۇز قالسام ساراڭ بولۇپ قالىمەن، — دېدى.

رازۋېدكىچى پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانىدى. چۈنكى ئۇ زەررىنىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى تېپىپ جىھاتقا خەۋەر قىلغانىدى. شۇڭا جىھاتنىڭ قىزىل تۇپراقتا بىر كۈن ئاۋۋال كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن تېخىچە بىر خەۋەر بولمايۋاتقانلىقىغا ئەجەبلەنگەنىدى. لېكىن جىھاتنىڭ مۇنداق «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دېگەندەك بىر بېشارەت قىلىشىنى ئەسلا كۈتمىگەنىدى. ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەي سورىدى:

— ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟ نېمە بولدى بەي ئەپەندى؟

جىھاتنىڭ ھېلى ئۇ يەردىن، ھېلى بۇ يەردىن يېرىم ـ يارتا جۈملىلەر بىلەن قىلغان قىسقىچە چۈشەندۈرۈشلىرى، قىسقا ھېكايىسىنىڭ ھاشىمەتكە بولغان تۇنجى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. شۇڭا ئۇ بۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى.

— شۇنداق ۋەقە تۈنۈگۈن بولدىغۇ دەيمەن.

— ھەئە.

— سىز زەررىن خانىمنىڭ كەتكەنلىكىنى قاچان بىلدىڭىز؟

— بۈگۈن ئەتىگەن.

— ئارىدىن تۆت ـ بەش سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەسىلىنى ئاران ئەمدى ماڭا ئۇقتۇرۇشنى زۆرۈر تېپىپسىز ـ دە؟

بۇ يوللۇق شىكايەت ۋە رەنجىشلەر جىھاتنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىدى. بىرقانچە يىل ئالدىدا بىرسى ئۇنىڭغا مۇنداق خىتاب قىلغان بولسىدى، بولۇپمۇ بۇ ئادەم ئۇنىڭغا پۇل ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىۋاتقان باشقا بىرى بولسىدى، دەرھال ئۇنى قوغلاپ چىقىرد-

ۋەتكەن بولاتتى. لېكىن ئۇ ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى.
شۇڭا غەمكىن بىر ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن سىزمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم
قىلماڭ ھاشمەت بەي. بولغۇلۇق بولدى ئەنە، ئەمدى نېمە قىلغۇ-
لۇق؟ سىز مېنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ ئەمدى
چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۇ يات بىر مۇھىتتا، ئەسلا كۈتمىگەن
ئەھۋالدا خوتۇنۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش مېنى ئەقلىمدىن
ئازدۇرۇۋەتتى، خۇشاللىقىمدىن قېتىپلا قالغانىدىم. شۇ مى-
نۇتلاردىن بىرى نېمە قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن. تۈنۈگۈنكى كې-
چىنى بەخت - سائادەت دېڭىزىغا چۆكۈپ ئۆتكۈزگەنىدىم. كۆ-
زۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۆزۈمنى خام خىياللار قوينىغا
تاشلاپ بەرگەنىدىم. جەننەتتە ياشاۋاتاتتىم. بۇ خىيال دۇنياسىدىن
ئويغانغاندا ئۆزۈمنى جەھەننەمدە كۆردۈم. بىر تاغنىڭ چوققىسى-
دىن چوڭقۇر بىر ھاڭغا دومىلاپ كېتىۋاتقاندەك ساراسىمىگە
چۈشۈپ قالدىم. پۈتۈن بەدىنىم بۇ دومىلاشتىن چۇلۇق - چۇلۇق
بولۇپ كەتكەندەك بولدى. بۇ مۇدھىش زەربىنىڭ تەسىرى ئاستى-
دا قانداق قىلىپ ساراڭ بولۇپ قالمىغىنىمغا تېخىچە ھەيران
بولماقتىمەن. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ ئىچىمگە سىغمايۋات-
قانلىقى ئاز بولۇپ قالغاندەك، يەنە تېخى سىزمۇ قاقشاپ كېتىۋا-
تىسىز. بۇ ھالىمغا ئېچىنىشىڭىزنى ئاغرىتىشىڭىز ۋە ھەرىكەتكە كې-
لىشىڭىز كېرەك ھاشمەت بەي، سىزدىن كۈتىدىغىنىم شۇ.

جىھات سەمىمىي ھېسسىياتىنى تۈنجى قېتىم بۇنچىۋالا ياپ-
يالىڭاچ سۆزلەر بىلەن ئاشكارىلاۋاتاتتى. رازۋېدكىچى خىجىل بو-
لۇۋاتقاندەك قىلاتتى، يۈزلىرى قىزارغان ھالدا ئۇنىڭغا تەسەللىي
بېرىشكە تىرىشتى.

— ئۆزىڭىزنى بۇنچىۋالا ئازابلىماڭ، خانىمنى بىر قېتىم تې-
پىۋالغاندىكىن، ئىككىنچىسى ئوڭاي ئەمدى.

— شۇنداق بولارمۇ؟

— شۈبھىسىز، پەقەت سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنايلى. بۇ

قىلغىنى زەررىن خانىمنىڭ تېخىچە سىزدىن قېچىپ تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى بولۇپ سانىلىدۇ، سىزمۇ شۇنداق قارايسىزغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، ھەقىقەتەن شۇنداق.

— ئىراق، قولىمىزدا چوڭ بىر كوزىر بار، بۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك؟

— قايسىنى؟

— ئوغلىڭىز... بىر قېتىم ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، قايتا - قايتا ئۇنى كۆرگۈسى كېلىپ تۇرىدىغانلىقىدا شۈبھىڭىز بولمىسۇن. ئەمدى بىزمۇ بىرىنچى قېتىم قىلغىنىمىزدەك، سۇئات بەينىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك. پەقەت ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئانىسىنى تاپالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىم كامىل.

جىھاتنىڭ چىرايىدا يەنە بىر ئۈمىد نۇرى پارلىدى.

— دېمەك، پىكرىڭىزچە، زەررىن ئىستانبۇلدىن يىراققا كەتمىدى، شۇنداقمۇ؟ بىلىسىزغۇ، ئۆتكەن قېتىم رىشات بەي بىلەن بىللە رۇمغا كېتىپتىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئەمدى ھوشيار تۇرىمىز. ئەندىشە قىلماڭ ئەپەندىم.

— نېمە قىلماقچىسىز؟

— ئىستانبۇلنىڭ سىرتقا كېتىدىغان يوللىرىدىن ئىزدەيمىز، سىز بۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. شۇنداقلا ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈۋەتمەڭ جىھات بەي، كۆتكىنىمىزدىن كۆپ بالدۇرلا بۇنى ھەل قىلىۋېتىمىز، پەقەت سىز ئەتىمۇ رىشات بەينى زىيارەت قىلارسىزمۇ؟

— بولىدۇ، ئۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇشىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— مېنىڭچە شۇنداق.

ئىراق ئەتىسىمۇ رىشات بەيدىن خاتىرجەم بولغۇدەك بىرەر خەۋەر ئېلىنمىدى. ئەكسىچە، ياشانغان ئادەم بىر تەرەپتىن پوچتا

ماركىلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىۋېتىپ، بىرتەرەپتىن بالىلىرىنىڭ كۈتۈمسىز قالغانلىقىغا بەك كۆڭلى يېرىم بولىغانلىقىنى، شۇنداقلا تەربىيەچىسىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت كېسەل ھامىمىسىنىڭ قېشىدا قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەتتا بەلكى بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشكە ھېچقاچان كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ زەررىن ئۈچۈن بۇ تەرەپتىكى يوللار تامامەن ئېتىۋېتىلگەن دېمەكتە ئىدى.

ئۇ ئاخشام ئالغان نەتىجىسىنى ھاشمەتكە تېلېفون بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆيىگە قاراپ كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا ھېلىلا كوچىدىن كىرگەن سۇئات بىلەن ماتمازەلگە ئۇچرىشىپ قالدى. سۇئات دادىسىنى كۆرۈشى بىلەن تەڭلا، دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ بويىنىغا ئېسىلىۋالدى.

ــ بۈگۈن بەك ياخشى ئوينىدىم دادا...

جېھات ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى، بىراق سۆيۈپ قويای دەۋاتقىنىدا ماتمازەل مارىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

ــ سۆيمەڭ بەي ئەپەندى، سۇئات بۈگۈن كۆپ يارىماسلىق قىلدى.

مۇنداق شىكايەتنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان جېھات ھەيران قېلىپ تەربىيەچىگە قارىدى.

ــ نېمە دەۋاتىسىز ماتمازەل؟ سۇئات يارىماسلىق قىلدىمۇ؟ ــ جېھات قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بالىنى ئەيىبلەشكە تەييار بولۇپ تۇردى.

ــ ھەئە ئەپەندىم.

ــ نېمە بولدى، دەپ باقە قېنى.

ئۇلار ھويلىدا ئۆرە تۇرۇپلا پاراڭلىشىۋاتاتتى. جېھات ئاۋۋال ۋەقەنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدى.

ئەپەندىم، ھەرقاچانقىدەك تاكسىم باغچىسىغا بارغانىدۇق. سۇئاتمۇ تونۇشقان ۋە ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئۇ بالىلار بىلەن بىر ئوبدان ئويناۋاتاتتى. بۈنىڭغا مەن شۇنچىلىك خاتىر-

جەم بولۇپ قالغانىدىمكى، ئەمدى كۆزۈمنى ئۇلاردىن ئۈزمەي ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلماستىن، توقۇشۇمنى توقۇپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، بىر ۋاقىتتا قارىسام ئۇ يوق، سورۇشتۇرسام ئۇنىڭ بىردىنلا دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئەقلىمدىن ئېزىپ قالغاندەك قورقۇپ كەتتىم، دەل ئون مىنۇت ساراڭلارچە ئۇنى ئىزدىدىم.

ماتمازەل مارى بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىدا يېڭىدىن شۇ دەقىقىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەكلا بولۇپ كەتتى... ھاياجاندىن يۈزلىرى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى، بىر تىنىۋېلىش ئۈچۈن توختاپ قالغىنىدا، جېھات ئوغلىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ قالدى ـ دە:

— چوقۇم يەنە بىر قېتىم ماتمازەلدىن ئايرىلىپ قالغۇچى بولما جۇمۇ بالام، ئەسكى ئادەملەر سېنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئاندىن... تېزدىن ماتمازەلدىن كەچۈرۈم سورىغىن ھەمدە يەنە بىر قېتىم مۇنداق ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەرگىن، بولمىسا سېنى جازالاپ قويىمەن جۇمۇ — سۇئات، ئۇقتۇڭمۇ؟

بالا بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ جىممىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ خاتا ئىش قىلىپ قويغان بىر بالىنىڭ جازالانغانلىقى تۈپەيلى پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك بىرەر تۇرقى يوق ئىدى. ئەكسىچە، شۈكلەپ كەتكەن ۋە غەمكىن ئىدى. بۇنى كۆرگەن جېھات ئەنسىرەپ سورىدى.

— نېمە بولدۇڭ سۇئات؟ نېمىگە مۇنداق تۇرىسەن؟

ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشكە ۋاقتىمۇ بەرمەستىن، يەنە تەربىيەچى قىز گەپ باشلىدى. بۈگۈنكى ۋەقەگە ھەقىقەتەن ئىچى پۇشۇپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— نېمە بولاتتى. بۇ يارىماسنى نەدىن تاپقىنىمنى بىلەمسىز بەي ئەپەندى. يات بىر خوتۇننىڭ قۇچىقىدا... تېخى ئۇنى قۇچاقلىۋاپتۇ. بىر ـ بىرىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈشۈۋېتىپتۇ.

جېھات تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئاغزىدىن بىرلا

جۈملە چىقتى:
— بىر خوتۇنمۇ؟
ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى. دەسلەپكى مىنۇتتىلا زەررىنىنى ئويلىدى، ئەجەبا ئۇ شۇ خوتۇنمىدۇ؟
تەربىيەچى يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ھەئە ئەپەندىم، بىر خوتۇن... گەرچە كىيىم - كېچەكلىرى پاكىز، چىرايى ۋە تەقى - تۇرقىدا ئەنسىرىگۈدەك بىرنېمە بولمىسىمۇ، ئەمما نېمىلا بولمىسۇن يات ئادەم ئەمەسمۇ. شۇڭا سۇئات ئۇنىڭ يېنىغا بارماسلىقى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپلا دەرھال بالىنى قۇچىقىدىن چۈشۈردى - دە، يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.
جىھات ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمايۋاتاتتى، سۇئاتقا ئېگىلدى، ئۇنى قورقىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن يېقىملىق بىر ئاۋاز بىلەن سورىدى:
— ئۇ خوتۇن كىم ئىدى شېكىرىم؟
بالا ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرماستىن، ئەكسىچە مەغرۇرلانغاندەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن دادا؟ ھېلىقى تامدىكى ئانام ئەمەس... يەنە بىرسى... ھەقىقىسى...
— ئۇ... ئۇ سېنى قۇچىقىغا ئالدىمۇ؟
جىھات ئويلىماسلىق ئۈچۈن تامغا يۆلىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئاۋازى تىترەپ كەتكەنىدى.
— ھەئە، يىراقتىن ماڭا ئىشارەت قىلدى. مەنمۇ يۈگۈرۈپ كەلدىم. مېنى سۆيدى. جىق سۆيۈپ كەتتى.
ماتمازەل مارى ھەيران قالغان ھالدا بۇ سۆزلەرنى تىڭشىماقتا ئىدى. جىھات بەيدەك سالماق بىر ئادەمنىڭ مۇنداق چوڭ بىر خاتالىق ئۈچۈن ئوغلىغا جازا بېرىدىغان يەردە، ئەكسىچە ئۇنى قۇ-

چىقىنغا ئېلىپ باغرىغا بېسىشلىرىنى ھەمدە ئۇنى مەجنۇنلارچە سۆيۈپ كېتىشلىرىنى نېمىشقىدۇر ئەپۇ قىلالمايۋاتاتتى.

سۇئاتقا كەلسەك، ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا چىڭگىدە قۇچاقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە كۆزلىرىدە نېمە ئۈچۈن ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنى سۆيۈۋاتقىنىدا نېمە ئۈچۈن كۆكسىدىن ئاجايىپ بىر خىل ئاۋاز چىقارغانلىقىنى ۋە مۈرىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن سىلكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتى.

بۇ ئۆكسۈشلەر، بۇ كۆز ياشلار ئىنتىزار بولۇۋاتقان بىر سائادەتنىڭ باشلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

# 13

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئەتىسى جىھات بىلەن ھاشمەت خېلى ئۇ-
زۇن پاراڭلاشتى. بۇ پاراڭلىشىش جەريانىدا، ۋەزىيەت تەپسىلىي
تەتقىق قىلىنىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ پىكرى پۈتۈنلەي بىر يەردىن
چىققان نۇقتىلار بولدى. ئۇ بولسىمۇ، زەررىن خانىم ئېرىدىن
قاچماقتا ئىدى ۋە نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
قېچىشنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالدا قانداق قىلىش كې-
رەك؟ ئالدى بىلەن ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىش كېرەك.
شۇنداقتىمۇ بۇنىڭغا يەنە كىچىككىنە بولسىمۇ چارە - تەدبىر
قوللىنىشى لازىم ئىدى، يەنى جىھات بۇ ئارىلىقلاردا ئۆزىنى دال-
دىغا ئېلىپ تۇرۇشى ۋە بۇنىڭغا نىسبەتەن ھاشمەتنىڭ كۆزلىرد-
نى چوڭ ئېچىشى، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ پىلاننىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرى ئالدىرىماستىن، سوغۇق-
قانلىق بىلەن تۈزۈپ چىقىلدى ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئىجرا قىلىش-
مۇ قارارلاشتۇرۇلدى. بۇ پىلانغا ئاساسەن جىھات ئەمدى ئوغلى
بىلەن سىرتلارغا چىقمايدىغان بولدى. بالا ماتمازەلنىڭ قولىغا
تاشلاپ بېرىلەتتى. يەنى بالا تەربىيەچىسى بىلەن كوچىلارنى كې-
زەتتى. ھاشمەت ياردەمچىلىرى بىلەن ئۇلارنى كۆزدىن يىراقلاش-
تۇرمايتتى ۋە زەررىنىنىڭ پېيىگە چۈشەتتى.

مەيداننى پۈتۈنلەي بوش ۋە ئەركىن قويۇۋېتىش مەقسىتى بى-
لەن پىلاننىڭ ئىككىنچى قىسمىنىمۇ ئەتىسىدىن باشلاپ ئىجرا
قىلىشنى باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى گېزىتلەرگە مۇن-
داق بىر قىسقا خەۋەر بېسىلدى.

«بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى تارىخىي ساياھەتلىرىدىن كۆپلىگەن ئەھ-
مىيەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئالىم ۋە تارىخشۇناس

جىھات باغدادلىقنىڭ بۇ قېتىم ئافرىقىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا بەزى تەتقىقات ئىشلىرىنى قىلىش مەقسىتى بىلەن يېقىندا ئۇزۇن بىر ساياھەتكە چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق.»

بۇ قېتىم بۇ قىسقا خەۋەر گېزىتكە چىققاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ھەرقايسى گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىدىن تېلېفونلار كېلىپ، زىيارەتكە كەلگەنلىرى جىھاتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىشتى، شۇنداقلا ئۇلار يېڭىدىن تەتقىق قىلىنىدىغان تېما ھەققىدە سوئاللارنى سوراپ ھارمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش شۇنچىلىك چوڭىيىپ كەتتىكى، بۇ ھەقتىكى گېزىتلەرنىڭ بەتلىرىنى مۇبالىغە قىلىنغان سۆز - جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان ماقالىلەر لىقىدە تولدۇرۇۋەتتى. بۇ ماقالىلەرنىڭ بىر قىسمىدا جىھاتنىڭ ئالەمشۇمۇل ساياھەتكە چىقىش ئۈچۈن تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقى يېزىلىپ تۇراتتى. ئەتراپىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەسىر قوزغاش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئۆيدىمۇ تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى ساياھەتكە چىققانلىرىدا ئىشلىتىلگەن سومكىلار ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەر ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇلغانىدى. جىھات پەخرەتتىن بەي بىلەنمۇ ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل تەلىماتلارنى بەردى. ھەممەيلەن بەي ئەپەندىنىڭ قايسى كۈنى يولغا چىقىدىغانلىقىنى سوراشماقتا، كۈتۈشمەكتە ئىدى.

نىھايەت، بىر كۈنى ئەتىگەندە جىھاتنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى خەلقئارالىق ساياھەت ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۆزىمۇ ئۆيدىكىلەرگە ئاخىرقى تەلىماتنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلى بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىسىغا چىقتى. ئەتىسىدىكى گېزىتلەرگىمۇ تارىخچى جىھات باغدادلىقنىڭ خۇسۇسىي ماشىنىسى بىلەن يولغا چىققانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر بېسىلدى.

شۇ كۈنى ئۆيگە كەلگەن پەخرەتتىن بەي يەنە سۇئاتنىڭ تەربىيەچىسىنى ئايرىم بىر ئورۇنغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. بەزى تەلىماتلارنى بەردى. ياشلىق دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن تەربىيەچى بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن

كېيىن باشتا قاتتىق ھەيران بولدى. ئانچە ئۆتكۈر بولمىغان زېھ-
نى بىلەن ئاۋۋال بۇ ۋەقەنى بەك رومانتىك ۋە ئادەمنى ھاياجانلان-
دۇرىدىغان بىر ئىش ئىكەن دەپ قارىدى. ئاندىن ئۆزىگە بېرىلگەن
تەلىماتنى ھەربىر ھەرىپى بويىچە بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ۋەدە
بەردى.

ئۇنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى، سۇئاتنى نازارەت قىلىپ
تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى تاكسىم باغچىسىدا بىر ئاز ئەركىن
قويۇۋېتىش ھەمدە يات خوتۇن بىلەن قىلىدىغان ھەرىكەتلىرىنى
چەكلىمەسلىك قارارلاشتۇرۇلدى. شۇڭا ماتمازەل بەك دىققەت قى-
لىشى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىغا پۇرسەت
چىقىرىپ بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، پۈتكۈل
پىلانلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى، شۇنداقلا يات ئا-
يالنىڭ ئۈركۈپ قېچىپ كېتىشى ۋە بۇ چوڭ پالاكەتكە سەۋەب
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئېيتقىنىمىزدەك، ئاجايىپ رومانتىك مارى بۇ ئائىلە روما-
نىدا ئۆزىنىڭمۇ ئىجابىي ۋە ئەھمىيەتلىك بىر رولنى ئالىدىغانلى-
قىغا بەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە بۇ ئىشنى بەك مۇھىم دەپ بى-
لىشكە باشلىدى. شۇ كۈندىن كېيىن سۇئاتقا بولغان دىققەتنى ۋە
كۆڭۈل بۆلۈشنى باشقىچىلا كۈچەيتتى، كۆرۈنۈشتە تور توقۇغان
بولۇپ ئولتۇرغىنى بىلەن، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بالىنىڭ بارلىق
ھەرىكىتىنى پايلاپ تۇراتتى.

بۇ ئارىلىقتا سۇئات ئۇ چىرايلىق يات ئايالنى بىر ئىككى
قېتىم باغچىدا كۆردى ۋە يېنىغا باردى. ئىككى قەلبنى بىر -
بىرىگە جەلپ قىلدۇرغان بۇ سىرلىق، سېھىرلىك باغچە ئۇلارنى
ھەركۈنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى. ماتمازەل مارى بالىنىڭ
بۇ شېرىن تەبەسسۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى بەكمۇ
تەبىئىي دەپ بىلەتتى. ئاستا - ئاستا بۇ تەبەسسۇم ئۇنىمۇ ئۆز
ئىلكىگە ئېلىۋالدى. يات ئايال بىلەن ئارىلىرىدا بىر دوستلۇق ۋە
تونۇشلۇق پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

جىھات ساياھەتكە چىقىپ كېتىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كې-يىنكى بىر ئەتىگەندە، ئىككى ئايال بىر ئورۇنداقتا يانمۇيان ئول-تۇرۇپ، سۇئاتىنىڭ دوستلىرى بىلەن قانداق ئويناۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىشتى، شۇنداقلا بۇ ئارىدا پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ئاۋ-ۋال مارى ئۆزىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىـ-شەنچ ئاتا قىلدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە بەزى سوئاللارنى سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلدى:

— سىزنى بۇ يەردە يات - يات كۆرۈپ تۇرىمەن. باللارنى بەك ياخشى كۆرىسىزغۇ دەيمەن.

— ھەئە.

— ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى يوقمۇ؟

ئايالنىڭ چىرايىدا بىر خىل غەمكىنلىك پارلىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يەردە يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئويناۋاتقان بالىغا قارىۋېلىپ مىسكىن بىر ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى.

— بار ئىدى.

ماتمازەل ئۇنىڭ بېقىشلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ:

— ئۆلۈپ كەتكەنمىدى؟ ۋاي ئىسىت، سىزنىڭ يارىڭىزنى تا-تىلاپ قويدۇم. كەچۈرۈڭ، — دېدى.

— يات ئايال بولسا سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن:

— ياق، ئۆلۈپ كەتمىدى. ئېرىمدىن ئايرىلىپ كەتتىم، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئۇ بالىڭىزنى سىزگە كۆرسەت-مەمدۇ؟

— ياق...

— نېمىدېگەن رەزىل ئادەم ئۇ... نېمىشقا سوتقا ئەرز قىل-مايسىز؟

— بۇنى پىرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلالمىدىم. ئېرىمدىن ئاجراشسام، ئېرىم باشقا بىرسى بىلەن ئۆيلىنىدۇ. بالامۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالسىڭىز بولمامدۇ؟
— قەتئىي بولمايدۇ. بەك زالىم بىر ئادەم ئۇ. ماڭا كۆپ ئەر-
زىيەت ۋە زۇلۇم سالدى، ئىدىيەسى قالاق ۋە مۇستەبىت.
— ھالبۇكى، سىز تېخى ياش، چىرايلىق ئىكەنسىز، باشقا
بىرسى بىلەن توي قىلىپ قالارسىز.
— بۇنىمۇ خالىمايمەن. بىر قېتىملىق تەجرىبە يېتىپ ئا-
شىدۇ.
— ئۆزىڭىزگە ئۇۋال قىلىۋاتىسىز خانىم. يا بۇرۇنقى
ئېرىڭىز بىلەن يارىشىپ، بالىڭىز بىلەن جەم بولۇڭ، ياكى
ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىڭ - دە،
بالىلىق بولۇۋېلىڭ.
— ھېچبىرىنى قىلمايمەن. مۇمكىن ئەمەس! مانا مۇشۇنداق
باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بې-
رىشكە تىرىشىۋاتىمەن.
بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، گويا سۇئات بۇلارنىڭ مەنىسىنى
چۈشەنگەندەك ئورنىدىن تۇردى. كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئۇ-
نىڭ تىزىغا تايىنىپ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. زەررىنىنىڭ دەل
ئۆزى بولغان بۇ چىرايلىق ئايال ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى ۋە
يۈزلىرىگە سۆيدى. ھېچنېمىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن:
— سۆيۈملۈك بىر بالا، كۆز تەگمىسۇن، — دېدى، — ئىس-
مىڭ نېمە ئوغلۇم؟
— سۇئات باغدادلىق.
— سۇئات باغدادلىق... چىرايلىق ئىسىم...
بىراق ياش ئايالنىڭ بۇ كومېدىيەنى داۋاملاشتۇرغۇسى كەل-
مىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. شۇڭا
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ماتمازەل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە
قاراپ قالدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە:
— بىچارە ئايال، — دېدى، — بىر چۈشەنمەسلىكنىڭ قۇربا-
نى بولۇۋاتىدۇ. ھەقىقەتنى بىلگەن بولسا - ھە!

ئەتىسى زەررىن كۆرۈنمىدى، ئۈچىنچى كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر كۈنى يەنە كەلدى ۋە مېھرىبانلارچە، غەمكىن نىگاھلىرى بىلەن ئوغلىنىڭ ئويناشلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

بىراق ۋاقىت ئۆتمەكتە، ياز كەلمەكتە ئىدى. يازلىققا كېتىشتىن ئاۋۋال ھاشمەت بۇ مەسلىنى ھەل قىلىۋېتىشنى قارار قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ئالغان تەلىمات بويىچە، بىر كۈنى ئەتىگەندە ماتمازەل تاكسىم باغچىسىغا كېچىكىپرەك كەلدى. زەررىن ئۇ يەردە دائىم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتا كۆزلىرىنى دەرەخلىك يولغا تىككىنىچە ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. ئولتۇرۇشلىرىدىن ۋە تەقى ـ تۇرقىدىن ھاياجان ۋە تاقەتسىزلىك بالقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلارنى كۆرۈپلا چىداپ تۇرالماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىككى قەدەم ئالدىغىراق كېلىپ قايغۇلۇق بىر ئاۋاز بىلەن:

— كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ كەتتىم، — دېدى.

ئۇ ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان زەررىننىڭ بۇ تەشۋىشلىك سۆزلىرى سەزگۈر ماتمازەلنى ھاياجانغا سالغانىدى. ئەمما ئۇ ئاڭلىغان بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋاسىز كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ:

— ئۆيدە بۈگۈن بىرئاز ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، شۇڭا ئەتىگەنرەك چىقالمىدۇق، — دېدى.

— قانداق ئالدىراشچىلىق ئۇ؟

— ئەمدى ياز كەلدى ئەمەسمۇ، كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتۇق.

— يازلىققا كېتەمسىلەر؟ قاچانلىققا؟

— تېخى ئاي ـ كۈنى بېكىتىلمىدى. ئەمما يېقىندا كېتىمىز.

— قەيەرگە؟

— ئۇمۇ ئېنىق ئەمەس. بەلكىم ئىرابيادىكى چاھارباغقا ياكى بەيكوزغا ۋە چاملىجاغا...

زەررىن مەيۇس ۋە ئۈيچان ھالدا:

— دىمەك، ئەمدى سىلەرنى كۆرەلمەيدىكەنمەن ـ دە.

— ئەپسۇسكى شۇنداق، مەنمۇ سىزگە شۇنداق كۆنۈپ قاپتىكەنمەن.

— چاملىجادا سارايلىرى بارمىكەن؟

— ئەزىبىرايى، ئانچە بىلمەيمەن. بەلكى ئىجارىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ھەر ھالدا سۇئات شۇيەردە ئۈزاق تۇرۇپتىكەن.

— شۇنداقمۇ؟! دىمەك چاملىجادا چوڭ بوپتۇ ـ دە.

— شۇنداقتەك قىلىدۇ...

ياش ئايال ھەقىقەتەن خاپا كۆرۈنەتتى. ئولتۇرغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغانىدى. ئۇنى كۆرمەستىن، ھېچبىر نەرسە ئاڭلىماستىن، بىرنەرسە خالىماستىن ئولتۇراتتى. تەربىيەچى بۇنىمۇ سەزمىگەنگە سىلىۋالدى. خېلى ئۇزۇنغىچە تورىنى توقۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتا پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

— راستىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مەنمۇ تېخى قەتئىي قارارغا كەلمىدىم.

زەررىن بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىن، خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ بولسا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەك نازۇك بىر ئەھۋالدا قالدىم خانىم، ئالدىمدا ئېچىلىپ تۇرغان يېڭى بىر يولدا ماڭسام بولارمۇ ياكى ئەمدى يېشىمنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بالا تەربىيەچىلىك كەسپىنى داۋاملاشتۇرسام بولارمۇ؟ بۇنى تېخى مۇقىملاشتۇرالمايۋاتىمەن.

ياش ئايال ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن بىر نەزەردە قارىدى. بۇ ئەھۋالدا ھەر قانداق بىر يات ئىنسان بولغان تەقدىردىمۇ، ئوغلىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىگە يېقىنىدىن كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئىچكى ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، گېرمان تەربىيەچىنىڭ شەخسىي ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆرۈندى.

— ئالدىڭىزدا ئېچىلغان يېڭى يول قايسى ماتمازەل؟

— بىرى توي قىلىشقا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭغا سىز ئۈچۈن مەن خۇشال بولدۇم.
— شۇنداق، ئەمما بەي ئەپەندى ساياھەتكە چىقىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا ئۇ كەلگۈچە بالىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىمغا ۋەدە بەرگەنىدىم.
— ئۇ چاغدا مۇنداق بىر ئېھتىماللىق يوقمىدى.
— ياق، بىرقانچە كۈن ئاۋۋال ماڭا بۇ توي تەكلىپى بې-رىلدى.
— مۇۋاپىق بىر كىشىمىدى؟
— بەك ياخشى تەرەپلىرى بار بىرى ئىدى.
— ئۇنداقتا تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرسىز، يەنى ئۆ-زىڭىز ئۈچۈن ناھەقچىلىق قىلىسىڭىز توغرا بولمايدۇ. بەختلىك بولۇش ئۈمىدىڭىز بولسا، مۇنداق بىر ئىشىكنى تاقىۋەتمەسلىكى-ڭىز كېرەك.
— لېكىن سۇئاتىنچۇ؟ ئۇنى قانداق قىلىمەن؟ بەي ئەپەندىگە بەرگەن ۋەدىدە تۇرمىسام يۈزسىزلىك بولمامدۇ؟
— بالا سىزنى ياخشى كۆرىدۇ شۇنداقمۇ؟
— ھەئە، بىر - بىرىمىزگە بەك ئۆگىنىپ قالدۇق، بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز.
زەررىن ئىختىيارسىز ھالدا شەخسىيەتچىلىك قىلدى:
— بالا ئۈچۈن بەك تەس بولغۇدەك، — دېدى.
— مەنمۇ بۇگۈن پەخرەتتىن بەيگە سىز قىلغان گەپنى قىل-غانىدىم. بۇ ئادەم جىھات بەي يىراقتىكى ۋاقتىدا بالىغا ئاتىدار-چىلىق قىلىدۇ ۋە ئۆينىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.
— نېمە دېدى؟
— بىرلىكتە ئويلاشتۇق، ئەمەلىيەتتە بەي ئەپەندى بۇ يىل ياز ئاخىرلاشقاندا، ئوغلىغا دەرس بېرەلىگۈدەك بىر ئوقۇتقۇچى ياللاشنى قارار قىلغانىكەن. ئۇنداقتا ھازىردىن باشلاپلا ھەم ئو-قۇتقۇچىلىق قىلىدىغان، ھەم بالىنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەنمۇ

مەشغۇل بولىدىغان بىر ئايال ئىزدەپ تاپسا مۇۋاپىق بولار.
زەررىنىنىڭ چىرايىدىن چوڭقۇر بىر ئەندىشە چىقىپ تۇ-راتتى.
— بۇ ئىش ئوڭاي ئەمەس، — دېدى ئۇ.
— توغرا دەيسىز، مەن بۇگۇنگىچە سۇئاتقا ئېمىكئانىلىق ۋە-زىپىسىنى ئۆتەپ كەلدىم. يېڭى كېلىدىغان كىشى ھەم ئېمىكئا-نىلىق، ھەم ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.
— نېمىدېگەن غەلىتە ئىش - ھە! بالا تېخى بەش ياشقا كىرمىگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا دەرس ئۆگىتىشنى باشلىسا قانداق بولىدۇ؟
— مېنىڭچىمۇ بولمايدۇ، ئەمما دادىسىنىڭ شۇنداق قىلى-غۇسى بار.
— ئۇنىڭ ئۇستىگە سىزدىن نېمىسچە ئۆگەنگەنىكەن، بۇنى-مۇ ئۇنتۇپ قالغۇدەك.
— توغرا... بۇنى ئويلىماپتىمەن، ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچىنىڭ نېمىسچە بىلىشى شەرت.
— بۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش، ھەم تۇركچە، ھەم نې-مىسچە بىلىدىغان بىر ئايال بىرسىنىڭ ئۆيىگە بالا خىزمىتىنى قىلىش ئۇچۇن كىرمەيدۇ.
— كىرسىمۇ كىرەر، كىم بىلىدۇ، ئالىلىقاندىن شەرتلەرنى قويۇپ...
— ئەگەر شۇنداق بولسا، بالىنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولالمايدۇ.
— شۇنداق، بالا كۇتۇشسىز قالىدىغان بولدى، مېنىڭ شۇ-نىڭغىلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ.
— توغرا دەيسىز، قىيىن ئىش بۇ. شۇڭا ھەم بىر ئېمىكئانا، ھەم بىر ئوقۇتقۇچى ياللاشلىرى زۆرۈردەك قىلىدۇ.
شۇ ئارىلىقتا، سۇئات ئۆزى ھەققىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن پاراڭ قىلىشىۋاتقانلىقلىرىدىن خەۋىرى يوق، كەلگەن پېتى يات ئايال-

نىڭ تىزلىرىغا تاياندى. بۇ ئۇچرىشىش زەررىنىنىڭ ھەسرىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. بالىسى سۇئاتنى مۇشۇنداق ھەر كۈنى باشقا بىر-سىنىڭ قوللىرىدا، باشقا بىر كىشىنىڭ تەربىيەسىدە تېنىتىپ-تەمتىرىتىپ يۈرسۇنمۇ؟ جىھات بۇ مەسىلىنى كۆڭلىگە پۈككەند-كەن، بالىنى نېمىشقا تېخىمۇ ئىشەنچلىك ۋە دائىملىق بىرسىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ؟ بۈگۈن بۇ ئېمىكئانا كېلىدۇ، ئەتىسى يا ئۇن-داق - يامۇنداق سەۋەبتىن كېتىپ قالىدۇ، يەنە يېڭىدىن بىرسى كېلىدۇ. ئۇمۇ ئوخشاشلا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. قىسقى-سى، سۇئات خىلمۇخىل كىشىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ماد-دىي - مەنىۋى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئىچىدە تېنەپ - تەمتىرەپ قال-غۇدەك. سۆيگەن ۋە كۆنگەن بىرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭ كىچىككىنە روھىدا كىم بىلىدۇ، قانچىلىك شىددەتلىك بوران - چاپقۇنلار ۋە داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرار - ھە!

بۇ ئوي - خىياللارنىڭ تەسىرى بىلەن ئالاقزادە بولۇپ كې-تىۋاتقان زەررىن خۇددى يالۋۇرۇۋاتقاندەك ماتمازەلگە تىكىلدى.

— ئەمىسە سىز ھازىرچە كەتمەڭ، بالىنىڭ دادىسىنىڭ كې-لىشىنى ساقلاپ تۇرۇڭ.

مارى خۇددى بۇ تەكلىپنى كۈتۈۋاتقاندەك ۋە جاۋابىنى بۇرۇنلا ھازىرلاپ قويغاندەك بىردىنلا:

— ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى، — بىرقانچە ئاي ئۇچۇن بولسىدى، قېنى بىر پىداكارلىق كۆرسىتىپ باققان بولاتتىم. ئەمما بەينىڭ كېلىشىگە يەنە بىر - ئىككى يىل كېتەر. ئۇنىڭ-غىچە ساقلاپ تۇرالمايمەن. بولمىسا بۇ توي قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلىۋەتسەم بولىدۇ.

— قانداق بولار؟

زەررىن شەخسىيەتچىلىكىنى يېڭەلمەي قالسا، تەربىيەچىنى توي قىلماسلىققا دەۋەت قىلاتتى. ئەمما، بۇنىڭ ئىنسانىي سالا-ھىيىتىگە ياراشمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قال-دى. لېكىن قەلبى ئىسيان بىلەن تولغانىدى. جىھاتنىڭ بۇنداق

يولسۇزلۇقلىرىغا قاچانغىچە چىداپ تۇرالايتتى. ئوغلىنى تاپقانـ-
كەن، ھېچ بولمىسا بىر مەزگىل ئۇنى يېنىغا ئېلىشى، ئۇنىڭغا
شەخسەن ئۆزى قارىشى كېرەك ئىدى. بۇ چىرايلىق بالىنى
ئەسلى - نەسلى ئېنىق بولمىغان ياقا يۇرتلۇق خوتۇنلارنىڭ قو-
لىغا تاشلاپ قويۇش ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغانلىق بولمامدۇ؟ ھەرنېمە
بولسا بۈگۈن تاسادىپىي ھالدا ئۇنىڭدىن ئىچكى ئەھۋالنى ئىگى-
لىۋالغانىدى.

يات ئايالنىڭ ئۆز خىيالىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن
تەربىيەچى قىز:

— كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى، — شەخسىي
ئىشلىرىم بىلەن سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم. ئەمدى باشقا گەپ-
لەرنى قىلىشايلىچۇ.

زەررىن كۆلۈمسىرەپ قويدى، شۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ نېمىس ماتما-
زەل ئۆزىنىڭ سۇئات بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى نەدىن بىلەتتى؟
شۇڭا ئاڭلىغان سۆزلەرنى ئۇ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنتۇپ
كېتەر، دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن ئەمدى كېتەي ماتمازەل، — دېدى، — خۇدايىمغا ئا-
مانەت. ئەتە كۆرۈشەرمىز.

— خوش ئەمىسە.

زەررىن كۆڭلىگە بىر يورۇش مۇھىم نىيەتلەرنى پۈككەن
ھالدا دەرەخلىك يولدىن ئاستا - ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋا-
ۋاتقىنىدا، نېمىس ماتمازەل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ
قالدى، ئۇ ئىچ - ئىچىدىن كۆلمەكتە ئىدى.

— ئۆيگە بېرىپلا پەخرەتتىن بەينى ئىزدەيمەن. بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىمەن. قېنى ئۇ نېمە دەركىن... بۇ
ئىشنىڭ ئاخىرىغا بەك قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن. گېزىتتە ھەر كۈ-
نى پارچە - پارچە بېسىلىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر
رومان ئوقۇۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ھەر كۈنى يې-
ڭى - يېڭى ۋەقەلەرنىڭ چىقىپ تۇرۇشىنى كۈتىمەن. ئەجەبا بۇ

ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولار؟ بىر ـ بىرىگە بەك يارىشىدىغان
ئۆ ئىككى ياش نىهايەت بىر ـ بىرىگە تېگىشلىك بولغان بەخت ـ
سائادەتكە ئېرىشەلەرمۇ؟ غۇرۇر تۇپەيلىدىن بىر ئۆۋىنىڭ بۇزۇلۇپ
كېتىشى نېمىدېگەن زور يوقىتىش ـ هە!

# تۆتىنچى قىسىم

## 1

زەررىن تاكسىم باغچىسىدىن چىقىۋاتقىنىدا شۇ قەدەر غەمكىن ئىدى. لېكىن كۆڭلىدە بۈيۈك بىر نىيەت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتاتتى. چوقۇم بىر مەزگىل بولسىمۇ ئوغلىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش... بۇ نىيەت قارارى بىلەن ھاياجانلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ھاربىيە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يول بويى كېيىنكى يىللارنىڭ پۈتكۈل ئەسلىمىلىرى زېھنىدە گەۋدىلىنەتتى.

جىھاتنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى بىلگەن ھېلىقى كۈنى بەيكوزدىن پاراخوتقا ئولتۇرغان چېغىدا، ئۆزىنى قانچىلىك بەختسىز ھېس قىلغانىدى ـ ھە! كۆز ياشلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاتتىق كۈچ سەرپ قىلغانىدى. بۇ چاغقىچە ئېرىگە نىسبەتەن كۆڭلىدە بىرەر ئاداۋەت ياكى نەپرەت يوق ئىدى. دەسلەپتە ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيگەنىدى. كېيىنرەك بۇ سۆيگۈسى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەۋرىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاداۋەت، قېيداش ۋە غەزىپىدىن ئاياللىق غۇرۇرى ۋە ئىززەت ـ نەپسىمۇ ئۈستۈن كەلگەن بولۇپ، قەلبىدە ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەپرەت ئويغاتمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى ھەرقاچان ئەپۇ قىلاتتى. ئاخىرقى كۈنىمۇ ئۇنىڭ سۇئالىنى ئېلىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە قىلغان تەھدىتىنىمۇ ئانچە بەك كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىگەنىدى ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئوغلىنىڭ قېشىدا بولۇشىنى مۇناسىپ كۆرگەنىدى. ئۇنى ئېلىپ كېتەلىشى مۇمكىنمىدى؟

زەررىن قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇنى ئويلىسىلا بەك قەتئىي تۇردە «ھە» دېيەلمەيتتى. بەلكى، پەقەتلا جىھاتقا تاقابىل تۇرماقچى، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ سۇئالىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى، ئۇنى شۇنداقلا ئانىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىۋېتىش مۇمكىنلىكىنى بىلگىنىدە قەلبىدىكى پۈتكۈل ھېسلىرى بىردىنلا تامامەن دېگۈدەك ئۆچۈپ كەتكەن، ئۇ-نىڭ ئورنىغا چەكسىز نەپرەت ئورناپ قالغانىدى. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ بۇرۇنقى زەررىن ئەمەس ئىدى. ئۆزگىچە بولۇۋاتقان دائىملىق بېسىمنىڭ سەۋەبچىسى ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. جىھات مۇنداق پەسكەشلەرچە بىر ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلغانىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش پىرىنسىپ ۋە كۆزقاراش بويىچە ماڭماي قالمايتتى. ئۇنداقتا زەررىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۈرلۈك - تۈمەن ئا-زابلارنى تارتىشقا مەجبۇر بولغان بولاتتى. مۇنداق ياشىغاندىن بو-رۇنراق ئۆز يولىنى ئايرىپ، خالىغىنىچە ياشىسا، مىڭ مەرتىۋە ئازراق خاپىلىق تارتاتتى. توغرا، سۇئالىتىن ئايرىلىپ قېلىش دەھشەتلىك بىر ئىش ئىدى. ئەمما ھەر كۈنى ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قىينىلىپ ئۆلۈش ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك بولاتتى.

زەررىن مانا مۇشۇنداق بىر قارارغا كېلىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتەر - ئۆتمەيلا بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل دوستىنىڭ ئۆ-يىگە كەلگەنىدى. سەۋىم باشتىلا جىھاتنى ياقتۇرمايتتى، زەررىن-گە بەك ئىچ ئاغرىتاتتى. بۈگۈنكى دەۋردە قەدىمكى زاماندىن قال-غان پىكىرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان بىر ئەرنى، ئۇنىڭ زامانىۋى چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلالمىغاچقا ھەرقانداق قىلىپ كەچۈ-رەلمەيۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دوستىنىڭ بۇ چوڭ ھەم مۇھىم قارارى بىلەن كۈرەش قىلىش ھەمدە ئۇنى ئېرىنىڭ قېشىغا قاي-تىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، دەل ئۇنىڭ ئەك-سىچە، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى لايىق كۆرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئايال ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ، زەررىنگە بىر ھايات يولى

سىزىشقا تۇتۇش قىلغانىدى.

زەررىن دەسلەپكى سائەتلەردە سەمىمىي، لېكىن ھەددىدىن ئارتۇق ئەسەبىيلەشكەن ھالدا جىھاتنىڭ چىرايىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن بىر ۋەھشىي ھايۋاندىن قاچقاندەك قاچىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قايتىدىن ئۇ زالىم ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئورنىغا ئۆلۈپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ ئازاب ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ھۆڭ - ھۆڭ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، دۇنيا كۇمپەيكۇم بولغانىدى. زەررىن بۇ كۇمپەيكۇم بولغان دۇنيانىڭ تاش - داشقاللىرى ئاستىدا قالغانىدى.

بۇ ئىككى ياش تەجرىبىسىز ئايالLARنىڭ ئالدىدا بىر ئاز پىشىپ يېتىلگەن، ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن تەجرىبىلىكرەك ئىنسانلاردىن بولۇپ، ئۇلارغا بىرسى تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان بولسىدى، بەلكى زەررىن بىلەن جىھاتنىڭ ئىستىقباللىرى باشقىچە بولغان بولاتتى. لېكىن شۇنداق بىر كىشى يوق ئىدى. ھالبۇكى، ئىككى ئايال ئاچچىقتىن نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ، تەجرىبىسىزلىكتىن ھاسىل بولغان ھاياجانلىرى بىلەن بۇ مەسىلىنى پۈتۈنلەي ئەكسى تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىشىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن بىر قارارغا كېلىشكەنىدى. ئەسلىدە بۇ قارارلارنى مۇنداقراق خۇلاسىلەشكە بولاتتى.

بىرىنچى، زەررىن ئىستانبۇلدىن ئىش ئىزدىمىگەن بولسا بولاتتى. چۈنكى، جىھات ئۆز بايلىقى ۋە شان - شۆھرىتى تۈپەيلى، ئېرىشكەن قولايلىقلىرى نەتىجىسىدە، ئۇنى نەدىن بولسا تېپىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكىلىۋالاتتى.

ئىككىنچى، يەنە يۇقىرىقىدەك سەۋەب بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتمەي تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن خالىسا تېلېفون بىلەن ۋەياكى خەت يۈزىدە كۆرۈشۈپ، ۋاقىت - سائىتىنى بېكىتىپ، ئۆز ئۆيىدە ياكى ئۆيىنىڭ سىرتىدا، بىر يەرلەردە ئۇچرىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرغان بولسا بولاتتى.

ئۈچىنچى، ئۇ كۈنى دەرھال زەررىنىگە بىر ھۆجرا تېپىپ، ئېھتىياجلىرىنى ھازىرچە سەۋىم تەرىپىدىن ھەل قىلىپ بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ بولاتتى.

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دەسلەپ كەلگەن قارارلىرى ماددىمۇمادا بېكىتىلىپ قارارلاشتۇرۇلغانىدى. ياخشى نىيەتلىك سەۋىم، ھەتتا ئۇ ئاخشامدىن ئېتىبارەن زەررىنىگە ئۆزىنى سىغدۇرۇپ تۇرالىغۇدەك بىر ھۆجرا تاپقانىدى. ئۇ ھۆجرا ياش ئايالنىڭ ئانىسىنىڭ كونا دوستلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيى بولۇپ، جىھاتنىڭ تاپالىشى ھەم مۇمكىن بولمايدىغان بىر يەردە ئىدى. ئەمەلىيەتتە سەۋىم بىر تەرەپتىن يەنە زەررىنىگە بىر ئىش تېپىپ بېرىش مەقسىتى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى ئارىلاشماس بولۇپ قالغان بارلىق ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى زەررىنىنىڭ ئىسمىنى ئوچۇق ئېيتماستىن سەپەرۋەر قىلغانىدى.

مانا مۇشۇ ئارىلىقتا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولغانىدى. رۇم سەپىرى جەريانىدا، رىشات بەي يېتىم قالغان ئۈچ بالىسىنىڭ تەربىيە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغۇدەك، تېخىمۇ توغرىسى ئۇلارغا ئانىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلىگۇدەك بىر ياش ئايال ئىزدەۋاتقانلىقىنى سەۋىمگە خەۋەر قىلىشقانىدى. رىشات بەي سەۋىمنىڭ دادىسىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بولۇپ، بۇرۇندىن تونۇشاتتى. بۇ سەۋەبتىن قىممەتلىك دوستى زەررىنىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلغانىدى. بۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئىش ئېرىغا ئىز ـ دېرىكىنى بىلدۇرمەسلىك نىيىتىگە كەلگەن زەررىن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولغانىدى. ئىككى ئايال قايتىدىن بىر يەرگە كېلىپ، مۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىپ، نەتىجىدە بۇنىڭ زىيىنىدىن پايدىسى كۆپ بولىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشتى. شۇنداققۇ؟ چۈنكى، زەررىن مۇۋاپىق بىر مائاش بىلەن ياخشى بىر مۇھىتتا، پاكىز بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولماقچىدى ئەمەسمۇ؟ بۇ قانداق ئىش ئىدى دېمەمسىز؟ دەل ياخشى كۆرىدىغان بالا باققۇچىلىق ئىشى ئىدى.

شۇ ئاخشىمىلا سەۋىم رىشات بەي بىلەن زەررىننى ئۇچراش-تۇرغاندىن كېيىن، خىزمەتنىڭ شەرتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىدىن قالتىس مەمنۇن بولۇشتى. زەررىن ئۇ چاغدا: «مۇنداق ئالىيجاناب بىر ئادەمنىڭ ماڭا ئالدىراپ بىر تەربىيەچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى ئەقلىمگە سىغمايدۇ، ھەر ھالدا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ. مېنى بالىلىرى بىلەن ئەركىن قويۇپ بېرىدىغان ۋە خىزمىتىمگە بىر ئايال تېپىپ بېرىدىغان بولدى. ئۆزۈمنىڭ ھۇجرام بولىدۇ، ئۆزۈم يالغۇز تۇرىمەن، خالىغان ۋاقىتتا كوچىلارغا ئۆزۈم يالغۇز چىقىۋېرىدىمەن... بىر ئېمىكئانا، بالا تەربىيەلىگۈچى، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىر ئانىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيمەن» دەپ ئويلىدى.

شۇ ئاخشام رىشات بەيمۇ: «چىرايلىق، سۆيۈملۈك، ئالىيجاناب بىر ئايال ئىكەن، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغانلىقىغا چىن دىلىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئاللا سەۋىمدىن رازى بولسۇن، بالىلار ئانىسىزلىقنى ھېس قىلمايدىغان بولدى. مەنمۇ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ، ئۆز ئىشلىرىم بىلەن مەشغۇل بولالايدىغان بولدۇم. ئۈستۈمدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلاندى. خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. بىچارە خوتۇنۇمنىڭمۇ روھى خۇش بولىدىغان بولدى.» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

مەيلى رىشات بەي، مەيلى زەررىن بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ ياشىغان ئۈچ يىل ئىچىدە، شۇ دەسلەپكى تۇيغۇلىرىدا ھېچ ئالدانماستىن، غەمدىن خالاس، راھەت ياشاپ ئۆتۈشۈۋاتاتتى.

زەررىن بالىسىدىن ئايرىلىپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئۆز بالىسىغا ئوخشاش ياخشى كۆرگەن بۇ بالىلارنى مەمنۇنلۇق بىلەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان ھەم قىلچە زېرىكمىگەنىدى. ئەكسىچە ئۇلارغا بولغان سۆيگۈسى تېخىمۇ ئارتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۆز ۋاقتىدا رۇمدا ياشاش ئۇنى ھەرجەھەتتىن تېخىمۇ رازى قىلغانىدى. سەنئەتنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۈنلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان نۇرغۇن جايلارنى تېپىۋالغانىدى. بىكار تۇرماي مۇ-

زېپلارنى، چېركاۋلارنى، سارايلارنى ئايلىنىپ كۆرۈپ كېلەتتى. قىسقىسى، ئىچكى دۇنياسىدا ئۇ دەردلىرى بولمىغان بولسا، زەررىن ئۇچۇن كۆڭلىدىكىدەك بىر هايات ئىدى، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان بىر هايات ئىدى...

بىراق، زەررىننىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى ۋە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكلىرى تولغىپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئاشماقتا ئىدى. ياش ئايال ئۆيىنى سېغىناتتى، بالىسىنى سېغىناتتى. كۆڭلى بۇزۇلاتتى، ھەتتا «نېمىشقا يوشۇرۇنمەن»دەپ ئېرىنىمۇ سېغىناتتى، ئۇچ يىل رۇمدا تۇرۇپ قالغانىدى. لېكىن ھەربىر مەۋسۇم ئالماشقاندا، گاھ تىرابيادىكى بالىسى، گاھ بەيكوزدىكى چاھارباغلىرى ۋە گاھ نىشانتاشتىكى بىنا ئۆيلىرى كۆز ئالدىدا جانلىنىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىسقا داۋاملاشقان بەختلىك كۈنلىرىنى ئەسلىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ رۇمغا جىھات بىلەنمۇ بىللە كەلگەنىدى. بۇ يەرنىڭ كوچىلىرىدا، مۇزېيلىرىدا ۋە چېركاۋلىرىدا شېرىن ئايىنىڭ شۇ تاتلىق كۈنلىرىنى ئېسىگە ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىكى كەچمىشلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى ۋە ئەھمىيىتىنى يوقاتماقتا ئىدى. شۇنداقلا جىھاتنى ئەمدى ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ھېس قىلمايۋاتاتتى. ئەمما ئۇنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈۋېتەلمەيۋاتاتتى. بولۇپمۇ سۇئاتنى، يۈرەك پارىسىنى ئويلاپ قالغان كۈنلىرى يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك قىلىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئۆرتىنىپ كېتەتتى.

«تىلى چىققانمىدۇ؟ ئايىغى چىقىپ ماڭغانمىدۇ؟ ئانا دەمدىغاندۇ؟ ئۇنى كىم بېقىۋاتقاندۇ؟ جىھات ئوغلى بىلەن مەشغۇل بولامدىغاندۇ؟ ياكى دادىلىق ھېسسىياتى ئويغانمىغانمىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمىغانچە كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇپ، ئىچى ھەسرەت بىلەن تولۇپ كېتەتتى.

كېيىنرەك بىركۈنى، ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئىستانبۇل گېزىتلىرىدە ئېرىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلىق بىر ئېكسپېدىتسىيەگە

چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئوقۇغان، بۇ ئەھۋال سۇئات ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى. پەقەت شۇنچىلىكلىما؟ ياق، ئۆزىنى ئالدىغانىنىڭ نىمە كېرىكى بار؟ ئارىلىرىدا نىمە ئىشلار بولغان بولمىسۇن، يەنىلا ئۇنى ئويلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدا يەنە بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش يۈرەك ـ باغرىنى پىژىلدىتىۋېتەتتى.

بەزىدە ھاياتىنى يېڭىباشتىن باشلاشنى ئارزۇ قىلىپ، ياشلىقىغا ئېچىنىپ كېتەتتى. جىھاتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلسا، ئەتراپىدىكى ياشلاردىن بىرسى بىلەن دەرھال توي قىلالايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زورمۇزور ئارقىسىغا كىرىۋېلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن زەررىن خالىمايتتى. چۈنكى ئەمدى مۇھەببەتكە ئىشەنمەيتتى. ئۆز ۋاقتىدا جىھاتمۇ ئۇنى بەك ياخشى كۆرگەنىدى. مۇھەببىتىنى ھەر جەھەتتىن ئىسپاتلىماقچى بولغانىدىغۇ؟ ئەمما، كېيىن... بۇ شەرت ـ شارائىتلار ئاستىدا مۇھەببەتنىڭ پەقەتلا بىر شەھۋانىي ھەۋەستىن باشقا نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ھەققەتەن تەس ئىدى. جىھات نېمىشقا تۇيغۇ ـ ھېسسىيات دېگەننى ئويلاپ باقمىغانىدى؟ نىمە ئۈچۈن؟ نىمە ئۈچۈن؟ ئاھ بۇ جاۋابسىز نىمە ئۈچۈنلەر!...

مانا ياش ئايال ئۈچ يىللىق مۇساپىرلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگىنىدە، ھېس ـ تۇيغۇلىرى تېخىچە تامامەن تەڭپۇڭ بولالمىغان، كۆڭلى تېخىچە تىنچلىنالمىغانىدى. بۇ قارىمۇقارشى تۇيغۇلىرى ئاز كەلگەندەك، ۋەتەن تۇپرىقىغا ئاياغ بېسىشى بىلەنلا سۇئاتنى كۆرۈش ئىستىكى قاتتىق ھەسرەتكە ئايلىنىپ، ئۇنى چىرمىۋالغانىدى. بالىسىنى كۆرگۈسى كېلەتتى. ئۇنى چوقۇم كۆرۈشى كېرەك ئىدى... ئەمما قانداق قىلىپ؟...

دەسلەپتە ئۆزىنى كۆرسەتمەستىن، ئۇنى كۆرىمەن دەپ ئارزۇ قىلغان يەرلەردە ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ يەرلەردە ئۇ يوق ئىدى. كېيىن ھەم ئۇنىڭدىن بىر خەۋەر ئېلىش ھەمدە قېرى ئېمىكئانىـ

سىنى كۆرۈش ئۈمىدىدە، بۇيۇكچەكمەجەگە بارغانىدى. ئۇ يەردىمۇ
ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى: بەدرى پاشالارمۇ ئۇ يەرگە
ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال ئۇ
يەردىن ئۇزاقلاشقان. بۇ قېتىم بەيكوزدىن بىرەر خەۋەر ئالارمەن
دەپ ئۇ تەرەپكە كەلگەنىدى. چاھارباغنىڭ ھەممىلا تەرىپى پۈتۈن-
لەي تاقاپ قويۇلغان، ئامالسىزلىق ئىچىدە ئارقىغا يانغان ۋە ئۈ-
مىدىنى ئۈزۈپ كۈتۈشكە باشلىغانىدى. نېمىنى كۈتەتتى؟ تاسادى-
پىيلىقلارنى...

بۇ تاسادىپىيلىق كېچىكمىگەنىدى. بىركۈنى گېزىتتە جىھات-
نىڭ سۈرىتىنى كۆردى ـ دە، ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ ۋارقىرىۋەتكە-
نىدى. ئۇ جىھاتنىڭ يېنىدىكى ئوماققىنە بالىسىنى تونۇۋالغان-
دى. نېمانچە چوڭ بولۇپ كەتكەن، نېمانچە چىرايلىقلىشىپ كەت-
كەن ـ ھە! دېمەك، دادا ئوغۇل بىللە ياشاۋېتىپتۇ ـ دە. ئۇنداقتا؟
ئۇنداقتا؟ بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ يېقىملىق! ياق، ئۇنى كۆرۈش
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياشاۋاتقان يېرىگە يېقىن كېلەلمەيتتى. يېقىن
كەلسە جىھات كۆرۈپ قالسىچۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قې-
لىشتىن نېمىشقا بۇنچىۋالا قورقىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيت-
تى. بۇ غەلىتە تۇيغۇسىنى تەھلىل قىلالمايتتى، پەقەت قورقات-
تى. لېكىن زەررىن بۇ كۈنلەردە ھاياتنىڭ پەقەت تاسادىپىي-
لىقلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلغان-
دى. رىشات بەينىڭ بالىلىرىنى ئۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بولغان تاك-
سىم باغچىسىغا ئېلىپ بارغانىدى. ئەنە شۇ يەردە ئۆز بالىسىنى
كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بولغۇلۇق بولدى. بۇ تاسادىپىيلىق
باشقا بىر تاسادىپىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھېچ كۈتمىگەن
بىركۈنى، بىر سائەتتە جىھات بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ دەھ-
شەتلىك بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭدا ئاڭسىز بىر قورقۇنچ پەيدا
قىلدى. شۇنچىلىك قاتتىق قورقۇپ كەتتىكى، ھېچنېمىنى
ئويلىماستىن، پەقەتلا قېچىپ كەتكۈسى كېلەتتى. نەگە؟ ئۇند-
مۇ بىلمەيتتى. ئېغىر خەتەردىن قاچقان بىر ھايۋاندەك، ئار-

قىسىغا قاراپمۇ قويماستىن، ئويلاپمۇ باقماستىن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۆزىدە قارىغۇدەك، ئويلىغۇدەك مادارمۇ تاپالماستىن قاچتى.

شۇ ئارىدا بىرسى كېلىپ قولىدىن تۇتۇپ: «كەل!» دېگەن بولسا، ئوخشاشلا يەنە ئاڭسىز ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتەتتى. بەلكى بۇ ئادەم جىھات بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنداق بولغان تەقدىردە، ئويلىماستىنلا ئۆز ئۆيىگە، بالىسىنىڭ يېنىغىمۇ يېنىپ كېلىپ قالغان بولاتتى. پەقەت قولىدىن تۇتۇپ تارتىدىغان ئىنساننىڭ كۈچلۈك بىر ئىرادىسى بولۇشى ۋە ئۇنى بۇ قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنداق بولمىدى. ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، جىھات قېچىپ كەتتى. دېمەك خوتۇننى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان تۇرۇقلۇق، يېقىنلىشىش ئۈچۈن كىچىككىنە بىر ھەرىكەتمۇ قىلىپ باقمىغانىدى. بۇ... بۇ ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇق بولدى. مانا مۇشۇنداق ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تولغىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا سۇئاتنىڭ تەربىيەچىسى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ پۈتۈنلەي يېقىمسىز قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولدى ۋە بۇنىڭغا چىدىيالماي قالدى. يەنە ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ كۈچى بىلەن چوڭ قارارلارنى قىلىپ، جىھاتنىڭ سايىھەتتە بولۇش ۋاقتىدا، ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىش ئۈچۈن تەشەببۇسكار بولغان ۋە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى.

* * *

زەررىن بىر ئىشنى قارار قىلدىمۇ، ئۇنى دەرھال قىلماقچى بولۇپ تاقەتسىزلىنىپ كېتەتتى، ئەتىسى پەخرەتتىن بەيگە تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى

بارلىقىنى ئېيتتى. دەرھال، ھازىرلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىشقا ئالدىرىدى.

زەررىن جىھاتنىڭ ۋەكىلىدىن ئالغان جاۋابقا بەك خۇش بولۇپ كەتتى. دەرھال ماشىنىغا چۈشۈپ گالاتاغا كەلدى. زەررىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان پىروگىرامما ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟

غەلىتە ئىش! زەررىن پەخرەتتىن بەينىڭ جىھاتتىن پۈتۈنلەي باشقىچە تەلىمات ئالغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى. ھالبۇكى، يانشانغان ئادەم ئۇنى ئاجايىپ ھۆرمەت ۋە جان پىدالىق بىلەن قارشى ئالدى. بۇيرۇقلىرىغا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ چاغدا زەررىن جاسارەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا قىسقا ۋە ئۇزۇك ـ ئۇزۇك جۈملىلەر بىلەن خالىغان سۆزلىرىنى ئېيتتى ۋە ئۇ سۆزلىرىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

— جىھات بەي مېنى ئىشلىگەن ئۆيدە كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان بىر ئىنسان مېنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنلىكىمنى ئانچە ياقتۇرمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ ياشاش ئۈچۈن ئىشلەشكە موھتاج ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ھەر قاچانقىدەك مەنىسىز بىر سەۋەبنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى چەكلىۋېتىدىغان بولسا، بۇ قېتىم بىۋاستە سوت مەھكىمىسىگە مۇراجىئەت قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزىگە ئېيتىپ قويغان بولسىڭىز كەن.

پەخرەتتىن بەي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمەي دىققەت بىلەن تىڭشىغاندىن كېيىن:

— ھازىر دەرھال بەي ئەپەندىگە خەت يازىمەن ۋە جاۋابىنى سىزگە ئۇقتۇرىمەن، — دېدى.

زەررىن بىرئاز جىلە بولۇپ قالدى.

— ئارتۇق ساقلاشقا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى پەخرەتتىن بەي. مېنىڭ بىر ئانا ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىز كېرەك.

— تېلېگرامما ئەۋەتەي خانىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، تېلېگراممىڭىزدا ئۇنىڭغا تېلېگرامما بى-
لەن جاۋاب قايتۇرۇشنى تاپىلاپ قويارسىز.
— خوپ بولىدۇ ئەپەندىم.
— سىزدىن يەنە شۇنى ئۆتۈنۈپ سورىۋالايكى بەي ئەپەندىم. سىزنى يەنە قاچان كۆرەلەرمەن؟
— مەن سىزگە خەۋەر قىلىمەن. ئادرېسىڭىزنى دەپ بېرەر- سىزمۇ؟
زەررىن بىر مىنۇت ئىككىلىنىپ قالدى.
— مەن سىزنى يەنە ئىزدەيمەن پەخرەتتىن بەي. توختاپ تۇ- رىڭە... بۈگۈن شەنبە... مەسىلەن، دۈشەنبىگىچە جاۋاب كېلەرمۇ سىزنىڭچە؟
ياشانغان ئادەم بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.
— سىزگە مەقسىتىمنى ئېنىق ئۇقتۇرالمىدىمغۇ دەيمەن خا- نىم. جىھات ئەپەندىگە تېلېگرامما يوللاشتىكى مەقسەت، يالغۇز بۇ سوت مەھكىمىسىگە مۇراجىئەت قىلىش مەسىلىسىنى ئۇقتۇ- رۇپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. بولمىسا ئۇنىڭدىن تەلىمات سورىماق- چى ئەمەسمەن.
— چۈشىنەلمىدىم. نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىسىز؟
بەي ئەپەندى كېتىدىغان چېغىدا ماڭا پۈتكۈل ئەمىرلىرىنى بەرگەندى.
— دېمەك، رەت قىلىنۋېتەمسىز؟
— دەل ئەكسىچە، جىھات بەي ھازىر ئەمەس، ئۈچ يىل ئاۋ- ۋالمۇ ئىستانبۇلدىن ئايرىلىش ئالدىدا ماڭا، سىزگە نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشۇم لازىملىقىنى ئېيتقانىدى، شۇ تەلىمات بۈگۈن ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە.
زەررىننىڭ يۈرىكى ئېغىپ پۇلاڭشىپ كېتىۋاتاتتى.
— ئاۋۋال شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويايكى، جىھات بەي ئوغلىڭىز ئۈستىدىكى ھەقلىرىڭىزنى قوبۇل كۆرىدۇ ۋە بۇلارنىڭ بەك يول-

لۇق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ تۇرىدۇ.
— چىرايلىق ئىلتىپات كۆرسىتىپتىغۇ. بۇنى ئۈچ يىل ئاۋ-ۋال ئويلىغان ۋە ئالقىشلىغان بولسىدى، بۇ ھادىسىلەر يۈز بەر-مىگەن بولاتتى.
ئۇنىڭ بۇنداق مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا گەپ قىلغانلىقىغا نىسبەتەن پەخرەتتىن بەي ناھايىتى سەمىمىي ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى.
— شۇنداق، ئەپسۇسكى بۇنىڭدىمۇ سىز ھەقلىق.
ئەسلا كۈتمىگەن بۇ سۆزلەر زەررىنىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. شۇڭا ئىختىيارسىز ھالدا:
— دېمەك، جىھات بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقمۇ؟ — دەۋەتتى.
— شۇنداق خانىم.
ھەيرانلىقتا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان ياش ئايال بۇ غەلىتە ۋەزىيەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن:
— بوپتۇلا، — دېدى، — ئەمدى بۇ ئۆتمۈشكە ئائىت مەسى-لىلەرنى سىز بىلەن تارتىشىپ ئولتۇرمايمەن. سۆزىڭىزنى داۋام قىلىشىڭىزنى سورايمەن.
— خانىم، جىھات بەينىڭ ماڭا بەرگەن تەلىماتى ناھايىتى چۈشىنىشلىك. سىز بالىڭىزنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، بۇ ئىم-كانىنى سىزگە شۇ زامات ھازىرلاپ بېرىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ئۆيلەردىن بىرىنى ياكى ھەممىسىنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزى بۇ يەردە بولمىغان چاغدا، سىز يەنە خوتۇنى ۋە بالىنىڭ ئانىسى بولۇش سالاھىيىتىڭىز بى-لەن ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىدىن پايدىلىنىسىز. خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەكلا... بىلمىدىم، ئەمدى مەقسىتىمنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىدىممۇ؟...
— ھە، شۇ. بۇنى ئېرىم سىزگە دېگەنمىدى پەخرەتتىن بەي؟
زەررىن شۇنچىلىك ھاڭ - تاڭ قالغانىدىكى، بۇنى قايتا -

قايتىلاپ سورىۋېلىش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ بولسا سۆزىنى تەكىتلەپ تۇرۇپ قەتئىي ئاۋازدا:

— ھەئە، خانىم، — دېدى، ئۆزى ماڭا...

— سۇئات بىلەن بىللە تۇرالايدىغانلىقىمنى ئۇ ئېيتقانمىدى؟ شۇبھىسىز... ئۇنداق بولمىغان بولسا، مەن مۇنداق قارارغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىم.

زەررىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئېرىگە نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ يا ـ كى... ياكى... ئۆز ۋاقتىدا ئوغلىنى ئانىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرى ـ ۋېتىشنى ئېيتقانلىقى پەقەت مەست بولۇپ قالغاچقىلا تەلۋىلەرچە قىلىنغان تەھدىتلىرىمىدۇ ئۇ؟ ئاھ، پەرۋەردىگار. ئەگەر راست ـ تىنلا شۇنداق بولسا، نېمىدېگەن چوڭ خاتالىقتا يول قويغانىدى بۇلار! بۇ ئىزتىراپلار، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر، بۇ ئەزىيەتلەر، بۇ ئا ـ زابلىق يىللار، دېمەك بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بوپتۇ.

ياش ئايالنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆڭۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بېشى بىلەن دىۋاننىڭ ئارقىسىغا تايىنىۋالغانلىقىنى كۆرگەن پەخرەت ـ تىن بەي ئالدىراپ ـ تېنەپ:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە خانىم؟ خالىسىڭىز شۇ دىۋانغا كېلىپ بىر ئاز ئولتۇرۇۋېلىڭ، — دېدى.

لېكىن زەررىنىنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك ھالى قالمىغانىدى. خۇددى بىر پارچە تاشتەكلا قېتىپ قالغانىدى. بەدىنىنىڭ ھەرد ـ كەتسىزلىكىگە قارىماي زېھنى توختىماي ئىشلەۋاتاتتى: «دېمەك، دېمەك، ئۇ قورقۇنچلۇق كېچىدىكى ھادىسىلەر بىر ئۇقۇشماس ـ لىقتىن، ئۆزئارا چۈشەنمەسلىكتىن باشقا ئىش ئەمەسكەن ـ دە! دېمەك، جىھاتنىڭ ئاچچىقى پەقەت مەستلىكتىن ھاسىل بولغان مەجرۇھ ئىپلاسلىق ئىكەن ـ دە! ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئويلىماپ ـ تىكەن ـ دە! شۇ ئىش يۈز بېرىپ بىرقانچە ئايدىن كېيىن ئۇ ئىستانبۇلدىن ئايرىلىش ئالدىدا ۋاكالەتچىسىگە بەرگەن تەلىما ـ تىمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ مانا؟ ئەگەر ئۇنداق بولسا جىھات

نىمىشقا ئۆزىنى خۇتۇنغا باشقىچە بىر خىل ماھىيەت بىلەن چۈشەندۈردى؟ نىمىشقا دائىم مەغرۇر، مۇستەبىت، كۆڭۈلچەك، قالاق ئىدىيەلىك بىر ئەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدى؟ ياق، ياق، ئۇنى گۇناھسىز دەپ قاراش ھەددىدىن زىيادە ساددىلىق ۋە دۆتلۈك بولىدۇ. زەررىن كېيىنرەك مۇشۇنداق بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن ئۇ قاتتىق ئىزتىراپلارغا ئايلارچە، يىللارچە بەرداشلىق بېرىپ كەلگەنمىدى؟ نىمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىزتىراپلار ئىدى ئۇلار! ئۈمىدسىزلىك، ھەتتا ئۆلۈمنى كۆتۈش...

پەخرەتتىن بەي زەررىننىڭ خىيالىدىن نىمىلەرنىڭ كېچىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەك چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ چوڭ بىر كۈرەش قاينىمى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. كۆيۈمچان بىر ئاۋاز بىلەن قايتىدىن ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى:

— سىز يىراقلاردا بولغان بۇ يىللار ئىچىدە جىھات بەيىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى ۋە كۆڭلىنىڭ ئاجايىپ يېرىم بولغانلىقىنى بىر بىلسىڭىز...

زەررىن كۆزلىرىنى ئاچتى، نەدە ۋە كىم بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇ سۆزلەردە يوشۇرۇن بىر ئەيىبلەش بارلىقىنى سەزگەنلىكتىن، ھارغىن بىر ئاۋاز بىلەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلدى:

— ئوغلۇمنى مەندىن قاچۇرغانىدى.

— توغرا... بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە خاتالىقىنى بەك تېز چۈشىنىۋالدى ۋە بەك تېز پۇشايمان قىلدى. ئەمما بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغانىدى. بۇنى تۈزىتىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىدى.

— ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى، بىر ئانىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىلەن ئويناشماسلىقى لازىم ئىدى.

— توغرا دەيسىز.
— ياش ئىدىم، تەجرىبىسىز ئىدىم. ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ يېنىپ كېتىشىنى ساقلاپ تۇرغۇدەك سەۋر - تاقىتىم يوق ئىدى. بىردىنلا ھەممە نېمىنى تۈگەشتى دەپ قالدىم. بۇ خارابىلىك ئىچىدىن سۇئاتنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولدۇم. لېكىن، ئەپسۇسكى ئۆزۈم ئۇ خارابىلىكنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئېزىلىپ كەتتىم.
— بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىنىڭىزدەك ياشلىقىڭىز ۋە تەجرىبىسىزلىكىڭىزدىن كەلگەن ئەسەبىيلەشكەن تۇيغۇلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەر - خوتۇنچىلىق ئارىسىدا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جېدەللەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەم ئەسەبىي تۇيغۇ ئىچىدە بىر - بىرىگە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر سۆزلەرنى قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بىراق... كۆپ ھاللاردا بىر كېچىدىلا ھەرقانداق ئىش يەنە ئۆز يولىغا كىرىدۇ، جېدەل - ماجىرالار بېسىلىپ قالىدۇ.
— ئۇنتۇپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىغان بەزى سۆزلەر ۋە بەزى ھەرىكەتلەر باركى، بۇلارنىڭ بىر كېچە ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ.
— سىزنى بەك ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، جىھات بەي ئۈچ يىل ئاۋۋال چوڭ بىر دۇنيا ساياھىتىگە چىققانىدى.
— بۇلار بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟
— سىزگە ئۆيلىنىش پۇرسىتى ھازىرلاپ بەرگەنىدى خانىم. بۈگۈنكى تەشەببۇسىڭىزنى ئۇ چاغدىمۇ ئوتتۇرىغا قويالايتتىڭىز. ئۇنداق بولغاندا ئۆيىڭىزنىڭ ۋە بالىڭىزنىڭ سىزنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتىڭىز.
— شۇنداقمۇ؟
— بۇنىڭغا ئىشىنىڭ خانىم. بۈگۈنكىدەك ئۇ چاغدىمۇ ئۆيىڭىزدە ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا تۇرغانىدى. باشتا ئېرىڭىز ۋە ئوغلىڭىز بولۇپ، بارلىق خىزمەتكارلار، ھەتتا ئۆي جابدۇقلىرى

ئۆينىڭ خانىمىنى كۈتمەكتە ئىدى.

زەررىنىنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن پارتلاپ كېتىشكە تاس - تاماسلا قېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلمەيۋاتاتتى.

— ئۇنداقتا، كۈتۈلمىگەن بىر تاسادىپىيلىق بىلەن مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىنمۇ نېمىشقا يەنە ئۇزۇن ۋاقىتلىق ساياھەتكە چىقىپ كەتتى؟

— سىزنىڭ ئۆزىدىن قېچىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەنگەنىدى، ئوغلىڭىزنىڭ يېنىدا ئەركىن - ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىز ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرمەكچى بولدى.

— ئوغلۇمنىڭ يېنىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش! بۇ نېمىدېگەن تېپىلغۇسىز بەخت. پەرۋەردىگارا! ئۇنداقتا سۇئاتنى ئېلىپ كېتەلەيدىكەنمەن - دە!

— خالىغىنىڭىزچە ئىش قىلىش ئەركىنلىكىڭىز بار. لېكىن، ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك بىر ئىنسان بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن سىزگە بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشىمغا ئىجازەت قىلارسىزمۇ؟

— مەرھەمەت، پەخرەتتىن بەي.

— ياش بىر ئايالنىڭ بالا بىلەن ياشىغاندىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك. سۇئات بەينى نەگە ئېلىپ كەتمەكچىسىز؟

— بىلمەيمەن... تېخى بۇنى ئويلىمىدىم... شۇنداق ئۈمىد قىلاتتىم... لېكىن... بەلكى ئۇنى بۇيۇكچەكمەجەگە ئېلىپ كېتەرمەن.

— يات كىشىلەرنىڭ قېشىغىمۇ؟ ئۇ يەردە نە دادىڭىز، نە ئېمىكئانىڭىز بولمىسا...

— ئەپسۇسكى، شۇنداق...

— شۇنداق، ئەپسۇسكى شۇنداق... ئۇنداقتا...

— سىز بۇ ھەقتە قانداق ئويلايسىز پەخرەتتىن بەي؟ قېنى دەپ بېقىڭە.

— ئىجازەت قىلسىڭىز خانىم، سۇئات بەيىنىڭ بەك باياشاتچىلىق ئىچىدە، ئەركە چوڭ بولغىنىنى پەرەز قىلالايسىزغۇ دەيمەن خانىم.

— يەنى ئۇنى بۈگۈنكىدەك باياشات ياشىتالمايدىغانلىقىمنى دېمەكچىمۇسىز؟

— كۆيۈمچان بىر ئانىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ راھەت ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن سىز كۆپ جاپا تارتىپ كېتىسىز. ھالبۇكى، بۇنىڭ خېلىلا ئاسان بىر يولى بار.

— قانداق؟

— سۇئات بەي بۇ يازنى ئىرابىيادىكى يازلىقتا ئۆتكۈزىدۇ. سىزمۇ...

— ياق، ئۇ يەرگە بارمايمەن.

— ئۇنداق بولسا ئەپسۇسكى...

زەررىن ئاچچىقى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن:

— بۇنچىۋالا گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىدى پەخرەتتىن بەي، — دېدى، — ماڭا ئوچۇقىنى ئېيتىڭ، جىھات بەيىنىڭ مېنى ئوغلۇم بىلەن پەقەت ئۆزىنىڭ ئۆيىدىلا كۆرۈشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتىكەن - دە...

— بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر ئىش بولماس، خانىم. لېكىن دېگىنىمىزدەك، مۇبادا سىز بۇنى قوبۇل قىلمىسىڭىز سىزنى بىئارام قىلماسلىق ۋە بارلىق ئەمىرلىرىڭىزگە ئىتائەت قىلىشمۇ مېنىڭ ۋەزىپەم.

— بۇنىمۇ جىھات بەي دېدىمۇ؟

— شۇنداق ئەپەندىم.

بۇ سۆزلەر زەررىنىنىڭ ئاچچىقىنى بىردىنلا پەسەيتتى. قايتىدىن بېشىنى ئارقىسىغا تىرەپ ئويلىنىشقا باشلىدى. سۇئاتنى ئېلىپ نەگە كېتەتتى؟ بىر مېھمانخانا ياتقىغىمۇ؟ كىچىك بىر يېزا ئۆيىگىمۇ؟ باي ۋە راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۆگىنىپ

قالغان بىر بالا ئۇچۇن بۇلار بىر يوقسۇللۇق بىلىنمەسمۇ؟ يالغۇز ئۆزى ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى ھەل قىلىپ كېتەلەمتى؟ ھالبۇكى، جىھات ئىستانبۇلدا يوق بولغاندىكىن، بوپتۇ، بىرقانچە ئاي تىرابىيادا تۇرسا بولۇۋېرىدىغۇ؟ تېخىچە ئۇنىڭ نىكاھىدا بولغانىكەن، بۇنىڭدا بىر غەيرىي تەبىئىيلىك يوق ئىدى، ھەم... ھەم شۇنچىلىك چارچىغانىدىكى...

— بىر قارارغا كەلدىم پەخرەتتىن بەي، سىزنىڭ تەۋسىيەڭىزنى قوبۇل قىلىمەن ۋە ئىككى ئايغىچە تىرابىيادا سۇئاتنىڭ قېشىدا قالىمەن.

— شۇنداق قىلىسىڭىز ناھايىتى مۇۋاپىق بولىدۇ، خانىم.

— سۇئات قاچان كېتىدۇ؟

— تۈنۈگۈن ئۇلار تىرابىياغا كۆچۈپ بېرىشتى.

— كىملەر؟ تەربىيەچىسى كەتمەكچىدىغۇ؟

— ھازىرچە ماتمازەل مارى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئەمما يېڭى بىرسىنى ئىزدەۋاتىمىز.

— شۇنداقمۇ؟

— سىزنىڭ كېلىدىغىنىڭىزنى بىلمەپتىمەن، بولمىسا كۆچۈشكە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلاتتۇق. شۇنداقتىمۇ ھازىر يازلىققا تېلېفون قىلىپ سىزنىڭ بۈگۈن بارىدىغانلىقىڭىزنى ۋە لازىم بولغان ھازىرلىقلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى دەپ قوياي. پاراخوت بىلەن بارامسىز ياكى ماشىنا بىلەنمۇ؟ خالىسىڭىز كېچىك ماشىنا ئېلىپ كېلەي.

— ياق، رەھمەت سىزگە. بۈگۈن ئەمەس ئەتە چۈشتىن كېيىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ بارىمەن.

— ئىختىيارىڭىز.

زەررىن كوچىغا چىققىنىدا مۇرىسىدە، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر خىل يېنىكلىك ھېس قىلدى. ئۇچقۇسى، بۇلۇتلار ئۈستىگە چىققۇسى كېلەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ تۇرمىدى. دەرھال ھازىرلىق قىلىشقا باشلىدى ۋە ئەتىسى پاراخوتنىڭ يولغا چىقىش

ۋاقتى بولغۇچە قانداق ياشىغانلىقىنى بىلمىدى. سۇئاتقا، ئوغلىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى تىرابىيادىكى يازلىقتىن تاپاتتى... تىدرابىيا... يازلىق... بۇ يەر مىڭلارچە ئەسلىمىلەر بىلەن تولغانىدى. ئاچچىق... ۋە تاتلىق ئەسلىمىلەر بىلەن...

## 2

پاراخوت بوغۇزنىڭ كۆپكۆك سۇلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، زەررىن يېقىملىق ۋە سالقىن شامالنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆكسىگە تولدۇرۇپ، ئەتراپنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. ئىچىدە بۈيۈك بىر ھاياجان بار ئىدى. يۈرىكى ۋە پۈتۈن تومۇرلىرى دۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. قۇلاقلىرىدا: «سۈئاتنى كۆرىسەن... ئوغلۇڭنى كۆرىسەن...» دېگەن ئاۋاز تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

شۇنداق، ئۇنى كۆرەتتى، شۇنداقلا تاكسىم باغچىسىدا ئۇچراشقان يات بىر خوتۇندەك ئەمەس، بىر ئانا سالاھىيىتى بىلەن...

«ئەجەبا، نېمىس تەربىيەچى نېمە دەپ قالار؟ مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ جىددىي ئوي ـ پىكىرلىرى ئارىسىدا قاپسىلىپ قالغان بۇ غەلىتە تەشۋىشكە كۈلۈپ قويۇپ مۇرىسىنى سىلكىدى، قانداق ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن! مېنىڭ تۇرمۇشۇم نابۇت بولغان تۇرسا. مۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا نېمە كارىم.»

لېكىن يەنىلا زېھنىگە ھەر خىل ئىشلار كىرىۋېلىپ باراتتى: «ئەجەبا، بۇرۇنقى خىزمەتكارلار تېخىچە ئۇ يەردىمىدۇ؟ بۇنچە يىلدىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن خانىمى توغرۇلۇق قانداق پىكىرلىرى باردۇ ئۇلارنىڭ؟ ئەجەبا مېنى داۋاملىق كەتمەس بولۇپ قايتىپ كەپتۇ دەپ قالارمۇ؟ بەلكى جىھات بىلەن يارىشىپ قالىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشار.» بۇنداق ئەھمىيەتسىز نۇقتىلاردا توختالغىنى ئۇچۇن ئاچچىقى كەلدى. سۈئاتتىن باشقا ھېچقانداق بىر نېمە ئويلىماسلىققا ئىرادە باغلىدى. ھەتتا جىھاتنىمۇ...

لېكىن ئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ ئوغلىدىن ئاۋۋال ئېرىنى ئېسىگە ئالغانلىقىغا ھەيران قالدى ۋە ئىنسان بېشىدىن كەچۈرگەن ئەسلىمىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە يەنە بىر قېتىم

ھەيران بولۇشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. غەلىتە ئىش، پاراخوتتىن سومكىسىنى ئالغان خىزمەتكار بالا خانىمدىن تېخى تۈنۈگۈن ئايرىلغاندەكلا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنى كۈتۈۋالغان خىزمەتكارنىڭ پوزىتسىيەسىدە بىر ئۆزگىرىش يوق ئىدى. خانىمى بىلەن جەم بولۇشقىنى ئۈچۈن خۇرسەن بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما بۇنى گەپ - سۆزلىرى بىلەن ئىپادە قىلمىغانىدى.

زەررىن ئۇدۇللاپ ئۆز ھۇجرىسىغا چىقتى - دە، يېشىندى. بۇ يەرمۇ تۈنۈگۈنلا تاشلاپ كەتكەن ھۇجرىغا ئوخشايتتى. ھەممە نېمىسى جايى - جايىدا... ھەر خىل كىيىم - كېچەكلىرىمۇ...

خىزمەتكار قىز ئۈن - تىن چىقارماي سومكىلارنى ئېچىپ، كۆڭلەكلەرنى كىيىم ئىشكاپىغا ئېسىۋاتقىنىدا، زەررىن ئۆز ۋاقتىدا تاشلاپ قويغان بىرمۇنچە يازلىق كىيىملىرىنىڭ ۋە خالاتلىرىنىڭ تېخىچە شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە كۆزلىرى ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. پەخرەتتىن بەينىڭ سۆزلىرىدە مۇبالىغە يوقكەن ئەمەسمۇ؟... بۇ يەردە ھەممە نەرسە ئۇنى كۈتۈۋېتىپتۇ...

بۇ قانائەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى تىندى - دە ئۈچ يىل ئاۋۋالقى كۆڭلەكلىرىدىن بىرىنى قولىغا ئالدى. دەزمىلى تېخىچە بۇزۇلۇپ كەتمىگەنىدى. پاسونىمۇ ساز بولۇپ، ھازىرقى مودىغا ماس كېلەتتى. بۇ كۆڭلەك ئۈچىسىدا كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى، ئۆزىمۇ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا چاچلىرىنى پەپىلەپ تاردى. خۇددى جىھات ئۈچۈن ياسانغان چاغلىرىدەك كۆڭلىكىنىڭ كىچىككىنە بىر يەرلىرىگىچە دىققەت قىلدى. بۇ قېتىمقىسى كىچىك سۇئاتنىڭ كۆڭلىنى مەپتۇن قىلىش ئۈچۈن ئىدى. يۈرىكى شۇ چاغدىكىدەك كۈچلۈك ھاياجان بىلەن سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن سائىتىگە قارىدى. سۇئات تېخى ئۇخلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بېقىنىدىكى ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى. ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. بالا كارىۋىتىدا بىر تاتلىق

ئۇخلاۋاتاتتى. ماتمازەلمۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ زەررىنىنىڭ ھۇجرىغا كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ، بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن ھۇجرىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەخرەتتىن بەي ئورۇنلاشتۇرغانمىدى؟ ياش ئايالنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر بىر تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىق ھېسلىرى بىلەن تولدى.

سۇئات ئاپىسىنىڭ ھۇجرىغا كىرىشىدىن خەۋەرسىز راھەت ئۇخلاۋاتاتتى. تاقاقلىق دېرىزىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن كىرگەن يورۇقلۇق ئۆي جاھازىلىرىنىڭ ئۈستىلىرىدە ئويناشماقتا ئىدى. ئېچىپ قويۇلغان بالكون ئىشىكىدىن يېقىملىق بىر سالقىن شامال ھۇجرىنىڭ ئىچىگە تولغانىدى.

زەررىن ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. شۇ تاپتا پۈتۈن ئارزۇ - ئۈمىدلىرى رېئاللىققا ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز بەختكە تولدى. كۆزلىرىگە ياش كەلدى. يىللاردىن بېرى مۇشۇ كۈنلەرنى كۈتكەن ۋە ئارزۇ قىلغانىدى. بەزى كېچىلىرى كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، سۇئاتنى كارىۋىتىدا ياتقان ھالدا خىيالىغا كەلتۈرەتتى ۋە ئۇنى مۇشۇ دەقىقىدەك سېرىق چاچلىق بېشىنى ئاق ياستۇق ئۈستىگە قويۇپ ياتقان ھالەتتە كۆرەتتى، ئۇنىڭ يېنىككىنە نەپەس ئېلىشلىرىنى ئاڭلايتتى. بىرئاز ئېگىلىپ سۇئاتنىڭ پېشانىسىدە پارقىراپ تۇرغان تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كارىۋات رېشاتكىلىرىدىن ساڭگىلاپ قالغان بۇدرۇق قولىنى تۇتتى، بۇ قول سۇئاتنىڭ، بالىسىنىڭ ئىدى... ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بېشىنى كارىۋاتنىڭ تۆمۈرىگە تىرىۋالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەلبىگە تۆككەن ياشلىرىغا بىردىنلا ئەركىنلىك بېرىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى... بۇ كۆز ياشلىرىغا تاتلىققىنە ئەلەم سىڭىپ كەتكەنىدى... بۇ كۆز ياشلىرىغا ھەسرەت، سېغى-

نىش، كۈتۈش سىڭىپ كەتكەنىدى. بۇ كۆز ياشلىرىغا يەنە ئاللى-قانداق ئىسمىنى دەپ بەرگىلى بولمايدىغان نامسىز نەرسىلەرمۇ سىڭىپ كەتكەنىدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ھاۋارەڭ يىپەك كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ھاسىل بولغان ياش داغلىرىغا كۆزى چۈشتى. دەل شۇ دەقىقىدە ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان بىرجۈپ ئۇيقۇچان بەختى-يار كۆزنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ۋە يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى. ئەمدى... ئەمدى نېمە ئىشلار بولار؟

بىراق ھېچقانداق پەۋقۇلئاددە ئىش بولمىدى. سۇئات ئۇنىڭ-دىن ھېچ يېتىرقىماستىن تاتلىققىنە بىر ئاۋاز بىلەن:

— ئانا... جېنىم ئانام! — دېدى ۋە كارىۋاتتىن چاچراپ تۇ-رۇپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا چۈشتى.

— ھەقىقىي ئانام... قەغەزدىكى ئەمەس... مېنىڭ چىرايلىق ئانام.

ياش ئانا بەخت ـ سائادەتتىن ساراڭ بولۇپ قالغاندەك، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ھېچ تويماستىن سۆيۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ئوغلۇم، جېنىم بالام... جېنىم سۇئاتىم.

بالا يالىڭاچ قوللىرىنى ئاپىسىنىڭ بويۇنلىرىغا قويۇپ توخ-تىماي سۆزلەيتتى.

— راست ئانام سەن... يەنە بىرسى ئەمەس...

— قايسى ئۇ، ئوغلۇم؟

— شۇ، يەنە بىرسى.

— چۈشىنەلمىدىم. ئۇ نەدە سۇئات؟ ماڭا دەپ بەرگىنە جې-نىم، ئۇ دادامنىڭ ھۇجرىسىدىكى...

زەررىنىڭ يۈرىكى ئوتقا چۈشكەندەك كۆيۈشكە باشلىدى. جە-ھاتنىڭ باشقا بىر خوتۇن بىلەن ئۆيلەنمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇ-رۇپمۇ، يەنە كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. ئەجەبا ھۇجرىسىدىكى كىمدۇ؟ نېمىشقا سۇئاتنىڭ ئاپىسى بولغۇدەك؟

— داداڭنىڭ ھۇجرىسىدا سېنىڭ باشقا بىر ئاناڭ بارمىدى

ئوغلۇم؟

— ھەقىقىسى ئەمەستى. ئۇ گەپ قىلمايدۇ. مېنى سۆيمەيدۇ. بۇنى دادامغا دېدىم.

زەررىن چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. چۈشىنىشتىن قورقۇۋاتاتتى. ئۆزۈڭ ساقلا، پەرۋەردىگارىم. سۇئاتنىڭ بىر ئۆگەي ئانىسى بارمىدى؟ ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ كىم؟ نېمە ھەققى بار ئۇنىڭغا ئانىلىق سالاھىيىتىنى تەشەببۇس قىلىشقا؟

— مەن ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلالاتتىم ئانا.

— شۇنداقمۇ ئوغلۇم؟

— ئۇ ماڭا كۈلىدۇ، ئەمما مېنى سۆيۈپ قويمايدۇ.

— مۇنداق دېگىن.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن. سېنى ياخشى كۆرىمەن. سەن مېنىڭ ئانام سەن!

ياش ئايال بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ساراڭ بولۇپ قالاي دېدى. ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆزلىمەكتە ئىدى.

ئەلۋەتتە سېنىڭ ئاپاڭ مەن سۇئات... سەن مېنىڭ جېنىم. يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى... ھېچكىم سېنى مېنىڭ قولۇمدىن تارتىۋالالمايدۇ. سەن مېنىڭ سەن... پەقەتلا مېنىڭ...

بالا كۈلۈپ تۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— بىلىمەن، دادام ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى. ئەمما مەنمۇ بىلىمەن. ئۇ ھەقىقىي ئاپام ئەمەس، مىدىرلىمايدۇ، ماڭمايدۇ، مېنى سۆيمەيدۇ، مەن بۇنداق ئانىنى ياخشى كۆرمەيمەن... بۇنى دادامغىمۇ دېگەنتىم.

سۇئات بۇلارنى دەۋېتىپ ئانىسىنىڭ يۈزلىرىگە توختىماي سۆيەتتى. بالىنىڭ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن زەررىن تېخىمۇ بەك زورلاپ كېتىشتىن قورقتى. ئۇنىڭدىن باشقا سوئاللارنى سوراشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالدى ۋە ئۇ-

نىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتى.

— توغرا ئېيتىسەن ئوغلۇم. ئەمدى ئۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى قىلمايلى. سېنىڭ ئاپاڭ مەن.

— ئەمدى دائىم يېنىمدا بولىسەن شۇنداقمۇ؟

— ھەئە شېكىرىم.

— بىللە ئوينايمىز. بىللە سىرتلارغا چىقىمىز شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە!

— سەن مېنىڭ يېنىمدا ياتىسەن، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە جېنىم!

بالا خۇشاللىقىدىن كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئوينىماقتا، سەكرىمەكتە ئىدى.

— سەنمۇ كۈل، يىغلىما ئانا.

— يىغلىمىدىم، بەك خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا باساتتى، شۇ قەدەر خۇشال ئىدى. لېكىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن كېلىۋاتقان بىر خىل قورقۇنچ ھەممىنى بېسىپ چۈشۈۋاتاتتى. «بىركۈنى ئۇ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا مەن بۇ يەردىن كېتىمەن.» ئۇ بۇ خىيالى بىلەن تىترەپ كېتىپ، ئوغلىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

جېنىم بالام... سېنى ھېچكىم مېنىڭ قولۇمدىن ئېلىۋالالمايدۇ ئەمدى.

## 3

كۈنلەر ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆتمەكـتە ئىدى. زەررىن شۇنچىلىك بەختلىك ئىدىكى، ئەتىنى ئويلاش ۋە ئېسىگە ئېلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئوغلى بىلەن بىللە ئىدى ۋە جىھاننىڭ مۇھىتىدا ياشاۋاتاتتى. ئۆزى يىراقلاردا تۇرۇۋاتسىمۇ، يەنىلا بۇ ئۆيدە ئۇ ياشاۋاتاتتى، نەپەس ئېلىۋاتاتتى.

زەررىن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان خىدـياللارنى كۆپ قىلىپ، نېرۋىسى ئاجىزلاپ، ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە ئويلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدەك قىلاتتى. يول يۈرەتتى، تالا ـ تۈزنى كېزەتتى، يەيتتى، ئىچەتتى، سۇئات بىلەن ئويۇنايتـتى، كۈلەتتى، يۇگۇرۇپ ـ سەكرەپ يۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن روـھىدا بىر كىچىك بالىنىڭ ساپلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. كېـچىلىرى كارىۋىتىدا يېتىشى بىلەنلا دەرھال ئۇخلاپ كېتەتتى. ھەتتا چۈشمۇ كۆرمەيتتى... ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە گۈزەل، ھەممە ئادەم ياخشى ئىدى. ئۆي ئىچىدىكىلەرمۇ خۇددى مەجھۇل بىر ئىنساندىن پەرمان ئېلىپ تۇرۇۋاتقاندەك، زەررىنگە ئارىلىـشىۋالمايتتى. ئۇنى پۈتۈنلەي ئەركىن قويۇپ بېرىۋاتاتتى. پەقەت زەررىن بالىسىنىڭ كارىۋىتىنى ئۆز ھۇجرىسىغا يۆتكەشنى تەلەپ قىلغان كۈنى نېمىس تەربىيەچىسى نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

— سىز بىلىسىز خانىم، ئەگەر مېنىڭچە بولغىنىدا سۇئات بۇگۈنچە مېنىڭ بىلەن يېتىشى كېرەك. ئەتە يالغۇز ھۇجرىدا قېـلىشى كېرەك. بالا ئەمەلىيەتتە خېلىلا ئەركە قىلىۋېتىلدى ۋە بەـزى ئىشلار تۈپەيلىدىن ئاچچىقى يامان بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنى سىزنىڭ ھۇجرىڭىزغا يۆتكەپ قويساق پۈتۈنلەي ئەركە بولۇپ كېتىدۇ، ھەم باشقىلارنىڭ راھىتىنى بۇزىدۇ، ھەم

سىزنىڭ، ــ دېدى.

ئەقىلگە مۇۋاپىق بۇ سۆزلەرگە زەررىن ھېچنېمە دېمىدى. ئوغلى ئۆز ھۇجرىسىدا قېلىۋەردى. بۇ تىنچ، خاتىرجەم كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى پەخرەتتىن بەي كەلدى. ياش ئايال ئۇ چاغدا باغچىدىكى چىغ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئېرىنىڭ ۋاكالەتچىسىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ياشانغان ئادەمنىڭ تۇنجى سۆزلىرى شۇ بولدى:

ــ شۇنداق ياخشى كۆرۈنىسىز خانىم. ئىشخانامغا قەدەم تەشرىپ قىلغان كۈنى بەك ھارغىن ۋە خاپا چىراي ئىدىڭىز. يۈزلىرىڭىز ساپسېرىق ئىدى. ھازىر كۆز تەگمىسۇن، ئوبدانلا تولۇپ قاپسىز. بۇنىڭغا راستتىنلا بەك سۆيۈندۈم.

ــ رەھمەت پەخرەتتىن بەي، ئۇ كۈنى كۆڭلۈم بەك يېرىم ئىدى. بۇ بىر ئاي راۋرۇس دەم ئالدىم. سىزدە قانداق خەۋەرلەر بار؟

بۇ ئاخىرقى سوئالنى سوراۋاتقىنىدا، ئاۋازىدىن بىر يوشۇرۇن ئەندىشە بىلىنىپ تۇراتتى. ئېرىنىڭ دەرھال ئىستانبۇلغا يېنىپ كېلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇنداق بولغان تەقدىردە بۇ بەختىيار تۇرمۇشى بىلەن ۋىدالىششقا توغرا كېلەتتى. تەجرىبىلىك ئادەم بۇنى بىلمەسكە سالدى.

ــ يېڭى بىر خەۋەر يوق خانىم.

ــ جىھات بەيدىن خەت ـ پەت تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتامسىز؟

ــ بەزى ـ بەزىدە تېلېگراممىلار كېلىپ تۇرىدۇ؟

ــ ئەجەبا ھازىر قەيەردىدۇ؟

جاۋاب كۈتۈۋاتقاندا يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كېتىۋاتاتتى. يېقىن بىر يەردە بولغان بولسىچۇ؟

ــ سەيلان ئارىلىدا ئىكەن خانىم.

ــ سەيلاندىمۇ؟ ئۇ يەردە نېمە قىلىۋېتىپتۇ؟

زەررىنىنىڭ كەيپى جايىغا چۈشۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەندى.

— راستىنلا بىلمەيمەن خانىم. ھەر ھالدا تارىخ تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

— ئاجايىپ غەلىتە ئادەم.

پەخرەتتىن بەي بۇ سۆزلەرگە قارىتا جىددىي پوزىتسىيە بىلەن:

— بەك ئەقىللىق، بەك تىرىشچان ۋە بەك ياخشى بىر ئادەم ئۇ. سىزگە بۇنى دېگەنىمنىڭ پايدىسى يوق.

زەررىن بىرئاز خىجىل بولدى.

— ھەئە، ھەقىقەتەن شۇنداق.

ياشانغان ئادەم بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، خېلىدىن بېرى ئىچىگە يوشۇرۇپ كەلگەن سۆزلەرنى ئەمدى دەۋېلىش ئارزۇسى بىلەن زەررىنگە قارىدى ۋە داۋام قىلدى:

— بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇ بەك ياخشى نىيەتلىك ئادەم خانىم. بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىز كېرەك. ئاراڭلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئۇ ئىشلاردىن كېيىن، سىز ئۆيىڭىزنى تاشلاپ كېتىشىڭىز بىلەنلا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۆڭلى ئاجايىپ يېرىم بولدى.

— شۇنداقمۇ؟

— بۇنىڭدىن شۈبھىڭىز بولمىسۇن. ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە تىرىشتۇق، كار قىلمىدى. ئەمما سىزنى توختىماستىن ئىزدىدى.

زەررىن ئىخلاس بىلەن تىڭشاۋېتىپ:

— قەيەردىن؟ — دەپ سورىدى.

— سىزنى تاپالايمەن دەپ مۆلچەرلىگەن ھەممىلا يەردىن.

— لېكىن تېزلا زېرىكىپ كەتتى، شۇنداقمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟

— ئەمىسە نېمىشقا دەرھاللا چەت ئەلگە كەتتى؟

— بۇ «كېتىش» دېيىلمەيدۇ، «قېچىش» دېيىلىدۇ، خانىم. كۆڭۈلسىزلىكلەردىن، ئەسلىمىلەردىن قاچتى.

— شۇنداقمۇ؟ سىز شۇنداق ئويلاپ قاپسىز. ھەقىقەت پۈتۈن-

لەي باشقىدۇ... دەل ئەكسىچە.
— مېنىڭ سۆزۈمدە كىچىككىنە مۇبالىغىمۇ يوق. بۇنىڭغا ئىشىنىڭ. كاشكى ئۇ خەتلەرنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرمىسەم بوپ-تىكەن. ئۇ چاغدا سىزمۇ چوقۇم بۇ دېگەنلىرىمنىڭ ھەقىقەت ئىد-كەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتىڭىز.
— قايسى خەتلەرنى دەۋاتىسىز پەخرەتتىن بەي؟
— خانىم، جىھات بەي ساياھەتكە چىقىش ئالدىدا، سىزگە بېرىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭا بىر پارچە خەت قويۇپ كەتكەنىدى. سىزنى قايتىدىن تاپالايدىغانلىقىغا ۋە سىزنىڭ ئۆيدىكى ئورنى-ڭىزنى ئالىدىغانلىقىڭىزغا شۇنچىۋالا ئىشەنگەنىدىكى، شۇنداق بىر خەت بىلەن سىزگە «خۇش كەپسەن» دېمەكچىدى.
ياش ئايال ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويدى.
— بۇمۇ سىزنىڭ تەشۋىشىڭىز... خەتنى ئوقۇغانمىدىڭىز؟
— ياق، لېكىن ئۆزى ماڭا دەپ بەرگەنتى.
— بۇنى قاچان ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىڭىز؟
— ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەن كۈنى... سىزنىڭ قايتىپ... كەلمىگەنلىكىڭىزنى، ئۆينىڭ قوپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ كەتتى ۋە كۆز ئالدىمدىلا كونۋېرتنى يىرتىۋەتتى.
— شۇنداق، لېكىن پەخرەتتىن بەي، سىز ماڭا ئېرىمنىڭ داۋاملىق مېنى ئىزدىگەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭىز. بىر تەرەپتىن يەنە ئۇزۇن ساياھەت ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىسىز. بۇ ئىككى سۆ-زىڭىز بىر-بىرىگە ھېچ ماس كەلمەيدىغۇ؟
— سىزنى ئۆزى ئىزدىمەيتتى. بۇ ئىشنى باشقىسىغا ھاۋالە قىلغانىدى.
زەررىن ھەيران قېلىپ ئۆزىنى رۇسلىدى:
— باشقا بىرسىگىمۇ؟ كىمگە؟
— مۇنداق ئىشلاردا كەسپىي ماھارىتى پىشىپ يېتىلگەن بىر ساقچى مەمۇرغا.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ بىر رازۋېدكىچىمۇ؟
— ھەئە، لېكىن سىزنى تېپىشتا ئانچە ماھارىتىنى كۆرسىد-تەلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا ئىكەن. سىزمۇ مەملىد-كەتنىڭ سىرتىدا ئىكەنسىز ئەمەسمۇ؟
— رۇمدا ئىدىم. بىرقانچە ئاي ئاۋۋال كەلدىم.
— خەۋىرىم بار. ھاشمەت بەي ئېيتقانىدى.
— ساقچى مەمۇرنىڭ ئىسمى ھاشمەتمۇ؟
— ھەئە، سىزنىڭ ئىز - دېرىكىڭىزنى تېپىشتا كۆپ كۈچ چىقاردى ۋە نىھايەت مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
— قانداق قىلدى؟ نېمە دەۋاتىسىز؟
— يەنى سىزنى ئوغلىڭىزغا يېقىنلاشتۇرغىنى شۇ ھاشمەت بەي. بارلىق پىلانلارنى ئۇ تۈزۈپ چىققان.
— شۇنداقمۇ؟
زەررىن باشقا بىر گەپ قىلالماستىن، خىيالغا چۆكۈپ كەت-تى. ئاڭلىغان، بىلگەن بۇ ئىشلار زېھنىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. ئالدىدا ئەمدى باشقا بىر ئۇپۇق ئېچىلغانىدى. بۇ ئۇپۇقنىڭ ئاخىرىدا جىھات بار ئىدى. جىھات، ئۆزىنىڭ ئىبرى... لېكىن ئۇ يىراقلاردا، بەك يىراقلاردا ئىدى. مەملىكەتكە قايتقان چاغدىمۇ زەررىننى تاپالمايتتى.

# 4

— سۈئات، كەل شىكىرىم.

— كىلىۋاتىمەن ئانا... قوللىرىڭنى ئاچ، يۈگۈردۈم ئەمىسە.

ئوماق قوللار زەررىنىنىڭ بوينىغا چىرماشتى. ياش ئايال ئۇ-نىڭ پاچاقلىرىنى قۇچاقلىدى. ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بالا تىلىنىپ-تىلىنىپ كۈلمەكتە ئىدى.

— يەنە بىر قېتىم يۈگۈرەيلىچۇ ئانا... ماقۇلمۇ قوزام ئانا؟

— ماقۇل ئومىقىم، ئەمما سېنى يەرگە قويۇپ بېرەي، سەن مېنى قوغلا، تۇتالامسەن قېنى؟

— ئاستا يۈگۈرگىنە ئانا... توختاپ تۇرساڭچۇ، ساڭا يېتىشەلمەيۋاتىمەن.

ئۇلار چىملەرنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈشۈۋاتاتتى. زەررىن ئوغلىنى ساقلاپ تۇردى، كىچىك سۈئات پۇتۇن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككىسى بىرلىكتە ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاشتى. شادلىققا تولغان قەھ-قەھلەر بوشلۇقتا جاراڭلايتتى.

— ئەمدى توپ ئوينايلىچۇ، ماقۇلمۇ چىرايلىق ئانا.

— تاماققا كەچ قالىمىز. ماتمازەل بىزگە خاپا بولۇپ قالىدۇ.

— خاپا بولمايدۇ، ئانا.

— ماقۇل ئوغلۇم.

«ئانام»، «ئوغلۇم». ئەتىگەندىن كەچكىچە بۇ ئىككى كەلىمە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە بەختىيار ۋە شاد-خۇرام كەيپىيات شەكىللەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ ئىدى. راستىنلا بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ھەر كىمنىڭ چىرايىدا كۈلكە، ھەر ئىش ئۆز يولىدا ۋە ۋاقتىدا قىلى-

نىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئاملى زەررىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ هېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايتتى. پەقەت ئۇنىڭ ۋە سۇئاتنىڭ شادلىقى ئەتراپلىرىغا سۆيگۈ تارقىتىپ، هەركىمنىڭ كەيپىنى چاغ قىلماقتا ئىدى. خىزمەتكارلار بىر ـ بىرلىرىگە:

ـــ خانىمىز ئۆي سۈسىز قۇدۇققا ئوخشاپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇھ، مىڭ شۈكۈر، كۆڭلىمىز ئىزىغا چۈشتى، ـــ دېيىشەتتى.

ئىرابياغا ئورۇنلىشىپ بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، نېمىس ماتمازەلنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىشى، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر تۈرك ئايالنىڭ كېلىشى زەررىننىڭ هاياتىدا كىچىككىنە بىر يېڭىلىق بولدى. ئەمما، نە كەتكەن تەربىيەچى، نە كەلگەن ئېمىكئانا بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلمىغانىدى. بۇلارنى جىهاتتىن كەلگەن بۇيرۇقلار دائىرىسىدە، پەخرەتتىن بەي باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. يەنە بىر جەهەتتىن ئېيتقاندا، بۇمۇ ياخشى بولغانىدى. بىراق، زەررىننىڭ ئانىلىق ۋە خوتۇنلۇق غۇرۇرى بۇ هادىسىلەر بىلەن بىرئاز زېدىلەندى ۋە ئېرىنىڭ ئۆزىنى پۈتۈنلەي بىر ۋاقىتلىق مېهمان ئورنىدا قوبۇل قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

ئەمەلىيەتتە، مەسىلە پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ماتمازەل مارى بىركۈنى تاكسىم باغچىسىدا رازۋېدكىچى هاشمەت بەينىڭ پىلانىغا ماسلىشىپ، توي قىلىش ئۈچۈن سۇئاتنىڭ يېنىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى زەررىنگە ئېيتقانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بىرقانچە ئايلىق رۇخسەت سورىغانىدى. ئۇنىڭچە، بۇ بىرقانچە ئاي ئىچىدە ۋەزىيەت يا ئۇنداق، يا مۇنداق بولۇپ، بىر خۇلاسە چىقىپ بولاتتى.

لېكىن زەررىننىڭ بۇ پىلانلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى پەقەت ئۆز ئەهۋالىنى چىقىش قىلىپ مۇهاكىمە قىلاتتى، مانا شۇ سەۋەبتىن كەيپى قاچتى. باش ئۇستىدە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدـ

دى. بۇ قارا بۇلۇتلار كۈندۈزى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن
سائەتلەردە تامامەن تارقىلىپ، ئاسمان سۈپسۈزۈك بولۇپ كۆپكۆك
رەڭگە كىرەتتى. ئەمما ئاخشاملىرى، بولۇپمۇ كېچىلەردە قور-
قۇنچلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق دەقىقىلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ، زەر-
رىنىڭ ئەتراپىنى بىر قارا هالقا شەكلىدە ئورۇۋالاتتى. كۈن-
لەر... ھەپتىلەر ئۆتمەكتە ئىدى.

## 5

گۈگۈم ۋاقتى بولۇپ، بارا - بارا ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسە تۇتۇق پەردە بىلەن ئورالماقتا ئىدى. كەڭ - كۇشادە ياسالغان تاماقخانىنىڭ ئوچۇق دېرىزىلىرىدىن كىرىۋاتقان بوغۇزنىڭ سالقىن شاماللىرى ھۇجرا ئىچىگە لىق تولغان بولۇپ، كۆلەڭگىلەرنى تىترەتمەكتە ئىدى.

سۇئات ئېمىكئانىسى بىلەن ئويناۋاتقاچقا، زەررىن ھۇجرىدا يالغۇز ئىدى. بىرئازدىن كېيىن بالا يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، بۇ يەرگە كېلەتتى - دە، ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلاتتى ۋە «ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن جېنىم ئانامغا» دەيتتى. ئاندىن زەررىن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ھەر ئاخشامقىدەك ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرەتتى، كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ، ياستۇق - يوتقانلارنى تۈزەشتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ «ئاللاھ راھەت ئاتا قىلسۇن ئوغلۇمغىمۇ. قېنى تېز ئۇخلا ئەمىسە!» دەپ قويۇپ ياتاقتىن چىقاتتى، بۇنىڭ بىلەن زەررىننىڭ بۇ كۈنىمۇ ئاخىرلاشقان بولاتتى.

ئۇ بۇ سائەتنى كۈتۈپ، بىنانىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى ئۈستى ئوچۇق بالكونغا چىقىۋالغانىدى. ئۇ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان گۈگۈم پەردىسى بىلەن قېنىق رەڭگە كىرگەن سۇلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. قايسىبىر مېھمانخانىدىكى ئوركېستىردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان تانسا ئاۋازى بۇ يەرگىچە يېتىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ مۇزىكىنى ئۇ قانچە قېتىملا مۇشۇنداق يىراقتىن ئاڭلىغانىدى. ئۇ چاغدا يېنىدا، كىشىلىك تۇرمۇشىدا جىھات بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇرىسىنى - مۇرىسىگە جۈپلەپ تۇرۇشاتتى. قىزغىن مېھىر - مۇھەببىتى، قانماس سۆيگۈسى بىلەن ئۇنى

قۇچاقلىشۋالاتتى. جىهات... كىم بىلىدۇ، ئۇ ھازىر قەيەرلەردە يۇ-
رىدىغاندۇ؟ نەدە؟ كىم بىلەن؟ بۇ ئاخشام زەررىن نېمە ئۈچۈن
بۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىشقا مۇنداق قاتتىق
سوقۇپ كېتىدۇ؟ ھاياتنىڭ بوشلۇقىنى، يالغۇزلۇقىنى نېمە ئۈ-
چۈن بۇ كېچە باشقىچىلا ۋە بۇنچىۋالا چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ؟
سىرتتا ئۆتكۈنچى يولۇچىلار ئاجايىپ كۆپ ئىدى. پاراخوتتىن
چۈشۈپلا ئالدىراش قەدەملىرى بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشماقتا ئى-
دى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قوللىرىدا ئاللىقانداق بولاقلار، سوم-
كىلار بار ئىدى. زەررىن ئىچى ئېچىشقان ھالدا خىيالغا چۆمۈپ
كەتتى: «دادىلار ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئىشىك
ئالدىغا كەلگەندە، خوتۇنلىرى ۋە بالىلىرى كۈتۈۋالىدۇ. ھەممەيلەن
بىرلىكتە داستىخاندا ئولتۇرۇشىدۇ. كۈلۈشۈپ، پاراڭلىشىپ تۇ-
رۇپ تاماقلىرىنى يېيىشىدۇ... ھالبۇكى، مەنچۇ... مەن... مەڭگۇ-
لۈك يالغۇزلۇققا مەھكۇم بولدۇم...»

پەستىن خۇشاللىقتىن چاڭىلداپ سۆزلەپ كېتىۋاتقان بىر قىز بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— دادا، دادا... بۇ بولاقنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ بۇنى ماڭا ئەكەلدىڭمۇ؟

بوم بىر ئاۋاز كۆيۈمچانلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ھەئە قىزىم، ئۆيگە كىرىپ ئاچايلى.

— ئىچىدە نېمە بار دادا؟

— ئالدىراپ كەتمە، ھازىرلا كۆرىسەن قوزام.

زەررىن ئاقۇچ رەڭلىك كىيىنىۋالغان قىزچاقنىڭ خۇددى
بىر تال شاخ كەبى لىككىدە دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئې-
تىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا يامىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئالدىدا
مېڭىشقا باشلىدى. ئارقىسىدىن پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى
شاد - خۇرام ھالدا پاراڭلىشىپ ئۆتۈشۈپ كەتتى. ئاستا - ئاستا
ئەتراپ غېرىبلىشىپ، ئاسفالىتلىق يوللاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ
پەسىيىپ قالدى. پەقەت ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ما-

شىنىلارنىڭ چىراغلىرى پىل - پىل يېنىپ - ئۆچۈپ تۇراتتى. ئىچىدىكى يولۇچىلارنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. دېڭىز قولتۇقىدىكى قېيىقلارنىڭ بىرسىدىن ناخشا ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلاپ زەررىنىنىڭ يۈرەك - باغرى جىغىلداپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ ئىچىنى بىر ھەسرەت - نادامەت، سېغىنىش، غېرىبلىق چىرمىۋالغانىدى. ئارتۇق چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىچىگە كىرىپ تاماقخانىنىڭ بارلىق لامپىلىرىنى ياندۇرۇۋەتتى. يانىدىكى مېھمانخانىغا ئۆتتى. ئۇ يەرنىڭمۇ چىرىغىنى يورۇتتى. قاراڭغۇلۇقتا، كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىگە چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بەك يالغۇز، بەك غېرىب ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇ بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، پىيانىنونىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ، بارماقلىرىنى خالىغانچە ئوينىتىشقا باشلىدى. باللىق چېغىدا، مەكتەپتە، كېيىنرەك رىشات بەينىڭ بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە رومدا بولۇشچە پىيانىنو چالاتتى. ھەتتا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ياخشى چالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بارماقلىرى بىر پەدىگە چالدى. بۇ پەدە زەررىنىنى بىردىنلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. پىيانىنونىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. سالماقلىق بىلەن چېلىشقا باشلىدى. بۇ ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان، چېلىش ناھايىتى ئاسان بىر مۇزىكا ئەسىرى ئىدى. قانچىلىك ھېسسىياتلىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بىر ئەسەر ئىدى - ھە! بۇ ئەسەر ياش ئايالنىڭ روھىنى بىر غېرىبانە دىيارلارغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

بۇنداق كۆڭۈل يېرىمچىلىقى ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا، يوپيورۇق چىراغ نۇرى ئاستىدا، يول - يول دولقۇنلاپ ئاياغلىرىغىچە تۆكۈلۈپ تۇرغان ھاۋارەڭ ئىپەك كۆڭلىكىگە ھېچ مۇناسىپ كەلمەيتتى. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئايالنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرى خۇشال تەبەسسۇم بىلەن جىلۋىلىنىپ تۇرسا، كۆز ياشلىرى بىلەن غۇۋالاشقان چولپان كۆزلىرى بەخت - سائادەتتىن پارلاپ چاقناپ

تۇرسا، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!

بىرئازدىن كېيىن سۈئات كېلەتتى. ئۇماققىنە قوللىرى بىلەن ئاپىسىنى قۇچاقلاپ:

— مېنىڭ چىرايلىق ئاپام! — دەيتتى.

بۇ گۈزەللىك نېمە ئۈچۈن ئىدى؟ كىم ئۈچۈن ئىدى؟ تۆت ياشلىق بىر بالا ئۈچۈنمىدى؟

ئەنە شۇنچىلىكلا... بۇ چىرايلىق باش شېخىدا تۇرۇپ، قۇرۇپ ـ سولىشىپ كەتكەن ئەتىۋارلىق گۈلدەك مۇرىسىگە ساڭگىلاپ چۈشۈپ، ئۆز يۈكىنىڭ ئېغىرلىقى ئاستىدا ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى.

زەررىن توختىماي خىيال سۈرۈپ، پەس ئاۋازدا چېلىۋاتاتتى. ئارتۇق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋازىنى پەسەيتىشكە تىرىشىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇ ئاجايىپ غەيرىي تۇيغۇغا قاپسىلىپ، غەلىتە بىر بىئاراملىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. گوياكى دېڭىز بوغۇزىنىڭ شاماللىرى كىرىپ تۇرغان پۈتكۈل دېرىزىلەر تاقىلىپ قالغاندەك، ھۇجرىنىڭ ھاۋاسى ئىسسىپ كېتىپ، دەم ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ كەتكەنىدى. بىر قول كۆكسىنى، يەنە بىر قول گېلىنى سىقىپ ئۇنى بوغۇۋاتاتتى. قورقۇپ كەتتى. كىمدۇر بىرىنىڭ قانداقتۇر بىر ھىيلىسىنىڭ خەتىرىدىن قورقۇپ كېتىپ قاچماقچى بولۇۋاتقاندەك، قوللىرىنى پىيانىنودىن تارتىۋېلىپ ئارقىسىغا قارىدى ۋە دەل شۇ دەقىقىدە كۆكسىدىن بىر پەرياد كۆتۈرۈلدى:

— ۋايجان!...

دەرۋەقە، يوپيورۇق ھۇجرىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭىدا بىر كۆلەڭگە تۇراتتى. ئۇزۇن، ئىنچىكە بىر كۆلەڭگە... زەررىنىڭ قۇيقى چاچلىرى تىك تۇرۇپ، قورقۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پىيانىنوغا يۆلىنىۋالدى. كۆزلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە چوڭ ئېچىپ، بۇ كۆلەڭگىگە قارايتتى ۋە قارىغانسېرى تېخىمۇ قورقۇپ كېتەتتى. نورمال-

سىز سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنىڭ دۈك ـ دۈكلىرىنى توختى- تىۋېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى كۆكسىگە تىرىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن يۈرىكىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىشىنى توسۇۋالماقچى، شۇن- داقلا نەپەس ئېلىشىنى قولايلاشتۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

كۆڭلىدىن بىر دەۋرگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدىكى شۇنچە كۆپ بىر مىنۇتلۇق ئەبجەش خىياللار ئۆتمەكتە ئىدى. قېچىپ كېتەي- مىكىن؟... ۋارقىرايمىكىن؟... ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ، جىممى- دە چىقىپ كېتەيمىكىن؟... ياكى ئۇنى تىللايمۇ؟...

قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان كۆلەڭگە مىدىرلىدى. مانا ئەمدى يورۇق يەردە جىهات بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ قالدى، جىهات... سۇ- ئاتنىڭ دادىسى... بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى... ئۇنىڭ ئېرى جىهات...

ئۇنىڭ بوش ۋە بوغۇق ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى:

ـــ سېنى قورقۇتۇۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشىڭنى سو- رايمەن زەررىن... بۇنداق قىلماقچى ئەمەستىم، بىراق پىيانىنو ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم. ئىشىك- نى ئاستا ئاچتىم. خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتىكەنسەن، ئاڭلىماي قالدىڭ، تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقەڭنى ئۈزۈۋەتكەندەك بىرھالدا ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسىدا، ئۆز خىيالىڭدا ياشاۋاتاتتىڭ. سېنى ئويغى- تىش بۇ دۇنياغا تارتىپ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماستىن، بىر بۇلۇڭغا كىرىپ سېنى ساقلىدىم، سېنى كۆرۈۋاتاتتىم. خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۈندىكىدەك، ئالدىمدا بىر پەرى قىز تۇ- رىدۇ دەپ ئويلاپ، كۆزلىرىمنى سەندىن ئايرىمىدىم.

جىهات تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىمايتتى. خوتۇنىنى قورقۇ- تۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ بار تەرەپكە بىر قەدەممۇ تاشلىيالمىغا- نىدى. زەررىن ئىختىيارسىز هالدا شۇلارنى ئويلاپ كەتتى: «ئاپ- تاپتا كۆيۈپ قارىداپ كېتىپتۇ... نېمىدېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە سالماقلىشىپ قالغان ـ هە! چىرايىدا تېخىمۇ چوڭقۇر بىر مە- نە بار. كۈلۈشلىرى تېخىمۇ تاتلىق ۋە يېقىملىق...» بىراق بۇ پىكرى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قالدى. رېئاللىققا يۈزلەندى. دې-

مەك، ئېرى ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئەمدى ئۇ — زەررىن بۇ يەردىن كېتىشى لازىم ئىدى... كېتەتتى... شۇنداق، كېتەتتى. شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى... قارارى شۇنداق ئىدى... بىرقاد-چە ئايدىن بېرى مۇشۇ پەيتنى ئويلىغان ۋە كۈتكەنىدى. پۈتۈن ئىرادىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى رۇسلىۋالدى ۋە ھاياجانسىز، تۇرغۇن ھالدا:

— مەن كەتتىم، — دېدى.

بۇ ئىككى كەلىمە بىلەن ئۇزۇن ۋە پاجىئەلىك سائەتلەرنىڭ ئاخىرقى قارارىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى.

بۇ قارار بىلەن تەڭ جىھات بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىدى. جى-ھات خوتۇنىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا چىقىۋاتقان دەھشەتلىك بو-ران - چاپقۇننى ھېس قىلالىغانمىدۇ ياكى خېلى بۇرۇنلا مۇنداق بىر ۋەزىيەت ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىپ قويغانمىدى؟ ئۇنىڭغا قاراپ بىر قەدەم تاشلىدى ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— نېمە ئۈچۈن كېتىسەن زەررىن؟ — دېدى، — نېمە ئۈچۈن ۋە قەيەرگە؟ سېنىڭ ئۆيۈڭ مۇشۇ يەر زەررىن. سەن ئۆز ئۆيۈڭدە، ئۆز ئۇۋاڭدىسەن. بالىمىز بۇ يەردە.

جىھاتنىڭ ئاۋازى ھېچقاچان بۇنچىۋالا سەمىمىي، بۇنچىۋالا يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن چىقىپ باقمىغانىدى. شۇنداق بول-غاچقا زەررىن بۇ كەلىمىلەرنى ئاران تەستە ئاڭلاۋاتاتتى. قۇلاق-لىرى زىڭىلداپ، تىزلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى غەلىتە بىر تىترەك بىلەن سىلكىنىۋاتاتتى. بۇ تۇرقى سۆزلەنگەن گەپلەرنى دەل مەنىسى بىلەن ئاڭقىرىۋېلىشقا ئىمكان بەرمەيۋاتات-تى. جىھات نېمە دېمەكچىدۇ؟ ئۇ سۆئاتنىڭ يېنىدا ھاياتىنى دا-ۋاملاشتۇرالارمۇ؟ قانداق بولار؟ ھالبۇكى...

— ياق، ياق... كېتىمەن...

ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقان، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان بىر ئىن-ساندەك بۇ كەلىمىلەرنى تەكرارلىماقتا ئىدى. جىھات ئۇنىڭغا قا-راپ بىر قەدەم ئالدىغا ماڭدى. ئەمدى ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇشاتتى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال زەررىن. مەن بۇ يەرگە سېنىڭ كۆڭۈل ئارامىڭنى بۇزۇش ئۈچۈن كەلمىدىم. يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، بۇ يەر سېنىڭ ئۆيۈڭ ھەمدە سەن بالىمىزنىڭ قېشىدا تۇرىسەن. بىرسى بۇ يەردىن كېتىشكە توغرا كەلسە، كېتىدىغان ئادەم سەن ئەمەس مەن. ئىجازەت بەرگىن. سۇئاتنى كۆرۈۋالاي. سەپەر ھارۇقى يەتكەن چېغى، بۇگۈن بۇ يەردە يېتىپ قالاي. ئەتە ئەتىگەندە كېتىپ قالارمەن.

بۇ سۆزلەرنى شۇنداق كىچىك پېئىللىق بىلەن يالۋۇرۇۋاتقاندەك قىلىۋاتقان بۇ كىشى بىرقانچە يىل ئاۋۋالقى جىھات شۇمىدۇ؟ ئۇ جىھات غۇرۇرى ۋە تەكەببۇرلۇقى بىلەن بەختىيار ئۇۋۇدىمىزنى بۇزۇۋەتكەنىدى... زەررىن بۇلارنى ئويلىغان بولسىمۇ ئاغزىدىن بىر ئېغىز گەپ چىقارمىدى. ۋۇجۇدى يوپۇرماقتەك تىترەپ، چىرايى بارغانسېرى ئۆڭۈپ كېتىۋاتاتتى. جىھات بۇنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ قانچىلىك ئاجىزلاپ چىرايىدا قان قالمىغانلىقىنى پەرق ئەتتى. دېمەك، تېخىچە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئىدى ھەمدە بۇنىڭغا دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادەم، يەنى ئېرى سەۋەب بولغانىدى.

جىھاتنىڭ يۈرىكى چوڭقۇر بىرئازاب بىلەن مۇجۇلدى. ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان تارتقان دەردلىرى بۇ دەقىقىدىكى تۇيغۇلىرىنىڭ يېنىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا ئازاب چەكتۈرگەنىدى؟ يەنىلا...

ئۇ ئۇشتۇمتۇت زەررىننىڭ تۇرغان يېرىدە لاغىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىر يەرنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى ئۇزاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىر دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— زەررىن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆزۈڭگە كەل، مېنىڭدىن قورقما زەررىن، خالىساڭ دەرھال كېتىمەن. ساڭا قەسەم ئىچىپ بېرىمەنكى، بۇ يەرگە سېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن كەلمىدىم.

ياش ئايال ئاڭقىرالمايۋاتقان، سەۋەبىنى تەھلىل قىلالمايۋاتقان

بىر خىل پەرىشانلىق بىلەن، بېشىنى دىۋاننىڭ يان يۆلەنچۈكىگە يۆلەپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. يېرىم هوشسىز هالدا ئىدى. ئۆز تەڭ-پۇڭلۇقىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن چەكسىز بوشلۇقتا ئېهتىياجلىق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ روهىي هالىتىنى كۆرگەن جىهات نېمە قىلارىنى بىلەلمەي هودۇقۇپ كېتىۋاتاتتى. زەررىن ئۇنى تىللىغان، ئۇنى قوغلىغان بولسا، بۇنچە ئازابلىنىپ كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن بۇ ئۇشتۇمتۇت ئۈچرىشىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقى ۋە توختىماي «كېتىمەن، كېتىمەن» دېگەن سۆزلىرى ئۇنى هەيران قالدۇرۇۋاتاتتى. نېمىشقا كەتمەكچى بولىدۇ؟

جىهات قولىدىن بىر ئىش كەلمەي گاڭگىراپ قالغان بىر بالىغا ئوخشاش ئېگىلىپ زەررىننىڭ قولىنى تۇتتى.

— زەررىن، مىجەزىڭ يوقمۇ سۆيۈملۈكۈم، دوختۇر چاقىرايمۇ؟

زەررىندىن جاۋاب چىقمىدى، كۆزىنىمۇ ئاچمىدى. ئۇ چاغدا جىهات ئۇنىڭ قولىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ، ئىنچىكە بارماقلىرىغا ۋە ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئالىقانلىرىغا سۆيدى. بۇ خىل ئۈچرىشىش ئۇنىڭ تومۇرلىرىنى ئېرىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز يەنە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل قارارلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. گىلەمنىڭ ئۈستىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بېلىگە قولىنى سالدى.

— زەررىن، سۆيۈملۈكۈم، — ئاتەش نەپەسلەر يۈزلەرنى كۆيدۈردى.

ياش ئايال بىردىنلا ئۆزىنى رۇسلاپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. دەل شۇ مىنۇتتا سىرتتىن «تاق، تاق» قىلغان ئاياغ ئاۋازى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر كىچىك بالىنىڭ پەريادى ئاڭلاندى.

— قويۇۋەت! ئاپامنىڭ قېشىغا كىرىمەن. قويۇۋەت دەۋاتىمەنغۇ مەن ساڭا.

سۇئاتنىڭ ئېمىكئانىسى بىلەن سوقۇشۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئېمىكئانا ئۇنى نېمىشقا هەر ئاخشامقىدەك ئۆز ئىختىيا-

رىغا قويۇپ بەرمەيدۇ؟ چۈنكى، جىهاتنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بولغاچقا، ئۇ مەقسەتلىك قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى.

بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان جىهاتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-تى. ئۇنى كۈتۈپ تۇردى. سۇئات ئېمىكئانىسىنىڭ قولىدىن قۇ-تۇلۇپ، ئوقتەك ئېتىلىپ ئىچكىرىگە كىردى. ھېچنېمىگە قارى-ماستىن ئانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— چىرايلىق ئانام، ساڭا ئاللاھ راھەتلىك بەرسۇن دېگىلى كەلدىم.

سوقۇشۇپ ھاسىراپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈ-لۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقاتتى. قىزىل رەڭلىك كېچىلىك كىيىملى-رى، پايپاقسىز كىيىۋالغان قىزىل ساپما كەشلىرى ۋە يېڭى تا-رالغان چاچلىرى بىلەن بىر ئوتلاپ يۈتۈۋالغۇدەك چىرايلىق ۋە ئوماق ئىدى.

— بىرقانچە ئاي ئىچىدىلا نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە نې-مانچە چوڭ بولۇپ كەتكەن - ھە! ئانىسى ياراتقان بىر مۆجى-زە بۇ! — دېدى جىهات.

زەررىن قۇچىقىغا يامىشىۋالغان ئوغلىنى باغرىغا بېسىۋالدى. ئۇنىڭ ئوماققىنە قوللىرىنى بوينىدا ھېس قىلىش بىلەن غايەت زور دەرىجىدە يېنىكلەپ، كۆڭلىگە بىر شادلىق كىرىۋالغاندەك بولدى.

— چىرايلىق ئانا، ئېمىكئانام نېمىشقا مېنى بۇ ئۆيگە كىر-گىلى قويمايدۇ؟

ئۇ جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن چىرايىغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قارشىسىدىكى يۆنىلىشى بويىچە بېشىنى بۇراپ:

— دادام... دادام كەپتۇ، — دېدى - دە، بىر سەكرەپلا دادىسى-نىڭ مۈرىسىگە ياماشتى، — جېنىم دادا، قاچان كەلدىڭ سەن؟

— ھازىر كەلدىم بالام.

زەررىن كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇ سۆيۈشۈپ كېتى-ۋاتقان، بىر - بىرىنى سېغىنىش بىلەن قۇچاقلىشىۋالغان دادا بىلەن

ئوغۇل راستتىنلا جىھات بىلەن سۇئاتمىدۇ؟ غەلىتە چۈش كۆرۈ-
ۋاتامدۇ ـ يا؟ ھازىر ئويغىنىپ كەتسىلا چوقۇم ئېرىنىڭ سوغۇق
بىر ئەلپاز بىلەن: «بالىلارنىڭ ئانىلىرى ۋە دادىلىرىدىن يىراقتا
تۇرۇپ چوڭ بولۇشىنى توغرا دەپ قارايمەن» دېگىنىنى ئاڭلايت-
تى. ئۇنىڭ ئەكسىنى ئويلاشقا ئىمكان يوق ئىدى. دادا بولۇپ قال-
غانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقى كېلىپ، ئوغلىنى ھەر دائىم بىر ئەس-
كەر تۈزۈمى بىلەن چوڭ قىلماقچى بولغان جىھات مانا ئالدىدا
تۇرغان مېھرىبان دادا شۇمىدۇ؟

ياق، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قېنى كۆرىمىز، جىھات
ھازىر بالىسىنى بىر سىلكىشلەپ قوغلاپ چىقىرىۋېتىمدۇ.

كىچىك سۇئات دادىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىۋالغان بولۇپ،
توختىماي گەپ قىلىۋاتاتتى:

— دادا، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق... مېنىڭ چىرايلىق ئانام بار
ئەمدى. ھەقىقىي ئانام... يەنە بىرسى ئەمەس. ئۇ مېنىڭ بىلەن بۇ
يەرگە كەلدى.

— شۇنداقمۇ ئوغلۇم؟

— قارا، ئەنە ئاۋۇ، كۆردۈڭمۇ؟ قەغەزدىن ياسالمىغان.

جىھات كۈلۈپ كەتتى.

— كۆردۈم ئوغلۇم. شۇنداق، ھەقىقىي ئاناڭ... قوللىرى
بار... لەۋلىرى بار... ئوغلىنى قۇچاقلايدۇ، سۆيىدۇ.

سۇئات خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— مەن ساڭا دېگەنتىمغۇ دادا؟ قارا، كەلدى ئەنە، يەنە بىر-
سىنى ياخشى كۆرمەيمەن ئەمدى.

زەررىن ئىختىيارسىز سوراپ تاشلىدى.

— يەنە بىرسى كىم ئۇ سۇئات؟

— قەغەزدىن ياسالغان بىر ئانام بار. مەن ئۇنىڭغا گۈل ئە-
كېلىپ بېرىمەن. ئەمما ئۇ گەپ قىلمايدۇ، مېنى سۆيۈپ قويماي-
دۇ. ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن.

ياش ئايال ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى. بىر ئۇنىڭغا، بىر ئې-

رىگە قارايتتى. جىھات ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇماننى چۈشەنگەنىد-
دى. كۈلۈپ تۇرۇپ ئىمزاھات بەرى.
— سۇئات سىنىڭ سۈرىتىڭ توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتىدۇ. زەررىن، ھېلىقى نىشانتاشتىكى ئۆيدە، ھۇجرىدا چوڭايتىلغان بىر سۈرىتىڭ بار ئىدىغۇ؟ سۇئات ئەنە شۇنىڭ ئالدىدىكى لوڭقىغا ئەتىگەنلىرى گۈل قويۇپ قوياتتى. شۇنى دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ.
زەررىنىنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ جاۋاب بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەيرەت بىلەن قوشۇپ قويدى.
— ئۇنىڭغا سىنى تونۇشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىم زەررىن... ئانىسىنى تونۇشى ۋە سۆيۈشى لازىم ئىدى. دادا ـ بالا ئىككىمىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە سىنىڭ سۈرىتىڭنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ سىنى ئويلايتتۇق. سەن ھەققىڭدە پاراڭلىشاتتۇق.
جىھات خوتۇنىغا تىكىلىپ قارايتتى. يالغۇز ۋاقتىدا دېيەل- مىگەن گەپلىرىنى، بالىسىنىڭ باھانىسىدە دەۋېلىۋاتاتتى.
زەررىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتنى كۆر- مەسلىك ئۈچۈن بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى. ئۇ غايەت چوڭ بىر كۈرەش ۋە گاڭگىراش ئىچىدە قالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. يەنە ئالدىنىپ قال- مىسا بولاتتىغۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ، خېلى يىللار بۇرۇن تېخى قورۇقتىكى چېغىدىلا يەنە بۇ ئادەمنىڭ تاتلىق تىلىغا، مېھرىلىك بېقىشلىرىغا ئىشەنگەن ۋە غايەت زور بىر ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىدى. ھالبۇكى، كېيىنكى چاغلار قانچىد- لىك پاجىئەلىك خىيال سۈكۈتىگە دۇچار بولمىدى؟ قانچىلىك دەرد ـ ئەلەملەرنى تارتمىدى؟ ھازىرغىچە تارتىۋاتىدۇ، شۇڭا قاي- تىدىن ئۇنىڭ تورىغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۆزىنى مۇ- داپىئە قىلىشى كېرەك ئىدى. ھازىر ئۇ بىرقانچە يىل ئاۋۋالقى تەجرىبىسىز قىز ئەمەس ئىدى، دۇنيانى چۈشەنگەن، ئۆزىنى توختىتىۋالغانىدى. ئەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى بىلەتتى، يالغۇز ئۆتكەن ئۇ يىللاردا ئەرلەر بىلەن ئاز كۈرەش قىلدىمۇ؟ ئۇلارغا

قارشى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن بىر ئايال ئەمدى جىھاتقىمۇ مەغلۇپ بولمايتتى. ياق، ئەسلا! بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇۋلارچە توقۇلغان بىر توردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھەممىنى ئويلاپ، پىلانلاپ قىلغانىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيدۇ. ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنى بىلىدۇ.

ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە، بىرقانچە كۈنلۈك قىزغىنلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بوران ـ چاپقۇندىن كېيىن يەنە تىل ـ ھاقارەتلەر باشلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىكى جىھاتنىڭ ئاۋازى يەنە قۇلاقلىرى تۈۋىدە ياڭرايدۇ. «سەن، زەررىن، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرغۇچىسىنىڭ قىزى تۇرۇپ، مەندەك ئېسىل ئائىلىنىڭ ئەۋلادى بولغان جىھات باغدادلىق بىلەن قانداقلارچە تەڭ تۇرالايسەن؟ بۇ ئېمكئانىغا خاس خۇي ـ مىجەزىڭنى تاشلا زەررىن، جىھات باغدادلىقنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنۇتما! سېنى ئېسىل دوستلۇرۇمغا تونۇشتۇرمايمەن. ئويلاپ باققىنە، ئۇلارنىڭ بىرى باغدادنىڭ ئەمەلدارى، يەنە بىرى پارلامېنت ئەزاسى. خوتۇنۇم كىنو ئارتىسى، شۇنىڭ ئۇچۇن غەلىتە كىيىملەرنى تاللايدۇ. سېنى گۈزەللىكىڭ ئۇچۇن سۆيدۇم. گۈزەل بولمىساڭ مېنىڭ نەزەرىمدە بىر قورۇق خوجىدارنىڭ قىزىدىن باشقا بىركىم بولمايتتىڭ ۋە ساڭا قارىمايتتىم. ئوغلۇمنى سەندىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىمەن. ئۇنىڭدا سېنىڭ تەسىرىڭ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. سۇئات تولۇق مەنىسى بىلەن باغدادلىقنىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك» ۋە باشقىلار.

شۇنداق، قانچە قېتىملاپ ئاڭلىغان بۇ جۈملىلەرنى، ئايرىلىپ ياشىغان يىللاردا بىرئاز ئۇنتۇغانىدى. ئەمدى قايتىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىدا، بۇ خىل ھاقارەت سۆزلىرى قايتىدىن زېھنىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇ ھۇجۇملار ئۇنىڭغا: «دىققەت قىل، سەن يەنىلا سەن. ئۇ يەنىلا ئۇ» دېمەكچى بولۇۋاتاتتى. بۇ ئوي ـ خىياللىرى ئۇنىڭغا تەڭپۇڭلۇقىنى تېپىشقا ياردەم قىلغانىدى. كۆڭلى سەل تىنچىغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۇئاتقا

قاراپ:

ـــ قېنى ئوغلۇم، داداڭغا ئاللاھ راھەتلىك بەرسۇن، دەپ يا- تىقىڭغا كىرگىن. كەچ قالدىڭ، ـــ دېدى.

بالا ئىتائەت قىلىشقا ۋە قائىدە- تۈزۈمگە ئادەتلىنىپ قالغان بىر ئىنساننىڭ رايىشلىقى بىلەن دەرھاللا:

ـــ ئاللاھ راھەتلىك بەرسۇن دادا، ـــ دېدى- دە، ئانىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشىكتىن چىقتى. جىھات خىلمۇخىل ھېس- تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدە ئۇلارغا ئۇزاق قاراپ كەتتى. كۆزلىرى ياشاڭغۇ، كۆڭلى غەمكىن ئىدى. غەلىتە پىكىر- لىرىنىڭ كاساپىتىدىن ئۈچ كىشىنىڭ بىرقانچە يىللىق ئۆمرىنى نابۇت قىلغانلىقى ئۇچۇن ئۆزىنى كەچۈرمەيتتى.

# 6

زەررىن ئۇ كېچىدە بىرەر ئىش قىلماستىن، ئېرىگە ۋە خىزمەتكارلارغا ھېچ بىر نەرسە دېمەستىن، ئەتىسى ئەتىگەندىلا تىرابيادىن ئايرىلىش نىيىتىگە كەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادۋوكات ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلماقچى ۋە ئوغلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانىدى.

زەررىن مەغلۇپ بولماسلىق توغرىسىدا يالغۇز جىھات بىلەنلا ئەمەس، ئۆز ھېسسىياتلىرى بىلەنمۇ كۆرەش قىلىشقا ئىرادە باغلىغانىدى. چۈنكى بۇ كېچە قىلىپ سالىدىغان تەدبىرسىز كىچىككىنە بىر ھەرىكەتمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئۆمرىنى زەھەرلەشكە يېتىپ ئاشاتتى. يارا ئېغىزى تېخى پۈتمىگەنىدى، ھېلىغىچە شەلۋەرەپ تۇراتتى. ھېلىغىچە بىرقانچە يىل ئاۋۋالقى دەرد ــ ئازابلىرىنى روھىدا ھېس قىلىپ تۇراتتى، مۇنداق بىر قارارغا كېلىۋالغاندىن كېيىن، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ ئوغلىنى ياتقۇزدى. ئۇنى ئېمىتكىئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا چىقتى. بۇ يەردىكى نەرسە ــ كېرەكلەر ئەمدى يات كۆرۈنۈۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئەمدى ئۇلاردىن ئايرىلاتتى. ھەممە نېمىسىنى ئارقىسىغا تاشلىۋېتىپ، يېڭى بىر ھاياتقا قەتئىي ۋە تىز پۈكمەس قەدەملەر بىلەن كىرمەكچىدى.

زەررىن دەسلەپتە كەچلىك تاماقنى ھۇجرىسىدا يېيىشنى ئويلىدى. ئەمما بۇ پىكرىدىن دەرھال يالتىيىپ قالدى. جىھاتقا نىسبەتەن كىچىككىنە بولسىمۇ ئاجىزلىقنى كۆرسەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. بۇ يەر بولسا ئۇنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەنىدى. كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ نىكاھىدىكى

خوتۇنى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن زەررىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن
بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى نورمال بىر ئىش ئىدى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمەتكارلارغا ئورۇنسىز غەيۋەت ـ شىكايەت
قىلىشقا تېما تېپىپ بەرسىمۇ توغرا بولمايتتى.

ئۇ ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقىدىن كىيىم
يۆتكىدى. ئەمما ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، سۇرلۇك كۆ-
رىنىدىغان بىر كۆڭلەك كىيدى. بۇ كۆڭلىكى بىلەن ئېرىدىن يى-
راقلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭغا رەسمىي قارشى تۇرماقچى ئىكەنلىكىنى
ئىپادە قىلماقچىدى. بىردەمدىن كېيىن خىزمەتكار ئۇنى تاماققا
چاقىرىپ كىرگىنىدە، ئاخىرقى قېتىم ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ
ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. بوينىغا ۋە قۇلىقىغا ھېچقانداق ئال-
تۇن ـ كۈمۈش جابدۇقلىرىنى تاقىمىغانىدى. ھەتتا قولىدىكى
ئۈزۈكىنىمۇ ئېلىۋەتتى. قاپقارا بىر كۆڭلەك ئىچىدە ئەسلىي بو-
يىدىن تېخىمۇ ئېگىز ۋە ئورۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئىشكتىن چىقىپ
بولۇپ يەنە كەينىگە ياندى. ئىشكاپتىن بىر قىزىل گۈل ئېلىپ
بەلبېغىغا تاقىدى، بۇنىڭ بىلەن ماتەم كىيىمىدىن قۇتۇلۇپ، ئې-
رىگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

تاماقخانىغا كىرىپ، جىھاتنىڭمۇ يۈيۈنۈپ ـ تارىنىپ، كىيىم
يۆتكىگەنلىكىگە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئۆرە تۇرۇپ خوتۇنىنى كۈت-
مەكتە ئىدى. بىردەم بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشىپ قال-
دى. زەررىن جىھاتنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ھودۇقۇپ كەت-
مەي، سوغۇققانلىقىنى قولدىن بېرىپ قويماي، سالماق قەدەملىرى
بىلەن جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى.
ئېرىگە قاراپمۇ قويمايتتى. ھالبۇكى جىھاتنىڭ كۆزلىرى بىر
سېكۇنتمۇ باشقا ياققا قارىماستىن خوتۇنىغا تىكىلەتتى. بۇ كۆڭ-
لىكى بىلەن نېمىدېگەن چىرايلىق ئىدى ـ ھە! ئۇنىڭ ئالدىدا
ئىرادىسىگە ھاكىم بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن، غايەت زور بىر
كۈچ ـ قۇۋۋەت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ كۈچ ـ قۇۋ-
ۋەتنى نەدىن تاپاتتى؟ سۆيگۈسىدىنمۇ؟ چېكىدىن ئاشقان ئارزۇ ـ

تىلەكلىرىدىنمۇ؟ چوڭقۇر ۋىجدان ئازابىدىنمۇ؟ مېھىر - شەپقەت ۋە ئىچ ئاغرىتىشلىرىدىنمۇ؟

ئۇ گاللىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. زەر-رىن مەغرۇر تۇرقى، سوغۇق قاراشلىرى، كىچىككىنە بولسىمۇ يېقىنچىلىق ئەكس ئەتمەيدىغان پوزىتسىيەلىرى بىلەن ئېرىنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرماقتا ئىدى.

ئۇلار ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ تاماقلىرىنى يېيىشكە باش-لىدى. خىزمەتكار بابكارنىڭ موكىسىدەك كىرىپ - چىقىپ تۇ-راتتى. ھېلى تەخسىلەرنى، ۋېلكىلارنى ئالماشتۇرۇپ، ھېلى تا-ماقلارنى، ئۇسسۇلۇقلارنى تەخسە، ئىستاكانلارغا ئاۋايلاپقىنە تو-لۇقلاپ تۇراتتى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن، جىھات گەپ ئاچتى.

— گۆشتىن يەنە بىر پارچە يېمەمسەن زەررىن؟ — دېدى.

— ياق، رەھمەت.

زەررىننىڭ چىرايىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىغاچقا، جىھات گەپنى باشقا ياققا يۆتكىمۆەتتى.

— بۇ كۆڭلەك ساڭا بەك يارىشىپتۇ. يېڭى تىكتۇرگەنمىدىڭ؟

— ياق، رۇمدىكى ۋاقتىمدا ئالغانىدىم.

بۇ سۆزلەر بىلەن ئېرىغا ئۇ كۈنلەرنى خاتىرلەشتىن ئېھتى-يات قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويماقچى بولدى. جىھات لېۋىنى چىشلىدى. لېكىن ئېغىزىنى يۇمماسلىققا ئىرادە باغلىدى، چۈنكى ئارىلىرىدىكى سۈكۈت ھەممىدىن مۇد-ھىش ئىدى.

— بۇ قىزىل گۈلمۇ بېلىڭگە بەك يارىشىپتۇ ياكى بۇنىڭ باشقىچە بىر مەنىسى بارمۇ؟

زەررىن پىسەنت قىلماي، بېشىنى ئېگىپ بېلىدىكى گۈلگە قارىدى. ئاندىن:

— بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

بۇ جاۋابتىن جاسارەتلەنگەن جىھات ئارىلىرىدىكى توڭلاپ

قالغان مۇزلارنى ئېرىتىش ئۈچۈن چاقچاق قىلىشقا تىرىشتى.
— قىزىل گۈل يالقۇنجاپ تۇرغان سۆيگۈ دېمەكتۇر زەررىن.
ياش ئايال ئوخشاشلا پەسەنت قىلمىدى ۋە ئېرىنىڭ بۇ سۆز-لىرىدىكى مەنىنى چۈشەنمىگەنگە سېلىپ جاۋاب بەردى:
— بەلكىم... مەن مۇنداق نەرسىلەرنى ئانچە بىلمەيمەن. لې-كىن قىزىل رەڭ بىرئاز قان ۋە ۋەھشىيلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇ-شى مۇمكىن.
جىھات ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدە يوشۇرۇن بىر مەقسەتنىڭ بار-يوقلۇقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىل-دى، شۇنداقلا ئەندىشىسىنى يوشۇرۇپ قالالماستىن:
— نېمە دەۋاتىسەن زەررىن، — دېدى، — سېنىڭ كۆڭلۈ-كىڭدە قان دېگى بولسا يىرگىنچلىك بىرنەرسە بولاتتىمۇ.
زەررىن بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى. دەرۋەقە يېقىم-لىق ۋە كىشىنى خۇش قىلىدىغان بىر گەپ قىلغانىدى. ئەمما ئارقىسىغا يېنىۋېلىشقا ئىمكان يوق ئىدى.
— يىرگىنچلىك بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، يۈرەكنىڭ ئۈس-تىگە چۈشكەن بىر داغ - چوڭقۇر — ھەتتا جاننى ئالغۇچى بىر يارىنىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
زەررىن ئالدىرىماستىن، ھودۇقماستىن سۆزلەيتتى. خۇددى بىر زالدا خالىغان بىر تېمىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەكلا. ئۇ چىرا-يىنى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئىپادىسىنى بىر خىل تۇتۇشقا تىرىشىپ ۋە شۇنداق قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن تىكى-لىپ تۇرغان جىھاتمۇ دەسلەپ يېڭىلدى. بۇ سۆزلەرنى مۇنداقلا دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۆزلەرغۇ دەپ قالدى. بىراق دەر-ھال ئەقلىگە كەلدى. ياق، زەررىن ھېچقاچان مەقسەتسىز گەپ قىلمايتتى. بۇ تېمىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى خالىغانچە ئېيتىۋې-لىش ئۈچۈن بىر پۇرسەت ياراتقانىدى. شۇڭا ئاۋازىنى يېقىملىق چىقىرىپ ۋە مەنىلىك قىلىپ:
— بىر يارا دېدىڭمۇ؟ بۇ يۈرەكتىكى بىر يارىمۇ؟ بەلكى بۇ

يارىنى تېڭىپ قويۇش ئۈچۈن كۆيۈمچان بىر قولمۇ تېپىلىپ قالار، — دېدى.

بۇ سۆزلەر بىلەن مۇنداق تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغان ياش ئايال يېقىملىق بىر ئاۋازى بىلەن ھېچقاچان جىھاتنى دارىتمىلىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— ئەزبىرايى خۇدا، ئۇنى بىلمەيمەن. ئەمما، ھەر ھالدا بەزىدە مەسۇم بىر بالىنىڭ قۇشقاچتەك ۋىچىرلاشلىرى ۋە تاتلىققىنە كۈلۈشلىرىنىڭ بىر ئانا قەلبىدىكى يارىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېڭىپ قويىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

جىھات ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات ۋە ئۆلۈم ماۋزۇسى ئىدى. بۇنى پەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇۋېلىپ ياكى ئومۇمىيۈزلۈك مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. توغرىدىن - توغرا گەپ تېپىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. شۇڭا:

— بۇنى مەنمۇ كۆپ ئويلىدىم زەررىن. ئاخىردا شۇ خۇلاسىگە كەلدىم. سېنىڭ بەخت - سائادىتىڭ ئوغلۇمنىڭ، سۇئاتنىڭ قولىدا، — دېدى.

بۇ سۆزلەر شۇ سۆزنى قىلغان جىھاتقا ھەمدە شۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان زەررىنگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ھەر ئىككىلىسى ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئەجەبا زەررىن ئۆزى ئېتىراپ قىلغىنىدەك راستتىنلا شۇنچىلىك ئېغىر دەرد - ھەسرەت، ۋىجدان ئازابى تارتقانمىدى؟ ئەجەبا ئۆزىنىڭ مۇنچىۋالا سەممىي گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزى شۇ تاپتا ئاڭقىرىۋاتامدىغاندۇ؟ ئىككىيلەننىڭ، ھەتتا ئۈچەيلەننىڭ بەخت - سائادىتى ھەققىدە پىكىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتامدىغاندۇ؟ بۇ سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭ ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى سىرتقا ھېچقانداق ئىپادە قىلمايۋاتقان چىرايىدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ غەمسىز، تۇر-

غۇنلۇق روھىي، ھالىتى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۆزىگە نېمانچە ئىشىنىدۇ؟ قارشىسىدىكى كىشىگە نېمىشقا ئازراقمۇ پەرۋا قىلىپ قويمايدۇ؟ ھالبۇكى، جىھات يىراقتىكى چېغىدا ھەممە نېمىنى ئوڭاي دەپ قارىغانىدى. زەررىنىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭمۇ سەمىمىيىتىگە ئىشىنىپ، قولىنى ئۇزىتىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ چاغدا جاسارەتكە كېلىپ، ئۇنىڭغا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلاتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى پەقەت گۈزەل بىر ئايال بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، توغرىسى ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن ۋە ھۆرمەت قىلغان بىر ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتماقچىدى.

يىللاردىن بېرى تەييارلىغان شېرىن جۈملىلەر مانا ھازىر لەۋلىرى ئارىسىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپ قېلىۋاتاتتى. زەررىنىدىن ئازراقمۇ يېقىنچىلىق كۆرمەيۋاتاتتى. ئەكسىچە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشتىن ئۇنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تاماقنىڭ بىردەم بولسىمۇ تېزرەك يېيىلىپ بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

ئۇلار قەھۋەلىرىنى ئىچىۋاتقان چاغدا ئېمىكئانا كىرىپ كەلدى ۋە زەررىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— خانىم، بىر مىنۇت ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ يۇقىرىغا چىقىپ باقامسىز؟ — دېدى.

بۇ ئۇشتۇمتۇت چاقىرىشتىن ياش ئايال يۈرىكىنىڭ كۆكرەك قەپىزى ئىچىدە ئەنسىز دۈپۈلدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراپ:

— نېمىشقا؟ نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپ كەتتى.

— كىچىك بەي ئۇخلىغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. بىر سائەتتىن بېرى يىغلاۋاتىدۇ.

— بىر سائەتتىن بېرىمۇ؟ نېمىشقا بالدۇرراق خەۋەر

قىلمىدىڭ؟
— تاماق يەۋاتاتتىڭىز. ئارامىڭىزنى بۇزغۇم كەلمىدى.
قورقۇپ تۇرۇپ جىھاتقا قارىدى. بۇ كېچە باشقا كېچىلەرگە ئوخشىمايتتى. ئۆينىڭ ساھىبى كەلگەنىدى. ھەممە نەرسە ئۆز-گەرگەن بولۇپ، ئۆي ئىچىدە جىددىي بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈر-مەكتە ئىدى.
زەررىن تۇنجى قېتىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىگە قارد-دى ۋە:
— سۇئاتنى بىر ئاز ئەركىلىتىۋەتتىمغۇ دەيمەن. بەزى كېچە-لىرى مۇشۇنداق كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، — دېدى.
جىھاتمۇ ئورنىدىن تۇردى. خوتۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.
— ئۇنى ھەر ئىككىلىمىز بەك ئەركىلىتىۋەتتۇق زەررىن. خاتالىق ھەر ئىككىمىزدە. بۇنىڭدا ئوغلىمىزنىڭ ھېچبىر گۇنا-ھى يوق. ئەكسىچە بىز ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن ئويناش-تۇق. ئۇنى قىيناپ قويدۇق. بىزنى ھېچقاچان بىللە كۆرۈپ باق-مىدى. گاھىدا بىرىمىز، گاھىدا يەنە بىرىمىز ئۇچۇن كۆڭلى رەنجىدى ۋە ھەسرەت چەكتى. بىرىمىزنى كۆرسە، يەنە بىرىمىزنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى. سەزگۈر بالا ئىدى، نېرۋىلىرى چېچى-لىپ كەتتى. قېنى چىقىپ قاراپ باقايلى.
زەررىن ھەيرانلىقتىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قال-دى. قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەر قاچان ۋە قانداق بولغاندۇ؟ جىھاتنىڭ بۇرۇنقى پىرىنسىپلىرى نەدە قالغاندۇ؟ بۇ مۆجىزىنىمۇ يەنە شۇ سۇئات ياراتقانمىدۇ؟ ياكى... ياكى...
زەررىن قارىمۇقارشى ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ۋە ھەقىقەتتە نېمە ئويلايدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلەل-مەي، پەلەمپەيلەردىن چىقىشقا باشلىدى. ئېرىمۇ خۇددى بىر كۆ-لەڭگىدەك ئارقىسىدىن كېلىۋېتىپ، بىرئاز ئاۋۋال قىلىۋاتقان سۆزىنى داۋام قىلدى:
— مەن سۇئاتنى ئەركە قىلىپ قويدۇم. بۇنى ئېتىراپ قىلد-

مەن، لېكىن ئامالسىز ئىدىم زەررىن. ئوغلىمىز ساڭا شۇنچىلىك
ئوخشايدۇكى، داۋاملىق سېنىڭ كۆزلىرىڭنى، سېنىڭ لەۋلىرىڭ-
نى، سېنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇدىيىتىڭنى ئالدىمدا كۆرۈۋاتىمەن دەپ
ئويلايتتىم. مۇشۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭغا نېمە خالىسا شۇنى
ئېلىپ بېرىشتىن، نېمە خالىسا شۇنى قىلىپ بېرىشتىن باشقا
بىر ئىش قولۇمدىن كەلمەيتتى.

ياش ئايال بۇ سۆزلەردىن نېمە مەنە چىقىۋاتقانلىقىنى چۈ-
شەنمەسكە سېلىۋېلىۋاتاتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، سۇئاتىنىڭ مىجەزى ياخشى، بولمىسا بىز-
نىڭ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىشقا تۇتۇش قىلاتتى.

— شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن قولىنى قولغا تۇتۇشۇپ،
ئورتاق ھالدا ئۇنىڭغا قارشى بىر ئىستىھكام قۇرۇشىمىز لازىم.
ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشى، ئەخلاقى ۋە كەلگۈسى، بەخت - سائادىتى
ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. ئوغلىمىز بەك تەرسا،
ھەددىدىن ئارتۇق جىلىخور ۋە ھاكاۋۇر. بۇنى يېڭىپ چىقىشىمىز
كېرەك. چىرايى ساڭا ئوخشايدۇ. ئەمما سېنىڭ ئىللىق مىجەزىڭ-
نى تارتمىدى، مېنى كۆپرەك تارتتى.

زەررىن غەمكىن بىر ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— ئوغۇل بالا ئۇ. خۇي - پەيلىنىڭ ماڭا ئوخشىمىغىنى تې-
خىمۇ ياخشى بولدى.

— ئەمما مېنىڭدەك مۇستەبىت، مەنمەنچى، تەرسا ۋە مەغ-
رۇرمۇ بولمىسۇن... بۇ ئۆزىگە نىسبەتەن بەك ئېچىنىشلىق بولى-
دىكەن، كېيىن ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش سۆيگەن ئايالىغا ئازاب چەك-
تۈرىدۇ، ئۇنى يىغلىتىدۇ، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنى قوپال
سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن خالىغان شەكىلدە كۆرسىتەلەيدۇ.

بۇنى سۆزلەۋېتىپ، جىھات كارىدورنىڭ غۇۋالىقىدىن پايدى-
لىنىپ زەررىننىڭ قولىنى تۇتماقچى بولغانىدى، ئەمما زەررىن
بۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەستىن، ئالدىراپ سۇئاتىنىڭ ھۇجرىسىغا
كىرىۋالدى. بالا كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. ئەندىشىگە تولغان كۆزلى-

ـرى بىلەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئۆلارنى كۈتمەكتە ئىدى. تېخـە ـ چە ئېسەدەپ، كۆكسى ئۆكسۈشتىن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئىششىپ مۈشتۇمدەك بولۇپ كەتكەنىدى.
زەررىن بىلەن جىھاتنى كۆرۈپلا داد ـ پەرياد كۆتەردى:
— جېنىم ئانا، جېنىم دادا...
— نېمە بولدى قوزام، نېمە بولدۇڭ شېكەرىم؟
سۇئات يالغۇز قالدى، ئانىسى يوق، دادىسى يوق... كېتىشتى، ئىككىسىلا كېتىپ قالدى...
ياش ئايال ئۇنى قۇچاقلىدى:
— مانا بىز جېنىم، قارا، ھېچنەگە كەتمىدۇق...
جىھاتمۇ يېقىن كەلدى:
— ئوغۇل بالا دېگەن قورقامدۇ؟ نېمىدېگەن ئۇيات!...
ئوغلىنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ، قوللىرىنى زەررىننىڭ مۇ ـ رىسىدىن ئارتىلدۇردى. شۇنداق بولغاندا، بىرلا ۋاقىتتا ھەم خو ـ تۇنىنى، ھەم ئوغلىنى قۇچاقلىغان بولاتتى. زەررىن بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن، تېپىرلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، سۇئات ئانـ ـسىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى. ھە دەپ:
— كەتمىگىنە ئانا، كەتمە... — دەپ يالۋۇراتتى.
— ھېچنەگە كەتمەيمەن بالام.
— نېمە ئۇ؟ يەنە يىغلاۋاتامسەن؟ قېنى ماڭا قارىغىنە، كۆل ـ گىنە كۆرۈپ باقاي. ھە، شۇنداق... چوڭ بولۇپ قالغان ئوغۇل با ـ لىغا يىغلاش يارىشامدۇ؟
جىھاتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى زەررىن باشقىچە بىر يول بىلەن تەكىتلىدى.
— قېنى، ئەمدى مېنىڭ چوڭ بولغان ئوغلۇم يوتقىنىغا كى ـ رىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلايدۇ...
— ئەتە ئەتىگەندە توپ ئوينامدۇق؟
— ھەئە.
— داداممۇ، سەنمۇ، مەنمۇ... ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، ئەمما ھازىر كۆزلىرىڭنى يۇم.
زەررىن بالىسىنى قايتىدىن ئورنىغا ياتقۇزدى، چوڭ لامپىنى ئۆچۈرۈپ، ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويدى. لېكىن سۇئات تېخىچە تارتىشىپ ياتقىلى ئۇنىمايۋاتاتتى.
— توختاپ تۇر ئانا، دادام بىلەن بىللە دۇئا قىلىمىز.
— نېمە دۇئا ئۇ...
جىھات ئىختىيارسىز بۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىۋاتقاندەك بىر ئەلپاز بىلەن قوپال قىلىپ:
— سەن دۇئانى يالغۇز ئوقۇ... بىز كەتتۇق، — دېدى.
— ياق! سەن بىلەن بىللە قىلىمەن... ئۇ يەردىكىدەك. ھېلىقى... بىنادا ئولتۇرغان چاغلىرىمىزدا بىللە ئوقۇيتتۇققۇ!
جىھات جىلە بولۇپ قالغاندى، زەررىنگە قاراپ:
— بەك جاھىل، ھەددىدىن ئارتۇق كاج... ساڭا دېگەنتىمغۇ.
— دۇئانى دەپ بېرىڭە، ئۇخلىسۇن... بەك خاپا بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ.
جىھات ئەتراپىغا قاراپ باقتى. ئۇچەيلەن يالغۇز ئىدى. ئەمدى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغانىدى. غۇرۇرىنىڭ ئاخىرقى زەررىسىنىڭمۇ يەرگە ئۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە دەھشەتلىك بىر خىرىس بىلەن:
— بوپتىلا، سۆزلە ئەمىسە، — دېدى.
سۇئات كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ئوماق قوللىرىنى دۇئاغا ئاچتى.
— خۇدايىم، دۇئايىمنى قوبۇل قىلغايسەن.
سۇئات بۇ كەلىمىلەرنى يېرىم - يارتا تەكرارلايتتى.
— ئانامنى ماڭا ئەۋەتىپ بەر.
— ...
— مەن يارىماسلىق قىلمايۋاتىمەن. مەن ياخشى بالا.
— ...
— دادامنىڭمۇ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنى

چاقىرىۋاتىدۇ.

— ... ... ...

— ئانام كەلسە ئىككىلىمىز سۆيۈنۈپ كېتىمىز.

— ... ... ...

— خۇدايىم سەن ئانامنى بۇ يەرگە ئەۋەتمۇەت! سەن مېنىڭ بۇ دۇئالىرىمنى قوبۇل قىلغىن!

جىھات بىلەن سۇئاتنىڭ ئاغزىدىن قايتا - قايتا ئاڭلىغان بۇ كەلىمىلەر زەررىنىنىڭ ئاخىرقى قارشىلىقىنى تارمار قىلىشقا كۇپايە قىلغانىدى. زەررىن دادا بىلەن ئوغۇلنى يالغۇز تاشلىۋې-تىپ، يۇگۇرگەنچە ئۆيدىن چىقىپ ھوجرىسىغا كىردى. چىراغنى ياقماستىنلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى - دە، بېشىنى ياستۇق بىلەن چۇمكىدى.

ئۇ يىغلاۋاتاتتى. پۇتكۇل كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى، بىر - بىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ مۇرەككەپ ئەھۋاللار، ماد-دىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى خوراشلار نەتىجىسىدە قېتىپ، ئا-جىزلاپ كەتكەن نېرۋىلىرى سۇنۇپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەنى-دى. ئۇ يەنىلا يىغلاۋاتاتتى. يىغلىغاندىمۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. لېكىن دەل شۇ چاغدا قەلبىدە ئۆتمۈشتە بېشىدىن كەچۈرگەن، كەچۈرۈۋاتقان بارلىق دەرد - ئەلەملىرىنى يېڭىپ كېتەلىگۇدەك بىر خىل كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بەخت - سائادەت چىرىغىمۇ يانماقتا، نۇر چاچماقتا ئىدى.

دېمەك... دېمەك، جىھات ئۇنى ھەقىقەتەن ئىزدىگەن، كۈت-كەن، ئارزۇ قىلغانىدى. دېمەك، ئۇ ھەقىقەتەن ئىزتىراپ چەككە-نىدى. دېمەك، سۆيگۈسى غۇرۇرىنى يەڭگەنىدى. ئۇنداقتا، خوتۇ-نىنى دەسلەپكى كۈنلەردىكىدەك، ياق، تېخىمۇ ئارتۇق سۆيمەكتە ئىدى. ئەمدى ئۆزىنى توختاتقان بولۇپ، ئەركە بالىدەك قىلىقلى-رىنى تاشلىۋەتكەنىدى. ئۇنداق بولسا...

ئۇشتۇمتۇت ئىككى كۈچلۈك قول ئۇنى تۇتتى، ئۆزى تەرەپكە ئۆرىدى. كىچىككىنە بىر ھەرىكەت قىلىشقا، بوشقىنە بىر ئاۋاز

چىقىرىشىغا ۋاقىت قالدۇرماستىن، يالقۇنجاپ تۇرغان لەۋلىرىنى لەۋلىرىگە ياققانلىقىنى ھېس قىلدى. بوغۇق، مەجنۇنلارچە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— زەررىن، سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ جېنىم، گۈزەل خوتۇنۇم، يىغلىما، ئەمدى ئىككىلىمىز ئۈچۈن ئازابلىق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن بەختلىك بولىمىز. بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ ۋە چۈشىنىپ ئەڭ بۈيۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىمىز. ئوتتۇرىمىزدىكى چۈشىنىشمەسلىك پۈتۈنلەي غايىب بولدى ئەمدى، شۇنداقمۇ جېنىم؟

ئالدىڭدا ئەيىبكارمەن زەررىنىم، لېكىن سەنمۇ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئەمەسسەن. نېمىشقا مېنى تاشلاپ قېچىپ كەتتىڭ؟ سېنى قانچىلىك كۆپ، ھەممە نېمىدىن ۋە ھەركىمدىن كۆپ سۆيگىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ قاچتىڭ. ھالبۇكى شۇ كېچىنىڭ بەختسىز سەھەر ۋاقتىدا بارلىق گۇناھىمنى چۈشەنگەنىدىم. سەندىن ئۆزرە سوراش ئۈچۈن يېنىڭغا كىرمەكچىدىم. سېنى كارىۋىتىمىزدا، ھۇجرىمىزدا، ئۆيىمىزدە تاپالماستىن ساراڭ بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن ھەرىكەتلىرىم بىر ساراڭنىڭ ئاڭسىز ھەرىكەتلىرى ئىدى. مېنى سەن ساراڭ قىلىۋەتكەنىدىڭ. بۇنىڭ جازاسىنى ئۈچىمىز تەڭ تارتتۇق. بۇ بوھران ۋاقتىدا سېنى تاپقان بولسام ئىدىم، ھەممە نېمە باشقىچە بولاتتى، ساڭا ئۆزۈمنى ئەپۇ قىلغۇزاتتىم. بىراق سەن يوق ئىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ساراڭلىقىم كۈنلەرچە داۋام قىلدى. كېيىنرەك بەكمۇ چارىسىزلىق ۋە چوڭقۇر ئىزتىراپ ئىچىدە تەمتىرەپ ياشىدىم.

مەن ئەمدى بۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىمەن. سەنمۇ ئۇنتۇغىن جېنىم. بۇنىڭدىن كېيىن سېنى داۋاملىق مۇشۇنداق قۇچاقلىرىمدا چىڭ تۇتۇۋالىمەن. مەندىن قاچالمايسەن زەررىن. سېنىڭ جايىڭ مېنىڭ يېنىمدا، پەقەت ئۆلۈم بىزنى ئايرىيالىشى مۇمكىن. چۈشىنىۋاتامسەن؟ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن زەررىن؟ سەن مېنىڭ خوتۇنۇمسەن،

مېنىڭ زەررىنىمسەن.

ياش ئايال بۇ سۆز يامغۇرى ئاستىدا نەپەس ئالالماستىن، چوڭقۇر بىر بەختنىڭ مەستخۇشلۇقى بىلەن ئۆزىنى ئېرىنىڭ پولاتتەك قوللىرى ئارىسىغا تاشلاپ بەرگەنىدى. قاراڭغۇلۇقتا ئۇ-نىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيۋاتاتتى. پەقەت كۆزلىرىنىڭ پارلاپ، يال-تىراپ تۇرغانلىقىنى پەرق قىلالايتتى.

ئۇ سۆزلەشتىن توختىشى بىلەنلا، جاۋابمۇ بەرمەستىن ئور-نىدىن تۇردى. تۇيۇقسىزلا بېشىنىڭ ئىچى بوشاپ قالغاندەك، پۇتكۇل ھېس - تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ ئۆز ھالىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، غەلىتە بىر روھىي ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇخلاۋاتامدىغاندۇ؟ يىغلاۋاتامدىغاندۇ؟ كالپۇكلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر كەلىمە پەرياد قىلغاندەك چىقىپ كەتتى:

— جىھات!

ياش يىگىت بۇ بىر كەلىمە سۆزنى كۈتۈۋاتاتتى. ئىسسىق نە-پەسىنى ئۇنىڭغا يېقىن ئەكەلدى.

— سۆزلە زەررىن، مېنى ئەپۇ قىلغانلىقىڭنى سۆزلە، كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، ھادىسىلەر ساڭا مېنىڭ ئۇنچىۋالا گۇناھكار ئەمەس-لىكىمنى بىلدۈرۈپ بەردى. دېگىنە، مېنى ئەپۇ قىلىسەن - ھە؟

زەررىن تېخىمۇ ئارتۇق قارشىلىق قىلالمايتتى. ئۆرە تۇرماق-چى بولدى، ھارغىنلىقتىن ئېرىنىڭ مۈرىسىگە يىقىلدى. ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— ماڭا يۆلىنىۋالغىن. سېنىڭ ئېغىرلىقىڭنى بىلىپ باققۇم بار، زەررىن.

— مېنى تاشلىۋەتمە ئەمدى. مېنى ئال، ئېلىپ كەت، جى-ھات. شۇنداق چارچاپ كەتتىم ۋە سېنى شۇنداق كۆرگۈم كەلگە-نىدىكى...

— تۈگىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇسرەت ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتور: مۇكەررەم مەمەت
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

مۇئەززەز تاھسىن بەركاند [تۈركىيە]

**سۆيگۈم ۋە غۇرۇرۇم**

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: بېلىقىز سادىق

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010 - 64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2016 - يىل 5 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2016 - يىل 5 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 1230×880 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 13.25 |
| باھاسى | : | 38.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-14322-1/I • 2742 维 384

图书在版编目(CIP)数据

爱与尊严 : 维吾尔文 / 比利克孜·萨迪克译. --北京:
民族出版社, 2016.4

ISBN 978-7-105-14322-1

Ⅰ. ①爱… Ⅱ. ①比… Ⅲ. ①长篇小说—中国—当代—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第090797号

| | |
|---|---|
| 责任编辑: | 努斯来提古丽·阿不力米提 |
| 责任校对: | 木开日木·买买提 |
| 封面设计: | 努尔买买提 |
| 出版发行: | 民族出版社　http://www.mzpub.com |
| 社　址: | 北京市和平里北街14号　邮编: 100013 |
| 电　话: | 010-64290862 (维文室) |
| 印　刷: | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 版　次: | 2016年5月第1版　2016年5月北京第1次印刷 |
| 开　本: | 880×1230毫米　32开 |
| 印　张: | 13.25 |
| 定　价: | 38.00元 |

ISBN 978-7-105-14322-1/I·2742　维 384